مۇھەممەد غەزالىي

# مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى

## خُلُقُ المُسْلِم

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

مۇھەممەد غەزالىي
مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى خُلُقُ المُسْلِم
ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئا.قاسىم

www·munber·org
E-Mail:webmaster@munber·org

## مۇندەرىجە

كىرىش سۆز.......... 7
مۇقەددىمە .......... 10
ئىسلام ئاساسى ۋە ئەخلاق پرىنسىپلىرى.......... 10
ئەخلاقنىڭ ئاجىزلىقى ئىماننىڭ ئاجىزلىقىنىڭ دەلىلى.......... 16
يۈكسەك دۇنيا ئۈچۈن.......... 21
ئىنسان ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا .......... 33
ئەخلاقى جىنايەتلەرنىڭ جازاسى .......... 45
ئەخلاقنىڭ دائىرىسى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.......... 49
ساداقەتمەنلىك .......... 54
ئىشەنچلىك بولۇش .......... 71
ۋاپادارلىق .......... 87
ئىخلاسمەنلىك.......... 108
گەپ سۆزدە ئەدەبلىك بولۇش .......... 124
ئاداۋەت ساقلىماسلىق.......... 139
كۈچلۈك، غەيرەتلىك بولۇش .......... 159
مۇلايىملىق ۋە ئەپۇچانلىق.......... 173
سېخىيلىك ۋە مەردلىك.......... 188
سەۋرى قىلىش.......... 211
مۆتىدىل ۋە پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش.......... 229
پاكلىق، گۈزەللىك، ساغلاملىق .......... 245
ھايالىق بولۇش.......... 260
قېرىنداشلىق.......... 270
ئىتتىپاقلىق .......... 285
دوست تۇتۇش .......... 301
شان ـ شەرەپ .......... 316
مېھرىبانلىق.......... 332
بىلىم ۋە ئەقىل .......... 348
ۋاقىتتىن پايدىلىنىش ۋە زاماندىن ئىبرەت ئېلىش.......... 364
خاتىمە .......... 380



www.munber.org

محمد الغزالی

# مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى

خلق المسلم

تەرجىمە قىلغۇچى: يولۇچى

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ــ ئاللاھقا چەكسىز مەدھىيىلەر بولسۇن! ئىنسانىيەتنىڭ پەخرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئائىلە تاۋاباتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا شۇنداقلا قىيامەتكىچە شۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلارغا چەكسىز سالام يوللايمىز.

20 ــ ئەسىر ئىسلام دۇنياسىدا كامالەتكە يەتكەن مۇتەپەككۇر، تەتقىقاتچى ئىسلام ئالىمى مۇھەممەد غەزالى يېقىنقى زاماندىكى ئىقتىدارلىق، مول ـ ھوسۇللۇق ئىسلام يازغۇچىلارنىڭ بىرى. مەشھۇر ئىسلام دەۋەتچىسى بولۇپ، مىلادىيە 1917 ـ يىلى مىسىرنىڭ بۇھەيرە ناھىيىسىنىڭ «نەكلەل ئىنەب» يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. شۇنداقلا ئۇستازلىرىدىن پروفېسسور، مۇھەممەد شەلتۇت، مۇھەممەد بەھمى ۋە داڭلىق ئۆلىمالاردىن پروفېسسور سەلمە بىشرى، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى مۇھەممەد ئەبدۇ قاتارلىقلارمۇ شۇ يېزىدا دۇنياغا كەلگەن.

مۇھەممەد غەزالى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دىنى فاكۇلتېتىدىكى ئوقۇشنى تاماملاپ ئىسلام دەۋىتى ساھەسىدە مۇتەخەسسىسكە ئايلانغان. ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا تەڭ كېلىدىغان ئالىي ئوقۇتقۇچىلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتنى مىسىرنىڭ خەيرى ـ ساخاۋەت مىنىستىرلىكىگە قاراشلىق ھەر قايسى مەسچىتلەردە ئىماملىق، ۋائىزلىق ۋە مۇدەررىسلىك قىلىش ۋەزىپىلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن. خەيرى ـ ساخاۋەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى، دەۋەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋە مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۈز ئۈستىگە ئالغان. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن پادىشاھ ئابدۇل ئەزىز ئۇنىۋېرسىتىتى، ئۇممۇل قۇرا ئۇنىۋېرسىتېتى شۇنداقلا قاتار ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق نۇرغۇن ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئاخىرىدا ئالجىرىيەدىكى پادىشاھ ئابدۇل قادىر ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. كېيىن سالامەتلىكى ياخشى بولماي دەم ئېلىشقا چىققان.





ئۇ يەنە نۇرغۇن قۇرۇلتايلارغا قاتناشقان. 50 پارچىغا يېقىن كىتاب يازغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەشھۇرلىرى: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى»، «ھەقىيقەت ئۇچقۇنلىرى»، «مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادى»، «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخى»، «ھەقىقەت ئىزنالىرى»، «ئىسلامنى قانداق چۈشىنىمىز»، «ئاللاھ بىلەن بىللە»، «قۇرئان كۇرسى»، «ئىسلام دەۋىتى ھىجرىيە 15 ـ ئەسىرنى كۈتۈۋالىدى»، «مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت بىرلىكى دەستۇرى»، «ئىسلام ھاياتىدىكى مۇشكىلاتلار»، «دەۋەتچىنىڭ قىيىنچىلىقلىرى»، «ئىسلام ھەققىدە 100 سوئال»، «ئىسلام دىنىنىڭ باشقا ئەللەردىكى كەلگۈسى»، «ھاياتلىق قىسسىسى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۇنىڭدىن باشقا غەززالى پادىشاھ فايسالنىڭ ئىسلام دىنىغا خىزمەت قىلىشتا تۆھپىسى زور بولغانلارغا بېرىدىغان دۇنياۋى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. «يەمامە ۋە ئوتتۇرا شەرىق گېزىتى»، «مۇسۇلمانلار گېزىتى»، پارس قولتۇقى «گۇلدەستە گېزىتى»، سەئۇدى «دەۋەت ژورنىلى»، «ئېھرام ژورنىلى» قاتارلىق نۇرغۇن گېزىت ـ ژورناللارنىڭ مۇخبىرلىرى ئۇنى زىيارەت قىلغان ۋە تەشۋىقات ئېلىپ بارغان.

دېمەك، غەززالى ئىسلام دۇنياسىدىكى زور شۆھرەتكە ۋە ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشكەن تەتقىقاتچى مۇتەپەككۇر ئالىم بولۇپ، قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ئۇستازنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىنىڭ بىرى. بۇ كىتابنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىققان كىشى كىتابنىڭ قىممىتىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ. مەن بۇ كىتابنى كۆرۈپ چىقىپ ئەخلاقنى چۈشىنىشىمىزنىڭ ھەقىقەتەن يۈزەكى ۋە بىر تەرەپلىمىلىكىنى، ئەسلى ئىسلام كۆزدە تۇتقان ئەخلاق بىز چۈشەنگەن ئەخلاق ئۇقۇمىدىن تولىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئىكەنلىكىنى ھەقىقي ھېس قىلدىم.

ئەگەر ئىنچىكىلەپ قىلىپ ئېيتساق، ئەخلاق بىر ئادەمنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى غەلبە ـ مەغلۇبىيىتىگە ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ياكى ئېرىشەلمەسلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل.

﴿قَدْ أَفْلَحَ مَن زَكَّاهَا ❖ وَقَدْ خَابَ مَن دَسَّاهَا﴾

﴿روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. روھىنى كەمسىتكەن (پاكلىمىغان) ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ﴾[1].

﴿إِنَّ اللّهَ لاَ يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُواْ مَا بِأَنْفُسِهِمْ﴾[2]

﴿ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ﴾.

كىتابنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر پىكىر يۈگۈزۈشى ئەتراپلىق، مۇلاھىزە ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ باغلىنىشى تولىمۇ ئىلمىي بولۇپ، گەرچە كىتابتا ئىشلىتىلگەن ئەرەبچە جۈملە لوغەتلەر خېلىلا قىيىن بولسىمۇ، كىتابنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىش ئاسان، ئوقۇغانسېرى ئوقۇغۇسى كېلىدۇ. بۇنى ئۇستازنىڭ «عَقِيْدَةُ الْمُسْلِمِ ـ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسى» (ئەرەبچە) دېگەن كىتابنى ئوقۇغانلار بولسا بىلىدۇ.

ئەخلاق توغرىسىدا تەتقىقاتچى ئىسلام ئالىملىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكىنى تولىمۇ ئاز، ھەتتا يوق دېيەرلىك.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇستازنىڭ «خُلُقُ الْمُسْلِمِ - مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى» ناملىق كىتابنى تەرجىمە قىلىپ ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزغا سۇندۇق.

بۇ كىتاب دەمەشق دارۇلقەلەم نەشرىياتى تەرىپىدىن مىلادى 1998 - يىلى ھىجرىيە 1414 - يىلى تۈزىتىلىپ تۇراقلاشتۇرۇلغان. 13 - قېتىملىق نەشر قىلىنغان ئەرەبچە نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىنىپ تەييارلاندى.

[1] سۈرە شەمس: 9-10 - ئايەتلەر
[2] سۈرە رەئد: 11 - ئايەت.



www.munber.org



كىتابنى تەييارلاش جەريانىدا يېتەرسىزلىكلەر كۆرۈلمىدى دېگىلى بولمايدۇ. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ تۈزۈتۈپ ئوقۇشىنى، ئاجىز تەرەپلىرىمىز كۆرۈلسە ئەپۇ قىلىپ، ئاللاھتىن مۇۋاپپىقىيەت تىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاخىرىدا ئەۋۋەل - ئاخىر ئاللاھقا چەكسىز مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە خىزمىتىمىزنى مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق قىلىشنى ھەم خالىس ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن قىلىشنى ئاللاھتىن تىلەيمىز.

تەرجىمە قىلغۇچىدىن



www.munber.org

## كىرىش سۆز

ھازىرقى دەۋردە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىدا پەيدا بولغان تۈرلۈك ئىللەتلەر ۋە چېگىكلىكلەر تۈپەيلى ئۇلار دۇچ كەلگەن ئازغۇنلۇقلار، چۈشكۈنلۈكلەرنى ئوڭشاش نىيىتىدە، مەن قۇرئان ۋە ھەدىستىكى ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك لاياقەت ئېلىپ كېلىدىغان ئەخلاق پەزىلەتلەرنى جەملەپ كەڭ قېرىنداشلارنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇم.

بىز مەدەنىيەتىمىزنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئەخلاق پەلسەپەسى، پەيلاسوپلارنىڭ تۇتقان يوللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان ئۆلچەملىرىنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈپ، ئۇلاردىكى چوڭقۇر تەپەككۇر، ھەقىقەتچىللىك، ئەخلاقچىللىق ئىدىيەلىرىدىن ھەيران قالغان ئىدۇق.

بىز ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق يەتكۈزۈشنى ئويلىغان، ئۇلارنىڭ يوللىرىنى يورىتىپ بېرىشكە تىرىشقان كىشىلەرنىڭ ئەمگىكىنى يەردە قويماقچى ئەمەسمىز، بەلكى بىز يازغۇچىلارنىڭ نەزەرلىرىنى ئاخىرقى دىنىنىڭ پىشۋاسى ئېلىپ كەلگەن، ئۇنىڭ بىلەن دۇنيانى ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەتكە باشلىغان ئۆلۈملۈك تەربىيە ئۇسۇللىرى ۋە بۈيۈك ئەخلاقلارغا قاراتماقچىمىز. شۇچاغدا ئۇلار ئىسلام دىنىدا نەپىس جاۋاھىراتلار بىلەن تولغان «كانالار» نىڭ بارلىقىنى، كىشىلەر مىراسخورلۇق قىلغۇاتقان يۇنان ۋە رىم پەلسەپەلىرىنىڭ ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدىغانلىقىنى كۆرىدۇ.

مەلۇم بىر مۇسۇلمان ئالىمدىن:

ـ ئارىستوتىلنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاق پسىخولوگىيىسىنى ئوقۇدىڭىزمۇ؟ ـ دەپ سورالغاندا،

ـ بەلكى مەن ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاق پسىخولوگىيىسىنى ئوقۇدۇم، دەپ جاۋاب بەرگەن!

دەرۋەقە بىز ئارىستوتىل ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش پەيلاسوپلارنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاق پسىخولوگىيىسى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاق پسىخولوگىيىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكىلەر تەسەۋۋۇر

www.munber.org





قىلغان، مىڭبىر جاپادا زورىغا ئوتتۇرىغا قويغان ئەخلاقلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاق پسىخولوگىيىسىدە كامالەتكە يەتكەن جانلىق ھەقىقەتكە ئايلانغانلىقىنى، ھەمدە بىر ئادەمنىڭ تارىخى، بىر ئۈممەتنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاقى ۋە چوڭ بىر دىنىنىڭ بەلگىمىلىرى بولغانلىقىنى بايقىدۇق.

مانا بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاق پسىخولوگىيىسىدۇر.

پىشانەم ئوگىدىن كېلىپ بۇ ئۇلۇغ ئىلىم ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىش، ئۇنى يېڭى ئۇسلۇبدا بايان قىلىپ بېرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىم ئۈچۈن ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانالار ئېيتىمەن.

يېزىش ئۇسلۇبۇم مۇنداق بولدى:

دەسلەپتە ئىسلام دىنىدىكى ئەخلاق ۋە ئۇنىڭ باشقا تەلىماتلار، ئىبادەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئىنسان روھىيىتى ۋە مۇھىتىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىرلىرى قاتارلىقلار توغرىسىدا توختالدۇق. ئاندىن كېيىن ئىسلام دىنى بۇيرۇغان ئەخلاقى ـ پەزىلەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدىم. ئىلگىرى ـ كېيىنلىك ياكى يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكتە تەرتىپ ئورناتمىدىم. دەسلەپ شۇ ئەخلاق توغرىسىدا چۈشەنچە بەرگەندىن كېيىن ئۇنى كەڭ تۈرمۇشقا باغلىدىم. گەرچە قەدىمكى مىراسلىرىمىزدا پىشىۋالىرىمىزنىڭ ئېيتقانلىرى، ئالىملىرىمىزنىڭ ھېكمەتلىرى ۋە ئەدىپلىرىمىزنىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرسىمۇ مەن پەقەت مۇناسىۋەتلىك ئايەت ـ ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىش بىلەنلا كۇپايىلەندىم. چۈنكى مەن پەقەت شەرىئەتكىلا مۇراجىئەت قىلىشنى، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ رىئايە قىلىشى تەلەپ قىلىنىدىغان، يۈز ئۆرۈش خۇددى ھەقىقەتكە چىللىك ئۆتكۈزگەن ھېسابلىنىدىغان ئىلاھىي تەلىماتلار بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تەرىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى مەقسەت قىلدىم. چۈنكى، خەلق ئارىسىدىكى ئەخلاقلارنىڭ سالمىقى بىلەن دىنى ئىبادەت تۇسىنى ئالغان ئەخلاقلارنىڭ سالمىقى ئوخشىمايدۇ.

www.munber.org

كىيىنكى ۋەزىپىمىز، مەيلى ئاپتور ياكى كىتابخان بولسۇن، ياخشىلىقنى كۆزلەش ۋە ئۇنىڭ راست يولىدا ئاداققىچە مېڭىشتىن ئىبارەت.

ــ مۇھەممەت غەزالى

www.munber.org





بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## مۇقەددىمە

## ئىسلام ئاساسى ۋە ئەخلاق پرىنسىپلىرى

ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «مەن گۈزەل ئەخلاقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم» دېگەن ئۇلۇغ سۆزى بىلەن ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر قىلىنىشىنىڭ تۈپ نىشانى ۋە چاقىرىقىدىكى روشەن پروگراممىسىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بەردى.

قارىغاندا ھايات تارىخىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن نۇرنى چېچىش، كىشىلەرنى ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بۇ پەيغەمبەرلىك (دىن) كىشىلەرنىڭ چۈشىنىپ ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەخلاقى پەزىلەتلىرىنى پۇختىلاش ۋە مۇكەممەللىك ئۇپۇقىنى كۆز ئالدىلىرىدا يورۇتۇپ بېرىشتىن باشقىنى مەقسەت قىلمايدىغان ئوخشايدۇ.

ئىسلامدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ھەم ئىمانىنىڭ ئاساسى ھېسابلانغان ئىبادەتلەر ئىنسانىنى چۈشىنىكسىز غەيب ئىشلارغا باغلايدىغان مەۋھۇم پائالىيەت ۋە مەنىسىز ھەرىكەت ئەمەس، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئىسلام كىشىلەرنى تەكلىپ قىلغان ئىبادەتلەر كىشىلەر ئالدىدىكى شارائىت قانچىلىك ئۆزگەرسۇن، گۈزەل ئەخلاققا چىڭ يېپىشىپ توغرا ئەخلاق بىلەن ياشاشقا ئادەتلەنسۇن ئۈچۈن تەكرارلانغان مەشىق.

ئۇ ئىنسان جىسمانىي ۋە روھى ساغلاملىقنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن بېرىلىپ ئېلىپ بېرىۋاتقان تەنتەربىيە مەشقلىرىگە ئوخشايدۇ.

ئىنسان تەنتەربىيە ئارقىلىق جىسمانىي ساغلاملىققا ئېرىشسە، ئىبادەتلەر ئارقىلىق ئېسىل روھى ۋە گۈزەل ئەخلاقنى ساقلاپ قالىدۇ.

www.munber.org

قۇرئان ۋە ھەدىس بۇ ھەقىقەتلەرنى ئېنىق يورۇتۇپ بېرىدۇ، مەسىلەن: ئاللاھ تائالا ناماز ئوقۇشقا بۇيرىغاندا ئۇنىڭ ھېكمىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

﴿وَأَقِمِ الصَّلَاةَ إِنَّ الصَّلَاةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنكَرِ﴾

﴿نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ﴾[1]

ناچار ئىشلاردىن يىراق بولۇش يامان سۆز ۋە يامان ئىشلاردىن خالى بولۇش، نامازنىڭ ھەقىقىيتى.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز رەببىدىن بايان قىلغان ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «مەن ناماز ئارقىلىق مېنىڭ بۈيۈكلۈكۈم ئۈچۈن كەمتەرلىك قىلغان، مەخلۇقاتلارغا زۇلۇم قىلمىغان، خاتالىقنى داۋاملاشتۇرمىغان، كۈننى مېنى ياد ئېتىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ئاجىز، مۇساپىر، تۇل ئايال ۋە مۇسىبەتكە ئۇچرىغانلارغا مېھرى ـ شەپقەت يەتكۈزگەن كىشىنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلىمەن.»[2]

پەرز قىلىنغان زاكات مالدىن ئېلىنىدىغان باج ئەمەس، بەلكى مۇھىمى ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا كۆيۈنۈش ۋە مېھرىبانلىقنى بارلىققا كەلتۈرۈش، ئۆزئارا مۇناسىۋەت ۋە دوستلۇق ئالاقىسىنى مۇستەھكەملەش ۋاستىسى.

قۇرئان كەرىم زاكات ئېلىشنىڭ ماھىيىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِم بِهَا﴾

[1] سۈرە ئەنكەبۇت: 45 ـ ئايەت.
[2] بەزار



www.munber.org



﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلاردىن پاكلىغايسەن ۋە ياخشىلىقلىرىنى كۆپەيتكەيسەن.﴾[1]

كۆڭۈلنى روھى كەمچىلىكنىڭ كىرلىرىدىن پاكلاش، جەمئىيەت بىلەن بىرگە ئەخلاقى ئاڭنى يۈكسەلدۈرۈش زاكاتنىڭ بىرىنچى ھېكمىتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان بېرىشكە تېگىشلىك سەدىقە دېگەن سۆزنىڭ دائىرىسىنى ناھايىتى كەڭ قىلىپ چۈشەندۈرگەن بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: «قېرىندىشىڭنىڭ چىرايىغا كۈلۈپ قارىشىڭ سەدىقە، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشىڭمۇ سەدىقە، يولدىن ئېزىپ قالغان كىشىگە يول كۆرسىتىپ قويۇشىڭمۇ سەدىقە، يولدىن زىيانلىق نەرسىلەرنى تىكەن ۋە ئۇستىخانلارنى ئېلىۋېتىشىڭ سەدىقە، قاچاڭدىن قېرىندىشىڭنىڭ قاچىسىغا سۇ تۆكۈپ بېرىشىڭمۇ سەدىقە، كۆزى ئاجىز كىشىلەرگە يول كۆرسىتىپ بېرىشىڭمۇ سەدىقە.»[2]

ئۆزئارا زىددىيەت ۋە گاڭگىراش ئىچىدە ئۇزۇن تۇرغان سەھرا مۇھىتىدا بۇنداق تەلىماتلارنىڭ بولۇشى زۇلمەتلىك جاھىلىيەتتىكى ئەرەپلەرنى يېتەكلەش ئۈچۈن يولغا قويغان ئاشۇ ئالى غايىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىسلام دىنى رامىزاننىمۇ يولغا قويدى ۋە ئۇنى بىر قىسىم يېمەك ـ ئىچمەكتىن ۋاقىتلىق مەھرۇم بولۇش دەپ قارىمىدى. بەلكى ئۇنى كۆڭۈلنى خاتا قىزىقىشلىرىدىن چەكلەپ، ھېسسىياتنى كونترول قىلىشنىڭ يولى دەپ قارىدى.

بۇنى دەلىلى سۈپىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رامىزان تۇتقان ئادەم يالغان سۆزلەش ۋە شۇ بويىچە ئىش قىلىشنى تەرك

[1] سۈرە تەۋبە: 103 ـ ئايەت.
[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.



www.munber.org

ئەتمىسە، ئاللاھ ئۇنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنى تەرك ئېتىشىگە موھتاج ئەمەس.»[1]

يەنە مۇنداق دېگەن: «يېمەك ـ ئىچمەكتىن توختاش روزا ھېسابلانمايدۇ. بىمەنە، سەت سۆزلەردىن توختاش ئاندىن رامىزان ھېسابلىنىدۇ. بىرەرسى سېنى تىللىسا ياكى ساڭا قوپاللىق قىلسا مەن روزا تۇتقۇچى دېگىن.»[2]

مانا بۇ بىر ئادەم يېمەك ـ ئىچمەكنى تەرك ئېتىپ يامان گەپ سۆزنى تەرك ئەتمىسە روزا تۇتقۇچى ھېسابلانمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. قۇرئان كەرىم رامىزاننىڭ نەتىجىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾

﴿ئى مۆئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ پەرز قىلىندى﴾[3]

بىر قىسىم كىشىلەر مۇقەددەس زېمىن ـ ھەرەمگە قۇدرىتى يەتكەن مۇسۇلماننىڭ ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغان ھەجنى ئادا قىلىشقا بېرىشىنى باشقا دىندىكى ئىبادەتلەرگە ئوخشاش پەقەتلا بىر سەپەر قىلىش دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ خاتا. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿الْحَجُّ أَشْهُرٌ مَّعْلُومَاتٌ فَمَن فَرَضَ فِيهِنَّ الْحَجَّ فَلاَ رَفَثَ وَلاَ فُسُوقَ وَلاَ جِدَالَ فِي الْحَجِّ وَمَا تَفْعَلُواْ مِنْ خَيْرٍ يَعْلَمْهُ اللّهُ وَتَزَوَّدُواْ فَإِنَّ خَيْرَ الزَّادِ التَّقْوَى وَاتَّقُونِ يَا أُوْلِي الأَلْبَابِ﴾

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[2] ئىبنى خۇزەيمە
[3] سۈرە بەقەرە: 183



www.munber.org



﴿ھەج ۋاقتى مەلۇم بىر قانچە ئايدۇر، (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىدۇر) بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ جىنسى ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ، سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ.(ئاخىرەتلىكڭلار ئۈچۈن) زاد ـ راھىلە ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى زاد ـ راھىلە تەقۋادارلىقتۇر، ئى ئەقىل ئىگىلىرى! ماڭا تەقۋادارلىق قىلىڭلار.﴾[1]

❖ ❖ ❖

يۇقىرىدا ئۆتكەن ئىسلامنىڭ ئاساسى ھېسابلانغان بىر قىسىم ئىبادەتلەرنىڭ قىسقىچە چۈشەندۈرۈلۈشىدىن دىن بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ نەقەدەر مۇستەھكەم ئىكەنلىكىگىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بۇ ئىبادەتلەر ماھىيەت ۋە كۆرۈنۈشتە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «مەن گۈزەل ئەخلاقنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم» دېگەن سۆز بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن ئاساسىي نىشاندا ئۆزئارا بىر نۇقتىدىن چىقىدۇ.

ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىق ئىسلامى ئىبادەتلەر مۇسۇلمانلار يەتمەكچى بولغان مۇكەممەللىكنىڭ شوتىسى، ھاياتلىقنى قوغداش ۋە يۈكسەلدۈرۈشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبادەتلەرنىڭ بۇ تەرتىپىگە دىندا ناھايىتى چوڭ ئورۇن بېرىلگەن.

مۇسۇلمان كىشى شۇ ئىبادەتلەر ئارقىلىق قەلبىنى پاكلاپ، روھىنى ساپلاشتۇرالمىسا، ئاللاھ ۋە كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلىيالمىسا ئۇ كىشى توغرا ئۇنۇم قازىنالمىغان، خاتالاشقان بولىدۇ. ئۇلۇغ ھەم كەرەملىك ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

[1] سۈرە بەقەرە: 197



www.munber.org

﴿إِنَّهُ مَن يَأْتِ رَبَّهُ مُجْرِمًا فَإِنَّ لَهُ جَهَنَّمَ لَا يَمُوتُ فِيهَا وَلَا يَحْيى❖ وَمَنْ يَأْتِهِ مُؤْمِنًا قَدْ عَمِلَ الصَّالِحَاتِ فَأُوْلَئِكَ لَهُمُ الدَّرَجَاتُ الْعُلَى❖ جَنَّاتُ عَدْنٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَذَلِكَ جَزَاء مَن تَزَكَّى﴾

«كىمكى گۇناھكار ھالدا ئاللاھقا مۇلاقات بولىدىكەن، ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ، دوزاختا ئۇ ئۆلمەيدۇ ۋە (ئوبدان) ياشىمايدۇ، كىمكى مۆئمىن بولۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئاللاھقا مۇلاقات بولىدىكەن، ئۇ (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) يۇقىرى دەرىجىلەرگە ئېرىشىدۇ، ئۇ (دەرىجىلەر) دائىمىي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇ يەرلەردە ئۇ مەڭگۈ قالىدۇ، ئەنە شۇ (كۇفرىدىن ۋە گۇناھلاردىن) پاك بولغان ئادەمگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتتۇر.»[1]

---

[1] سۈرە تاھا: 74- 76





## ئەخلاقنىڭ ئاجىزلىقى ئىماننىڭ ئاجىزلىقىنىڭ دەلىلى

ئىمان پەسلىكتىن ساقلىغۇچى، ئۇلۇغلۇققا قوزغاتقۇچى كۈچ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ياخشىلىققا چاقىرغان ياكى يامانلىقتىن يىراقلاشتۇرغاندا بۇنى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئورۇنلاشقان ئىماننىڭ تەلىپى قىلىپ كۆپىنچە ئورۇندا «ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر» دەيدۇ.ئاندىن كېيىن مەقسەتنى بايان قىلىپ بولۇپ ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اتَّقُواْ اللّهَ وَكُونُواْ مَعَ الصَّادِقِينَ﴾ ﴿ئاللاھقا تەقۋا بولۇڭلار، راستىچىللارنىڭ قاتارىدىن بولۇڭلار﴾[1] دەيدۇ. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەسكىن قىلىپ كۈچلۈك ئىمان، كۈچلۈك ئەخلاقنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئەخلاقى چېكىنىش ئىماننىڭ ئاجىزلىقىنىڭ ياكى يوقلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق ئۇقتۇرۇپ قويىدى.

يۈزى قېلىن، ئىدىيىسى بۇزۇق، ھېچكىمدىن تارتىنماستىن رەزىل ئىشلارنى قىلىدىغان كىشى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھايا ۋە ئىمان بىر ـ بىرىگە ناھايىتى يېقىن، بىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتسە يەنە بىرىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.»[2]

خوشنىسىغا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان، تۆھمەت چاپلايدىغان كىشىلەرگە كەسكىن ھۆكۈم قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۆئمىن بولالمايدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۆئمىن بولالمايدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۆئمىن بولالمايدۇ. يا رەسۇلۇللاھ كىم دېيىلگەندە، خوشنىسى ئەزىيەت يەتكۈزۈشىدىن خاتىرجەم بولالمىغان كىشى.»[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە قالايمىقان، بىھۇدە، تولا سۆزلەشتىن ئۆزىنى تارتىشنى ئۆگەتكەندە مۇنداق دېگەنلىكىنى بايقايسىز.

---

[1] سۈرە تەۋبە: 119
[2] ھاكىم ۋە تەبرانىي
[3] ئىمام بۇخارى



www.munber.org

«ئاللاھ ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشى ياخشى گەپ قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرسۇن.»[1]

رەسۇلۇللا مۇشۇنداق ئەمىلى مېۋىگە ئېرىشكەنگە قەدەر سەممىي، مۇكەممەل ئىمان ئاساسىدا ئېسىل پەزىلەتلەرنى كىشىلەرگە سىڭدۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەش ھەمدە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئادەتكە ئايلاندۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرغان.

❖ ❖ ❖

بىر قىسىم دىنغا ئەگەشكۈچىلەر تەلەپ قىلىنغان ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا سەل قارايدۇ. ئۆزلىرىنى جەمئىيەتتە ئادا قىلىشقا قاتتىق قىزغىنىدەك كۆرسىتىدۇ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە گۈزەل ئەخلاق ۋە ھەقىقىي ئىمان يول قويمايدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ.

ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇنداق بۇزغۇنچى كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرغان.ئۇممىتىنى ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلغۇزغان. چۈنكى ئىبادەتنىڭ شەكلىنى ئۇنىڭ روھىنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەرمۇ دورىيالايدۇ. بەلكىم كىچىك بالا نامازنىڭ ھەرىكەتلىرىنى دورىيالىشى، سۆزلىرىنى تەكرارلىيالىشى مۇمكىن. ئارتىس ھەج پائالىيەتلىرىنى بېرىلىپ دىلىدىن قىلغان ھالىتىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. لېكىن بۇلار ساداقەت، بۈيۈك مەقسەتتىن ھېچنىمىنى ھەل قىلىپ بېرەلمەيدۇ. پەزىلەت ۋە يۈكسەكلىكنىڭ ئۆلچىمى خاتالاشمايدىغان مەنبەگە تايىنىدۇ. مانا بۇ بۈيۈك ئەخلاق.

بۇ توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق بىر بايان بار. بىر ئادەم رەسۇلۇللاھقا: «يارەسۇلۇللاھ بىر ئايال بار، ناماز، روزا ۋە سەدىقىسى كۆپ ئىكەن لېكىن خوشنىسىغا تىلى بىلەن ئەزىيەت بېرىدىكەن.» دېدى.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ دوزاختا» دېدى. ئۇ ئادەم يەنە بىر ئايال ناماز، روزىسى ئاز، پىشلاق سەدىقە قىلىدۇ، (يەنى سەدىقىسىمۇ

---

[1] ئىمام بۇخارى



www.munber.org



كۆپ ئەمەس) خوشنىسىغا ئەزىيەت يەتكۈزمەيدىكەن دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئۇ جەننەتتە»[1] دېدى.

بۇ جاۋاپتا ئېسىل ئەخلاقنىڭ قىممىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار قىلىش، شۇنىڭدەك سەدىقىنىڭ پايدىسىغا باشقىلارغا يېتىدىغان ئىجتىمائىي ئىبادەت ئىكەنلىكىگىنى ئەسكەرتىش بار، شۇنىڭ ئۈچۈن سەدىقىگە ناماز، روزىغا توختىتىلغاندەك ئۆلچەم توختىتىلمىغان، ناماز، روزا كۆرۈنىشتە خۇسۇسىي ئىبادەت.

ئىسلام پەيغەمبىرى سوئالغا جاۋاب بېرىشى بىلەن بىرگە ئەخلاق بىلەن ھەقىقىي ئىمان ۋە ساغلام ئىبادەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى يورۇتۇپ بەردى. ھەمدە گۈزەل ئەخلاقنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بەخت - سائادەتنىڭ ئاساسى قىلدى.

ئەخلاق ئىشى ھەقىقەتەن مۇھىم. ئىمان، ياخشىلىق ۋە ئەخلاق ھېچكىم پارچىلىيالمايدىغان مۇستەھكەم بىر گەۋدە ئىكەنلىكىنى ئاڭ ۋە ئىدىيىگە سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز نەسىھەت ۋە ئۇزۇن كۆرسەتمىلەر بەكمۇ زۆرۈر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن بىر كۈنى مۇنداق دەپ سورىدى: «كىمنىڭ ۋەيران بولغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇلار : ھېچقانداق مال - مۈلكى بولمىغان كىشى ۋەيران بولغۇچى، قۇرۇق قول قالغان كىشى» دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى بىر ئادەم ناماز، زاكات ۋە روزا بىلەن كېلىدۇ، ئەمما بىرىنى تىللىغان، بىرىگە بۆھتان چاپلىغان، بىرىنىڭ مېلىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن، بىرىسىنى ئۇرغان، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى شۇلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئۇنىڭ ياخشىلىقى تۈگىسە ئۇلارنىڭ گۇناھى ئۇنىڭغا ئارتىلىدۇ، ئاندىن ئۇ دوزاختا تاشلىنىدۇ، مانا بۇ مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچىسى.»[2]

---

[1] ئىمام ئەھمەد
[2] ئىمام مۇسلىم



www.munber.org

مانا بۇ قۇرۇق قول قالغۇچى ـ ۋەيران بولغۇچى، ئۇ دۇكىنىدا مىلىك كويلۇق مىلى بار، گەردىنىدە ئىككى مىلىك كوي قەرزى بار سودىگەرگە ئوخشايدۇ.بۇ بىچارە قانداقمۇ باي ھېسابلانسۇن؟!بىر قىسىم ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىدىغان، يامانلىقى ئاشكارا، تەپ تارتمايدىغان، جېدەلخور مۇسۇلمان قانداقمۇ تەقۋا ھېسابلانسۇن؟!

شۇنداق بايان قىلىنغانكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋاللارغا مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «گۈزەل ئەخلاق خۇددى سۇ قىروونى ئېرىتكەندەك خاتالىقلارنى ئېرىتىدۇ، ناچار ئەخلاق سىركە ھەسەلنى بۇزغاندەك ھەممىنى بۇزىدۇ.»[1]

ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا رەزىللىك چوڭقۇرلاشسا، يامانلىقى كۆپەيسە جەمئىيەتكە بولغان خەتىرى چوڭايسا ئىنسان خۇددى ئادەم كېيىمىدىن ئايرىلغاندەك ئىماندىن ئايرىلىپ ئۇنىڭ مەن مۆئمىن دېيىشلىرى ساختا بولىدۇ. ئاللاھقا تەۋە تۇرۇپ ناچار ئىشلارنى قىلىشنىڭ ۋەجى نېمە؟

ئىماننىڭ دۇرۇس ئەخلاق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى بۇ ئېنىق پرىنسىپىنى دەلىللەپ ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ ئىش بولۇپ بۇ تېپىلغان ئادەم گەرچە ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتۇپ، ھەج ۋە ھەج ئۆمرە قىلسىمۇ، مەن مۇسۇلمان دېسىمۇ مۇناپىق، بۇلار سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئامانەت قويسا خىيانەت قىلىدۇ.»[2] يەنە بىر باياندا مۇنداق دېگەن: «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچ، سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ، توختاملاشسا ئەمەل قىلمايدۇ، بۇلار ناما زئوقۇپ، روزا تۇتۇپ ئۆزىنى مۇسۇلمان دېسىمۇ يەنىلا مۇناپىق.» يەنە مۇنداق دېگەن: «تۆت ئىش بار، شۇ تېپىلغان ئادەم خالىس مۇناپىق، ئەگەر تۆت ئىشتىن بىرى تېپىلسا، شۇنى تەرك ئەتكىچە مۇناپىقنىڭ بىر ئالامىتى بولغان بولىدۇ،

[1] بەيھەقى
[2] ئىمام مۇسلىم



www.munber.org



ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ، سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ئەھدە قىلسا ئالدايدۇ، جېدەللەشسە سەت جېدەللىشىدۇ.»[1]

[1] ئىمام بۇخارى



www.munber.org

## يۈكسەك دۇنيا ئۈچۈن

بۇ تەلىماتلاردىن شۇ ئاشكارا بولىدۇكى، ئىسلام ئىنسانىيەتنى چوڭ قەدەم بىلەن پەزىلەت ۋە ئەدەب ـ ئەخلاق بىلەن نۇرلانغان ھاياتقا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن كەلگەن، مۇشۇ يۈكسەك نىشانغا يەتكۈزىدىغان باسقۇچنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلغان، شۇنىڭدەك بۇنىڭغا تەسىر يەتكۈزگەنلەرنى بۇ نىشانغا قارشى چىققان ۋە ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كەتكەن دەپ ھېسابلىغان.

ئەخلاق كىرەك قىلمىسمۇ بولىدىغان، سەل قاراشقا بولىدىغان شەيئى ئەمەس. بەلكى ئۇ، دىن رازى بولىدىغان ۋە قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغان ھاياتلىقنىڭ ئاساسى.

ئىسلام ئىبسىل پەزىلەتلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ ئەگەشكۈچىلىرىنى شۇنىڭغا بىر ـ بىرلەپ پۈختا ئەمەل قىلىشقا بۇيرىدى، ئەگەر بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى ئەخلاقلىق بولۇش توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى يىغساق ھەرقانداق ئىسلاھات كىتاۋىدىن كاتتا بولغان مىسلىسىز كىتاب بارلىققا كېلىدۇ، بىز گۈزەل ئەخلاقلارنى تەپسىلي بايان قىلىشتىن بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاق ۋە ئىبسىل پەزىلەتلەرگە چاقىرىشتىكى قىزغىن تەشەببۇسلىرىنىڭ بىر قىسمىنى كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز.

ئۇسامەتىبنى شەرىكتىن بايان قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا جىمجىت سۈكۈتتە ئولتۇرۇۋاتاتتۇق، بىر بۆلۈك ئادەملەر كېلىپ، ئاللاھنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىلىرى كىم؟ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغان ئادەم»[1] دەپ جاۋاپ بەردى.

يەنە بىر بایاندا: ئىنسانغا ئاتا قىلىنغان ئەڭ ياخشى نەرسە نېمە؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «گۈزەل ئەخلاق»[2] دېگەن.

---

[1] تەبرانىي
[2] ئىبنى ھەببان

www.munber.org





پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «سەت گەپ ۋە سەت گەپ قىلىشنىڭ ئىسلامدا ئورنى يوق، ئەخلاق جەھەتتە ئەڭ ياخشى كىشى ئىسلامى ئەڭ ياخشى كىشى» يەنە ئىمانى ئەڭ مۇكەممەل مۆئمىن كىم؟ دەپ سورالغاندا: «ئەخلاقى ئەڭ ياخشى كىشى»[1] دەپ جاۋاپ بەرگەن.

يەنە: «ئىمانى ئەڭ مۇكەممەل مۆئمىن كىم؟» دەپ سورالغاندا: «ئەخلاقى ئەڭ ياخشى كىشى»[2] دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىدىن بايان قىلىنىپ ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «سىلەرگە مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان، قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ يېقىنىڭلارنى دەپ بېرەيمۇ؟ دەپ ئىككى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى، ئۇلار: دەپ بەرسىلە، يارەسۇلۇللاھ دېگەندە: «ئەخلاقى ئەڭ ياخشى بولغىنىڭلار»[3] دېدى.

يەنە مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنىسى مۆئمىننىڭ تارازىسىغا گۈزەل ئەخلاقتەك ئېغىر شەيئى يوق، ئاللاھ تائالا ئېغىزى سەت، پەس ئادەمنى يامان كۆرىدۇ، گۈزەل ئەخلاقلىق كىشى گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ناماز ئوقۇغۇچى ۋە روزا تۇتقۇچىنىڭ دەرىجىسىگە يېتەلەيدۇ »[4]

بۇ ئېنىق، جانلىق بايانلار ئىسلاھاتلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، پەيلاسوپتىن بارلىققا كەلگەن بولسا ئەجەبلىنەرلىك بولماس ئىدى، بۇ يەردە ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، دىن ئادەتتە نوقۇل ئىبادەتكە مەركەزلەشىدىغان تۇرۇپ يۇقىرىقىدەك بايانلار چوڭ دىنىنىڭ يولباشچىسىدىن بارلىققا كەلگەن.

---

[1] ئىمام تىرمىزى
[2] تەبرانىي
[3] ئىمام ئەھمەد
[4] ئىمام ئەھمەد

www.munber.org

ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى ھەر تەرەپلىمە ئىبادەتلەرگە چاقىردى، دۈشمەنگە قارشى ئۇزۇن جىھادنى ئاساس قىلغان دۆلەت بەرپا قىلدى. شۇنداق تۇرۇپ ئەگەشكۈچىلىرىگە قىيامەت كۈنىسى تارازىغا ئەڭ ئېغىر نەرسىنىڭ گۈزەل ئەخلاق ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. بۇ ئەخلاقنىڭ ئىسلامدىكى ئورنىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

توغرا دىن ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا گۈزەل ئەخلاق بولۇش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ ساماۋى بولۇش تەبىئىتى بىلەن ئىنسان بىلەن پەرۋەردىگارى ئوتتۇرىسىدىكى گۈزەل مۇناسىۋەت. بۇنىڭ ئىككىلىسى بىرلا ھەقىقەتكە قايتىدۇ.

بىر قىسىم دىنلار ئۆزىگە ئەقىدە قىلىشنىڭ گۇناھلارنى ئۆچۈرىدىغانلىقى، مەلۇم ئىتائەتنىڭ خاتالىقلارنى يۇيىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. لېكىن ئىسلام بۇنداق دېمەيدۇ. ئۇ ئەقىدە، ياخشى ئەمەل ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشنىڭ يادروسى، تەلەپ قىلىنغان ئىتائەت يامانلىقتىن خالىي بولۇشى، ئارزۇ قىلىنغان مۇكەممەللىككە لايىق بولۇشى كېرەك دەيدۇ. يەنى يامانلىق ئىنسان قىلغان ياخشىلىق بىلەن تۈگەيدۇ، ياخشىلىقلار ئىنساننى يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممەتنى ياخشى چۈشەنسۇن، ئەخلاقنىڭ قىممىتىگە سەل قارىمىسۇن، ئەخلاق بىر خىل مۇراسىمغا ئايلىنىپ قالمىسۇن دەپ بۇ ھەققانىي پرىنسىپلارنى تەكىتلەشكە ئالاھىدە كۈچىگەن. ئەنەستىن بايان قىلىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر بەندە گەرچە كۆپ ئىبادەت قىلىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ئاخىرەتتىكى يۇقىرى دەرىجە ۋە ئېسىل ئورۇنغا ئېرىشىدۇ. گەرچە كۆپ ئىبادەت قىلىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، يەنە ئۇ ئۆزىنىڭ يامان ئەخلاقى بىلەن جەھەننەمدىكى ئەڭ پەس ئورۇنغىمۇ ئېرىشىدۇ.»[1]

[1] تەبرانىي



www.munber.org



ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنىپ ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دەيدۇ: «مۆئمىن ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن روزا تۇتقۇچى ۋە كېچىسى ئىبادەت قىلغۇچىنىڭ دەرىجىسىگە ئېرىشەلەيدۇ.» يەنە بىر بايانىدا: «مۆئمىن گۈزەل ئەخلاقى بىلەن كېچىسى ئىبادەت قىلغۇچى، كۈندۈزى روزا تۇتقۇچىنىڭ دەرىجىسىگە ئېرىشەلەيدۇ.»[1]

ئىبنى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ: «ئىبادەتتە نورمال مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئېسىل تەبىئىتى بىلەن كۈندۈزى توختىماي روزا تۇتقۇچى، كېچىسى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ دەرىجىسىگە يېتىدۇ.»[2]

ئەبۇ ھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۆئمىننىڭ پەخرى ئۇنىڭ دىنى، مەردانىلىقى، ئەقلى، مەرتىۋىسى، ئەخلاقىدۇر.»[3]

يەنە ئەبۇ زەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «دىلى ئىمان ئۈچۈن ساپ، قەلبى ساغلام، تىلى راستچىل، كۆڭلى خاتىرجەم، ئەخلاقى دۇرۇس كىشى غەلىبىگە ئېرىشتى.»[4]

❖ ❖ ❖

گۈزەل ئەخلاق جەمئىيەتتە يىراقتىن ئوقۇتۇش ياكى بۇيرۇش، توسۇشلار بىلەن بارلىققا كەلمەيدۇ. گۈزەل ئەخلاقنى روھىيەتكە سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ئۆگەتكۈچىنىڭ باشقىلارغا بۇنداق قىل ياكى ئۇنداق قىلما دېيىشى كۇپايە قىلمايدۇ. نەتىجىلىك تەلىم ـ تەربىيە ئۈچۈن ئۇزاق تەربىيىلەشكە، ئۈزلۈكسىز پەرۋىش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

[1] ئىمام ئەبۇداۋۇد
[2] ئىمام ئەھمەد
[3] ھاكىم
[4] ئىبنى ھەببان



www.munber.org

تەربىيە ياخشى ئۆلگىگە تايانغاندىلا ئاندىن ئۈنۈم بېرىدۇ. ناچار ئادەم ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ياخشى ئۆلگە بولۇپ ياخشى تەسىر قالدۇرالمايدۇ. باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان، ئەدەب - ئەخلاقى جەلپ قىلىدىغان، ئىش - پائالىيىتى كىشىلەرنىڭ مېھرى - مۇھەببەت ۋە ھەۋىسىنى قوزغايدىغان كىشىلەر ياخشى تەسىر قالدۇرۇپ، شۇنداق كىشىلەر ياخشى ئۈلگە بولىدۇ. ئەگەشكۈچىلەردە ھۆرمەت ۋە قايىللىق بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن يېتەكچى يۇقىرى ئەخلاق - پەزىلەتلىك بولۇشى كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسھابىلىرى ئارىسىدا ئۆزى تەشۋىق قىلىۋاتقان ئەخلاقنىڭ بۈيۈك ئۈلگىسى ئىدى. ئۇ ۋەز - نەسىھەت قىلىشتىن بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ پارلاق تۇرمۇش پائالىيىتى ئارقىلىق ئېسىل ئەخلاقى پەزىلەتنى ئەسھابىلىرى ئارىسىغا سىڭدۈرۈپ بولاتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىدىن بايان قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەت گەپ قىلمايتتى، قوپال ئەمەس ئىدى، ئۇ: (سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار، ئەخلاقى ئەڭ ياخشى بولغىنىڭلار)»[1] دەيتتى.

ئەنەستىن بايان قىلىنىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئون يىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىدە بولدۇم، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ماڭا بىرەر قېتىممۇ: ھەي سېنى! دەپ باقمىدى. بىرەر ئىشقا بۇنى نېمىشقا قىلدىڭ؟ بۇنى نېمىشقا قىلمىدىڭ دېمىدى.»[2]

يەنە ئەنەستىن بايان قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ھەرقانداق ئايال خىزمەتكار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە خالىغان يېرىگە بارالايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرلەر بىلەن ئۇچراشسا قول ئېلىشىپ كۆرۈشەتتى. باشقىلار خوشلاشمىغىچە خوشلىشىپ ماڭمايتتى،

[1] ئىمام بۇخارى
[2] ئىمام مۇسلىم



www.munber.org



باشقىلار قويۇۋەتمىگىچە قولىنى قويۇۋەتمەيتتى. تىزىنى باشقىلارنىڭ ئالدىغا چىقىرىپ ئولتۇرمايتتى. سورۇندا ئەدەبلىك بولۇپ چوڭچىلىق قىلمايتتى.

ئائىشەدىن بايان قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىككى ئىشتىن بىرىنى تاللاش توغرا كەلسە، گۇناھ بولمىسا ئاسىنىنى تاللايتتى. ئەگەر گۇناھ بولىدىغان بولسا بۇنىڭدىن ھەممىدىن بەك قاچاتتى، ئۇ ھەرگىز ئۆزى ئۈچۈن قىساس ئالغان ئەمەس، پەقەت ئاللاھنىڭلا ھۆرمىتى دەخلىگە ئۇچرىسا قىساس ئالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىن باشقا ۋاقىتتا قولى بىلەن مەيلى ئايال ياكى خىزمەتچى بولسۇن بىرەرسىنى ئۇرۇپ باقمىغان.»[1]

ئەنەستىن بايان قىلىنىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مېڭىۋاتاتتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچىسىدا گىرۋەكلىرى قوپال تون چاپان بار ئىدى، ئۇنىڭغا بىر ئەئرابى - تاغلىق ئۇچراپ ئۇنى قاتتىق تارتتى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گەردىنىگە قارىسام قاتتىق تارتقان سەۋەبتىن تونىنىڭ ياقىسى ئۇنىڭ گەردىنىگە ئىز چىقىرىپتۇ، تاغلىق: «ئى مۇھەممەد، ماڭا يېنىڭدىكى ئاللاھنىڭ مېلىدىن بۇيرۇپ بەر» دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قارىدى ۋە كۈلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا مال بېرىشكە بۇيرىدى.[2]

ئائىشەدىن بايان قىلىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ سىلىق - سىپايىلىكنى ياخشى كۆرىدۇ. سىپايىلىق قوپاللىققا ۋە ھەرقانداق نەرسىگە بەرمىگەن نەرسىلەرنى بېرىدۇ.»[3]

يەنە بىر بايانىدا مۇنداق كەلگەن: «قانداق ئىشتا سىپايىلىق بولىدىكەن ئۇ گۈزەللىشىدۇ. قانداق ئىشتا سىپايىلىق يوقايدىكەن سەتلىشىدۇ.»

جەرىردىن بايان قىلىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا سىپايىلىققا ھاماقەتلىككە بەرمىگەن نەرسىلەرنى، مۇكاپاتنى

[1] ئىمام مۇسلىم
[2] ئىمام بۇخارى
[3] ئىمام مۇسلىم



www.munber.org

بېرىدۇ، ئاللاھ بىر بەندىنى ياخشى كۆرسە ئۇنىڭغا سىپايىلىقنى ئاتا قىلىدۇ، قانداقلا بىر ئائىلە سىپايىلىقتىن ئايرىلىدىكەن، ئۇ پۈتۈن ياخشىلىقتىن ئايرىلغان بولىدۇ.»[1]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيدە نېمە ئىش قىلاتتى دەپ سورالغاندا ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئۇ ئائىلىسىنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى، ناماز ۋاقتى بولسا تاھارەت ئېلىپ نامازغا چىقاتتى.»[2]

ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىستىن بايان قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك كۆپ تەبەسسۇم قىلىدىغان ئادەمنى كۆرمىدىم.[3]

ئەنەستىن بايان قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرقانداق كىشىدىن ئەخلاقلىق ئىدى. مېنىڭ ئابا ئۇمەير دەپ چاقىرىلىدىغان ئەمچەكتىن ئايرىلغان بىر ئىنىم بار بولۇپ، ئۇنىڭ نوغەير ئىسىملىك كىسەلچان بىر قۇشقىچى بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىك باللارغا كۆيۈنەتتى، ئۇ ئۇنىڭغا «ئابا ئۇمەير نوغەيرگە نېمە بولدى؟»[4] دەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاق پەزىلىتى توغرىسىدا ئۇنىڭ ھەرگىز بېخىللىق قىلمايدىغان كەڭ قورساق، سېخىي، ھەق ئالدىدا ناھايىتى باتۇر، قىلچە زۇلۇم قىلمايدىغان ئادىل، پۈتۈن ھاياتىدا يالغان ئېيتمايدىغان ئىشەنچلىك، راستچىل ئىكەنلىكى مەشھۇر.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەتلىرىگە ئەگىشىشكە ئەمر قىلىپ مۇنداق دېگەن:

[1] تەبرانىي
[2] ئىمام مۇسلىم
[3] ئىمام تىرمىزى
[4] ئىمام بۇخارى



www.munber.org



﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا﴾

﴿سىلەرگە ـ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.﴾[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ ئېسىل، ئەڭ سېخىي، ئەڭ باتۇر كىشى ئىدى. بىر كېچىسى مەدىنە ئەھلى چۆچۈپ ئويغىنىشتى. كىشىلەر ئاۋاز چىققان تەرەپكە مېڭىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قايتىپ كېلىۋاتقان ھالدا ئۇچراتتى. ئۇ بويىنغا قىلىچ ئېسىپ ئەبى تەلھەنىڭ يالاڭ ئېتىغا مىنىپ ھەممىدىن بۇرۇن بېرىپ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ بولغان ئىدى. ئۇ: «ھېچ ئىش يوق» دەيتتى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: جەڭ قاتتىق قىزىپ ئۇرۇش ئەۋجىگە چىققاندا بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قوغدىناتتۇق. ئۇ دۈشمەنگە ئەڭ يېقىن تۇراتتى.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن بايان قىلىنىپ ئۇ: «رەسۇلۇللاھ بىر نەرسە سورالغاندا ياق دېمىگەن» دەيدۇ.

خەدىچە ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «سەن قىيىنچىلىقنى ئۈستۈڭگە ئالىسەن، يوقسۇلغا كۆڭۈل بۆلىسەن، ھەق ئىگىسىگە ياردەم بېرىسەن.»

ئۇنىڭغا يەتمىش مىڭ دەرھەم ئەكىلىپ ئالدىغا قويۇلغان، ئۇنى تەقسىملەپ تۈگەتكەنگە قەدەر سورىغۇچىلارنى قايتۇرماي بېرىپ تۈگىتىۋەتكەن.

ئۇنىڭ يېنىغا بىر ئادەم كېلىپ نەرسە سورىدى، ئۇ: «ھازىر مەندە بىر نەرسە يوق، لېكىن مەن بىلەن بىرگە ماڭ، بىر نەرسە كېلىپ قالسا ئۇنى ھەل قىلىمىز» دېدى. ئۆمەر ئۇنىڭغا: «ئاللاھ سېنى سەن قادىر بولالمىغان ئىشقا بۇيرۇمىغان» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى

[1] سۈرە ئەھزاب:21



www.munber.org

ياقتۇرمىدى، ئەنسارىلاردىن بىر كىشى يارەسۇلۇللاھ سەدىقە قىل، ئەرش ئىگىسىنىڭ دۇنيارىگىنى ئازلىتىۋېتىشىدىن قورقما، دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبەسسۇم قىلدى. خۇشاللىقى چىرايىدىن بىلىندى ۋە: مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسھابلىرى بىلەن دوستەك ئۆتەتتى، ئۇلاردىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچمايتتى، كىشىلەرنىڭ مۆتىۋەرلىرىنى ھۆرمەتلەيتتى، ئۇنى قەۋمىگە رەھبەر قىلاتتى.

كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇراتتى، ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلاتتى، ساھابىلىرىنىڭ سۈرۈشتىسىنى قىلاتتى. سورۇندىكى ھەر بىر كىشىگە باراۋەر تېگىشلىك ئورۇن بېرەتتى. ھەرقانداق ئادەم كىمنىڭ كىمدىن ھۆرمەتلىك ئىكەنلىكىنى ئالدىراپ بىلەلمەيتتى.

بىرەر ئادەم بىرەر ھاجەت بىلەن كەلسە، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرسا ياكى ئۇنىڭ يېنىغا كەلسە ئۇ ھەرگىز بالدۇر كېتىپ قالمايتتى.

بىرەر كىشى ھاجىتىنى ئېيتسا ھاجىتىدىن چىقاتتى، ياكى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن كۆڭلىنى ياسايتتى.

ئۇنىڭ ئەخلاقى پەزىلىتى كىشىلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئاتىسىغا ئوخشاش بولۇپ قالغان بولۇپ ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىدا ھەق ـ ھوقۇقتا باراۋەر ئىدى.

ئۇ داۋاملىق خۇشخۇي، چىقىشقاق، مۇلايىم بولۇپ قوپال، يىرىك، ئېغىزى سەت، ۋارقىراپ ـ جاقىرايدىغان، قارغايدىغان، قارىسىغا ماختايدىغان كىشى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق ئادەم كۆرۈشۈپ ئۆز مەقسىتىگە يېتەلەيتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك گۈزەل ئەخلاقلىق كىشى يوق، ئۇنى ساھابىلىرى ياكى ئائىلىدىكىلىرىدىن قانداقلا بىر ئادەم چاقىرسا: لەببەيك ـ خوش، دەيتتى.»



www.munber.org



جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن ئىسلام كەلتۈرگەندىن بۇيان مېنى ئۆزىدىن تارتىپ باقمىدى، ئۇ ماڭا پەقەت تەبەسسۇم قىلىپلا قارايتتى.

ئۆز ئەسھابلىرى بىلەن چاقچاقلىشاتتى، ئۇلار بىلەن پىكىرلىشەتتى، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى ئوينىتاتتى، قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزاتتى.

ئەركىن كىشى بولسۇن، قۇل بولسۇن، دېدەك بولسۇن ياكى يوقسۇل بولسۇن چاقىرىقىنى قوبۇل قىلاتتى. كېسەل كىشى مەدىنىنىڭ ئەڭ چېتىدە بولسىمۇ يوقلايتتى. ئۆزرە ئېيتقۇچىنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلاتتى.

ئەنەس مۇنداق دېگەن: «بىرەر كىشى مەخپىي گەپ قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇلىقىنىڭ يېنىغا كەلسە ئۇ بېشىنى ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەنرەك ئېگىپ بېرەتتى. بىرەرسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىنى تۇتقان بولسا باشقىلار قويۇۋەتمىگىچە ئۇ قويۇۋەتمەيتتى، ئۇچرىغان كىشىگە ئاۋال سالام قىلاتتى، ئەسھابلىرى بىلەن ئالدىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشەتتى.»

ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئالدىدا پۇتىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرغانلىقى ھەرگىز مەلۇم ئەمەس.

يېنىغا كىرگەن كىشىلەرنى ھۆرمەتلەيتتى، بەزىدە مېھمانىنىڭ ئاستىغا كىيىمىنى سېلىپ بېرەتتى، ئۆزىنىڭ ئاستىدىكى ياستۇقىنى ئېلىپ بېرەتتى، ئولتۇرغىلى ئۇنىمىسا قەتئىي تۇرىۋالاتتى.

ساھابىلىرىغا تەخەللۇس قوياتتى، ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ ئۇلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىسىملىرى بىلەن چاقىراتتى، ئادەتتە زۆرۈر بولۇپ قالمىسىلا ھېچكىمنىڭ سۆزىنى ئۈزىۋەتمەيتتى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرەر سوۋغات كەلسە ئۇ: ئۇنى پالانى ئايالنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىڭلار، ئۇ خەدىچەنىڭ دوستى ئىدى، ئۇ خەدىچەنى ياخشى كۆرەتتى. دەيتتى.

ئائىشەدىن بايان قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەدىچەنى كۆپ تىلغا ئالغانلىقىنى ئاڭلىغانلىقىم



www.munber.org

ئۇچۇن ئۇنىڭغا كۆندەشلىك قىلغاندەك بىرەرسىگە كۆندەشلىك قىلىپ باقمىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوي ئۆلتۈرمەكچى بولسا ئۇنىڭ دوستلىرىغا سوۋغا قىلاتتى، خەدىچەنىڭ ھەمشىرىسى ئۇنىڭدىن ئىجازەت سورىۋىدى، ئۇ خۇرسەن بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يېنىغا بىر ئايال كىرىۋىدى، ئۇنىڭغا خۇشخۇي بولۇپ قىزغىن ئەھۋال سورىدى. ئۇ ئايال چىقىپ كەتكەندە: ئۇ خەدىچە ھايات ۋاقتىدا بىزنىڭ ئۆيگە كېلەتتى، باشقىلار بىلەن ياخشى يوقلىشىپ تۇرۇش ئىمان جۈملىسىدىن دېدى.»

ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنى ئايرىماستىن غەمخورلۇق قىلاتتى.

ئەبى قەتادەدىن بايان قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «نەجاشىنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىگى كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى تۇرۇپ ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلغىلى تۇردى. ساھابىلىرى: بولدى، بىز قىلايلى دېۋىدى، ئۇ: ئۇلار بىزنىڭ ساھابىلىرىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى قىلغان، مەن پەقەت ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرۇشنى ياخشى كۆرىمەن.» دېدى.

ئەبى ئۇمامەدىن بايان قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاسىسىغا تايىنىپ بىزنىڭ يېنىمىزغا چىقتى. بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن ئورنىمىزدىن تۇرىۋىدۇق ئۇ: ئەجنەبىلەر ئۆزئارا چوڭ بىلىشىپ ئورنىدىن تۇرۇشقاندەك سىلەر تۇرماڭلار» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئاللاھنىڭ بەندىسى، باشقا بەندىلەر يېگەندەك يەيمەن، باشقىلار ئولتۇرغاندەك ئولتۇرىمەن.»

ئۇ ئېشەككە مىنەتتى، كەينىگە ئادەم مىنگەشتۈرۋالاتتى، يوقسۇللارنى يوقلايتتى، كەمبەغەللەر بىلەن ئولتۇراتتى، ساھابىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراتتى، سورۇن ئاخىرلاشقان بولسا ئاخىرىدا ئولتۇراتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆت دەرھەمگىمۇ تۇغرا كەلمەيدىغان سېلىنچا سېلىنغان ئۇلاغ ئۈستىدە ھەج قىلدى. ئۇ ئى ئاللاھ! بۇ ھەجنى رىيا ۋە ياكى ئابرۇيپەرەسلىك بولمىغان ھەج قىلغىن دېدى.



www.munber.org



مەككە پەتھى قىلىنغاندا ئۇ مۇسۇلمانلار قوشۇنى بىلەن بىللە مەككىگە كىردى، ئۇ ئۇلىغى ئۈستىدە ئاللاھ ئۈچۈن كەمتەرلىك قىلىپ بېشىنى ئېگىۋالغان بولۇپ بېشى پۈتىغا تەككىلى تاس قالغان ئىدى.

ئۇ كۆپ سۈكۈت قىلاتتى، زۆرۈر بولمىسا گەپ قىلمايتتى، چىرايلىق گەپ قىلمىغان ئادەمنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمايتتى.

ئۇنىڭ كۈلكىسى تەبەسسۇم قىلىش ئىدى. سۆزلىرى ئېنىق بولۇپ زىيادە ياكى كەم ئەمەس ئىدى.

ساھابىلىرى ئۇنى ھۆرمەتلەپ ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ يېنىدا كۈلۈشكە توغرا كەلسە تەبەسسۇم قىلاتتى.

ئۇنىڭ سۆزى كەڭ قورساقلىق، ياخشىلىق ۋە ئىشەنچ سۆزى بولۇپ سورۇندا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ يوق ئىدى، ئىززەت ـ ھۆرمەت ساقلىناتتى. ئۇ سۆزلىگەندە سورۇنداشلىرى باشلىرىدا قۇش باردەك جىمجىت ئولتۇراتتى.

ئۇ ماگسا بېرىلىپ ماگاتتى، مېڭىشىدىن جانلىق، تېتىكلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئىبنى ئەبى ھالە مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ سۈكۈتى كەڭ قورساقلىق قىلىش، دىققەت قىلىش، ئورۇنلاشتۇرۇش، تەپەككۇر قىلىشتىن ئىبارەت تۆت ئىش ئۈچۈن ئىدى.

ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ سانىغۇچى سانىغىدەك دەرىجىدە دانە ـ دانە سۆزلەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇشبۇي نەرسىلەرنى ۋە خۇش پۇراقنى ياخشى كۆرەتتى، ھەمدە كۆپ ئىشلىتەتتى.

ئۇنىڭغا دۇنيا ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگەن، غەلىبە نۇسرەت ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچقان. ئۇ دۇنياغا بېرىلىشتىن ئۆزىنى تارتقان. ئۇ ۋاپات بولغاندا تۆمۈر كىيىمى ئائىلىسىنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن ئالغان پۇلغا يەھۇدىنىڭ يېنىدا گۆرۈگە قويۇقلۇق ئىدى.



www.munber.org

## ئىنسان ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا

ئىسلام باشقا ساماۋى دىنلارغا ئوخشاش ئومۇمىي ئىسلاھ قىلىشتا ھەممىدىن بۇرۇن ئىنسانى روھنى پاكلاشنى ئاساس قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانى روھ يەنى خاراكتېرنى چوڭقۇر چۈشىنىشكە، ئىسلاھات تەلىماتلىرىنى ئۇنىڭ ماھىيىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇشقا كۆپ كۈچەيدۇ.

پەيغەمبەرلەر ئىنسانى خاراكتېرنى ئۆز خىزمىتىنىڭ باش تېمىسى، تىرىشچانلىقىنىڭ مەركىزى قىلغاندا ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىكى داۋاملاشتى ۋە قوللىغۇچىلار ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى، ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرى ھاياتلىق سىناقلىرىدا ئاجراپ كېتىدىغان پوست، كۆڭۈللەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆڭۈپ، ئۆچۈپ كېتىدىغان سۇنئىي رەڭ بولمىدى... ھەرگىز ئۇنداق بولمىدى. ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرى ئىنساننىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ بۇ تەلىماتلار ئىنساننى تەبىئەتنىڭ ۋەسۋەسىلىرىنى تىزگىنلەيدىغان نىشانلىرىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان كۈچكە ئايلاندى.

بەزىدە ئىلاھى تەلىمات جەمئىيەت، شارائىت ۋە ھۆكۈم توغۇرلۇق سۆزلەيدۇ، ھەمدە بۇ تەرەپلەردىكى كېسەللەرگە دورا تەقدىم قىلىدۇ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن دىن ياخشى روھ، ياخشى ئاڭ يېتىلدۇرۇش تەبىئەتتىن چىقىپ كەتمەيدۇ، دىن ئىسلاھاتىنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان پىراگىرامما، ئۇ ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك كاپالەتچىسى بولغان كۈچلۈك ئەخلاق.

بۇ ھەرگىزمۇ جەمئىيەت ۋە دۆلەت بەرپا قىلىشقا تىرىشۋاتقانلارنىڭ خىزمىتىگە سەل قاراش ياكى ئۇلارنى چۆكۈرۈش ئەمەس بەلكى ئىنسانى روھنى ئىسلاھ قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش، ھاياتلىقنى قوغداش ۋە ئۇنى بەخت - سائادەتلىك قىلىشتىكى روھى ئىسلاھاتنىڭ قىممىتىنى تەكىتلەش.

ئالايلۇق قارا كۆڭۈل ئادەم قانۇن - تۈزۈملەرنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ پەس مەقسەتلىرىنى قانۇن - تۈزۈم بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئېسىل روھقا ئىگە كىشلەر ئوخشىمىغان ئەھۋاللاردا قانۇننىڭ يوچۇقلىرىنى





ئېتىپ ئۇنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرىدۇ، ئىشلارنى تېخىمۇ ياخشى يۈرۈشتۈرىدۇ.

دىيانەتلىك سوتچى ئۆزىنىڭ ئادالىتى بىلەن ئۆزى ھۆكۈم قىلىۋاتقان قانۇننىڭ يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلاپ كېتىدۇ، ئەمما زالىم سوتچى دۇرۇس قانۇننىمۇ ئەگرى قىلالايدۇ. ئىنسان روھىمۇ دۇنيا ھادىسىلىرى ئالدىدا دەل شۇنىڭغا ئوخشاش.

شۇنىڭ ئۈچۈن روھى ئىسلاھات ھاياتلىقتا ياخشىلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈشنىڭ بىرىنچى تايانچى كۈچى.

ئەگەر روھ ئىسلاھ قىلىنمىسا جاھاننى زۇلمەت قاپلاپ كىشىلەرنىڭ ھازىر ۋە كەلگۈسىنى پىتنە ئۆز ئىلكىگە ئالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿إِنَّ اللّهَ لاَ يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُواْ مَا بِأَنْفُسِهِمْ وَإِذَا أَرَادَ اللّهُ بِقَوْمٍ سُوءًا فَلاَ مَرَدَّ لَهُ وَمَا لَهُم مِّن دُونِهِ مِن وَالٍ﴾.

«ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، ئاللاھ بىرەر قەۋمنى ھالاك قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇلارغا ئازابنى دەپئى قىلىدىغان ئاللاھتىن باشقا ئىگىمۇ بولمايدۇ.»[1]

ئاللاھ يەنە بۇزغۇنچى ئۈممەتلەرنىڭ ھالاكىتىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿كَدَأْبِ آلِ فِرْعَوْنَ وَالَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ كَفَرُواْ بِآيَاتِ اللّهِ فَأَخَذَهُمُ اللّهُ بِذُنُوبِهِمْ إِنَّ اللّهَ قَوِيٌّ شَدِيدُ الْعِقَابِ ؛ ذَلِكَ بِأَنَّ اللّهَ لَمْ يَكُ مُغَيِّرًا نِّعْمَةً أَنْعَمَهَا عَلَى قَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُواْ مَا بِأَنفُسِهِمْ﴾.

[1] سۈرە رەئد: 11



www.munber.org

﴿(بۇ كاپىرلارنىڭ گۇناھ قىلىش ئادىتى) پىرئەۋىن جامائەسى ۋە ئۇلاردىن بۇرۇنقىلارنىڭ ئادىتىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلدى، گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلدى، ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر، بۇ (يەنى ئۇلارغا نازىل بولغان ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى (كۇفرى ۋە گۇناھ بىلەن) ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ﴾[1]

ئىسلام روھنى ئىسلاھ قىلىشتا ئۇنىڭغا ئىككى تەرەپتىن دىققەت قىلىدۇ.

بىرىنچىدىن: ئىنساننىڭ روھىيىتىدە ياخشىلىق تەبىئىتى بار بولۇپ ئۇ ياخشىلىققا تەلپۈنىدۇ، ئۇنىڭغا ئىرىشىسە خۇرسەن بولىدۇ، يامانلىقنى يامان كۆرىدۇ، ئۇنى قىلىپ سالسا غەمكىن بولىدۇ، توغرا، دۇرۇس ئىشلاردىن روھى كۈچىيىپ ئىلھاملىنىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن: بۇنىڭغا ياندىشىپ ئىنسان روھىيىتىدە يامان روھى خاراكتېرىمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭغا زىيانلىق ئىشلارنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ، دۇرۇس يولدىن يىراقلاشتۇرىدۇ، ئاخىرى تېگى يوق ھاڭغا ئىتتىرىدۇ.

بىز بۇ يەردە بۇ يامان خاراكتېر ئىنسان بىلەن بىرگە يارىتىلغانمۇ ياكى ئىنسان تەبىئىتىدە كېيىن پەيدا بولغان ھادىسىمۇ دېگەننى ئېنىقلاش ئۈچۈن بۇ يامان خاراكتېرنى تارىخى نۇقتىدىن بايان قىلىپ ئولتۇرمايمىز. بىزنىڭ بۇ يەردە مۇھىم بىلىدىغىنىمىز ئىنسان تەبىئىتىدە ياخشىلىق ۋە يامانلىق خاراكتېرىدىن ئىبارەت ئاشۇ ئىككى خىل خۇسۇسىيەتنىڭ بارلىقى ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەربىرى ئىنسانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى تالىشىدىغانلىقى، ئىنساننىڭ تەقدىرى بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىنىڭ غەلىبە قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى.

---

[1] سۈرە ئەنفال 52- 53





ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَنَفْسٍ وَمَا سَوَّاهَا . فَأَلْهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقْوَاهَا . قَدْ أَفْلَحَ مَن زَكَّاهَا . وَقَدْ خَابَ مَن دَسَّاهَا﴾

﴿روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى يامانىنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، روھنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى - فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ.﴾[1]

ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ ياخشىلىق روھى يامانلىق خاراكتېرىدىن ئۈستۈن كېلىپ ئۇنى پەسلەشتۈرىدىغان، ھاڭغا ئىتتىرىدىغان ۋەسۋەسىلەردىن قۇتۇلۇپ، ياخشىلىق تەبىئىتى كۈچىيىپ، ئالدى نۇرلىشىپ غەلىبە يولىغا دادىل ماڭسۇن ئۈچۈن ئىنسانغا ھەقىقي مۇكەممەل ياردەم بېرىشكە تىرىشىدۇ.

ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ بارلىق ناچارلىقلاردىن پاك، ساپ تەبىئەتلىك دىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا فِطْرَةَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا لَا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَايَعْلَمُونَ﴾[2]

﴿باتىل دىنلاردىن بۇرىلىپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، ئاللاھنىڭ دىنىغا(ئەگەشكىنكى) ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ﴾.

كۆزنىڭ ۋەزىپىسى قارىغۇ بولۇپ قالمىسىلا كۆرۈش. قۇلاقنىڭ ۋەزىپىسى گاس بولۇپ قالمىسىلا ئاڭلاش. ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ۋەزىپىسى ئۇنىڭغا مۇكەممەللىك، ياخشىلىق ۋە پەزىلەتتىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم نىشاندىن

---

[1] سۈرە شەمس: 7-10
[2] سۈرە رۇم: 30

بۇرىۋىتىدىغان يامان خاراكتېر غالىپ كەلمىسلا ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە سۇ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئاققاندەك ھەق تەرەپكە ئىنتىلىش.

ئىنسان تەبىئىتىدە پەيدا بولغان يامان تەرەپ ئۆتمۈشنىڭ ياكى چېكىنگەن مۇھىتنىڭ ناچار تەسىرى، ئۇ ئىنسان تەبىئىتىگە ئىلىپ كىلىدىغان زىيىنى سەۋەبلىك ناھايىتى خەتەرلىك، ھەقىقىي ئىسلاھ قىلغۇچىلارنىڭ كۆرىشى ئىنسان تەبىئىتىدە پەيدا بولغان يامان خاراكتېرگە قارشى تۇرىدۇ ۋە چەكلەيدۇ، ئىنسان تەبىئىتىنى ھالاك ئېغىزىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئۇنى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدىغان ئەسلىدىكى ساپ، تۈزۈك ھالىتىگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ، ئىسلام بۇنىڭ يولىنى چۈشەندۇرگەن.

ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى يۇقىرىدا ئۆتكەن دىن ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىتى دېگەن سۆزنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى ئوقۇيمىز.

﴿مُنِيبِينَ إِلَيْهِ وَاتَّقُوهُ وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَلَا تَكُونُوا مِنَ الْمُشْرِكِينَ: مِنَ الَّذِينَ فَرَّقُوا دِينَهُمْ وَكَانُوا شِيَعًا كُلُّ حِزْبٍ بِمَا لَدَيْهِمْ فَرِحُونَ﴾.

﴿ئاللاھقا تۆۋبە بىلەن تايىنىڭلار ئاللاھتىن قورقۇڭلار، نامازنى ئادا قىلىڭلار، مۇشرىكلاردىن بولماڭلار، دىنىدا ئىختىلاپلىشىپ پىرقە - پىرقە بولۇپ ھەربىر پىرقە ئۆزىدىكى بىلەن خوشاللىنىدىغانلاردىن بولماڭلار.﴾[1]

ئىنكار قىلىش ئەمەس بەلكى ئىمان كەلتۈرۈش، بۇزۇقلۇق ئەمەس بەلكى تەقۋالىق، تەبرىقچىلىق ئەمەس بەلكى دىن بىرلىكلا ئىنساننى ئەسلى تەبىئىتىگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ئاللاھ ھەم بۇ نۇقتىنى كۆپ تەكرارلىغان:

﴿لَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنسَانَ فِي أَحْسَنِ تَقْوِيمٍ، ثُمَّ رَدَدْنَاهُ أَسْفَلَ سَافِلِينَ، إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ﴾.

[1] سۈرە رۇم: 31-32



www.munber.org



﴿بىز ئىنساننى شەك - شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق، ئاندىن ئۇنى (چىرايلىق ياراتقان نېئمىتىمىزگە شۈكرى قىلماي ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن) دوزاخقا قايتۇردۇق، پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[1]

بۇ يەردىكى چىرايلىق ھەقنى تونۇش، ئۇنى چىڭ تۇتۇش، ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە مېڭىش، يۈكسەكلىك ۋە ئېسىل پەزىلەتكە ئېرىشىشنى ئاساسى نىشان قىلىش، بۇ ئىككىسىنى ئۆز ۋە ئۆزگىلەرنىڭ پىرىنسىپىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرغۇزۇش، يۈكسەك نىشاندا مۇكەممەللىكنى قولغا كەلتۈرۈش، ھاياتلىقتىكى ھەربىر ئىشتا مۇكەممەللىكنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈشتۇر.

لېكىن كۆپىنچە كىشىلەرنى ھاۋايى - ھەۋەس بۇ يۈكسەك سەۋىيىگە يەتكىلى قويمايدۇ - دە، ئۇلار پەس ھالەتتە قېلىپ قالىدۇ. ئارقىدىن ئۇلارغا يەنە پەس ئارزۇلار قوشۇلىدۇ - دە، ئۇلارنى تېگى يوق ھاڭغا ئىتتىرىدۇ. مانا بۇلار چېكىنىپ كەتكەن ئەڭ تۆۋەن ئورۇندىكى كىشىلەر.

بۇ ئىلاھى قانۇنىيەت. توغرا يول تېپىش ۋە تاپالماسلىق قانۇنغا بويسۇنىدۇ. بۇ ناھايىتى ئادىل قانۇن. بۇنى قۇرئان كەرىم بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا كَانَ اللَّهُ لِيُضِلَّ قَوْمًا بَعْدَ إِذْ هَدَاهُمْ حَتَّى يُبَيِّنَ لَهُم مَّا يَتَّقُونَ إِنَّ اللَّهَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾.

﴿ئاللاھ بىرەر قەۋمنى ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بايان قىلماي تۇرۇپ، ئۇلارنى گۇمراھ قىلمايدۇ، (يەنى گۇمراھلىققا ھۆكۈم قىلمايدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.﴾[2]

[1] سۈرە تىن: 4-6
[2] سۈرە تەۋبە: 115



www.munber.org

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سَأَصْرِفُ عَنْ آيَاتِيَ الَّذِينَ يَتَكَبَّرُونَ فِي الأَرْضِ بِغَيْرِ الْحَقِّ وَإِن يَرَوْاْ كُلَّ آيَةٍ لاَّ يُؤْمِنُواْ بِهَا وَإِن يَرَوْاْ سَبِيلَ الرُّشْدِ لاَ يَتَّخِذُوهُ سَبِيلاً وَإِن يَرَوْاْ سَبِيلَ الْغَيِّ يَتَّخِذُوهُ سَبِيلاً ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ كَذَّبُواْ بِآيَاتِنَا وَكَانُواْ عَنْهَا غَافِلِينَ﴾.

﴿يەر يۈزىدە ناھەق تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلارغا مېنىڭ ئايەتلىرىمنى پەھىم قىلدۇرمايمەن، ئۇلار بارلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇلار ئەگەر توغرا يولنى كۆرسە، ئۇنىڭدا ماڭمايدۇ، گۇمراھلىق يولىنى كۆرسە ئۇنىڭدا ماڭىدۇ، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن غاپىل بولدى﴾[1]

كىم ئۆزىنىڭ دۇرۇسلۇق ھالىتىدە قېلىپ قالىدۇ، دۇنيادىكى ئەڭ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلىنىپ قالالايدۇ؟

بۇنىڭ جاۋابى تۆۋەندىكى ئايەتتە: ﴿إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ﴾.

﴿پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا.﴾[2]

يۇقىرىقى ئايەتتىن گۈزەل ئەخلاق جانلىق ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلنىڭ مېۋىسى ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق.

❖ ❖ ❖

مانا بۇ ئىسلامنىڭ ئىنساننىڭ پاك تەبىئەتتىكى، ئۇنىڭ كۈچىيىش يولىغا تۇتقان مەيدانى.

ئەمما ئىنسان تەبىئىتىنىڭ يامان تەرىپىگە نىسبەتەن ئىسلام ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇش، ئۇنىڭغا تىزگىن سېلىش، ئۇنى ھىدايەت تاپقان ئەقلنىڭ باشقۇرىشىغا ساغلام تەبىئەتنىڭ يېتەكلىشىگە بويسۇندۇرغان قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

---

[1] سۈرە ئەئراف: 146
[2] سۈرە تىن: 6



www.munber.org



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر قىسىم تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم بالىلىرى قېرىيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاچكۆزلۈك، تۈگىمەس ئارزۇ تەڭ قېرىيدۇ»[1]

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنساندىكى ئەڭ يامان نەرسە ھەددىدىن ئارتۇق قورقۇنچاقلىق ۋە پىخسىقلىق»[2] يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئادەم بالىلىرىغا بىر جىلغا ئالتۇن بېرىلسە يەنە ئىككىنچىسىنىڭ بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئىككىنچىسى بېرىلسە، ئۈچىنچىسىنىڭ بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئادەم ئەۋلادلىرىنىڭ قورسىقىنى پەقەت بىر قەبرىلا تولدۇرىدۇ. تەۋبە قىلىدىغان كىشى چوقۇم تەۋبە قىلسۇن.»[3]

قۇرئان كەرىم ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بۇ تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن بولۇپ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَاء وَالْبَنِينَ وَالْقَنَاطِيرِ الْمُقَنطَرَةِ مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ وَالْخَيْلِ الْمُسَوَّمَةِ وَالأَنْعَامِ وَالْحَرْثِ ذَلِكَ مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَاللّهُ عِندَهُ حُسْنُ الْمَآبِ﴾.

﴿ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى، ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (ۋاقىتلىق) شەيئىلەردۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر، (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس جەننەتكە قىزىقىش كېرەك.)﴾[4]

ئىسلام دەسلەپىدىلا ئىنساننىڭ دىققىتىنى ئۆز خاھىشىغا ئەگىشىش، كۆڭۈلنىڭ ئۆزلۈكسىز ۋەسۋەسىلىرىگە بويسۇنۇش كۆڭۈلنى قاندۇرالمايدۇ، ھەقىقەتكىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس دېگەنگە قارىتىدۇ.

---

[1] ئىمام مۇسلىم.
[2] ئىمام ئەبۇداۋۇد.
[3] ئىمام بۇخارى.
[4] سۈرە ئال ئىمران: 14



www.munber.org

كۆڭۈل ئۆزى ئارزۇ قىلغان نەرسىگە ئېرىشىپ مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن يەنە بىرىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇ ئۆز ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇش، گۇناھ ئۆتكۈزۈش ۋە جىنايەت سادىر قىلىشقا پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم بۇنداق خاتا خاھىشقا ئەگىشىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

﴿وَلَا تَتَّبِعِ الْهَوَى فَيُضِلَّكَ عَن سَبِيلِ اللَّهِ إِنَّ الَّذِينَ يَضِلُّونَ عَن سَبِيلِ اللَّهِ لَهُمْ عَذَابٌ شَدِيدٌ بِمَا نَسُوا يَوْمَ الْحِسَابِ﴾

﴿نەپسى خاھىشقا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازغانلار ھېساب كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) نى ئۇنتۇغانلىقلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾①

دىنسىزلارنىڭ يولى ۋە ئۇلارغا ئەگەشمەسلىكنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَوِ اتَّبَعَ الْحَقُّ أَهْوَاءهُمْ لَفَسَدَتِ السَّمَاوَاتُ وَالْأَرْضُ وَمَن فِيهِنَّ بَلْ أَتَيْنَاهُم بِذِكْرِهِمْ فَهُمْ عَن ذِكْرِهِم مُّعْرِضُونَ﴾.

﴿ئەگەر ھەقىقەت (يەنى قۇرئان) ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا بويسۇندىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار خاراپ بولغان بولاتتى، ئۇنداق بولغىنى يوق، ئۇلارغا (ۋەز - نەسىھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) قۇرئاننى ئاتا قىلدۇق، ئۇلار ئۆزلىرىگە (ۋەز - نەسىھەت بولغان) قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈيدۇ.﴾②

① سۈرە ساد: 26
② سۈرە سۈرە مۆئمىنۇن: 71



www.munber.org



ئىنساننىڭ روھىيىتىدىكى چەكلەنگەن خاھىش بىلەن دۇرۇس تەلەپ ئوتتۇرىسىنى پەرقلەندۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. كۆپىنچە دىندارلار بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئارىلاشتۇرىۋېتىپ يامان نەتىجە كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

چۈنكى ئىنساننىڭ ھاياتلىقتىكى ئورۇنلۇق ئارزۇلىرى خاتا ھالدا چەكلەنگەن رەزىل ئىش دەپ چۈشىنىۋېلىنسا، بۇنىڭ نەتىجىسى ئىنسان بۇ توغرا تەلەپلىرىنى قانۇن - تۈزۈمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلماسلىق يولى بىلەن قاندۇرىدۇ - دە، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ روھىيىتى چېكىنگەن بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن بارا - بارا قانۇن - تۈزۈمگە پەرۋاسىز قارايدىغان تېخىمۇ خاتالىشىدىغان بولۇپ، ئاخىرىدا ھەقىقي گۇناھ ئىشلارنىمۇ قىلىۋېرىدىغان بولىدۇ.

قۇرئان كەرىم باشقا دىنلارغا ئوخشاش ئىنسان تەبىئىتىگە سەل قارىماستىن، بەلكى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ ئىنساننىڭ روھىيىتىدىكى توغرا تەلەپلەرگە يول قويىدى. كۆڭۈلنىڭ دۇرۇس ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇشقا ئارىلىشىپ ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق پەيدا قىلىش ۋە چەكلىمە قويۇش ئارقىلىق تار يەردە قىستاشنى جىنايەت ۋە يامان قىلمىش دېدى. چۈنكى ئۇنداق قىلىش خاتالىق ئۆتكۈزۈشكە قىستىغان بىلەن باراۋەر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ كُلُواْ مِمَّا فِي الأَرْضِ حَلاَلاً طَيِّباً وَلاَ تَتَّبِعُواْ خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ. إِنَّمَا يَأْمُرُكُمْ بِالسُّوءِ وَالْفَحْشَاء وَأَن تَقُولُواْ عَلَى اللّهِ مَا لاَ تَعْلَمُونَ﴾

﴿ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەندۇر، شەيتان سىلەرنى ھەقىقەتەن يامانلىقلارغا، قەبىھ گۇناھلارغا ۋە ئاللاھ نامىدىن، يالغاندىن (ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلغان نەرسىلەرنى



www.munber.org

ھارام دەپ، ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھالال دەپ) سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئېيتىشقا بۇيرىدى.﴾[1]

شۇنداق، توغرا ھالال ئىشنى چەكلەش ئاساسسىز ھالدا ئاللاھنىڭ ئالدىغا ئۆتتۇۋالغانلىق، بۇ شەيتان بۇيرۇيدىغان جىنايەت ۋە يامانلىقنىڭ قېرىندىشى. ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ تەبىئىتىنى قاتتىق قوللۇق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنىمۇ، ئۇنىڭغا ھەددىدىن ئارتۇق يول قويۇشنىمۇ توغرا تاپمايدۇ. ئۇنىڭغا چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەستىن، سەل قارىماستىن نورمال بولغان يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

❖ ❖ ❖

ئىنسان تەبىئىتى دىنسىزلىق ۋە ياكى مەيلىگە قويۇۋېتىش بىلەن ئەمەس بەلكى ئىمان ۋە ئەمەلى سالىھ بىلەن ياخشىلانغىنىدەك ئىنساننىڭ تېپىرلاپ تۇرغان ھېسسىياتىمۇ ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر ئارقىلىق توغرا قېلىپقا چۈشىدۇ.

ئىنساننىڭ خاراكتېرى ۋە ھېسسىياتى پەقەت مۇستەھكەم ئەخلاق بىلەنلا توغرا يولغا چۈشىدۇ، قۇرئان ئىنساننىڭ ئاجىز، مەيدانسىز، شەخسىيەتچى ئىكەنلىكىنى سۈپەتلەپ بولغاندىن كېيىن بۇ رەزىللىكلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى دىن ۋە ئۇنىڭ نەسىھەتلىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: ﴿إِنَّ الْإِنسَانَ خُلِقَ هَلُوعًا. إِذَا مَسَّهُ الشَّرُّ جَزُوعًا. وَإِذَا مَسَّهُ الْخَيْرُ مَنُوعًا. إِلَّا الْمُصَلِّينَ. الَّذِينَ هُمْ عَلَى صَلَاتِهِمْ دَائِمُونَ. وَالَّذِينَ فِي أَمْوَالِهِمْ حَقٌّ مَّعْلُومٌ. لِّلسَّائِلِ وَالْمَحْرُومِ. وَالَّذِينَ يُصَدِّقُونَ بِيَوْمِ الدِّينِ. وَالَّذِينَ هُم مِّنْ عَذَابِ رَبِّهِم مُّشْفِقُونَ. إِنَّ عَذَابَ رَبِّهِمْ غَيْرُ مَأْمُونٍ. وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ﴾

[1] سۈرە بەقەرە: 168-169



www.munber.org



﴿ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى، ئۇنىڭغا (يوقسۇزلۇق ياكى كېسەللىك، ياكى قورقۇنچتەك) بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتكەن چاغدا، زارلانغۇچىدۇر، بىرەر ياخشىلىق يەتكەن چاغدا، بېخىللىق قىلغۇچىدۇر، پەقەت (تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭدىن) مۇستەسنا، ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر، ئۇلار ماللىرىدىن تىلەيدىغان پېقىرغا ۋە تىلىمەيدىغان پېقىرغا مۇئەييەن ھەق (يەنى زاكات بېرىدۇ، ئۇلار قىيامەت كۈنىگە تەستىق قىلىدىغانلاردۇر، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابىدىن قورققۇچىلاردۇر. شۈبھىسىزكى ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابى (ئاللاھ ئەمىر قىلغاندىن باشقا ھېچبىر ئادەم ئۈچۈن) ئەمىن بولغىلى بولمايدىغان نەرسىدۇر، ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر.﴾[1]

ئەخلاقنىڭ ئىنسان روھىيىتىدە بىراقلا شەكىللەنمەيدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. ئۇ بېشىدىلا مۇكەممەل، كۈچلۈك بارلىققا كەلمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە پىشىپ يېتىلىشىگە جەريان كېتىدۇ. مانا بۇ ناماز، زاكاتقا ئوخشاش ئەمەللەرنىڭ تەكرار قىلىنىدىغانلىقىنىڭ ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش، ئاللاھنىڭ ئازاۋىدىن ساقلىنىشقا تەكرار چاقىرىلغانلىقىنىڭ سىرى.

❖ ❖ ❖

خۇلاسە، ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ ساغلام تەبىئىتىنى ھۆرمەتلەيدۇ. ئۇنىڭغا مۇكەممەللىشىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تېزگىنسىز ھەۋەسلەردىن ئاگاھلاندۇرۇپ ئۇنىڭغا چەكلىمە قويىدۇ. ئىسلام دىنى بۇيرىغان ئىبادەتلەر ئىنسان تەبىئىتىنى قوللاش ۋە كۈچەيتىش، ھېسسىياتنى چېنىقتۇرۇش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش. بۇ ئىبادەتلەر ئېسىل ئەخلاق ۋە ساغلام يولنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ئاساسى بولالمىسا، ئۇنداقتا ئۇ ئىبادەتلەر مۇكەممەل ئىجرا قىلىنىدىغان ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغان بولىدۇ.

[1] مائارىج 19-29



www.munber.org

## ئەخلاقى جىنايەتلەرنىڭ جازاسى

ئىمانغا مەجبۇرلاش مۆئمىن ئىنساننى بارلىققا كەلتۈرەلمىگىنىدەك، ياخشىلىققا مەجبۇرلاش ياخشى ئىنساننى بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ. روھى ۋە ئەقلى ئەركىنلىكلا مەسئۇلىيەتنىڭ ئاساسى.

ئىسلام بۇ ھەقىقەتنى قەدىرلەيدۇ ۋە ھۆرمەتلەيدۇ. ئەخلاقمۇ مۇشۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن.

ئۇنداقتا ئىسلام دىنى ئىنسان تەبىئىتىگە بولغان قارىشى ياخشى تۇرۇپ، ئىنسانغا ياخشىلىقنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش ياكى ياخشىلىققا يېتەكلەشتە قاتتىق قوللۇق قىلىدۇ.

توغرا، ئىنساننىڭ تەبىئىتى ئەسلىدىن ياخشى، لېكىن بۇ ئىنسان ياخشىلىقلا قىلىدىغان پەرىشتە دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى بۇنىڭ مەنىسى ياخشىلىق ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىتىدە بىللە بار. خۇددى قەپەز ياكى كىشەندىن قۇتۇلغان قۇش ئۇچۇش تەبىئىتىگە قايتقاندەك ياخشىلىق قىلىش پۇرسىتى ۋە ياخشىلىق قىلىش شارائىتى كەلسە، ياخشىلىقنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئىسلامنىڭ قارىشىدا ساغلام بولغان ئەمەل كىشەننى بۇزۇپ تاشلاش، بېسىمنى يوقىتىش بولۇپ ئىنسان ياخشى ئەمەللەر بىلەن يەنىلا ياخشىلانمىسا، يۈكسەلمىسە ئۇنى كېسەل دەپ قاراپ ئۇنىڭغا چارە قوللىنىدۇ.

ئىسلام بۇنداق ئىنساننى ئۇنىڭ تۇرىشى باشقىلارغا زىيانلىق بولمىسىلا جەمئىيەتتىن ئايرىۋېتىشكە ھۆكۈم قىلمايدۇ، ئىسلام مۇشۇ ئۆلچەم دائىرىسىدە ئەخلاقى جىنايەتلەرگە قارشى تۇرىدۇ، دەسلىپىدە مۇنداق قارايدۇ، ھەربىر ئىنسان دۇرۇس يول بىلەن ئۆز تىرىشچانلىقىنىڭ ھوسۇلىغا تايىنىپ ھالال ياشىشى كېرەك. ئەسلىدە ئۇنىڭ ماھىيىتىدە ئوغرىلىق دەيدىغان نەرسە يوق.

ئۇنداقتا ئۇنى ئوغرىلىق قىلدۇرغان نەرسە نېمە؟ ئۇنى قىيىنچىلىق شۇنىڭغا مەجبۇرلىغانمۇ؟ شۇنداق بولسا ئۇنىڭ قىيىنچىلىقنى ھەل



www.munber.org



قىلغۇدەك زۆرۈر تەرەپلەرنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ، بۇ جەمئىيەتنىڭ مەجبۇرىيىتى، ئەگەر بۇ تەرەپكە سەل قارالسا، ئىنسان ئوغرىلىققا تايىنىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا جىنايەتنىڭ جاۋابكارلىقى مەسئۇلىيەتسىز جەمئىيەتكە بولىدۇ. ئەگەر كىشىلەرنىڭ جىددى قىيىنچىلىقى ھەل قىلىنسا يەنە قولنى ئوغرىلىققا سۇنسا ئاندىن ئۇنى جازالاشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوغرىلىق قىلغۇچىنىڭ ئەھۋالى تەكشۈرۈلىدۇ. جازالاشقا ئالدىرىماسلىق دىنى تەلەپ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رەھبەرنىڭ جازالاپ خاتالاشقىنىدىن كەچۈرۈپ خاتالاشقىنى ياخشى.»

ئەگەر ئۇنىڭ ئەھۋالنى تەكشۈرۈشتىن ئۇنىڭ تەبىئىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقى، ئۇ ئۆزىنى قوينىغا ئالغان، كۆڭۈل بۆلگەن جەمئىيەتنىڭ دۈشمىنىگە ئايلانغانلىقى، جەمئىيەتنىڭ كۆيۈنىشى، كۆڭۈل بۆلۈشىگە جەمئىيەتنى پاراكەندە قىلىش، بۇزۇش ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرىۋاتقانلىقى ئاشكارىلانسا شۇ جەمئىيەتنىڭ ئۇنداق كىشىنى جازالىشى زۆرۈر.

قۇرئان قولنى كېسىشكە تېگىشلىق بولغان ئوغرىلىق جىنايىتىنى زۇلۇم ۋە بۇزغۇنچىلىق دەپ سۈپەتلىدى، ھەمدە جازالانغان بۇ ئوغرى توغرىسىدا مۇنداق دېدى:

﴿فَمَن تَابَ مِن بَعْدِ ظُلْمِهِ وَأَصْلَحَ فَإِنَّ اللّهَ يَتُوبُ عَلَيْهِ إِنَّ اللّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾.

﴿كىمكى (ئوغرىلىق قىلىپ كىشىلەرگە) زۇلۇم قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا، (ئەمەلىنى) تۈزەسە (يەنى ئوغرىلىق قىلىشتىن يانسا) ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.﴾[1]

ئىسلام يولغا قويغان جازالاش بولسا ئادىل ۋە تىنچ جەمئىيەتنى ئادالەتكە زۇلۇم بىلەن، ئىسلاھاتقا بۇزغۇنچىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرغان شەخسنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاپ قېلىشتۇر.

[1] سۈرە مائىدە: 39



www.munber.org

❖ ❖ ❖

يۇقىرىقى ئەخلاقى جىنايەتلەرگە بېرىلگەن جازالار كىشىلەرنى گۈزەل ئەخلاققا مەجبۇرلاش، دۇرۇس يول تۇتۇشقا مەجبۇرلاش ئۈچۈن يولغا قويۇلمىغانلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن، مىسال ئىسلامنىڭ قارىشىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ يول ئىنسان قەلبىگە خىتاب قىلىش، ئۇلۇغلۇق ۋە مۆكەممەللىككە بولغان ئىنتىلىشىنى قوزغاش، قايىللىق ۋە مېھرى - مۇھەببەت يولى بىلەن ئۇلۇغ ياراتقۇچىغا يۈزلەندۈرۈش، بۇلارنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەبىئي مەسئۇلاتى بولغان ئېسىل پەزىلەت بىلەن باغلاش.

ئۇلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. مۇقىم، ساغلام جەمئىيەت بەرپا قىلىش جەريانىدا ئاساسلىق ھوسۇلغا ئېرىشىش مەقسەت قىلىنغان ئۇنۇۋېرسال ئېتىزدا زىيانداش ئوت - چۆپلەرنى يۇلۇپ تاشلىغانغا ئوخشاش، پايدىسىز ھارام شاخلارنى ئېلىۋېتىشكە بولىدۇ.

ئومۇمي ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ھەققەتەن مۇھىم، بارلىق ساماۋى دىنلاردا قانۇن قىلىنغان، تەۋراتتىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئىسلام يولغا قويغان ئەخلاقى جازانى ئىنكار قىلىشنىڭ ۋەجى نېمە؟

❖ ❖ ❖

ئىسلام ياخشىلىق ياكى يامانلىقنىڭ كۆچىيىشىدە رەزىللىك ياكى پەزىلەتنىڭ تارقىلىشىدا مۇھىتنىڭ زور مەسئۇلىيىتى بار دەپ قارايدۇ، ئۇنىڭ پاك ۋە دۇرۇس بولۇشىغا ياردەم بېرىدىغان جەمئىيەت بارلىققا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز جىنايىتى ئۈچۈن تەۋبە يولى ئىزدىگەن قاتىلنىڭ ھېكايىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئەڭ ئالىم كىشىنى سورىدى، ئۇنىڭغا بىر ئالىم كىشى كۆرسىتىلدى، ئۇ ئۇ ئالىم كىشىگە ئۆزىنىڭ يۈز ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىنى، ئۆزىگە تۆۋبە يولى بار - يوقلىقىنى سورىدى. ئالىم كىشى ئۇنىڭغا: بار، ھېچكىم ئۇنىڭغا توسالغۇ بولالمايدۇ،



www.munber.org



پالانى پالانى يۇرتقا بار، ئۇ يەردە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەر بار، ئۇلار بىلەن ئاللاھقا ئىبادەت قىل ئۆز يۇرتۇڭغا قايتما، ئۇ يامان يۇرت، دېدى.»[1]

يەنە بىر باياندا ئۇ بىر دەرۋىشنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن: « ماڭا تۆۋبە يولى بارمۇ دېدى. دەرۋىش: كەمچىلىكىڭ كۆپكەن، ئېنىق بىلمەيمەن، لېكىن بۇ يەردە ئىككى كەنت بار، بىرنى نۇسرە، يەنە بىرىنى كۇفرە دېيىلىدۇ، نۇسرەلىكلەر جەننەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدۇ، ئۇ يەردە باشقىلار تۇرغۇزۇلمايدۇ، ئەمما كۇفرەلىكلەر دوزاخقا لايىق ئەمەل قىلىدۇ، ئۇ يەردىمۇ باشقىلار تۇرغۇزۇلمايدۇ، سەن نۇسرەلىكلەرنىڭ يېنىغا بار، ئەگەر ئۇ يەردە تۇرساڭ شۇ كىشىلەردەك ئەمەل قىلساڭ تەۋبەڭنىڭ مەقبۇل بولۇشىدا گەپ يوق دېدى.»[2]

❖ ❖ ❖

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى مۇھىت ئامىلىنى ساغلام تەبىئەتنى قوغداپ، ھېسسىياتنى كونترول قىلىپ، ئېسىل پەزىلەت بارلىققا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىللاردىن بىرى دەپ قارايدۇ.

① ئىمام بۇخارى
② تەبرانىي



www.munber.org

## ئەخلاقنىڭ دائىرىسى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ

ھەربىر دىننىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدىغان ئۆزگىچە خاس شوئارلىرى بار.

ئېنىقكى، ئىسلام دىنىدىمۇ مۇئەييەن قانۇنلار بولۇپ ئۇنىڭغا مۇسۇلمان بولغان كىشىلەر ئەمەل قىلىدۇ. بۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تۇراقلىق ئىش. بۇنىڭ باشقىلار بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. لېكىن ئەخلاقى تەلىملەر بۇنداق ئەمەس. ھەربىر مۇسۇلمان پۈتۈن يەرشارى ئاھالىسىگە ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا، سەممىي ھالدا گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇلغان، مەسىلەن: مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمانغا ۋە مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرگە راست سۆزلىشى زۆرۈر. كەڭ قورساق بولۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئادەمگەرچىلىك، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، مەردلىك قاتارلىقلارمۇ شۇنداق.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە يەھۇدى ياكى خرىستىئانلار بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە مۇشەققەت پەيدا قىلماسلىقلار دېگەن: ﴿وَلَا تُجَادِلُوا أَهْلَ الْكِتَابِ إِلَّا بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ إِلَّا الَّذِينَ ظَلَمُوا مِنْهُمْ وَقُولُوا آمَنَّا بِالَّذِي أُنزِلَ إِلَيْنَا وَأُنزِلَ إِلَيْكُمْ وَإِلَهُنَا وَإِلَهُكُمْ وَاحِدٌ وَنَحْنُ لَهُ مُسْلِمُونَ﴾

﴿ئەھلى كىتاب بىلەن پەقەت ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلىشىڭلار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغۇچىلار ۋە فىدىيە بېرىشتىن باش تارتقۇچىلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئېيتىڭلاركى، بىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ۋە سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان ئېيتتۇق، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ۋە بىزنىڭ ئىلاھىمىز بىردۇر، بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز.﴾[1]

يەنە مۇسا ۋە ئەيسانىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ مۇشۇنداق كەسكىن مۇنازىرىلەردە مۇسۇلمانلار بىلەن كۆچەپ كېتىشكەنلىرىنى ئەيىبلەپ

---

[1] سۈرە ئەنكەبۇت: 46



www.munber.org



مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ أَتُحَآجُّونَنَا فِي اللّهِ وَهُوَ رَبُّنَا وَرَبُّكُمْ وَلَنَا أَعْمَالُنَا وَلَكُمْ أَعْمَالُكُمْ وَنَحْنُ لَهُ مُخْلِصُونَ.﴾[1]

﴿بىز بىلەن ئاللاھ توغرىلىق مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ ھالبۇكى ئۇ ھەم بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز، ھەم سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، بىز ئاللاھقا سادىقمىز، دېگىن.﴾

مۇنداق بىر ئىش بولغان. بىر يەھۇدىينىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا قەرزى بار بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قەرز سۈيلەپ كېلىپ مۇنداق دېدى: ئى، ئابدۇلمۇتەللىپ جەمەتى، سىلەر قەرزنى بەك سوزىدىغان كىشىلەر ئىكەنسىلەر دېدى. ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆرمىتىگە تىل تەككۈزگەن يەھۇدىينى ئەدەبلىمەكچى بولۇپ، ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىچىغا قول ئۇزاتتى، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەرنى توختىتىپ: «ئىسلام دىنى، گەرچە بۇزۇق ياكى كاپىر بولسىمۇ ئۇلارغا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇيدۇ» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «زۇلۇم قىلىنغۇچىنىڭ دۇئاسى، بەلكى ئۇ بۇزۇق ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ ئىجابەت بولىدۇ، ئۇنىڭ بۇزۇقلۇقى ئۆزىگە.»[2] يەنە مۇنداق دېگەن: «زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسى، گەرچە كاپىر بولسىمۇ ئىجابەت قىلىنىدۇ، سەن گۇمانلىق ئىشلارنى تەرك ئەت، گۇمانى يوق ئىشلارنى چىڭ تۇت.»[3] بۇ بايانلار مۇسۇلمانلارنى قارشى دىندىكىلەرگە يامانلىق قىلىشتىن چەكلەيدۇ. باشقا دىندىكىلەر بىلەن بولغان ئەڭ ياخشى مۇناسىۋەتنىڭ پاكىتلىرىدىن بىر ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر توغرىسىدىكى بايان بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدە بىر قوي ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ كەلگەندە: بىزنىڭ يەھۇدىي خوشنىمىزغا سۇندۇڭلارمۇ؟ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

---

[1] سۈرە بەقەرە: 139
[2] ئىمام ئەھمەد
[3] ئىمام ئەھمەد.

«جىبرىئىل ماڭا خوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى كۆپ تەۋسىيە قىلغاچقا مەن خوشنىنا كەلگۈسىدە مىراسخور بولامدىكىن دەپ قالدىم.»[1] دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېگەن.

شۇنىڭدەك ئىسلام دىنى ھەربىر ئىنسانىنى ئۆز ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا گەرچە ئۇلار كاپىر بولسىمۇ غەمغورلۇق قىلىشقا بۇيرىغان، ئۇنىڭ ھەققەتتىنى چىڭ تۇتۇشى كاپىر ئائىلىسگە قوپاللىق قىلىشنى تەلەپ قىلمايدۇ.

﴿وَصَاحِبْهُمَا فِي الدُّنْيَا مَعْرُوفًا وَاتَّبِعْ سَبِيلَ مَنْ أَنَابَ إِلَيَّ ثُمَّ إِلَيَّ مَرْجِعُكُمْ فَأُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ﴾

﴿ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن) ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن.﴾ بۇ خۇسۇسىي تەرەپ ئەمما ئاممۇۋى مەسىلىلەردە ئىسلام دىنى مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، گۈللىنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشى ئەخلاققا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئەگەر ئەخلاق يوقالسا ھاكىمىيەت ياكى مىللەتنىڭمۇ ھالاك بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان[2].

مىللەت ئەخلاق بىلەن مەۋجۇت بولۇر. ئەخلاقتىن ئايرىلسا ھالاك بولۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ۋە جەمەتىگە سۆزلىگەن سۆزى بۇ ھەققەتتىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈردۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئەرەپ ئارىلىدىكى رەھبەرلىك ئورنىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ ئۇلار ئەخلاقلا ئۇلارنىڭ سەلتەنەتتىنى داۋاملاشتۇرالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن.

① ئىمام بۇخارى.
② سۈرە لوقمان:15.



www.munber.org



ئەنەس ئىبنى مالىكتىن بايان قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز بىر ئۆيدە ئىدۇق، ئۇ يەردە مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلاردىن بىر بۆلۈك كىشىلەر بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز تەرەپكە كەلدى. ھەممەيلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز يېنىدا ئولتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىپ ئورۇن بوشاتقىلى تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشىكنىڭ ياغىچىنى تۇتۇپ ئۆرە تۇردى، ۋە: «قۇرەيشلەر چوڭ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالدى، ئۇلار ئۈچ ئىشنى چىڭ تۇتسا ئۆز ئورنىنى ساقلاپ قالىدۇ، باشقىلار كۆيۈنىشكە موھتاج بولسا كۆيۈنسە، ھۆكۈمدە ئادىل بولسا، ۋەدىگە ۋاپا قىلسا، كىم شۇنداق قىلمايدىكەن ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولىدۇ.»[1] دېدى.

بۇ ھەدىس مەيلى مىللەت مەيلى دۆلەت ۋە ياكى ئائىلە بولسۇن ئۇلار بۈيۈك سۈپەت ۋە ئېسىل نىشانلار ئەمەلگە ئاشقاندىلا ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلىقى ساقلىنىپ، قۇدرەت تاپىدىغانلىقىنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئەگەر كىشىلەر ئىسلام نامىنى كۆتىرىۋالغان، قۇرئاننى قانۇن قىلىمىز دېگەن بولسىمۇ ھۆكۈمەت ئادىل بولمىسا، موھتاجقا ياردەم قىلمىسا، ۋەدە كېلىشىملەرگە ئەمەل قىلمىسا ئۇ قۇرئان ئىسلام ماركىسىنى كۆتىرىۋالغان تۇرۇپ ئىسلام ئەخلاقىدىن ئايرىلىپ ئاسمان - زېمىن تەرىپىدىن لەنەت ۋە قارغىشقا لايىق بولۇپ ھاياتلىق تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنىدۇ.

ھەسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن دەپ بايان قىلىدۇ: «ئاللاھ بىر مىللەتكە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا ئۇلارغا تەدبىرلىك كىشىنى رەھبەر قىلىدۇ. مال - دۇنيانى سېخىي كىشىلەرنىڭ قولىدا قىلىدۇ. ئەگەر بىر مىللەتكە يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇلارغا قابىلىيەتسىز كىشىلەرنى رەھبەر قىلىدۇ، مال دۇنيانى بېخىلنىڭ قولىدا قىلىدۇ.»

① تەبرانىي

ئىسلام ئۇستازى ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئادىل دۆلەتنى گەرچە كاپىر بولسىمۇ ساقلاپ قالىدۇ، زالىم دۆلەتنى گەرچە مۇسۇلمان بولسىمۇ ساقلاپ قالالمايدۇ.»①

❖ ❖ ❖

قۇرئان ۋە ھەدىستىكى ئاساسىي ئەخلاق ئۇ پۈتۈن دىن شۇنداقلا ئۆز نۆۋىتىدە پۈتۈن دۇنيا، ئەگەر قايسى بىر مىللەتنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتسە ياكى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئورنى تۆۋەنلىسە، بۇ ئىسىل پەزىلەتنىڭ چېكىنگەنلىكى، ئەخلاقنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

① ئىمام ئەبۇداۋۇد

www.munber.org





## ساداقەتمەنلىك

ئاللاھ كائىناتنى ھەقىقەت بىلەن ياراتقان، ئىنسانىيەتتىن ھەقىقەت ئۈچۈن ياشاشنى، پەقەت ھەقىقەتنى سۆزلەشنى، ھەقىقەتنى قىلىشنى تەلەپ قىلغان.

ئىنسانىيەتنىڭ ئازغۇنلۇقى، بەختسىزلىكى ئۇلارنىڭ بۇ ئېنىق پرىنسىپنى ئۇنتۇغانلىقى، ساختىلىقلار ۋە پۇچەك خىياللار ئۇلارنىڭ روھى ۋە تەپەككۇرىنى ئېگەللىۋېلىپ، تۈز يول ۋە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ھەقىقەتلەردىن يىراقلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىدىن كېلىپ چىققان.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق ئىش، ھەرقانداق مەسىلە ۋە ھەرقانداق ھۆكۈمدە ساداقەتمەن بولۇش، مۇسۇلمان ئەخلاقلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىق بىر تارماق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ساداقەتمەنلىك ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ھەرىكەت شەكلىدۇر.

شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام جەمئىيىتى گۇمان، ئۆسەك سۆز ۋە شەكلىنىش قاتارلىقلارغا قارشى كۆرەش قىلىدۇ. چۈنكى پەقەت ھەقىقەتلا گەۋدىلىنىشكە ۋە غالىب ئورۇندا تۇرۇشقا تېگىشلىك بولۇپ، تۇرلۇك مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ھەقىقەتكە ئاساسلىنىش زۆرۈر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «گۇماندىن ساقلىنىڭلار، شۈبھىسىزكى، گۇماننىڭ تولىسى يالغاندۇر»① يەنە مۇنداق دېگەن: «شەكلىك ئىشنى تاشلاپ شەكسىز ئىشنى قىلغىن، شۈبھىسىزكى راستچىللىق راھەتتۇر، يالغانچىلىق غەچىلىكتۇر.»②

قۇرئاندا خەلقلەرنىڭ گۇمانلىق ئىشلار ۋە خۇراپاتلارغا ئىشىنىپ ساختىلىقلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھازىرىسى ۋە كەلگۈسىنى نابۇت قىلغانلىقىغا كايىلغان: ﴿إِن يَتَّبِعُونَ إِلَّا الظَّنَّ وَمَا تَهْوَى الْأَنفُسُ وَلَقَدْ جَاءهُم مِّن رَّبِّهِمُ الْهُدَى﴾

① ئىمام بۇخارى.
② ئىمام تىرمىزى.

www.munber.org

﴿ئۇلارغا پەرۋەردىگارىڭدىن شەك - شۈبھىسىز ھىدايەت (يەنى پەيغەمبەر ۋە قۇرئان) كەلگەن تۇرۇقلۇق، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ۋە نەپسلىرىنىڭ خاھىشىغا ئەگىشىدۇ.﴾[1]

﴿وَمَا لَهُم بِهِ مِنْ عِلْمٍ إِن يَتَّبِعُونَ إِلَّا الظَّنَّ وَإِنَّ الظَّنَّ لَا يُغْنِي مِنَ الْحَقِّ شَيْئًا﴾

﴿ئۇلار مۇنداق ئاتاشتا ھېچقانداق ئىلىمگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ، گۇمان دېگەن ھەقنى ئىسپاتلاشتا ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ.﴾[2]

ئىسلام دىنى ھەققەتنى قاتتىق ھۆرمەتلىگەنلىكى ئۈچۈن يالغانچى - كاززاپلارغا ھەرۋاقىت قاتتىق زەربە بېرىپ تۇرىدۇ.

مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يالغانچىلىقنى ئەڭ يامان كۆرەتتى. بىرەرسىنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى بىلسە تاكى ئۇ گۇناھىغا تەۋبە قىلمىغىچە ئۇنى ئەپۇ قىلمايتتى.»[3]

يەنە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يالغانچىلىقنى ئەڭ يامان كۆرەتتى. بىرەرسى ئۇنىڭ يېنىدا يالغان ئېيتسا تەۋبە قىلمىغۇچە ئۇنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتمەيتتى.»[4]

شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ساھابىلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتلەرگە ئۆزئارا رىئايە قىلىشقانلىقى، بىرەرسىنىڭ ئەخلاقتىن چەتنىگەنلىكى بىلىنسە تاكى ئۇ راست يولغا قايتمىغۇچە خۇددى ساق ئادەمنىڭ ئارىسىغا يۇقۇملۇق كېسىلى بار ئادەم كىرىپ قالغاندەك كۆپچىلىك ئۇنى ئارىسىغا ئالماي تۈپتىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.

① سۈرە نەجم 23
② سۈرە نەجم: 28
③ ئىمام ئەھمەد.
④ ئىبنى ھەببان.



www.munber.org



چۈنكى مۇسۇلمانلار جامائەسىنىڭ بەلگىسى راستچىللىق، ئىشنى پۇختا قىلىش، خاتا گەپ قىلماسلىق ئىدى.

يالغان ئېيتىش، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، ساختىلىق قىلىشلار بولسا مۇناپىقلىقنىڭ، دىن بىلەن ئالاقىسىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر ياكى ئۇ ھىيلىگەرلەر ۋە ساختىلىق قىلغۇچىلار يەنى ئەمەلىيەتتە خىلاپلىق قىلىشتا يالغانچىلارنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە دىن بىلەن ئالاقىلىشىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يالغانچىلىق ئوچۇق رەزىللىك بولۇپ، كۆڭۈلگە بۇزۇقچىلىق سىڭىشىپ كىرگەنلىكتىن، ھېچبىر زۆرۈرىيەتسىز ئەيمەنمەستىن، يامانلىققا ئارىلىشىپ قالماستىن بەلكى يامانلىقنى ئىجاد قىلىشقا باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھاياتلىقتا جۈرئەتسىزلىك ۋە ئاچكۆزلۈككە ئوخشاش گويا ساقايماس كېسەلدەك ئىنسانىيەتنى بۇلغاۋاتقان رەزىللىكلەر بار، مەسىلەن بەزىلەرنى پەرز قىلىنغان جىھادقا ئاتلاندۇرۇلسا تەنلىرى شۈركەنگەن ھالەتتە يولغا چىقىشى، پەرز زاكاتنى بېرىشكە دەۋەت قىلىنسا بېرىۋېتىپ قوللىرى تىترەپ كېتىشى مۇمكىن، قورقۇنچاقلىق ۋە بېخىللىق بىلەن خاراكتېرلەنگەن بۇنداق قەلبلەر ئۆلۈمنى پەرۋاسىز ھالدا قارشى ئالىدىغان، مال - مۈلۈكنى ھېسابلىماي تۆكۈپ بېرىدىغان قەلبلەرگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، دېمەك، قۇربان بېرىشكە تېگىشلىك، نىدا قىلىشقا تېگىشلىك مەيدانغا چۈشكەن ۋاقىتتا ئۆزلىرىدە ئاچكۆزلۈك ياكى قورقۇنچاقلىقنىڭ ئىزنالىرىنى سەزگەن كىشىلەرنىڭ يا ئۇنداق، يا مۇنداق باھانىلىرى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما يالغانچىلىق بىلەن خاراكتېرلەنگەن، كىشىلەرنى ئالداش بىلەن ياشايدىغان ئادەملەر ئۈچۈن ھېچقانداق باھانە - سەۋەب يوق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۆئمىندە خىيانەت قىلىش بىلەن يالغان ئېيتىشتىن باشقا ھەممىسى تېپىلىدۇ.»[1]

① ئىمام ئەھمەد.



www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «مۆئمىن قورقۇنچاق بولامدۇ؟» دەپ سورالغاندا «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرگەن، «بېخىل بولامدۇ؟» دەپ سورالغاندا «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرگەن، «يالغانچى بولامدۇ؟» دەپ سورالغاندا بولسا «ياق» دەپ جاۋاب بەرگەن.[1] مانا بۇ جاۋابلاردىن بىز يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كىشىلەر جىھادقا ياكى زاكاتقا يۈزلەنگەن ۋاقىتلىرىدا ئۇلاردا ئاجىزلىق ۋە يوقسۇللۇق خاھىشلىرىنىڭ ۋاقىتلىق ئەۋج ئالدىغانلىقى، ئۇزاق ئۆتمەي يوقىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتنى كۆرۈپ ئالالايمىز، بۇ ھەرگىزمۇ بىزنىڭ بېخىللىق قىلىش ياكى قورقۇنچاقلىق قىلىشقا يول ئېچىپ بەرگەنلىكىمىز ئەمەس، زاكاتنى بەرمەسلىك بىلەن جىھادنى تەرك ئېتىش كۇفرىغا ئېلىپ بارىدىغان ئىككى ئىشىك تۇرسا قانداقمۇ شۇنداق قىلايلى؟!

قارام ساختىپەز ئېيتقان بىر قېتىملىق يالغاندىن كېلىپ چىققان زىياننىڭ دائىرىسى كەڭرى بولغانسېرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ گۇناھى شۇنچە چوڭ بولىدۇ، تۇترۇقسىز خەۋەرنى نەچچە مىڭ كىشىگە تارقاتقان مۇخبىر چوڭ مەسىلىلەرنى ئەكسىچە مەلۇم قىلغان سىياسىئون، ئەر - ئايال كاتتىۋاشلارغا تۆھمەت چاپلاشنى مەقسەت قىلغان بەغەرەز كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۈگۈن كېچە چۈشۈمدە ئىككى ئادەمنى كۆردۈم، ئۇلار مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ مۇنداق دېيىشتى: باياتىن جاۋغىيى يىرتىلغان ھالەتتە كۆرگەنلىرى يالغانچىلىقى ئەتراپقا تاراپ كەتكەن ئەشەددىي يالغانچى بولۇپ، ئۇنىڭغا تاكى قىيامەت كۈنىگىچە يېتىپ تۇرىدۇ»[2]

دېمەك ھاكىملارنىڭ خەلققە يالغان ئېيتىشى مانا مۇشۇ قاتارغا كىرىدۇ، چۈنكى سەھنىدە تۇرۇپ ئېيتىلغان يالغان تېزلا ئەتراپى دۇنياغا تارايدۇ.

[1] ئىمام مالىك.
[2] ئىمام بۇخارى.



www.munber.org



يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۈچ كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ: بىرى زىناخور قېرى، يەنە بىرى يالغانچى ئىمام، يەنە بىرى مۇتەكەببىر كەمبەغەل».[1]

دىنغا يالغان ئېيتىش ئەڭ قەبىھ گۇناھ بولۇپ، ئۇنىڭ دەسلىپى ئاللاھ ياكى ئۇنىڭ پەيغەمبىرى دېمىگەننى دېدى دېيىشىدۇر. بۇ خىل يالغانچىلىقنىڭ ماھىيىتى قەبىھ، نەتىجىسى دەھشەتلىكدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن «سىلەرنىڭ ماڭا يالغان ئېيتقىنىڭلار بىر - بىرىڭلارغا يالغان ئېيتقىنىڭلارغا ئوخشىمايدۇ، كىمكى ماڭا غەرەزلىك ھالدا يالغان ئېيتىدىكەن، دوزاختىن ئورۇن تۇتۇپ قويسۇن!»[2]

نادان كىشىلەر توقۇپ چىقىپ دىنغا زورلاپ تاڭغان، قىلچىلىك دىنى ئاساسى بولمىغان، بەلكى پەقەت ئويۇن - تاماشىدىنلا ئىبارەت بولغان «بىدئەت»، «يېڭىلىقلار» نىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇ خىل يالغانچىلىق قاتارىغا كىرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئۈممىتىنى بۇ قەبىھ «يېڭىلىقلار» نىڭ مەنبەسىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دولقۇنىغا كىرىپ كېتىشتىن ھەزەرئەيلىتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆزلىرىنىڭ كىتابىنىڭ ئايەتلىرى، ئۆتكەن مۇسۇلمان ئەجدادلىرىنىڭ سۈننەتلىرىنى چىڭ تۇتقۇزۇپ مۇنداق دېگەن: «ئۈممىتىمنىڭ ئاخىرىدا بىر مۇنچە جادۇگەر، يالغانچى كىشىلەر مەيدانغا كېلىدۇ ئۇلار سىلەرگە سىلەر، ھەتتا سىلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىڭلارمۇ ئاڭلاپ باقمىغان ئىشلارنى ھەدىس قىلىپ سۆزلەپ بېرىدۇ، ئۇلاردىن بەكمۇ ئېھتىيات قىلىڭلاركى سىلەرنى ئازدۇرۇۋەتمىسۇن، سىلەرنى ئالداپ قويمىسۇن.»[3]

ئەۋلادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ بارلىق گەپ - سۆزلىرى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىدە راستچىل بولغان راستچىللىقنى ئۆزلىرىگە سىڭدۈرگەن

[1] بەززار.
[2] ئىمام بۇخارى.
[3] ئىمام مۇسلىم.



www.munber.org

هالەتتە چوڭ بولسۇن ئۇچۇن ئىسلام دىنى باللارغا كىچىكىدىن باشلاپلا راستچىللىق تەربىيىسى بېرىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئاس ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئۆيدە ئولتۇراتتى، ئانام مېنى چاقىرىپ: بۇياققا كەل، ساڭا بىر نەرسە بېرەي دېدى، بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانامغا: «نېمە بەرمەكچى» دەپ سورىۋىدى ئانام: «خورما بېرەي دەيمەن» دەپ جاۋاب بەردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر بەرمىسىڭىز، سىزگە بىر قېتىم يالغان ئېيتقاننىڭ گۇناھى يېزىلىدۇ!»[1] دېدى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى كىچىك بالىغا: كەل، مە دېسە، ئاندىن كېيىن بەرمىسە يالغان ئېيتقان بولىدۇ.»[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتا ـ ئانىلارغا باللىرىنى راستچىللىققا مۇقەددەس بىلىدىغان، يالغانچىلىقتىن ئۆزىنى پاك تۇتىدىغان قىلىپ تەربىيىلەشنى قانداق ئۆگىتىۋاتقانلىقىغا قاراڭ، ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار بۇ ئىشلارغا سەل قاراپ يول قويسا باللار چوڭ بولغاندا يالغان ئېيتىشنى كىچىك ئىش دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ھالبۇكى ئۇ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە چوڭ گۇناھدۇر.

ھەتتا ئائىلىدىكى كىچىك ئىشلاردىمۇ ھەقىقەتنى قەتئىي ياقلاش، چوقۇم راستچىل بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

يەزىدنىڭ قىزى ئەسمادىن بايان قىلىنىپ ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، بىرىمىز يېگۈسى بار نەرسىنى يېگۈم يوق دېسىمۇ يالغان ئېيتقان بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىشقىلىپ يالغانچىلىقلا بولىدىكەن، چوڭ ـ

[1] ئىمام ئەبۇداۋۇد.
[2] ئىمام ئەھمەد.



www.munber.org



كىچىك بولۇشىدىن قەتئىنەزەر ھەممىسى يالغان ئېيتقانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»[1] دېگەن.

شەرىئەت بەلگىلىگۈچى ئاللاھ ھېچكىمگە ھەقىقەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ياكى ئۇنى بېكىتىشكە سەل قاراشقا يوچۇق قالدۇرماسلىق ئۇچۇن يالغان ئېيتىشنىڭ خەتىرى ۋە ئۇنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىنى بىزگە تولۇق بايان قىلىپ بەرگەن.

بەزى كىشىلەر كۆڭۈل ئېچىش ئۇچۇن يالغان خەۋەر يەتكۈزسە ياكى گەپ توقۇسا گۇناھ بولماس دەپ ئويلاپ چاخچاق قىلىپ يالغان ئېيتىدۇ، ھالبۇكى كۆڭۈل ئېچىشنى دۇرۇس قىلغان ئىسلام دىنى كۆڭۈل ئېچىش ئۇسۇللىرىنىڭ ھەقىقەت ۋە ساپ راستچىللىق دائىرىسىدە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، چۈنكى پەقەت ھالال ئىشلارنى قىلىش، ھەقىقەتكە بويسۇنۇش، ھارام ۋە ناھەقچىلىكتىن ئۆزىنى تارتىش مۇھىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «خەلقنى كۈلدۈرۈش ئۇچۇن يالغان ئېيتىدىغان كىشىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي، ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي، ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي...»[2] يەنە مۇنداق دېگەن: «مەن جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ھويلىدا چاخچاق قىلىپ بولسىمۇ يالغان ئېيتمىغان كىشىگە باش بولغۇچىدۇرمەن»[3] يەنە مۇنداق دېگەن: «بەندە چاخچاقتا يالغاننى تەرك ئەتمىگۈچە، مۇنازىرىدە ئۆزىنىڭ دېگىنى ھەق بولسىمۇ، راستچىل بولمىغۇچە مۇكەممەل ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.»[4]

شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار ئەتراپىدىكىلەرنى تېخىمۇ كۈلدۈرۈش ئۇچۇن كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشىدۇ، ھەتتا دوستلىرى ياكى دۈشمەنلىرىنىڭ ئېغىزلىرىدا ئېقىپ يۈرگەن، ئۆزىنىڭ ئابرۇيىغا داغ تەككۈزىدىغان، دۈشمەنلىرىنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدىغان يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى قىلىشتىنمۇ ئەيمەنمەيدۇ. دىنىمىز بۇ خىل مەسىلەكنى قاتتىق

[1] ئىمام مۇسلىم.
[2] ئىمام تىرمىزى.
[3] بەيھەقى.
[4] ئىمام ئەھمەد.



www.munber.org

چەكلىگەن. چۈنكى ھەقىقەت شۇكى، يالغان ئېيتىش بىلەن بولغان ئويۇن غەم ـ قايغۇ ۋە كۆڭۈل ئازارلىقى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

ماختانچاقلىق يالغانچىلىقنىڭ تۈنجى قەدىمى، مۇسۇلمان باشقىلارنى تەرىپلىگەندە پەقەت ئۆزى بىلىدىغان ياخشى تەرەپلىرىنىلا ئوتتۇرىغا قويۇشى، ئارتۇقچىلىقلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە چېكىدىن ئاشۇرىۋەتمەسلىكى لازىم، چۈنكى ماختالغۇچىنىڭ لاياقىتى قانچىلىك بولۇشتىن قەتئىنەزەر تەرىپلەشنى چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىشنىڭ ئۆزى بىر خىل يالغانچىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدىغان خاتا قىلمىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ماختىغۇچىلارغا مۇنداق دېگەن: «خىرىستىئانلار مەريەمنىڭ ئوغلىنى زىيادە ئۇلۇغلاپ كەتكىنىدەك سىلەرمۇ مېنى زىيادە ئۇلۇغلاپ كەتمەڭلار.»[1]

نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۇزۇن قەسىدىلەرنى توقۇپ، پاساھەتلىك نۇتۇقلارنى ئوقۇپ قۇرۇق مەدھىيىلەرنى كاتتىۋاشلارغا يېلىنىدىغان دەسمايە قىلىۋالغان، ئۇلار تەخمىنسىگە ماختاپ ئۆزلىرى بىلگەنچە جۆيلۈيدىغان بولغاچقا ئۇنىڭ ـ بۇنىڭدىن ئازغىنا دۇنياغا ئېرىشىش ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا زالىم ھاكىملارنى ئادىل دەپ، قورقۇنچاق دۆلەتلەرنى باتۇر دەپ ماختاپ قويىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خىل ساختىپەز، غالچىلارغا تاكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ساختىلىقىدىن يانمىغۇچە ئۇلارنى ئارىغا ئالماسلىقنى، رەسۋالىق ۋە مەھرۇملۇق ئىچىدە قالدۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغان.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدداھلارنىڭ يۈزلىرىگە توپا چېچىشقا بۇيرىغان ئىدى.»[2]

ھەدىس شەرھى قىلغۇچىلارنىڭ بايان قىلىشىچە بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى ماختاشنى جان بېقىش يولى قىلغان كىشىلەردىن ئىبارەت

[1] رەزىيىن.
[2] ئىمام تىرمىزى.



www.munber.org



بولۇپ ياخشى ئىشنى تەشۋىق قىلىش، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ماختىسا، بۇنداق كىشى مەدداھ قاتارىغا كىرمەيدىكەن.

ئاقىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداق قىلغاندا يېلىنىش ۋە زىيادە ماختاشتىن خالىي بولۇپ، ماختالغۇچىنى مەغرۇرلۇق ۋە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىزگە ئۆگەتكەن.

ئەبۇبەكرەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى ماختىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمگە: «ۋاي ساڭا، ھەمرايىڭنى ھالاك قىلدىڭ» دېدى ۋە بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن: «كىمكى قېرىندىشىنى ماختاشقا توغرا كەلسە ئەگەر قېرىندىشىنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلسە مەن پالانىنى شۇنداقمىكىن دەپ ئويلايمەن دېسۇن».[1]

❖ ❖ ❖

سودىگەر مېلىنى چۈشەندۈرۈش، باھاسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش قاتارلىقلاردا يالغان ئېيتىشى مۇمكىن، بىزدىكى تىجارەت ئۈچىغا چىققان ئاچكۆزلۈك ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ساتقۇچى قىممەت سېتىۋېلىشنى كۆزلىسە، سېتىۋالغۇچى ئەرزان ئېلىۋېلىشنى كۆزلەيدۇ، شەخسىيەتچىلىك بازار ۋە مەھەللىلەردىكى ئالماشتۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىدۇ.ئىسلام دىنى بۇ خىل ياۋۇز مۇئامىلە ۋە ئۇنىڭدىكى قۇرۇق گەپ، جەڭگى ـ جېدەللەرنى يامان كۆرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سودىلاشقۇچىلار ئايرىلىپ كەتمىسىلا ئىختىيار ئۆز قوللىرىدۇر. ئەگەر راست ئېيتسا ۋە ئوچۇق گەپنى دېسە ئۇلارنىڭ سودىسىغا بەرىكەت بېرىلىدۇ. ناۋادا يالغان ئېيتىپ ھەقىقي ئەھۋالنى يوشۇرسا ئېھتىمال مەلۇم مىقداردا پايدا

[1] ئىمام بۇخارى.



www.munber.org

ئىلىشلىرى مۇمكىن، ئەمما ئۇلارنىڭ سودىسىنىڭ بەرىكىتى كۆتۈرۈۋېتىلىدۇ. سودىدىكى يالغان قەسەم سودىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، بەرىكىتىنى تۈگىتىدۇ.»[1]

بىر قىسىم مال سېتىۋالغۇچىلار ساددا، سودا تەجرىبىسى كەمچىل بولغاچقا مال ئىگىسى نېمە دېسە شۇنىڭغا تېزلا ئىشىنىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىمانىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇ ساددىلىقىدىن پايدىلىنىپ ھەسسىلەپ پايدا ئېلىشنى ياكى مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇشنى كۆزلىمەسلىكىمىز لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قېرىندىشىڭ سېنىڭ دېگىنىڭگە ئىشىنىدىغان تۇرۇقلۇق سەن ئۇنىڭغا يالغان ئېيتساڭ، بۇ ئەڭ خىيانەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.»[2]

يەنە مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئادەم مېلىنىڭ ئەيىبى بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۇنى سېتىۋالغۇچىغا ئۇچۇق دېمەي سېتىشى دۇرۇس ئەمەس.»[3]

ئىبنى ئەبى ئەۋفادىن بايان قىلىنىپ بىر ئادەم مېلىنى بازارغا ئەكىرىپ مۇسۇلمانلاردىن بىرسىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن: «ھېچكىمدە يوق ئېسىل مال مەدەن بار» دەپ قەسەم ئىچكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھەققىدە بۇ ئايەت نازىل بولغان:

﴿إِنَّ الَّذِينَ يَشْتَرُونَ بِعَهْدِ اللّهِ وَأَيْمَانِهِمْ ثَمَنًا قَلِيلاً أُوْلَئِكَ لاَ خَلاَقَ لَهُمْ فِي الآخِرَةِ وَلاَ يُكَلِّمُهُمُ اللّهُ وَلاَ يَنظُرُ إِلَيْهِمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَلاَ يُزَكِّيهِمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾

﴿ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشىدىغانلار ئاخىرەتتە (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) ھېچقانداق نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا (ئۇلارنى خوش قىلىدىغان)

[1] ئىمام ئەھمەد.
[2] ئىمام بۇخارى.
[3] ئىمام بۇخارى.



www.munber.org



سۆز قىلىدۇ، ئۇلارغا (رەھمەت كۆزى بىلەن) قارىمايدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ.﴾[1]

❖ ❖ ❖

يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ئەڭ يامان گۇناھ بولۇپ، مۇسۇلمان گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەن چاغدا گەرچە ئۆزىگە ئەڭ يېقىن بولغان، ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە زىيان يېتىدىغان بولسىمۇ ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدۇ، تۇغقانچىلىق ياكى گۇرۇھۋازلىق ۋە ياكى ئۈمىد، قورقۇنچ دېگەنلەر ئۇنى ھەقىقەتتىن تاندۇرۇۋېتەلمەيدۇ.

مەسلىھەت كېڭەشچى ياكى خەلق ئىشلىرى ئورۇنلىرىغا تەيىنلەنگەن كىشىلەرنى ساپلاشتۇرۇش گۇۋاھلىقنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، كىمكى ئىشەنچسىز، ئامانەتكە خىيانەت قىلىدىغان لاياقەتسىز كىشىلەرنى تاللاپ قويسا يالغان ئېيتقان، ھەقىقەتنى بۇرمىلىغان، يالغان گۇۋاھلىق بەرگەن ۋە ئادىللىق قىلمىغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۈيۈك ئاللاھ مۇنداق دېگەن:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُونُواْ قَوَّامِينَ بِالْقِسْطِ شُهَدَاء لِلّهِ وَلَوْ عَلَى أَنفُسِكُمْ أَوِ الْوَالِدَيْنِ وَالأَقْرَبِينَ إِن يَكُنْ غَنِيًّا أَوْ فَقَيرًا فَاللّهُ أَوْلَى بِهِمَا فَلاَ تَتَّبِعُواْ الْهَوَى أَن تَعْدِلُواْ وَإِن تَلْوُواْ أَوْ تُعْرِضُواْ فَإِنَّ اللّهَ كَانَ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرًا﴾

﴿ئى مۇئمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزەڭلارنىڭ ياكى ئاتا - ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار، (گۇۋاھلىق بېرىلگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا رىئايە قىلماستىن)، ياكى پېقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) ھامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار، الله سىلەردىن ئۇلارغا يېقىندۇر (يەنى ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنىڭ نېمىدە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ)، نەفسى - خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ

[1] سۈرە ئال ئىمران: 77



www.munber.org

(ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. ئەگەر تىلىڭلارنى تولغىساڭلار (يەنى گۇۋاھلىقتىكى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار)، ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار، مۇنداقتا اللە ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1].

ئەبۇبەكرەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە ئەڭ چوڭ گۇناھنى دەپ بېرەيمۇ؟ (بۇ سوئالنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان) دەپ سورىغان، بىز بولىدۇ دەپ جاۋاب بېرىشكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئۇ بولسىمۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىغا ئاسىيلىق قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت دېدى. يۆلىنىپ ئولتۇرۇغلۇق ئىدى، قوپۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاگاھ بولۇڭلاركى يالغان سۆزلەش ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىشىسمۇ شۇ قاتارغا كىرىدۇ دېدى، ئاخىرقى بۇ سۆزنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىۋەرگەنلىكىدىن ئەمدى توختىسا ئىكەن دېيىشىپ قالدۇق!»[2]

يالغان گۇۋاھلىق بېرىش سېپى ئۆزىدىن يالغانچىلىق بولۇپ، ھەقىقەت يوشۇرلۇپلا قالماستىن بەلكى ئورنىغا ناھەقنى دەسسىتىش ئۈچۈن ھەقىقەتكە كۆز يۇمىلىدۇ، ئۇنىڭ خۇسۇسىي مەسىلىلەردە شەخسلەرگە، ئومۇمىي مەسىلىلەردە كەڭ خەلق ئاممىسىغا ئېلىپ كېلىدىغان خەترى بەك چوڭ.

شۇ ۋەجىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن ئەنسىرىگەن.

ھەرخىل ھۈنەر ـ كەسىپ ئەھلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىنى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قانۇنغا ئايلاندۇرۇش يەنى دېگەنلىرىگە ئەمەل قىلىشلىرى، ۋەدىلىرىگە خىلاپلىق قىلماسلىقلىرى لازىم. ئەپسۇسكى، دىنىمىز يالغان ۋەدىلەرنى مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتىدىن ھېسابلىغان تۇرۇقلۇق نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يەڭگىللىك بىلەن ۋەدە قىلىش، قىلغان

[1] سۈرە نىسا: 135.
[2] ئىمام بۇخارى.



www.munber.org



ۋەدىلىرىگە ئۆزلىرى ئەمەل قىلماسلىقتەك يامان ئادەت پەيدا بولۇپ قالغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەتتا پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشىنىڭ ئالدىدىمۇ ئۆزىنىڭ دېگىنىگە ئەمەل قىلاتتى، ئاڭلىغانلىرىنى ھۆرمەتلەيتتى، بۇ ئۇ زاتتىكى مۇكەممەل ئەركەكلىكنىڭ ئالامىتى ئىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبىل ھەمسا ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشىنىڭ ئالدىدىلا مەن ئۇنىڭغا بەيئەت قىلماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا مەلۇم بىر ئورۇندا تۇرۇپ تۇرۇشقا، پالانى ۋاقىتتا ئۆزەمنىڭ شۇيەرگە بارىدىغانلىقىمغا ۋەدە قىلغان ئىدىم، ئەمما مەن بۇ ۋەدەمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. پەقەت ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئېسىمگە كېلىپ ئۇ يەرگە بارسام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ يەردە مېنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن!! مېنى كۆرۈپ: «يىگىت، ماڭا تولىمۇ جاپا سالدىڭ، ئۈچ كۈندىن بېرى مەن سېنى مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرىۋاتىمەن»[1] دېدى.

بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جابىر ئىبنى ئابدۇللاھقا بەھرەيندىن كېلىدىغان مالدىن بۆلۈپ بېرىش ھەققىدە ۋەدە قىلدى، ئەمما مال كەلمەي تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەچكە ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشقا پۇرسەت بولمىدى، ئەمما بەھرەيندىن كەلگەن مال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىسى ئەبۇبەكرىنىڭ قولىغا تەگكەندىن كېيىن كىشىلەرگە نىدا قىلىپ «ئەي خالايىق، كىمگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەدە قىلغان بولسا ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا قەرزى بولسا بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلسۇن»[2] دېدى.

قىلغان گەپلىرىمىزنىڭ قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەربىر ئېغىز سۆزنىڭ سالمىقىنى دەڭسەپ بېقىشىمىز، ھەق سۆزلەپ دېگەنلىرىمىزنى چوقۇم ئىجرا قىلىشىمىزنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىگە

[1] ئىمام ئەبۇداۋۇد.
[2] ئىمام بۇخارى.



www.munber.org

قاراڭ! يالغان ۋەدىلەر پايدىسىز بولۇپلا قالماي، بەلكى مەنپەئەتلىرىمىزنى يوققا چىقىرىدۇ، كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزىدۇ، ۋاقتلىرىمىزنى ئىسراپ قىلىدۇ. بىلىش كېرەككى ۋەدىگە ۋاپا قىلىش سەل قارىغىلى بولىدىغان ئۇنداق ئاددىي ئەخلاق ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەرلىك خىسلەتلىرى قاتارىدا ئاللاھ بايان قىلغان ئېسىل ئەخلاقتۇر.

﴿وَاذْكُرْ فِي الْكِتَابِ إِسْمَاعِيلَ إِنَّهُ كَانَ صَادِقَ الْوَعْدِ وَكَانَ رَسُولًا نَّبِيًّا ❖ وَكَانَ يَأْمُرُ أَهْلَهُ بِالصَّلَاةِ وَالزَّكَاةِ وَكَانَ عِندَ رَبِّهِ مَرْضِيًّا﴾

﴿(ئى مۇھەممەد!) كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ئىسمائىل (نىڭ قىسسىسىنى) بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە راستچىل، ھەم رەسۇل ھەم پەيغەمبەر ئىدى. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرۇيتتى، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ئىدى.﴾[1]

يۇقىرىقى بايانلاردىن ۋەدىدە راستچىل بولۇشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇۋېلىش يەتكەنسىز، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام دادىسى ئۇنىڭغا: «مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن، (پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ)، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟» دېگەندە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام: ﴿سَتَجِدُنِي إِن شَاءَ اللَّهُ مِنَ الصَّابِرِينَ﴾ ﴿خۇدا خالىسا (ئۇنىڭغا) مېنى سەبىر قىلغۇچى تاپىسەن﴾[2] دەپ جاۋاب بەرگەن چېغىدا ۋەدىسىدە ئەڭ راستچىل بولغان ئىدى.

بەزىلەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغان ۋاقىتلىرىدا يالغان ئېيتىش ئارقىلىق ئاقىۋەتتىن قۇتۇلماقچى بولىدۇ، ئەمما بۇ ئەخمەقلىق، خورلۇق ۋە بىر يامانلىقتىن تېخىمۇ يەنە بىر يامانلىققا كىرگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

[1] سۈرە مەريەم: 54 ـ 55.
[2] سۈرە سەففات: 102



www.munber.org



ئىنسان ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك، بەلكى ئۇنىڭ راستچىللىقى ۋە پۇشايمان قىلىشى ئازابىنى يەڭگىللىتىشى مۇمكىن.

ھەق سۆزلىگەن چاغدا ئۆزىگە خەۋپ يېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرىسىمۇ مۇسۇلمانغا لايىقى شۇكى، يۈرەكلىك بولۇپ، يالغانچىلىقنىڭ مەينەتچىلىكىدىن ئۆزىنى تارتىشى زۆرۈر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھالاك بولساڭلارمۇ راستچىللىقنى تاللاڭلار، شۈبھىسىزكى ئۇنىڭدا نىجاتلىق بار.»[1] يەنە مۇنداق دېگەن: «بەندە يالغان سۆزلىسە پەرىشتە ئۇنىڭ سېسىقچىلىقىدىن قېچىپ بىر كىلومېتىر يىراقلىققا كېتىدۇ.»[2]

گەپ ـ سۆزدە راستچىل بولۇش ئىش ـ ھەرىكەتلەردە راستچىل بولۇشقا ئېلىپ بارىدۇ ـ دە، تەدرىجىي ھالدا ئەھۋالى ياخشىلىنىدۇ، شۈبھىسىزكى ئىنساننىڭ ھەقىقەتنى ياخشى كۆرىشى ئۇنىڭ قەلبى ۋە تەپەككۇرىغا نۇر بېغىشلايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ مۇنداق دېگەن:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَقُولُوا قَوْلًا سَدِيدًا . يُصْلِحْ لَكُمْ أَعْمَالَكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَمَن يُطِعْ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ فَازَ فَوْزًا عَظِيمًا﴾

﴿ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلار، اللا سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ، (يەنى سىلەرنى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ)، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ.﴾[3]

ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئىش شەك بولمىغان ئىشتۇر. چۈنكى ئۇ ئىشەنچتىن تۇغۇلغان، خاھىش ئارىلاشمىغان ئىشتۇر. چۈنكى ئۇ ساپ ئېتىقاد بىلەن يۇغۇرۇلغان، ئەگرىلىك بولمىغان ئىشتۇر، ئۇ ھەقىقەتتىن ئۇرغۇپ چىققان، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالىشى

[1] ئىبنى ئەبۇ دۇنيا.
[2] ئىمام تىرمىزى.
[3] سۈرە ئەھزاب: 70-71



www.munber.org

ياكى قىلدۇرالماسلىقى شۇ مىللەت پەرزەنتلىرىنىڭ قانچىلىك ئىخلاس بىلەن ئىشلىشىگە باغلىق. ئۇلارنىڭ ئىخلاس بىلەن ئىشلەشتەك بايلىقى كۆپ بولسا تېزلا ئىلگىرىلەپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئوتتۇرا يولدا ھېرىپ قالىدۇ. چۈنكى قولنىڭ ئۈچىدا ئىشلەپ قويۇش، تېگىگە يەتمەسلىك، بىلەرمەنلىك قىلىش ۋە سەل قاراش دېگەنلەر ھېچكىمگە قىلچىلىك پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «راستچىل بولۇڭلار، چۈنكى راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق بولسا جەننەتكە باشلايدۇ، كىمكى داۋاملىق راست ئېيتسا ۋە راستچىللىقنى تاللىسا ئاخىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا راستچىل دەپ پۈتۈلىدۇ، يالغانچىلىقتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، چۈنكى يالغانچىلىق دېگەن پاسىقلىققا باشلايدۇ، شۈبھىسىزكى پاسىقلىق دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ، قانداق بىر بەندە داۋاملىق يالغان ئېيتىدىكەن ۋە يالغانچىلىقنى تاللايدىكەن، ئاخىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يالغانچى دەپ پۈتۈلىدۇ.»[1]

داۋاملىق يالغان ئېيتىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان پاسىقلىق، پەسلىك ۋە ئىمانسىزلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىدۇر.

مالىك ئىبنى مەسئۇدتىن ھەدىس بايان قىلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەندە داۋاملىق يالغان ئېيتىپ يالغانچىلىقنى تاللىسا ئۇنىڭ قەلبىدە بىر تال قارا چېكىت پەيدا بولۇپ، ئاخىرىدا پۈتۈن قەلبى قارىدايدۇ ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يالغانچىلار قاتارىدا پۈتۈلىدۇ».

بۇ ھەقتە ئاللاھ ئۆز كىتابىدا مۇنداق دېگەن:

﴿إِنَّمَا يَفْتَرِي الْكَذِبَ الَّذِينَ لاَ يُؤْمِنُونَ بِآيَاتِ اللّهِ وَأُوْلـئِكَ هُمُ الْكَاذِبُونَ.»

[1] ئىمام بۇخارى.



www.munber.org



﴿پەقەت ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمەيدىغانلارلا (ئاللاھقا) يالغان چاپلايدۇ، (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يالغانچى ئەمەس) دەل ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى يالغانچىدۇر.﴾[1]

راستچىللىق باشلىغان ياخشىلىق پەقەت تەۋرەنمەس ئىرادە ئىگىلىرىلا يېتەلەيدىغان ئالىي مەرتىۋە بولۇپ تۆۋەندىكى ئايەت سىزگە كۇپايە: ﴿لَّيْسَ الْبِرَّ أَن تُوَلُّواْ وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَالْمَلآئِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ وَآتَى الْمَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَالسَّآئِلِينَ وَفِي الرِّقَابِ وَأَقَامَ الصَّلاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَالْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُواْ وَالصَّابِرِينَ فِي الْبَأْسَاء والضَّرَّاء وَحِينَ الْبَأْسِ أُولَئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ﴾

﴿سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ، بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش - ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل - مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللىرىنىڭ ئازادلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل - مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە، ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەللەرگە كىرىدۇ، ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر.﴾[2]

[1] سۈرە نەھل: 105
[2] سۈرە بەقەرە: 177



www.munber.org

## ئىشەنچلىك بولۇش

ئىسلام دىنىمىز ئۆز ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ ھەم كىشىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى ساقلايدىغان، ئىش ـ ھەرىكەتتە ئاشۇرۇش ياكى سەل قاراشتىن يىراق بولىدىغان قەلبىنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشىنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىدۇ.

شەرىئەتتە سۆزلەنگەن ئىشەنچلىك بولۇشنىڭ مەنىسى كەڭ بولۇپ كۆپ تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلىشى ۋە ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىستە سۆزلىگىنىدەك پەرۋەردىگارى ئالدىدا مەسئۇل ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىشىدىن ئىبارەت.

«ھەربىرىڭلار ئىگە بولغۇچى بولۇپ، ئۆزى ئىگە بولغان نەرسىگە جاۋابكار. ئىمام ئىگە بولغۇچى، ئەر ئائىلىسىگە ئىگە بولغۇچى بولۇپ، ئائىلىسىدىن جاۋابكار، ئايال كىشى يولدىشىنىڭ ئۆيىگە ئىگە بولۇپ، ئۆزى ئىگە بولغان نەرسىدىن جاۋابكار. خىزمەتچى خوجايىنىنىڭ مېلىغا ئىگە بولغۇچى بولۇپ، ئۇ ئۆزى ئىگە بولغان نەرسىدىن جاۋابكار.»[1]

بۇ ھەدىسنى بايان قىلغان ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: مەن بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە «ئەركىشى دادىسىنىڭ مېلىنى قوغداشقا مەسئۇل بولۇپ ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن جاۋابكار بولىدۇ.» دېيدىمىكىن دەپ ئويلايمەن.

ئاۋام خەلق ئىشەنچلىك بولۇشنى پەقەت ئامانەت قويغان نەرسىلەرنى ئوبدان ساقلاشتىن ئىبارەت بولغان ئىنتايىن تار دائىرىدە چۈشىنىدۇ. ھالبۇكى ئاللاھنىڭ دىنىدا ئۇنىڭ دائىرىسى تولىمۇ كەڭ، مەنىسى چوڭقۇر، مەسئۇلىيىتى ئېغىر.

[1] ئىمام بۇخارى.





شۈبھىسىزكى، ئىشەنچلىك بولۇش مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا ياخشى رىئايە قىلىش ھەققىدە داۋاملىق بىر ـ بىرىگە نەسىھەت قىلىشىدىغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھتىن مەدەت تەلەپ قىلىشىدىغان ئىنتايىن ئۇلۇغ ئەخلاقتۇر، ئاددىيسى ئۇلارنىڭ بىرى سەپەرگە چىقماقچى بولسا قېرىندىشى ئۇنىڭغا: «سېنىڭ ئىشەنچلىكلىكىڭ ۋە ئىشلىرىڭنىڭ نەتىجىسىنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم.»[1] دەپ خوشلىشىدۇ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە نۇتۇق سۆزلىسە ئىشەنچلىك بولمىغان، ۋەدىدە تۇرمىغان ئادەمدە ئىمان يوق، دېگەننى قوشۇپ قوياتتى. »[2]

ئەڭ چوڭ بەخت بۇ دۇنيادا شور پېشانە بولۇپ قالماسلىق، ئۇ دۇنيادا نېسىۋىسىز قالماسلىقتىن ئىبارەت بولغاچقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى خىل ھالەتتىن تەڭ پاناھ تىلىگەن ۋە مۇنداق دېگەن: «ئى ئاللاھ! مەن سەن بىلەن ئاچلىقتىن پاناھ تىلەيمەن، چۈنكى ئۇنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر، خىيانەتچىلىكتىن پاناھ تىلەيمەن، چۈنكى ئۇ يامان توقلۇقتۇر.»[3] دېمەك ئاچلىق دۇنيانىڭ قولدىن كەتكىنى، خىيانەت دىنىنىڭ قولدىن كەتكىنىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ، ئەۋەتىلىشىنىڭ ئالدىدىلا ئۆز خەلقىنىڭ ئارىسىدا «ئىشەنچلىك» دېگەن نامغا ئېرىشكەن ئىدى، بىز يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ياخشى ئادەمنىڭ ئىككى قىزىغا سۇ بەرگەن، ئۇلارغا مېھرى ـ شەپقەت قىلغان، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىپپەت ـ شەرىپىنى ساقلىغان چېغىدىكى ئىشەنچلىكلىكىنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرۈۋالالايمىز:

﴿فَسَقَى لَهُمَا ثُمَّ تَوَلَّى إِلَى الظِّلِّ فَقَالَ رَبِّ إِنِّي لِمَا أَنزَلْتَ إِلَيَّ مِنْ خَيْرٍ فَقِيرٌ . فَجَاءتْهُ إِحْدَاهُمَا تَمْشِي عَلَى اسْتِحْيَاء قَالَتْ إِنَّ أَبِي يَدْعُوكَ لِيَجْزِيَكَ أَجْرَ مَا

[1] ئىمام تىرمىزى.
[2] ئىمام ئەھمەد.
[3] ئىمام ئەبۇداۋۇد.



www.munber.org

سَقَيْتَ لَنَا فَلَمَّا جَاءهُ وَقَصَّ عَلَيْهِ الْقَصَصَ قَالَ لَا تَخَفْ نَجَوْتَ مِنَ الْقَوْمِ الظَّالِمِينَ. قَالَتْ إِحْدَاهُمَا يَا أَبَتِ اسْتَأْجِرْهُ إِنَّ خَيْرَ مَنِ اسْتَأْجَرْتَ الْقَوِيُّ الْأَمِينُ﴾

﴿مۇسا ئۇلارنىڭ قويلىرىنى سۇغىرىپ بەردى، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، (بىر دەرەخنىڭ) سايىسىگە بېرىپ (ئولتۇرۇپ)، پەرۋەردىگارىم! ماڭا رىزىقتىن نېمىنى بەرسەڭ، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا موھتاج دېدى. ئۇلارنىڭ (يەنى ئۇ ئىككى ئايالنىڭ) بىرى مۇسانىڭ يېنىغا ئۇياتچانلىق بىلەن مېڭىپ كېلىپ: (قويلىرىمىزنى) سۇغىرىپ بەرگەنلىكىڭنىڭ ھەققىنى بېرىش ئۈچۈن ئاتام سېنى راستىنلا چاقىرىدۇ دېدى، مۇسا ئۇنىڭ (يەنى شۇئەيبنىڭ) قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى ھېكايە قىلىپ بەردى، شۇئەيب: قورقمىغىن، زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇڭ دېدى، ئۇلارنىڭ بىرى ئېيتتى: ئى ئاتا، ئۇنى سەن ئىشلەتكىن، بۇ سەن ئىشلەتكەنلىرىڭنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈك ئىشەنچلىكتۇر﴾[1].

پەيغەمبەرلەر ئەڭ ئاقكۆڭۈل، ئەڭ ئېسىل كىشىلەر ئارىسىدىن تاللاپ ئېلىنىدىغان بولغاچقا بۇنىڭ ھېچبىر ھەيران قالارلىقى يوق. يوقسۇللۇق ۋە يالغۇزلۇقنىڭ دەردىنى تازا تارتىۋاتقان بىر ئادەم ئېسىل ئەخلاقتا ئەھمىيەت بەرسە ئۇ ئەلۋەتتە ئىرادىلىك، ئىشەنچلىك ئادەم بولىدۇ، چۈنكى پەقەت شۇنداق ئادەملەر ئەخلاقتا ئەھمىيەت بېرەلەيدۇ. بىلىش كېرەككى، ئاللاھنىڭ ھەم بەندىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلۇقلىرىنى قوغداش جاپا ياكى ھالاۋەت ئالدىدىمۇ ئۆزگىرىپ قالمايدىغان كىشىلەرنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ھەرئىشنى لايىقىدا، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشمۇ ئىشەنچلىك بولۇشنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ، ھەرقانداق ۋەزىپىسى پەقەت ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ياخشى ئادەمگە تاپشۇرۇش لازىم، بۇ مەسئۇلىيىتى بولغان ئامانەت بولۇپ، نۇرغۇن ھەدىسلەر ئارقىلىق ئىسپاتلانغان.

[1] سۈرە قەسەس: 26-24



www.munber.org



ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن (ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ماڭا بىرەر ئەمەلنى تاپشۇرمامىلا؟) دەپ سورىسام قولى بىلەن مۈرەمگە ئۇرۇپ: ئى ئەبۇزەر، سەن ھۆددىسىدىن چىقالمايسەن، ئۇ بىر ئامانەت، تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغانلار قىيامەت كۈنىسى رەسۋالىق ۋە پۇشايمانغا قالىدۇ، دېدى.»[1]

بىر ئادەمنىڭ روھىي جەھەتتىكى سالاھىيىتى بىلەن ئىلمىي ۋە ئەمەلىي جەھەتتىكى سالاھىيىتى چوقۇم بىرگە بولۇشى ناتايىن. ئىخلاس ياخشى، ئىمان مۇستەھكەم بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەلۇم ۋەزىپىنى ئۆتەشكە تېگىشلىك لاياقىتى بولماسلىقى مۇمكىن. راستچىل يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا قاراڭ، ئىقتىسادى ئىشلارنى باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكى ۋە تەقۋادارلىقىغا ئاساسلىنىپلا قالماستىن بەلكى ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدىغانلىقى ۋە بىلىملىك ئىكەنلىكىگىمۇ ئاساسلانغان:

﴿اجْعَلْنِي عَلَى خَزَآئِنِ الأَرْضِ إِنِّي حَفِيظٌ عَلِيمٌ﴾

﴿يۇسۇف، مېنى (مىسىر) زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغىن، مەن ھەقىقەتەن (ئۇنى باشقۇرۇش يوللىرىنى) بىلىدىغان، ئوبدان ساقلىيالايدىغان ئادەممەن﴾[2] دېدى.

ئەبۇ زەر ئەمەل تۇتۇشنى تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سالاھىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ بۇ ئىشتىن ئۇنى توستى.

ئىشەنچلىك بولۇش بىزدىن ئەمەلنى ھۆددىسىدىن ئەڭ ياخشى چىقالايدىغان ئادەمنى تاللاپ تاپشۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەگەر بىز پارا ئېلىش، تۇغقاندارچىلىق ياكى باشقا ئۆي ـ خىياللار سەۋەبىدىن قابىل

[1] ئىمام مۇسلىم.
[2] سۈرە يۇسۇف: 55



www.munber.org

ئادەمنى قايرىپ قويۇپ ناقابىل ئادەمنى ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسەتسەك چوقۇمكى، بىز ئېغىر خىيانەتچىلىك قىلغان بولىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تېخىمۇ ياخشى ئالالايدىغان ئادەم بار تۇرۇقلۇق گۇرۇھۋازلىق قىلىپ باشقا بىرسىنى ئەمەلگە تەيىن قىلسا بۇنداق ئادەم ئاللاھ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پۈتكۈل مۆئمىنلەرگە خىيانەت قىلغان بولىدۇ»[1]

يەزىد ئىبنى ئەبۇسۇفيان ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇبەكرى سىددىق مېنى شامغا ئەۋەتكەن چېغىدا ماڭا: «ئى يەزىد، ئېھتىمال سېنىڭ تۇغقانلىرىڭ باردۇر، بەلكى سەن ئۇلارنى پەقەت تۇغقانلىق يۈزىسىدىن ئەمەلدار قىلىشىڭ مۇمكىن، شۇنداق قىلىشىڭدىن بەك ئەنسىرەيمەن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹كىمكى، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەر ئىشى تاپشۇرۇلسا ئاندىن ئۇ ئىشنى يېقىنچىلىق قىلىپ باشقا بىرىگە تاپشۇرغان بولسا ئۇنىڭغا ئاللاھ لەنەت قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئاخىرىدا ئۇنى جەھەننەمگە كىرگۈزىدۇ› دېگەن ئىدى» دېدى.[2]

ئامانەت ۋە ئىشەنچلىك بولمىغان مىللەت خەلق مەنپەئەتى ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالغان، لاياقەتلىك كىشىلەرنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوينىشىپ ئورنىغا لاياقەتسىزلەر دەسسىتىلىدىغان خەلقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاخىر زاماندا يۈز بېرىدىغان بۇزۇقچىلىقلاردىن ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ قىيامەت قاچان بولىدۇ؟ دەپ سورىغان چاغدا: «ئامانەت ۋە ئىشەنچلىك بولۇش زايە قىلىنىۋېتىلسە قىيامەتنىڭ بولۇشىنى كۈتكىن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئادەم يەنە: «قانداق بولسا زايە قىلىنۋەتكەن بولىدۇ؟» دەپ سورىغاندا:

[1] ھاكىم.
[2] ھاكىم.



www.munber.org



«ئىش لاياقەتسىز ئادەمگە تاپشۇرۇلسا قىيامەتنى كۈتكىن »[1] دەپ جاۋاب بەرگەن.

❖ ❖ ❖

ئىشەنچلىك بولۇشنىڭ مەنالىرىنىڭ بىرسى شۇكى، ھەربىر ئادەم پۈتۈن كۈچىنى چىقىرىپ ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى مۇكەممەل ئادا قىلىشقا تىرىششى كېرەك، ئىسلام دىنى ھەربىر كىشىنىڭ ئۆز خىزمىتىگە باش چۆكۈرۈپ كۆڭۈل بۆلۈشى خەلقنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ھەق - ھوقۇقلىرىنى تولۇق، مۇۋاپىق ئادا قىلىشى ئۈچۈن جاپاغا چىداپ كۈننى تۈنگە ئۇلاپ ئىشلەشنى مۇقەددەس ئامانەت دەپ ھېسابلايدۇ، چۈنكى شەخسنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىسى ئاددىي بولسىمۇ تولۇق ئادا قىلماسلىقى خەلق ھاياتىدا سەل قاراش خاھىشىنىڭ كۆپىيىشى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇزۇقچىلىق تارقىلىشى ۋە پۈتكۈل مىللەتنىڭ چېكىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

مانا بۇ مەجبۇرىيەتلەرگە خىيانەت قىلىشنىڭ گۇناھى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئوخشاش بولمايدۇ، دىن ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا زىيان كەلتۈرۈپ پۈتۈن دۆلەتنى ئاپەتكە دۇچار قىلغىنى ئەڭ يامان خىيانەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنىسى ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكىلەر بىلەن كېيىنكىلەرنى بىر يەرگە جەملىگەن چاغدا ھەربىر خىيانەت قىلغۇچىغا بىردىن بايراق بېرىلسە، ئۈستىگە: ‹پالانىنىڭ خىيانىتى...› دەپ يېزىلىدۇ.»[2]

يەنە بىر بايانتە «ھەربىر خىيانەت قىلغۇچىنىڭ سۆڭگىچىگە بىر بايراق قىستۇرۇلغان بولۇپ خىيانەت قىلىش دەرىجىسىنىڭ ئېغىر -

[1] ئىمام بۇخارى.
[2] ئىمام بۇخارى.



www.munber.org

يېنىكلىكىگە قاراپ تۇرۇپ كۆتۈرىلىدۇ، بىلىش كېرەككى، خەلق ئىشلىرىدا خىيانەت قىلىشتىنمۇ ئارتۇق خىيانەت يوق»[1] دېيىلگەن.

يەنى خەلقنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئادەمنىڭ ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلماسلىقى، ساختىلىق قىلىشىدىنمۇ ئېغىر ئاقىۋەتتى يامان بولغان خىيانەت بولمىسا كېرەك.

ئامانەتنىڭ مەنالىرىدىن بىرى شۇكى، ھەرقانداق شەخس ئۆزىگە تەيىن قىلىنغان مەنسەپنى ئۆزى ياكى تۇغقانلىرىغا ناھەق پايدا ئېلىپ كېلىشى ئۈچۈن ئىشلەتمەسلىكى لازىم، چۈنكى، خەلقنىڭ مېلى بىلەن سەمرىش جىنايەت.

ھەممىگە مەلۇمكى، بارلىق ھۆكۈمەت ياكى شىركەتلەر ئۆز خىزمەتچىلىرىگە مۇۋاپىق مىقداردا ھەق بېرىدۇ، ھەرخىل ئەگرى ـ يوللار بىلەن ئارتۇق ئېلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇش ھارامنى يېگەنلىك بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىز ئۇنى بىر خىزمەتكە قويۇپ مۇئەييەن ھەق بەرسەك، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئالغىنى خىيانەت بولىدۇ.»[2] چۈنكى بۇ ئاجىزلار ۋە كەمبەغەللەرگە سەرپ قىلىدىغان، چوڭ ـ چوڭ مۇئەسسەسەلەرگە ساقلاپ قويۇلىدىغان خەلق مېلىنى تارتىۋالغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ:

﴿وَمَن يَغْلُلْ يَأْتِ بِمَا غَلَّ يَوْمَ الْقِيَامَةِ ثُمَّ تُوَفَّى كُلُّ نَفْسٍ مَّا كَسَبَتْ وَهُمْ لاَ يُظْلَمُونَ﴾

﴿كىمكى غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن (يەنى خىيانەت قىلغان نەرسىسى گەجگىسىگە ئارتىلغان ھالدا) كېلىدۇ، ھەركىشىنىڭ قىلغان ئەملىگە تولۇق مۇكاپات، (ياكى) تولۇق جازا بېرىلىدۇ، ئۇلارغا (ياخشىلىقلارنىڭ

[1] ئىمام مۇسلىم.
[2] ئىمام ئەبۇداۋۇد.



www.munber.org



ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىپ، ئاسىيلارنىڭ جازاسىنى ئاشۇرىۋېتىپ) زۇلۇم قىلىنمايدۇ.﴾[1]

ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتا ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئىزچىل رىئايە قىلىپ تاپشۇرۇلغان مەجبۇرىيەتكە خىيانەت قىلىشتىن سەسكەنگەنلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇنى بۈيۈكلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلاردىندۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ۋەزىپە ئۆتىگۈچى ئۆز خىزمىتىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا ھەممە ئىشىدا ھەققەتنى ياقلىسا ئۆيىگە بارغانغا قەدەر خۇدا يولىدا جىھاد قىلغۇچىلارغا ئوخشاش بولىدۇ.»[2]

ئىسلام دىنى ھوقۇق ـ ئابرۇيىنى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن قالايمىقان ئىشلىتىش ۋە پەس قىلمىشلاردىن ئۆزىنى تارتىشنى قاتتىق تەكىتلىگەن.

ئەدى ئىبنى ئۆمەير ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئاراڭلاردىن كىمنى ۋەزىپىگە تەيىن قىلساق ھەتتا يىپتىن تۆۋەن نەرسىنى يوشۇرغان بولسىمۇ خىيانەت قىلغانلىق بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئەنسارىلاردىن بولغان قارا تەنلىك بىر ئادەم (مەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتىم) ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى قايتۇرىۋالسىلا دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹نېمە بولدى؟› دەپ سورىۋىدى، ئۇ ئادەم: ‹مەن سىلىنىڭ مۇنداق ـ مۇنداق دېگەنلىكلىرىنى ئاڭلىدىم› دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: ‹مەن يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي: ئاراڭلاردىن كىمنى بىرەر ئەمەلگە قويساق ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن ھەممىنى ئېلىپ كەتسۇن، بېرىلگىنىنى ئالسۇن، چەكلەنگىنىدىن يانسۇن› دېدى.»[3]

[1] سۈرە ئال ئىمران: 161
[2] تەبرانىي.
[3] ئىمام مۇسلىم.



www.munber.org

ئىلگىرى مۇنداق بىر ئىش بولغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەزدى قەبىلىسىدىن ئىبنۇل لۇتبىيە دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئادەمنى سەدىقە ئىشلىرىغا تەيىنلىگەن ئىدى، ئۇ ئادەم ئىشنى تۈگىتىپ كەلگەندىن كېيىن: «بۇلار سىلەرنىڭ، بۇلار بولسا ماڭا ھەدىيەدۇر» دېگەن. مۇشۇ ھەدىسنى بايان قىلغۇچىنىڭ ئېيتىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن سىلەرگە شۇنى مەلۇم قىلىمەنكى، مەن ئاراڭلاردىن بىرسىنى ئاللاھ ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىگە تەيىن قىلسام ئۇ كېلىپ ئۇلار سىلەرنىڭ، بۇلار بولسا ماڭا ھەدىيەدۇر دەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ گېپى راست بولسا ئۇنىڭغا ھەدىيە ـ سوغات كېلىشى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرسا بولمامدۇ؟... ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، كىمكى بىرەر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالسا قىيامەت كۈنى ئۇنى كۆتىرىپ ئېلىپ كېلىدۇ، ئاراڭلاردىن قىيامەت كۈنىسى كىشنەۋاتقان تۆگە، ھۆكۈرەۋاتقان كالا ياكى مەرەۋاتقان قوينى كۆتۈرۈپ ئاللاھ بىلەن مۇلاقات بولغۇچىنى كۆزۈم كۆرمىسۇن!» دېدى، ئاندىن كېيىن ئىككى قولىنى تاكى قولتۇقلىرى كۆرۈنگۈچە ئېگىز كۆتۈرۈپ «ئى ئاللاھ ئەمرىڭنى يەتكۈزدۇممۇ؟» دېدى.[1]

❖ ❖ ❖

ئامانەت ۋە ئىشەنچلىك بولۇشنىڭ مەنالىرىدىن يەنە بىر شۇكى، ئاللاھ ساڭا نېئمەت قىلىپ بەرگەن سەزگۈلىرىڭ، سېنى ئالاھىدە قىلغان ئارتۇقچىلىقلىرىڭ ۋە ساڭا ئىنئام قىلغان مال ـ مۈلۈك، بالا ـ چاقىلىرىڭ توغرىسىدا چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ ئۇلار بولسا ئاللاھنىڭ ساڭا قويۇپ قويغان قىممەتلىك ئامانەتلىرى ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ئاللاھقا يېقىنچىلىق قىلىش، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشى ئۈچۈن ئىشلىتىش لازىم ئىكەنلىكىنى سىناق ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىرەرسى سەندىن تارتىۋېلىنغاندا ئۇ پەقەت ئۆزۈمنىڭ خاس مۈلكۈم دەپ ئويلاپ تەنتەكلىك بىلەن زارلانماسلىق لازىم ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ دەسلەپتە ئۆزى بەرگىنىنى

[1] ئىمام مۇسلىم.



www.munber.org



قايتىدىن قايتۇرىۋالالايدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا ئاللاھنىڭ تامامەن ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇ نېئمەتلەر ساڭا داۋاملىق بېرىلسە ئۇلارنى جىھادقا ئىشلىتىشنى قورقۇنچاقلىق قىلماسلىقنى، ئۇلار بىلەن مەغرۇرلىنىپ كېتىپ، ئاللاھقا تائەت ئىبادەت قىلىشتىن غاپىل بولماسلىقنى، ياكى ئۇلارنى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتمەسلىك لازىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىڭ كېرەك.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَخُونُواْ اللّهَ وَالرَّسُولَ وَتَخُونُواْ أَمَانَاتِكُمْ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ . وَاعْلَمُواْ أَنَّمَا أَمْوَالُكُمْ وَأَوْلاَدُكُمْ فِتْنَةٌ وَأَنَّ اللّهَ عِندَهُ أَجْرٌ عَظِيمٌ﴾

﴿ئى مۆئمىنلەر! ئاللاغا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار، بىلىڭلاركى سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، باللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا چوڭ ساۋاب بار.﴾[1]

❖ ❖ ❖

ئىشەنچلىك بولۇشنىڭ مەنالىرىدىن يەنە شۇ باركى ئۆزىڭىز، قاتناشقان سورۇنلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى قوغدىشىڭىز، سورۇندا بولۇنغان گەپ سۆزلەرنى قالايمىقان پاش قىلماسلىقىڭىز لازىم.

بىر قىسىم كىشىلەر سورۇننىڭ ئامانىتىنى ساقلىماي سورۇندا بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرنى، سۆزلىگۈچىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ياكى ئاتىماي كەلسە ـ كەلمەس تارقىتىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتكە تەسىر يېتىپ كۆپ مەنپەئەتلەر قولدىن كېتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىم كىمگە بىر سۆزنى دېگەن بولسا ئۇ ئامانەتتۇر»[2]

[1] سۈرە ئەنفال 27-28
[2] ئىمام ئەبۇداۋۇد.



www.munber.org

سورۇن ئەدەب - ئەخلاق ۋە دىنىي شەرىئەتلەر بويىچە داۋاملاشتۇرۇلغان بولسا ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش لازىم. بولمىسا ھۆرمەت قىلىشقا لايىق ئەمەس.

سورۇن ئىچىدىكى گۇناھكارلارنىڭ ھىيلە ئىشلىتىپ باشقىلارغا ئازار يەتكۈزۈشنى قەستلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھەربىر مۇسۇلمان كۈچىنىڭ يېتىشىچە بۇزۇقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تېزدىن ئاتلىنىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەجلىسنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا خىيانەت قىلىشقا بولمايدۇ، پەقەت ئۈچ مەجلىس بۇنىڭدىن مۇستەسنا، بىرى ناھەق قان تۆكۈلىدىغان سورۇن، يەنە بىرى زىنا - پاھىشە قىلىنىدىغان سورۇن، يەنە بىرى مالنى ناھەق ئېلىۋالىدىغان سورۇن.»[1]

ئىسلام دىنىنىڭ نەزىرىدە ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋەت مۇقەددەستۇر. ئائىلىدە ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى بولغان ئىشلار مەخپىي ساقلىنىشى، قانچە يېقىن بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى ھېچكىم بىلمەسلىكى لازىم. ئامما ئىچىدىكى بىر قىسىم نادان كىشىلەر ئائىلىسىدە بولغان ئىشلارنى سىرتتا دەپ يۈرۈيدۇ، بۇ بىر يۈزى قېلىنلىق بولۇپ ئاللاھ ھارام قىلغان.

يەزىيدنىڭ قىزى ئەسمادىن بايان قىلىنىشىچە، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا بولۇپ، بىرمۇنچە ئەر - ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇغلۇق ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپتۇ: «بەزى ئەرلەر ئايالى بىلەن قىلىشقانلىرىنى، يەنە بەزى ئاياللار ئەرلىرى بىلەن قىلىشقانلىرىنى باشقىلارغا دەپ يۈرىشى مۇمكىن. بۇ چاغدا قەۋم ئەيمەنگەن ھالدا جىم ئولتۇرۇشتى، مەن ‹ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئۇ ئەرلەر ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىشىدۇ، ئۇ ئاياللارمۇ ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىشىدۇ› دېدىم، بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[1] ئىمام ئەبۇداۋۇد.





ئۇنداق قىلماڭلار، بۇ خۇددى ئەركەك شەيتان چىشى شەيتانغا يولۇقۇپ ئۇنى بېسىۋالغاندا كىشىلەر قاراپ تۇرغانغا ئوخشاش بىر ئىش.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنىسدە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قىلىنىدىغان ئەڭ چوڭ خىيانەت ئەر ئايالى بىلەن، ئايالى ئېرى بىلەن بىرگە بولغاندىن كېيىن ئارىدىكى سىرلارنى باشقىلارغا ئاشكارىلاشتىن ئىبارەت.»[2]

❖ ❖ ❖

كىشىلەر لازىم بولغاندا قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن بىزگە ۋاقىتلىق ئامانەت قويغان نەرسىلەرمۇ ئامانەت بولۇپ ئۇنىڭدىن سوئال - سوراقتا تارتىلىمىز!

گەرچە مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زېمىنىدا قىستاپ ئېتىقادى يولىدا ۋەتىنىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھىجرەتكە ماڭغان چېغىدا تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەلى ئىبنى ئەبۇتا لىپنى مۇشرىكلەر ئۆزىگە ئامانەت قويغان نەرسىلەرنى ئۆز قوللىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن قالدۇرغان ئىدى. چۈنكى ئۇلۇغ ئادەم چۆكۈنەملەر بىلەن ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى كەتكۈزمەيدۇ.

مەيمۇن ئىبنى مەھران مۇنداق دېگەن: ئۈچ ئىش بار، مەيلى ياخشى ياكى يامانغا بولسۇن ئادا قىلىش كېرەك: ئامانەت، ۋەدە، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش.

ئامانەت قويۇلغان نەرسىلەرنى ئوڭاي ئېرىشكىلى بولىدىغان ئولجا دەپ قاراش نومۇسسىزلارچە قىلىنغان ئوغرىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ يولىدا قەتلى قىلىنىش ئامانەتكە خىيانەت قىلىشتىن باشقا ھەممە گۇناھلىرىغا كاپارەت بولىدۇ، (ئۇ مۇنداق دېدى)

[1] ئىمام ئەھمەد.
[2] ئىمام ئەھمەد.



www.munber.org

بىرەر بەندە گەرچە ئاللاھ يولىدا قەتلى قىلىنغان بولسىمۇ ئېلىپ كېلىنىپ، ‹خىيانەت قىلغان ئامانەتنى تاپشۇر› دېيىلىدۇ، ئۇ ‹ئى پەرۋەردىگارىم، دۇنيا ئۆتۈپ كەتكەن تۇرسا قانداق تاپشۇرىمەن؟› دەيدۇ، بۇ چاغدا: ‹ئۇنى ھاۋىيە (دوزاخنىڭ نامى بولۇپ ئىنتايىن چوڭقۇر بولىدۇ) دېگەن دوزاخنىڭ قىرغىقىغا ئېلىپ بېرىڭلار› دېيىلىدۇ، ئۇ دوزاخلارنىڭ قىرغىقىدا تۇرۇپ قارىسا ئۆزى خىيانەت قىلغان ئامانەت گويا ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋاقتىدىكىدەك كۆرۈنىدۇ، ئۇ بۇنى تونۇۋېلىپ ئامانەتنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى دوزاخقا ئاتىدۇ، ھەمدە مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ مىڭ مۇشەققەتتە ئېلىپ چىقىدۇ، ئەمدى قىرغاققا چىقاي دېگەندە مۈرىسىدىن سىيرىلىپ كېتىپ يەنە ھاۋايىگە چۈشۈپ كېتىدۇ، بۇچاغدا ئۇ ئامانەتنى قوغلاپ يەنە ھاۋايىگە چۈشىدۇ. (ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد يەنە مۇنداق دېدى): ناماز ئامانەتتۇر، تاھارەت ئامانەتتۇر، تارازا ئامانەتتۇر، كەمچە ئامانەتتۇر (ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن نەرسىلەرنى دېدى) بۇلارنىڭ ئەڭ قاتتىقى ساقلاپ بېرىشكە قويۇلغان ئامانەتتىن ئىبارەت.»①

ھەدىسنى بايان قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: «مەن بەرا ئىبنى ئازىبنىڭ يېنىغا كېلىپ: ‹ئىبنى مەسئۇدنىڭ دېگەنلىرىگە قارىمامسەن؟› دېسەم ئۇ ‹نېمە دېدى؟› دەپ سورىۋىدى، دېگەنلىرىنى ئېيتىپ بەرسەم ئاڭلىغاندىن كېيىن: «راست دەيدۇ، ئاللاھنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ:

﴿إِنَّ اللّهَ يَأْمُرُكُمْ أَن تُؤدُّواْ الأَمَانَاتِ إِلَى أَهْلِهَا وَإِذَا حَكَمْتُم بَيْنَ النَّاسِ أَن تَحْكُمُواْ بِالْعَدْلِ﴾

﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.﴾②

❖ ❖ ❖

① ئىمام ئەھمەد.
② سۈرە نىسا: 58

www.munber.org





ئىشەنچلىك بولۇش، ئامانەتكە رىئايە قىلىش تۇيغۇسى پەقەت ئىنسان قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىرىپ ئۇنىڭ پۈتۈن روھىيىتىنى ئىگىلىگەن چاغدىلا ئاندىن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ، ھەق ـ ھوقۇقنى قوغداشقا ئۇندەپ پەسكەشلىكلەردىن ساقلاپ قالالايدۇ.

ھۇزەيفە ئىبنى يەماننىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلغان ھەدىسىدە مانا مۇشۇ مەناغا ئىشارەت قىلىنغان: شۈبھىسىزكى، ئامانەت كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنىڭ قاتلاملىرىغا سىڭدۇرۇلگەندىن كېيىن قۇرئان نازىل بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئامانەتنىڭ تەپسىلاتىنى قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئوقۇپ بىلگەن.

شەرىئەتنى بىلسىمۇ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىسا بولمايدۇ، ئامانەت قۇرئان ۋە سۈننەتنى ھەقىقىي چۈشىنىش دېمەكتۇر.

قەلب ئۆلسە ئامانەت يوقىلىدۇ، بۇ چاغدا ئايەتلەرنى تەكرارلاپ ھەدىسلەرنى ئۆگىنىشمۇ كار قىلمايدۇ.

ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىۋالغان كىشىلەر، بەزىدە ئۆزلىرىنى ئىشەنچلىك دەپ قارايدۇ، ئەمما ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىدىغان قەلبتە ئامانەت ۋە ئىشەنچلىكنىڭ بولۇشى ناتايىن.

ھۇزەيفە يەنە ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئارقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئامانەتنىڭ قەلبىدىن قانداق چىقىپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېدى: ئادەم بىر ئۇخلىغاندىن كېيىن قەلبىدىكى ئامانەت تۇيغۇسى قورۇلۇپ قەغەزدىكى سىياھ تامچىسىچىلىك قالىدۇ. يەنە بىر ئۇخلىسا تېخىمۇ قورۇلۇپ ۋە سۇسلاپ قولىدىكى قاپارتقۇچىلىك قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر سودىلاشقاندا ئامانەتنى ناھايىتى كەم ئادا قىلىدۇ، ئىشەنچلىكلىكتە ناھايىتى ئاز رىئايە قىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ كىشىلەر، پالانى يۇرتتا ئىشەنچلىك بىر ئادەم بارئىكەن دېيىشىدۇ، ھەتتا ئۇ نېمە دېگەن زېرەك، نېمە دېگەن ئەقىللىق!، نېمە دېگەن باتۇر! دەپ ماختىشىپ كېتىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قەلبىدە زەررىچىلىكمۇ ئىمان يوق.

www.munber.org

بۇ ھەدىس بىزگە ئامانەتنىڭ خائىن قەلبلەردىن قانداق چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۇ خۇددى يامان كۆڭۈللەردىكى گۇزەل ئەسلىمىگە ئوخشاش غىل ـ پال ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقى، بەزىدە ئۆتۈش جەريانىدا مەلۇم تەسىر كۆرسەتسىمۇ ئەمما ئۆلگەن قەلبنى تەسىرلەندۈرەلمەيدىغانلىقىنى، دەل شۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ كاپىرلىق ياكى ئىمان دېگەنلەرگە پەرۋاسىز قىلماستىن ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسى ۋە شەخسىيەتچىلىكى ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ئەينەن تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

ئامانەت بۈيۈك ئىنئام بولۇپ، ئىقتىدارسىز ئادەملەر ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئاللاھ بۇنىڭغا مىسال كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ پۈتۈن كائىناتقىمۇ ئېغىر كەلگەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ سەل قارىماسلىقى لازىملىقى، ئوبدان ئېتىبار بېرىش كېرەكلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

﴿إِنَّا عَرَضْنَا الْأَمَانَةَ عَلَى السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَالْجِبَالِ فَأَبَيْنَ أَن يَحْمِلْنَهَا وَأَشْفَقْنَ مِنْهَا وَحَمَلَهَا الْإِنسَانُ إِنَّهُ كَانَ ظَلُومًا جَهُولاً﴾

﴿شۈبھىسىزكى، بىز ئامانەتنى (يەنى پەرزلەرنى ۋە شەرىئەت تەكلىپلىرىنى) ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەڭلىدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى، ئۇنىڭ (ئېغىرلىقى) دىن قورقتى، ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى، ئىنسان ھەقىقەتەن (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، ھەقىقەتەن ناداندۇر.﴾[1]

ئۆزىگە زۇلۇم قىلىش، نادانلىق ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئىككى ئاپەت بولۇپ، ئىنسان ئۇلار بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق سىنالغان. ئىنسان ئۆزىگە زۇلۇم قىلىش خاھىشىنى ۋۇجۇدىدىن چىقىرىپ تاشلىمىغۇچە ئىمانى ساپ بولمايدۇ:

﴿الَّذِينَ آمَنُواْ وَلَمْ يَلْبِسُواْ إِيمَانَهُم بِظُلْمٍ أُوْلَئِكَ لَهُمُ الأَمْنُ﴾

[1] سۈرە ئەھزاب: 72



www.munber.org



﴿ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر.﴾[1]

تەبىئىتىدىكى نادانلىقنى چىقىرىپ تاشلىمىغىچە، ئۇلاردا ساپ تەقۋادارلىق بولمايدۇ:

﴿إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاء﴾

﴿ئاللاھتىن بەندىلىرى ئىچىدىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ.﴾[2]

دېمەك، سىز يۇقىرىقى ئامانەتنى ئىنسانغا يۈكلىگەن ئايەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن ۋۇجۇدىدا زۇلۇم قىلىش، نادانلىق ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن كىشىلەرنىڭ خىيانەت قىلىپ، ئىككى يۈزلىمىلىك مۇناپىقلىق قىلىپ ۋە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ ئازابقا تېگىشلىك بولىغانلىقىنى، پەقەت ئىمان ۋە ئامانەت ئىگىلىرىنىڭلا يەنى ئىمان ۋە ئىشەنچلىك بولۇشنى ئۆز ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرگەن كىشىلەرنىڭلا قۇتۇلۇپ قالغانلىقنى بايقايسىز.

﴿لِيُعَذِّبَ اللَّهُ الْمُنَافِقِينَ وَالْمُنَافِقَاتِ وَالْمُشْرِكِينَ وَالْمُشْرِكَاتِ وَيَتُوبَ اللَّهُ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا﴾

﴿(مەزكۇر ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) مۇناپىق ئەرلەرنى، مۇناپىق ئاياللارنى، مۇشرىك ئەرلەرنى، مۇشرىك ئاياللارنى ئاللاھ ئازابلايدۇ، (مەزكۇر ئامانەتكە رىئايە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) مۆئمىن ئەرلەر ۋە مۆئمىن ئاياللارنى ئاللاھ ئەپۇ قىلىدۇ، (ئاللاھ مۆئمىنلەرگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.﴾[3]

[1] سۈرە ئەنئام: 82
[2] سۈرە فاتىر: 28
[3] سۈرە ئەھزاب: 73



www.munber.org

## ۋاپادارلىق

مۇسۇلمان كىلىشىم تۈزسە كىلىشىمگە رىئايە قىلىشى، ۋەدە قىلسا ۋەدىسىدە تۇرۇشى لازىم. ئادەمنىڭ گېپىدە تۇرۇش، كىشىلەر ئارىسىدا ئىشەنچلىك، گېپىدىن يېنىۋالمايدۇ، توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىمايدۇ دەپ تونۇلۇشى، ئىمانىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ۋاپا قىلىنىدىغان ۋەدە، ئەمەل قىلىنىدىغان قەسەم گۇناھ مەئسىيەت بولمىسىلا ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىش ۋە ئەمەل قىلىش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى قەسەم ئىچىپ بولغاندىن كېيىن باشقا ئىشنىڭ قەسەم ئىچكەن ئىشتىن ياخشى ئىكەنلىكىنى بايقىسا قەسىمگە كاپالەت بېرىپ ئەنە شۇ ياخشى ئىشنى قىلسۇن.»[1]

ھېچبىر ئادەمنىڭ ناھەق ئىشقا قەسىمنى ئىجرا قىلىشى دۇرۇس ئەمەس، ئۇنداق قەسەمنى بۇزۇۋەتكەن ياخشى.

ھەدىستە شۇنداق كەلگەن «بىرەرسىڭلار ناھەق قەسەمدە چىڭ تۇرغاندىكى گۇناھى (قەسىمنى بۇزۇپ) تېگىشلىك كاپالەتنى بەرگىنىگە قارىغاندا كۆپ بولىدۇ.»[2]

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەركىم پەقەت ياخشى ئىشلارغىلا ۋەدە قىلىشى، ۋەدە قىلىپ بولغاندىن كېيىن پۈتۈن نىيەت مەقسىتى جېنى تېنىدە بولسىلا ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش بولۇشى، ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنىڭ ئەرلىكنىڭ ۋە چىن ئېتىقادنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى لازىم.

❖ ❖ ❖

ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئادەمدە ئىككى خىل ئالاھىدىلىك بولۇش كېرەك، بىرى ئەستە تۇتۇپىلىش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى، يەنە بىرى ئىرادىسىنىڭ چىڭ بولۇشى.

[1] ئىمام مۇسلىم.
[2] ئىمام بۇخارى.



www.munber.org



دېمەك، ئەستە تۇتۇش، قابىلىيىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى بىلەن ئىرادىسىنىڭ سۇس بولۇشى ۋەدىگە ۋاپا قىلىشتىكى ئىككى چوڭ توسالغۇ. ئىنسانىنىڭ ئارزۇ - ئۇمىدلىرى ھەرخىل، قىلىدىغان ئىشلىرىمۇ كۆپ، خىلمۇخىل ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بەزى ئىشلار ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئەسلىتىپ تۇرغۇچىنىڭ بولۇشى تولىمۇ زۆرۈر. قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتىكى ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ:

﴿اتَّبِعُواْ مَا أُنزِلَ إِلَيْكُم مِّن رَّبِّكُمْ وَلاَ تَتَّبِعُواْ مِن دُونِهِ أَوْلِيَاء قَلِيلاً مَّا تَذَكَّرُونَ﴾

﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار، ئاللاھنى قويۇپ، (جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان، سىلەرنى ئازدۇرىدىغان) دوستلارغا ئەگەشمەڭلار، سىلەر ۋەز - نەسىھەتنى ئاز قوبۇل قىلىسىلەر.﴾[1]

﴿وَهَذَا صِرَاطُ رَبِّكَ مُسْتَقِيمًا قَدْ فَصَّلْنَا الآيَاتِ لِقَوْمٍ يَذَّكَّرُونَ﴾

﴿بۇ (يەنى ئىسلام دىنى) پەرۋەردىگارىڭنىڭ توغرا يولىدۇر، ئىبرەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلدۇق[2]﴾

﴿وَلِبَاسُ التَّقْوَىَ ذَلِكَ خَيْرٌ ذَلِكَ مِنْ آيَاتِ اللّهِ لَعَلَّهُمْ يَذَّكَّرُونَ﴾

﴿تەقۋادارلىق لىباسى ئەڭ ياخشىدۇر، ئەنە شۇلار (يەنى ئىنسانلارغا سەترى ئەۋرەت ئۈچۈن لىباس ياراتماق) ئۇلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ (بەندىلىرىگە بولغان پەزلى مەرھەمىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر.﴾[3]

[1] سۈرە ئەئراف: 3
[2] سۈرە ئەنئام: 126.
[3] سۈرە ئەئراف: 26



www.munber.org

﴿كَذَلِكَ نُخْرِجُ الْموْتَى لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ﴾

﴿ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (زېمىندىن مېۋىلەرنى چىقارغاندەك، قىيامەتتە) ئۆلۈكلەرنى قەبرىلىرىدىن چىقىرىمىز.﴾[1]

سەگەك مېڭىنىڭ بولۇشى ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر، چۈنكى ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قالغان ئادەم ۋەدىسىگە قانداقمۇ ۋاپا قىلالىسۇن؟! شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەدە ئايىتى ئەسلىتىش، تەۋسىيە قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلغان: ﴿وَبِعَهْدِ اللّهِ أَوْفُواْ ذَلِكُمْ وَصَّاكُم بِهِ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ﴾

﴿(ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم) تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھقا بېرىلگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلدۇ﴾[2]

ئىنسان بەرگەن ۋەدىسىنى ئىسىگە ئالغاندىن كېيىن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشى، ئىرادىسىگە كېلىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانچە ئېغىر بەدەل تۆلەشكە توغرا كەلسىمۇ بەرداشلىق بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا بېلىنى چىڭ باغلىشى كېرەك.

كىشىلەر ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش يولىدا ئۇچرىشىمىغان تەقدىر قىسمەتلەرنى بېشىدىن كۆچۈرۈشى مۇمكىن، چۈنكى تۆلىنىدىغان بەدەل ئېغىر بولۇشى يەنى مال - مۈلكى ياكى ھاياتى ياكى دوستلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن، گەرچە شۇنداق بولسىمۇ قىلغان ۋەدىگە چوقۇم ۋاپا قىلىش كېرەك.

قۇرئان كەرىم بەزىلەرنىڭ جاپا چەكمەي بۇيۇكلۇككە ئېرىشىش، ئاز ئىشلەپ كۆپ پايدا ئېلىش ئويىدا بولغانلىقلىرىنى سۆككەن:

---

[1] سۈرە ئەئراف: 57
[2] سۈرە ئەنئام: 152



www.munber.org



﴿أَمْ حَسِبْتُمْ أَن تَدْخُلُواْ الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَأْتِكُم مَّثَلُ الَّذِينَ خَلَوْاْ مِن قَبْلِكُم مَّسَّتْهُمُ الْبَأْسَاء وَالضَّرَّاء وَزُلْزِلُواْ حَتَّى يَقُولَ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ آمَنُواْ مَعَهُ مَتَى نَصْرُ اللّهِ أَلا إِنَّ نَصْرَ اللّهِ قَرِيبٌ﴾

﴿سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۆئمىنلەر) ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۆئمىنلەر ‹(ئاللاھنىڭ بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟› دېگەن ئىدى، بىلىڭلاركى ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر.﴾[1]

كىمكى ئۆزىدە سەگەك مېڭە بىلەن ئۇلۇغۋار قەلبنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولسا ئەنە شۇ ئادەم ۋەدىسىگە ۋاپا قىلالايدۇ.

❖ ❖ ❖

مۇسۇلمانغا ئالاقىدار بولغان ۋەدىلەرنىڭ دەرىجىلىرى ئوخشاش ئەمەس، ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ مۇقەددەس بولغان ۋەدە بەندە بىلەن ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ ۋەدىدۇر. چۈنكى ئاللاھ ئىنساننى ئۆز قۇدرىتى بىلەن يارىتىپ نېئمەتلىرى بىلەن تەربىيلىگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن بۇ ھەقىقەتنى تونۇشنى، ئىتىراپ قىلىشنى، ئېزىپ كەتمەسلىكنى، بىلمەي قالماسلىقنى ياكى ئىنكار قىلماسلىقنى تەلەپ قىلغان:

﴿أَلَمْ أَعْهَدْ إِلَيْكُمْ يَا بَنِي آدَمَ أَن لَّا تَعْبُدُوا الشَّيْطَانَ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ ❖ وَأَنْ اعْبُدُونِي هَذَا صِرَاطٌ مُّسْتَقِيمٌ﴾

---

[1] سۈرە بەقەرە: 214



www.munber.org

﴿سىلەرگە (پەيغەمبەرئارقىلىق): ‹ئى ئادەم باللىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر› دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟﴾[1]

گەرچە بىر قىسىم كىشىلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىغان، ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلمىغان بولسىمۇ ئەتراپتىكى مۇھىت قانچە بۇزۇق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قىسىملىرىدا پەرۋەردىگارىغا يېتەكلەيدىغان، ياراتقۇچىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر خىل كۈچ بار.

مانا بۇ ئاللاھ بارلىق كىشىلەردىن ئالغان ۋەدىنىڭ مەنىسى.

﴿وَإِذْ أَخَذَ رَبُّكَ مِن بَنِي آدَمَ مِن ظُهُورِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَأَشْهَدَهُمْ عَلَى أَنفُسِهِمْ أَلَسْتُ بِرَبِّكُمْ؟ قَالُواْ: بَلَى شَهِدْنَا، أَن تَقُولُواْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ: إِنَّا كُنَّا عَنْ هَذَا غَافِلِينَ❖ أَوْ تَقُولُواْ: إِنَّمَا أَشْرَكَ آبَاؤُنَا مِن قَبْلُ، وَكُنَّا ذُرِّيَّةً مِّن بَعْدِهِمْ أَفَتُهْلِكُنَا بِمَا فَعَلَ الْمُبْطِلُونَ ❖ وَكَذَلِكَ نُفَصِّلُ الآيَاتِ وَلَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم باللىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: ‹مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟› دېدى، (يەنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم باللىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى)، ئۇلار: ‹ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق› دېدى، (ئۇلارنى گۇۋاھلىق بەرگۈزگەنلىكىمىز) قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: ‹بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز› دېمەسلىكلىرى، ياكى ‹ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى (ساڭا بۇتلارنى) شېرىك كەلتۈرگەن ئىدى، بىزنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغان يېرىمىز بار، (يەنى بىزنىڭ ئۆزرىمىز بار) گۇمراھلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟› دېمەسلىكلىرى ئۈچۈندۇر، ئۇلارنىڭ (گۇمراھلىقتىن، ئاتا - بوۋىلىرىغا ئەگىشىشتىن) قايتىشلىرى ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز﴾[1]

ئايەت تېكىستىدىن مەلۇم بولغىنىدەك ئاللاھ بىلەن بەندىلىرى ئوتتۇرىسىدا بۇنداق سۆزلىشىش بولغان ئەمەس. بۇ پەقەت ساغلام تەبىئەتنىڭ (روھنىڭ) ئاللاھقا تەلپۈنىدىغانلىقىنى، ئاللاھنى بىلىشكە ئىنتىلىدىغانلىقىنى، دۇنيادىكى ساناقسىز مۆجىزىلەردىن ۋە دەلىل - ئىسپاتلاردىن پايدىلىنىپ ئاللاھنى بىر دەپ تونۇيدىغانلىقىنى، مۇقەددەس بىلىدىغانلىقىنى، ئاللاھتىن يىراقلاشتۇرىدىغان ياكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشكە ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق ئەخمىقانە يوللاردىن قاچىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بېرىش ئۈچۈن قوللىنىلغان بەدىئىي ئۇسلۇبتىن ئىبارەت. بۇ خىل ئۇسلۇب ئەرەب تىلىدا كۆپ قوللىنىلىدۇ، مەسىلەن: «تام قوزۇقتىن: ‹مېنى نېمە ئۈچۈن يارىسەن؟› دەپ سوراپتۇ، قوزۇق: ‹بۇنى مېنى قاققان ئادەمدىن سورا، چۈنكى ئارقامدىكىلەر ماڭا ئىختىيارلىق بەرمەيۋاتىدۇ› دەپ جاۋاب بېرىپتۇ» دېگەن مەشھۇر مەسەلگە ئوخشاش.

ئىنساننىڭ مۇشۇ ۋەدىگە ۋاپا قىلىشى بىلەن دۇنيالىق شەرىپى، ئاخىرەتلىك بەختى قولىغا كېلىدۇ، ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ تۇرۇپمۇ ئاللاھنىڭ ئۆزىنى جازالىشىدىن ئەنسىرەش خاتا تەپەككۇردۇر.

﴿يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ اذْكُرُواْ نِعْمَتِيَ الَّتِي أَنْعَمْتُ عَلَيْكُمْ وَأَوْفُواْ بِعَهْدِي أُوفِ بِعَهْدِكُمْ وَإِيَّايَ فَارْهَبُونِ﴾

﴿ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ياد ئېتىڭلار، ماڭا بەرگەن (ئىمان ئېيتىش ۋە تائەت - ئىبادەت قىلىش

[1] سۈرە ياسىن: 61-60

[1] سۈرە ئەئراف: 174-172

www.munber.org

ھەققىدىكى) ۋەدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار، مەنمۇ سىلەرگە قىلغان (ساۋاب بېرىش ھەققىدىكى) ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن، مەندىنلا قورقۇڭلار﴾[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە بەيئەت قىلغىلى كەلگەن ئۆمەكلەرگە دىنىنىڭ نۇرغۇنلىغان تەلىماتلىرى ئىچىدىن ئۇلارنىڭ روھى ۋە ئەقلى ئىقتىدارىغا ماس كېلىدىغانلىرىنى تاللاپ ئاندىن بەيئەت ئالاتتى، ئەۋف ئىبنى مالىك ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز 8 ـ 7 ئادەم ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ‹ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە بەيئەت قىلامسىلەر؟› دېدى، بىز قوللىرىمىزنى ئېچىپ ‹بەيئەت قىلىمىز ياරەسۇلۇللاھ!› دېدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئاللاھقا ئىبادەت قىلىسىلەر، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيسىلەر. بەش ۋاق نامازنى ئادا قىلىسىلەر، ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىتائەت قىلىسىلەر دېدى.› ئاخىرىدا پەس ئاۋازدا ‹كىشىلەردىن ھېچنەرسە تىلىمەيسىلەر› دېگەننى قوشۇپ قويدى».[2]

ئەۋف ئىبنى مالىك مۇنداق دەيدۇ: ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىڭ قامچىسى يەرگە چۈشۈپ كەتسىمۇ بىرەرسىدىن سۇنۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلمىغانلىقىنى كۆردۈم.

ساھابىلارنىڭ بەيئەتكە قانداق ۋاپا قىلغانلىقى ۋە ئەستايىدىل ئىجرا قىلغانلىقىغا قارىڭ، بۇ ھەرساھە كىشىلىرىگە قىلىنىدىغان نەسىھەتتىن ئىبارەت. مەسىلەن: ھاكىم زۇلۇم قىلماسلىقى، سودىگەر ساختىلىق ئىشلەتمەسلىكى، ئەمەلدار پارا ئالماسلىقى لازىم دېگەنلەرگە ئوخشاش، بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىدە بىر قىسىم كىشىلەر ۋەدە قىلغان بولسىمۇ ۋاپا قىلمايدۇ. بۇ خۇددى كېسەلگە خاتا رېتسىپ يېزىپ بەرگەنگە ئوخشاش بولۇپ، كېسەللىكنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قويۇشتىن باشقا ئىش ئەمەس.

ئىسلام تەلىماتلىرى بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ پارچىلانمايدۇ، ھەرزامان، ھەرماكاندا ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ۋاجىبتۇر.

---

[1] سۈرە بەقەرە: 40
[2] ئىمام مۇسلىم.

www.munber.org





❖ ❖ ❖

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى باشقا ئەرەپلەرگىمۇ يەتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئەنسارىلاردىن جانلىرى ۋە ماللىرى بىلەن دەۋەتنى پەيغەمبەرلىكنى قوغداش ۋە ھىمايە قىلىش ھەققىدە ئەھدە ئالغان ئىدى.

ئەنسارىلار ئۈستىگە ئالغان بۇ ئەھدە ئاللاھقا ئۆزىنى ئاتاش، ھەققەت يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىش، تارىخىمىزدىكى ئەڭ نۇرلۇق ھۆججەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بەدرى غازىتى ۋە كېيىنكى ئىسلام بىلەن بۇتپەرەسلىك ئوتتۇرىسىدىكى غازاتلاردا ئۇلار جانلىرىنى رازىلىق بىلەن تەقدىم قىلىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيىن مۇشكۈللەرگە يولۇققاندا دىنىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش، ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى شەرەپكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن شۇ ئەھدىگە تايىناتتى، مۇسۇلمانلار ھۇنەين غازىتىدىكى بىرىنچى قېتىملىق ھۇجۇمدا غەلىبە قىلغاندا يېڭى مۇسۇلمان بولغان نۇرغۇن كىشىلەرنى تارقىتىۋېتىپ ھەج مەۋسۇمى مەزگىلىدىكى بىر كېچىسى ئەقەبە بەيئىتىدە بىرلەشكەن ۋاپادارلارنى مەيدانغا ئاتلىنىشقا چاقىرغان ئىدى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىپ «ھۇنەين» غازىتى كۈنىسى گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا ئون مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بولسىمۇ، ئەمما «ھەۋازەن» قەبىلىسى بىلەن «غەتفان» قەبىلىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە يوپۇرۇلۇپ كەلگەنلىكلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەيداندا يالغۇز قويۇپ كېتىپ قېلىشقان، بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوڭ تەرەپكە قاراپ: «ئى ئەنسارىلار گۇرۇھى دەپ نىدا قىلغاندا ئۇلار بىز تەييار ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، بىز سىلى بىلەن بىرگە، خاتىرجەم بولسىلا» دېيىشكەن، سول تەرەپكە قاراپ ئى ئەنسارىلار گۇرۇھى دەپ نىدا قىلغاندا ئۇلار بىز تەييار ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، بىز سىلى بىلەن بىرگە، خاتىرجەم بولسىلا» دېيىشكەن، بۇ

www.munber.org

چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاق خىچىردىن چۈشۈپ: «مەن ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇرمەن» دېگەن.

مۇشرىكلار مەغلۇپ بولۇپ كېتىپ ئۇلجا ئالغاندىن كېيىن مۇھاجىر ۋە ئازاد كىشىلەرگە بۆلۈپ بەرگەن، ئەمما ئەنسارىلارغا ھېچنەرسە بەرمىگەن بۇ چاغدا ئۇلار: «جاپا كۈنلەردە بىز چاقىرىلىمىز، غەنىمەت باشقىلارغا بېرىلىدۇ» دېيىشكەن، بۇ گەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندىن كېيىن ئۇلارنى يىغىپ: «ئى ئەنسارىلار جامەئەسى، سىلەر نېمىلەرنى دەۋاتىسىلەر؟» دېگەندە ئۇلار جىم تۇرۇشقان، بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەنسارىلار جامائەسى، كىشىلەر دۇنياغا ئىگە بولسا، سىلەر ماڭا ئىگە بولۇپ، ئۆيۈڭلارغا ئېلىپ كېتىشكە رازى بولامسىلەر؟» دېگەن، ئۇلار: «رازى بولىمىز» دېيىشكەن، بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىشىلەر بىر يولغا، ئەنسارىلار باشقا بىر يولغا ماڭغان تەقدىردىمۇ مەن ئەلۋەتتە، ئەنسارىلار ماڭغان يولغا ماڭغان بولاتتىم» دېگەن.[1]

ھەقىقەت شۇكى، پەيغەمبەرلىككە ئەنسارىلارغا ئوخشاش جانلىرى ۋە ماللىرىنى قۇربان قىلالايدىغان، ئازغىنە مەنپەئەت بىلەن ئالدانمايدىغان كىشىلەر كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلجا تەقسىملەشتىكى تۇتقان يولى ئەنسارىلارنىڭ ئىمان ـ ئىخلاسىنى يۇقىرى مۆلچەرلىگەنلىكتىن بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمانى ئاجىز، سەھرالىق كىشىلەرنىڭ دىنى مەجبۇرىيەتلەردىن نارازى بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا يەتكۈدەك مال ـ مۈلۈك بۆلۈپ بەرگەن. ئەنسارىلارنى بولسا ئۇلارنىڭ چىن ـ ئېتىقادىغا تاپشۇرغان. ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر سورۇندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىرسى ماڭا ياخشى كۆرۈنسىمۇ ئۇنى

① ئىمام بۇخارى.





تاشلاپ قويۇپ ئىنئامنى باشقا بىرىگە بېرىمەن، چۈنكى بەرمىسلىكىم تۈپەيلى ئۇنىڭ دوزاخقا دۈم چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن﴾[1]

❖ ❖ ❖

بىر ئادەمنىڭ ھازىر ۋەكەلگۈسىدە پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۆتكەن كۈنلەرنى ئۇنتۇپ قالماي ئەسلەپ تۇرۇشىمۇ ۋاپادارلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر، مەسىلەن: ئىلگىرى نامرات بولۇپ ھازىر ئاللاھ باي قىلغان بولسا، ئىلگىرى كېسەلچان بولۇپ ھازىر ئاللاھ شىپالىق بەرگەن بولسا ئۆتمۈشنى، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە قىلغان پەزلى ـ مەرھەمىتىنى پاك ـ پاكىز ئۇنتۇپ مەن ھېچقانداق كەمبەغەل بولۇپ باقمىغان، ھېچقانداق ئاغرىپ باقمىغان دەپ ئويلاپ ھازىرقى تۇرمۇشىدىن مەغرۇرلىنىپ ياششى تولىمۇ قوپاللىق ۋە نېئمەتكە تانغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ بىر خىل ھىيلىگەرلىك، خىيانەتچىلىك بولۇپ، بەلكى مۇناپىقلىققا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن، ئېھتىمال ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم قېلىشى مۇمكىن.

بايان قىلىنىشىچە مەدىنە خەلقىدىن بولغان سەئلەبە دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئادەم ئەنسارىلارنىڭ سورۇنىغا كېلىپ: ئەگەر ئاللاھ ماڭا رىزىق بەرسە چوقۇم بارلىق ھەقلىق كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىمەن، سەدىقە قىلىمەن، يېقىن تۇغقانلارغا سىلە رەھى قىلىمەن دېگەن، شۇ كۈنلەردە تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋاپات بولۇپ كېتىپ پۈتۈن مال ـ بىساتى ئۇنىڭغا مىراس قالغان، ئەمما ئۇ قىلغان ۋەدىسىنىڭ ھېچقايسىسىغا ۋاپا قىلمىغان، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇ ھەققىدە بۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلغان:

﴿وَمِنْهُم مَّنْ عَاهَدَ اللّهَ لَئِنْ آتَانَا مِن فَضْلِهِ لَنَصَّدَّقَنَّ وَلَنَكُونَنَّ مِنَ الصَّالِحِينَ ❖ فَلَمَّا آتَاهُم مِّن فَضْلِهِ بَخِلُواْ بِهِ وَتَوَلَّواْ وَّهُم مُّعْرِضُونَ ❖ فَأَعْقَبَهُمْ نِفَاقًا فِي قُلُوبِهِمْ

① ئىمام بۇخارى.



www.munber.org

﴿إِلَى يَوْمِ يَلْقَوْنَهُ بِمَا أَخْلَفُواْ اللّهَ مَا وَعَدُوهُ وَبِمَا كَانُواْ يَكْذِبُونَ ❖ أَلَمْ يَعْلَمُواْ أَنَّ اللّهَ يَعْلَمُ سِرَّهُمْ وَنَجْوَاهُمْ وَأَنَّ اللّهَ عَلاَّمُ الْغُيُوبِ❖﴾

﴿ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر ‹ئەگەر ئاللاھ بىزگە ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلسا (يەنى رىزقىمىزنى كەڭ قىلسا) ئەلۋەتتە سەدىقە بېرەتتۇق، ئەلۋەتتە ياخشىلاردىن بولاتتۇق› دەپ ئاللاھقا ئەھدە قىلدى، ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلغان (يەنى باي قىلغان) چاغدا بېخىللىق قىلىشتى (يەنى ئەھدىنى بۇزۇپ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈشتى)، ئۇلار (سەدىقە قىلىمىز، ياخشىلاردىن بولىمىز دەپ) ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقلىرى، (ئىمانىنى، ئىھسانىنى دەۋا قىلىشتىكى) يالغانچىلىقلىرى ئۈچۈن، ئاللاھقا مۇلاقات بولىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) گە قەدەر مۇناپىقلىقنىڭ دىللىرىدا (يىلتىز تارتىپ) تۇرۇشنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ئىشىنىڭ) ئاقىۋىتى قىلدى، ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى، (ئۆزئارا قىلىشقان) يوشۇرۇن سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، پۈتۈن غەيبلەرنى چوڭقۇر بىلىدىغانلىقىنى ئۇلار ئۇقمامدۇ؟﴾[1]

تۆۋەندىكى قىسسە بىزگە خىيانەتچىلىك ۋە نېئمەتكە تۇزكورلۇق قىلىشنىڭ نەقەدەر يامان، شۇم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بەنى ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان ئۈچ ئادەم بار ئىكەن، بىرسى ئاق كېسەل بولۇپ قالغان ئىكەن، يەنە بىرى تاز بولۇپ قالغان ئىكەن، يەنە بىرى ئەما ئىكەن، ئاللاھ ئۇلارنى سىناپ باقماقچى بولۇپ پەرىشتە ئەۋەتىپتۇ، پەرىشتە ئاق كېسەل بولۇپ قالغان كىشىگە: ‹سەن نېمىنى ئەڭ ئارزۇ قىلىسەن؟› دەپ سوراپتۇ، ئۇ ئادەم: ‹تېرەمنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى، كىشىلەر سەسكىنىدىغان مۇشۇ

[1] سۈرە تەۋبە: 75-78



www.munber.org



كېسەلدىن خالاس بولۇشنى بەك ئارزۇ قىلىمەن› دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، پەرىشتە ئۇنىڭ تېرىسىنى بىر سىيلىغان ئىكەن كېسىلى ساقىيىپ چىرايلىق تېرە ئاتا قىلىنىپتۇ ئاندىن پەرىشتە ‹مالدىن نېمىنى ئەڭ ئارزۇ قىلىسەن؟› دەپ سوراپتىكەن: ‹تۆگىنى› دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا بىر دانە نەسىللىك تۆگە ئاتا قىلىنىپتۇ ۋە ‹ئاللاھ ساڭا بەرىكەت بەرسۇن› دەپتۇ.

ئاندىن كېيىن تازنىڭ يېنىغا كېلىپ: ‹سەن نېمىنى ئەڭ ئارزۇ قىلىسەن؟› دەپ سوراپتىكەن، ‹چىرايلىق چاچنى، كىشىلەر ئەيىبلەيدىغان مۇشۇ كېسىلىمنىڭ ساقىيىشىنى ئارزۇ قىلىمەن› دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرىشتە ئۇنىڭ بېشىنى شۇنداق سىلىغان ئىكەن كېسىلى ساقىيىپ چىرايلىق چاچ ئۈنۈپ چىقىپتۇ. ئارقىدىن پەرىشتە ئۇنىڭغا: ‹مالدىن نېمىنى ئارزۇ قىلىسەن› دەپ سورىغان ئىكەن ‹بوغاز كالىنى› دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، بۇ چاغدا ئۇنىڭغا كالا بېرىلىپتۇ ۋە ‹ئاللاھ ساڭا بەرىكەت بەرسۇن› دەپتۇ.

ئاندىن كېيىن ئەمانىڭ يېنىغا كېلىپ: ‹سەن نېمىنى ئەڭ ئارزۇ قىلىسەن؟› دەپ سوراپتىكەن، ‹ئاللاھنىڭ كۆزۈمنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى ئەڭ ئارزۇ قىلىمەن› دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن: ‹مالدىن نېمىنى ئارزۇ قىلىسەن› دەپ سورىغان ئىكەن ‹بوغاز قوينى› دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ چارۋىلار تۇغۇپ ھەرقايسىسىنىڭ بىر توپ تۆگىسى، بىر توپ كالىسى ۋە بىر توپ قويى بولۇپتۇ، بۇ چاغدا پەرىشتە ئادەم شەكلىدە كېلىپ ئاق كېسەل بولۇپ قالغىنىغا: ‹مەن بىر ئاجىز ئادەممەن، سەپەر جەريانىدا ئوزۇق - تۈلۈكۈم ۋە ئۇلۇقۇمدىن ئايرىلىپ قالدىم، پەقەت ئاللاھ، ئاندىن كېيىن سىزلەرنىڭ ياردىمى بىلەنلا مەنزىلگە يېتىپ بارالايمەن، سىلىگە چىرايلىق تېرىنى بەرگەن زاتنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى بىلەن ماڭا بىر تۆگە بەرسىلە، مەنزىلگە بېرىۋالسام› دەپتۇ، بۇ چاغدا ئۇ كىشى: ‹ئىشىم بەك كۆپ، ۋاقتىم يوق› دەپتۇ، بۇ چاغدا ھېلىقى مۇساپىر: ‹مەن سىلىنى تونۇغاندەك قىلىمەن سىلى ئىلگىرى كىشىلەر مەسخىرە قىلىدىغان ئاق كېسەل ئەمەسمىدىلە، كەمبەغەل ئىدىلە، ئاللاھ سىلىگە بەرگەن



www.munber.org

ئەمەسمىدى؟› دەپ سوراپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ كىشى ‹مەن بۇ مالنى مىراس ئالغان› دەپتۇ، مۇساپىر كىشى: ‹يالغان ئېيتقان بولساڭ ئاللاھ سىلىنى ئەسلىلىرىگە قايتۇرىۋەتسۇن› دەپ قارغاپتۇ.

ئاندىن كېيىن تازنىڭ يېنىغا كېلىپ ئوخشاش سوئال سورىغان ئىكەن، ئوخشاش جاۋاب بېرىپتۇ، مۇساپىر كىشى يەنە: ‹يالغان ئېيتقان بولساڭ، ئاللاھ ئەسلىڭگە قايتۇرىۋەتسۇن› دەپ قاغاپتۇ. ئاخىرىدا ئەما كىشىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئوخشاش سوئال سوراپ ئوخشاش تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىكەن ئەما كىشى: ‹مەن ئىلگىرى بىر ئەما ئىدىم، ئاللاھ كۆزۈمنى قايتۇرۇپ بەرگەن ئىدى، ئۆزۈڭ خالىغىنىڭنى ئالغىن، ئاللاھ ئۈچۈن ئالغان نەرسەڭنى ساڭا ئەلۋەتتە ئايانماي بېرىمەن› دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، بۇ چاغدا پەرىشتە: ‹مالىڭنى ئالغىن، سەن سىنالغان ئىدىڭ، سىناقتىن ئۆتتىڭ، ئاللاھ سەندىن رازى بولدى، ئىككى ھەمراھىڭدىن نارازى بولدى› دېدى.»[1]

ئىسلام دىنى ئېتىقاد بەلگىلىمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كېلىشىملەر، توختاملارنى قەدىرلەشكە تەۋسىيە قىلىدۇ. ئىچىدىكى شەرتلەرنى ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ھەدىستە: « مۇسۇلمانلار شەرتلىرىگە باغلىنىشلىق»[2] دېيىلگەن.

شۈبھىسىزكى تۈزۈلگەن كېلىشىمگە رىئايە قىلىدىغانلار تىجارەت ۋە باشقا تۈرلۈك ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەردە ئىشەنچلىك بولىدۇ، ئەمما تۈزۈلگەن شەرتلەر شەرىئەت بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن تۈزۈلگەن بولۇشى كېرەك. بولمىسا قەدىرلەش، رىئايە قىلىش تەلەپ قىلىنمايدۇ.

ئىسلام دىنى نىكاھ كېلىشىمگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «شەرىئەت ئەھمىيەت بىرىشكە تېگىشلىك ئاياللارنى سىلەرگە ھالال قىلغان شەرىت نىكاھتۇر.»

[1] ئىمام بۇخارى.
[2] ئىمام بۇخارى.



www.munber.org



شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق بىر ئەرنىڭ ئايال كىشىنىڭ بىر تەڭگە ھەققىنى ئېلىۋېلىشى، ئۆزلىرى جەملىگەن رىشتىگە سەل قارىشى دۇرۇس ئەمەس.

ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «قانداق بىر ئەر بىر ئايالنىڭ بارلىق ھەق - ھوقۇقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش ئىرادىسىگە كەلمەي تۇرۇپ ئاز ياكى كۆپ تويلۇق بىلەن بىر ئايالنى نىكاھىغا ئالغان بولسا، ئايالنى ئالدىغان بولسا، ھەق - ھوقۇقنى ئادا قىلماي ئۆلۈپ كەتكەن بولسا قىيامەت كۈنى زىنا قىلغان ھالەتتە ئاللاھقا ئۇچرىشىدۇ. قانداق بىر ئادەم قايتۇرۇش نىيىتىگە كەلمەي تۇرۇپ قەرز ئالغان بولسا، ئالداپ ئۆلگۈچە قايتۇرمىغان بولسا، قىيامەت كۈنىدە ئاللاھقا ئوغرى ھالەتتە ئۇچرىشىدۇ.»[1]

شۇنىڭ ئۈچۈن، ساختىلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇپ ۋاپادارلىققا ئۈندەيدىغان ئايەتلەرنىڭ تەكرار نازىل بولۇشى، ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس،

﴿وَأَوْفُواْ بِالْعَهْدِ إِنَّ الْعَهْدَ كَانَ مَسْؤُولاً﴾

﴿ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، (قىيامەت كۈنى) ئەھدە ئۈستىدە (يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلغان، قىلمىغانلىق) ئۈستىدە ئەلۋەتتە سوئال - سوراق قىلىنىسىلەر!﴾[2]

﴿وَأَوْفُواْ بِعَهْدِ اللّهِ إِذَا عَاهَدتُّمْ وَلاَ تَنقُضُواْ الأَيْمَانَ بَعْدَ تَوْكِيدِهَا وَقَدْ جَعَلْتُمُ اللّهَ عَلَيْكُمْ كَفِيلاً إِنَّ اللّهَ يَعْلَمُ مَا تَفْعَلُونَ﴾

﴿سىلەر ئەھدە تۈزۈشكەنلىرىڭلاردا، ئاللاھنىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، قەسەمڭلارنى (ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ) پۇختىلىغاندىن كېيىن بۇزماڭلار، چۈنكى سىلەر ئاللاھنى گۇۋاھچى قىلدىڭلار، شۈبھىسىزكى ئاللاھ قىلمىشڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.﴾[3]

[1] تەبرانىي.
[2] سۈرە ئىسرا: 34
[3] سۈرە نەھل: 91



www.munber.org

ئاللاھ بىزگە ساختىلىق ۋە ھىيلىگەرلىكنىڭ ئىشەنچنى يوقىتىپ، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدىغانلىقى، ئالاقىنى بۇزۇپ كۈچلۈكلەرنى ئاجىزلارغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلاَ تَكُونُواْ كَالَّتِي نَقَضَتْ غَزْلَهَا مِن بَعْدِ قُوَّةٍ أَنكَاثًا تَتَّخِذُونَ أَيْمَانَكُمْ دَخَلاً بَيْنَكُمْ أَن تَكُونَ أُمَّةٌ هِيَ أَرْبَى مِنْ أُمَّةٍ إِنَّمَا يَبْلُوكُمُ اللّهُ بِهِ وَلَيُبَيِّنَنَّ لَكُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ مَا كُنتُمْ فِيهِ تَخْتَلِفُونَ﴾

﴿سىلەر پىششىق ئىگىرگەن يىپىنى چۇۋۇپ، پارچە - پارچە قىلىۋەتكەن خوتۇنلاردەك بولماڭلار (بۇ قەسەم ئىچىپ چىڭ ئەھدە قىلىشقاندىن كېيىن ئۇز ئەھدىنى بۇزغان ئادەمنىڭ مىسالىدۇر) بىر جامائە (سان ۋە مال - مۈلۈك جەھەتتە) يەنە بىر جامائەدىن كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، قەسەملىرىڭلارنى ئالدامچىلىقنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالىسىلەر (يەنى ئۆزئارا ياردەملىشىش ئۈستىدە بىر جامائە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكەندىن كېيىن، سانى، پۇل - مېلى كۆپرەك يەنە بىر جامائەنى كۆرۈپلا ئىلگىرىكى جامائە بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدىنى بۇزۇپ، كېيىنكى جامائە بىلەن ئەھدى تۈزىسىلەر)، ئاللاھ سىلەرنى ھەقىقەتەن بۇنىڭ (يەنى ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئەمرى) بىلەن سىنايدۇ، سىلەر دە - تالاش قىلىشقان ھەق - ناھەقنى قىيامەت كۈنى سىلەرگە چوقۇم ئېنىق ئايرىپ بېرىدۇ.﴾[1]

بىر ئادەم ياكى بىر جامائە پايدىنى كۆزلەپ تۈزگەن كېلىشىمنى بۇزۇپ باشقا بىرسى بىلەن كېلىشىم تۈزۈشى مۇمكىن، ئىسلام دىنىمىز ئەخلاق پەزىلەتلەرنىڭ ۋاقىتلىق بولغان پايدا - مەنپەئەت بازىرىدا ئاياق - ئاستى بولۇپ قېلىشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ، بايلىق ياكى كەمبەغەللىك، غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇب بولۇشتىن قەتئىينەزەر شەخسىي ۋە جامائەلەرنىڭ كېلىشىملەرگە رىئايە قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

[1] سۈرە نەھل:92



www.munber.org



شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تۈزگەن ئەھدىگە ئېتىبار بېرىشكە كەسكىن ئەمىر قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلاَ تَتَّخِذُواْ أَيْمَانَكُمْ دَخَلاً بَيْنَكُمْ فَتَزِلَّ قَدَمٌ بَعْدَ ثُبُوتِهَا وَتَذُوقُواْ الْسُّوءَ بِمَا صَدَدتُّمْ عَن سَبِيلِ اللّهِ وَلَكُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ ❖ وَلاَ تَشْتَرُواْ بِعَهْدِ اللّهِ ثَمَنًا قَلِيلاً إِنَّمَا عِندَ اللّهِ هُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾

﴿قەدىمىڭلار ئىسلام دىنىدا ئىزچىل بولغاندىن كېيىن تېيىلىپ يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، قەسەمىڭلارنى ئۆزئارا ئالدامچىلىقنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالغانلىقىڭلار، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلىقىڭلار، (يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلىشتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىڭلار) ئۈچۈن ئازابنى تېتىيسىلەر، (سىلەر ئاخىرەتتە دوزاختا) چوڭ ئازابقا قالىسىلەر، سىلەر ئاللاھنىڭ ئەھدىنى ئەرزىمەس نەرسىگە سېتىۋەتمەڭلار، سىلەر ئەگەر بىلسەڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب سىلەر ئۈچۈن (پانى دۇنيانىڭ نەرسىلىرىدىن ئارتۇقتۇر).﴾[1]

❖ ❖ ❖

ھەقىقەتكە ۋاپا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش مەيلى مۇسۇلمان بىلەن بولسۇن كاپىر بىلەن بولسۇن ۋاجىپتۇر، چۈنكى پەزىلەت پارچىلانمايدىغان بولۇپ، ئادەم بىر قىسىم كىشىلەرگە رەزىل بولۇپ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرگە ئېسىل بولىۋالسا بولمايدۇ، تۈزۈلگەن كېلىشىم، قىلىنغان ۋەدە، ھەق بولسىلا قانداق شەخس بىلەن ياكى قانداق زاماندا بولىشىدىن قەتئىينەزەر رىئايە قىلىش ۋاجىپتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «فۇزۇل»[2] كېلىشىمى توغرىسىدا: «ئىسلامدا تۈزۈلگەن كېلىشىم بولۇپ، مەن چاقىرىلغان بولسام چوقۇم باراتتىم» دېگەن.

[1] سۈرە نەھل: 94-95
[2] جاھىلىيەت دەۋرىدە تۈزۈلگەن كېلىشىم ئىدى.



www.munber.org

ئەمر ئىبنى ھەمقتىن بايان قىلىنىشىچە ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ‹قانداق بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى ئۇنىڭ قېنىدىن خاتىرجەم قىلغاندىن كېيىن ئۇ ئادەم خاتىرجەم بولغۇچىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا گەرچە ئۆلتۈرۈلگۈچى كاپىر بولسىمۇ مەن ئۆلتۈرگۈچىدىن ئادا ـ جۇدادۇرمەن› دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم.»[1]

مانا بۇ كەسكىن بايانلار بىزگە ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزگە ئىشەنمىگۈچىلەرگىمۇ ئىنسىل مۇئامىلە قىلىش روھىنى ئېچىپ بېرىدۇ: ھالبۇكى يەھۇدىيلار ئۆزلىرىدىن باشقىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىشنى ئىنكار قىلىشىدۇ، ئۇلارغا ئىنسىل مۇئامىلىدە بولۇشتىن بېخىللىق قىلىدۇ، بىز بولساق ئاللاھنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە دوستلىرى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ پەقەت ئىسرائىلىيە خەلقىگىلا رەھمەت قىلىدۇ، ئۇلارنى ئەمىنلىكتە ساقلايدۇ دەپ قارايدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزگە زېمىنىسىگە ئالغان، چېگرىسى دائىرىسىگە كىرگۈزگەن كىشىلەرنى نەقەدەر قوغدايدىغانلىقىنى بۇ ھەقتە مۇسۇلمانلارغا تەسىرلىك نەسىھەتلەرنى قىلغانلىقىغا قاراڭ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تُحِلُّواْ شَعَآئِرَ اللّهِ وَلاَ الشَّهْرَ الْحَرَامَ وَلاَ الْهَدْيَ وَلاَ الْقَلآئِدَ وَلا آمِّينَ الْبَيْتَ الْحَرَامَ يَبْتَغُونَ فَضْلاً مِّن رَّبِّهِمْ وَرِضْوَانًا وَإِذَا حَلَلْتُمْ فَاصْطَادُواْ وَلاَ يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَآنُ قَوْمٍ أَن صَدُّوكُمْ عَنِ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ أَن تَعْتَدُواْ وَتَعَاوَنُواْ عَلَى الْبرِّ وَالتَّقْوَى وَلاَ تَعَاوَنُواْ عَلَى الإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ﴾

﴿ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىنى (يەنى ھەجدە تائەتنىڭ بەلگىسى ھېسابلايدىغان ئىشلارنى) (تەرك ئېتىش بىلەن) شەھەرى ھەرام (دا ئۇرۇش قىلىشنى)، ھەدىينى (يەنى كەبىگە ئاتالغان قۇربانلىققا دەخلى ـ تەرۆز قىلىشنى)، قەلائىدە (يەنى ھەجدە قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھايۋانغا ئېسىپ قويۇلغان نەرسە) لەرگە (چېقىلىشنى)، پەرۋەردىگارىنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى

[1] ئىبنى ھەببان.





تىلەپ بەيتۇللاغا (ھەج ئۈچۈن ياكى ئۆمرە ئۈچۈن) كەلگۈچىلەرگە (چېقىلىشنى) ھالال سانىماڭلار، ئېھرامدىن چىققان چېغىڭلاردا شىكار قىلساڭلار بولىدۇ، بىرەر قەۋم (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ سىلەرنى مەسجىدى ھەرام (زىيارىتى) دىن توسقانلىقىدىن ئىبارەت دۈشمەنلىكى ھەرگىزمۇ سىلەرنىڭ ئۇلارغا چېقىلىشىڭلارغا سەۋەبچى بولمىسۇن، ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار.﴾[1]

يۇقىرىقى ئايەتنىڭ كاپىرلار گەرچە بۇتپەرەس بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئىدىيلىرىگە ماسلىشىپ كاپىرلارنىڭ كۆز قارىشىنى قانداق تەسۋىرلەپ بەرگەنلىكىگە، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتى ۋە رازىلىقىنى تەلەپ قىلغۇچىلار دەپ ھېسابلىغانلىقىغا مۇسۇلمانلاردىن قانچە كۈچلۈك بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىنەزەر ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىشنى، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەسلىكنى تەلەپ قىلغانلىقىغا قاراڭ.

باشقا بىر كىتابتا[2] مۇسۇلمانلارنىڭ غەيرى مۇسۇلمانلار بىلەن تۈزگەن كېلىشىملىرى، ئاللاھنىڭ بۇ توغرىدا نازىل قىلىنغان تەلىماتلىرى توغرىسىدا سۆزلىگەن ئىدۇق. تەپسىلاتىنى بىلمەكچى بولسىڭىز شۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلغايسىز.

❖ ❖ ❖

ئىسلام دىنى ئېتىبار بەرگەن، ۋاپا قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن ئىشلارنىڭ بىرسى قەرز ئىشلىرىدىن ئىبارەت، چۈنكى قەرز ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا توغرا ئادا قىلىشقا تىگىشلىك ئەڭ چوڭ ھەقتۇر، دىن قەرزنى ۋاقتىدا، تولۇق قايتۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان تەمەخورلۇق، ساختىلىق، كۆز بوياមچىلىق خاھىشلىرىنى تەنقىد قىلغان.

ئىسلام دىنى ھەممىدىن ئاۋال قاتتىق مەجبۇر بولمىسا ئىمكانقەدەر قەرز ئالماسلىقنى تەلەپ قىلدى، قەرز ئالمىسىمۇ بولىدىغان ئاددىي ئىشلار

[1] سۈرە مائىدە: 2
[2] «دىن ۋە ھاياتلىق توغرىسىدا»، «تەرەپبازلىق ۋە ئەپۇچانلىق» دېگەن ئىككى پارچە كىتاب.



www.munber.org

ئۆچۈنمۇ قەرز ئېلىشنى هارام قىلدى، بەلكى ئۇ قىساس ئېلىشقا سەۋەبچى بولىدىغان گۇناھ ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان:

«قەرز ئالغۇچى قەرزنى قايتۇرماي ئۆلۈپ كېتىپ قالسا قەرز قىيامەت كۈنى ئۇ ئادەمدىن قىساس ئالىدۇ، پەقەت ئۈچ ئىش ئۈچۈن ئېلىنغان قەرز بۇنىڭ سىرتىدا، بىرسى ئاللاھ ۋە ئۆزىنىڭ دۈشمىنىگە غالىب كېلىش ئۈچۈن ئېلىنغان قەرز، يەنە بىرى مۇسۇلماننى كېپەنلەش ئۈچۈن ئېلىنغان قەرز، يەنە بىرى توي قىلىپ ئۆزىنى گۇناھ ـ پاھىشىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئېلىنغان قەرز. مانا بۇ ئۈچ خىل قەرزنى ناۋادا هايات ۋاقتىدا قايتۇرالماي تۈگەپ كېتىپ قالسا قىيامەت كۈنىسى ئاللاھ ئۆزى قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

يەنە بىر بايانتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ قىيامەت كۈنىسى قەرز ئالغۇچىنى ئالدىغا چاقىرىپ: ‹ئى ئادەم بالىسى، بۇ قەرزنى نېمە ئۈچۈن ئالدىڭ؟ كىشىلەرنىڭ هەققىنى نېمىگە ئىشلىتىۋەتتىڭ؟› دەپ سورايدۇ، ئۇ بەندە: ‹پەرۋەردىگارىم، سەن بىلىسەن مەن ئۇ قەرزنى يەپ ئىچىش ياكى كىيىم ـ كېچەك كىيىپ بۇزۇش ئۈچۈن ئالمىدىم، مەن ياكى ئوغۇرلۇق، ياكى تۇتقىن قىلىنىشقا ئۇچرىدىم دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ، بۇ چاغدا ئاللاھ: ‹راست ئېيتتى، مەن قەرزىڭنى قايتۇرۇشقا هەقلىقمەن› دەيدۇ ـ دە، بىر نەرسىنى كەلتۈرۈپ ئۇ كىشىنىڭ ياخشىلىق تارازىسىغا سالىدۇ، ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ كېتىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ.»[1]

بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، ئاللاھ ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچار بولۇپ، هاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن قەرز ئالغان كىشىلەرنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدىكەن، ئەمما ئۆزىنىڭ ئۆتكۈنچى ئارزۇ ـ ئارمانىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولۇشى ۋە قەرزنى قانداق قايتۇرۇشىنى ئويلىماي يەڭگىللىك بىلەن قەرز ئالغۇچىلار خۇددى هەدىسلەردە بايان قىلىنغىنىدەك، يۈرەكلىك ئوغرىلار بولۇپ هېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر

---

[1] ئىمام ئەھمەد.



www.munber.org



ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى قايتۇرۇشنى كۆڭلىدە پۈكۈپ قەرز ياكى ئارىيەت ئالغان بولسا ئاللاھ ئۇنى قايتۇرۇشقا نېسىپ قىلىدۇ، قايتۇرماي ساختا قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسا ئاللاھ قايتۇرۇشقا نېسىپ قىلمايدۇ.»[1]

ئىسلام دىنى قەرزنى قايتۇرۇشقا شارائىت يارىتىپ تۇرلۇك كېپىللىكلەرنى هازىرلاپ بەرگەن، بۇنىڭ بىلەن قەرز ئالغۇچىلارنىڭ قەرزنى قايتۇرۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرىشى هەتتا ساۋابى كۆپ بولغان ئەمەللەرنى بەدەل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئالغان.

ئەبۇ قەتادە هەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم گۇناھلىرىم تۆكۈلەمدۇ؟› دەپ سورىغاندا، ‹ئاللاھ رىزالىقىنى ئۈمىد قىلغان بولساڭ، ئۇرۇش مەيدانىدىن چېكىنمىگەن بولساڭ تۆكۈلىدۇ› دېگەن، (ئۇ ئادەم ئېنىق ئاڭلىيالماي) نېمە دېدىلە؟ دەپ سورىغاندا قايتا دەپ بەرگەن، ئاندىن كېيىن: ‹ئالغان قەرزىڭ ساقىت بولۇپ كەتمەيدۇ، بۇنى ماڭا جىبرىئىل دەپ بەرگەن› دېگەن»[2]

يەنە بىر بايانتە «شەھىدنىڭ قەرزدىن باشقا هەممە گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.»[3] دېيىلگەن.

ئەقىل ئىگىلىرى قەرزنىڭ مۇسۇلماننىڭ ئاخىرەتتىكى دەرىجىسىگە خەتەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن قېرىندىشى هاياتىغا خەۋپ ئېلىپ كېلىش ئېھتىمالى بولغان بىرەر ئىشقا ئاتلىنىش ئالدىدا ئۇنىڭ گەردىنىدىكى قەرزلەرنى ئادا قىلىۋېتىپ ئاندىن ئاتلىنىشقا ئۈندەيدىغان بولغان.

ئەبۇدەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىشىچە كىشىلەر جىھاتقا ماڭغاندا ئۇلارنىڭ ئۆتەر يولىدا تۇرۇپ ئاڭلىغۇدەك دەرىجىدە نىدا قىلىپ:

---

[1] ئىمام بۇخارى.
[2] ئىمام مۇسلىم.
[3] ئىمام مۇسلىم.



www.munber.org

«ئى خالايىق، كىمنىڭ گەردىنىدە قەرز بولسا ئۇنى ئادا قىلىۋېتىپ ئاندىن ماڭسۇن، بولمىسا قايتىپ كەتسۇن.»[1] دەيتتى.

مۇسۇلمانلار پەپ ئىچىش پاھىشە ـ زالالەت قىلىش ئۈچۈن قەرز ئالغانلىقى، ھەتتا ئاللاھ مۇتلەق ھارام قىلغان جازانە يولى بىلەن يەھۇدىي، ناسارالاردىن قەرز ئالغانلىقلىرى ئۈچۈن يۇرۇت ـ ماكانلىرى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرى ئېغىر مۇسىبەتكە دۇچار بولۇشتى.

قەرزگە ۋاپا قىلىش ھازىرغىچە بىر مۇشكىلات بولۇپ كەلمەكتە، قانۇن قامچىسى بولمىغان بولسا كىشىلەرنىڭ نۇرغۇن ھەق ـ ھوقۇقلىرى زايا بولۇپ كەتكەن بولاتتى.

شۈبھىسىزكى ئاللاھ بەندىلىرى ئىچىدىكى ۋاپادارلىرىنى دوست تۇتىدۇ، زالىم كەنت ئەھلىنى پەقەت تۆۋەندىكى سەۋەبتىن ھالاك قىلغان:

﴿وَمَا وَجَدْنَا لأَكْثَرِهِم مِّنْ عَهْدٍ وَإِن وَجَدْنَا أَكْثَرَهُمْ لَفَاسِقِينَ﴾

﴿ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ (روزىمىساقتا) بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغانلىقىنى بايقىدۇق، ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ شەكسىز پاسىقلار (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرى ـ پەرمانىدىن باش تارتقۇچىلار) ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق.﴾[2]

---

[1] رەزىين.
[2] سۈرە ئەئراف: 102





## ئىخلاسمەنلىك

شۈبھىسىزكى كىشىلەرنى ئىشلەشكە ئۈندەيدىغان، ياخشىلىق قىلىشقا ئىنتىلدۈرىدىغان، جاپا تارتىشقا تۈرتكە بولىدىغان ئامىللار خىلمۇخىل بولىدۇ، بەزىلەرنى ئەمگەك جەريانىدا بايقىغىلى بولىدۇ، بەزىلەر بولسا قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ، ھەتتا بەزى چاغلاردا شۇ ئىشنى قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ بايقىيالماي قېلىشى مۇمكىن.

ئىنسانلاردىكى ئۇخشىمىغان غەرەز مەقسەتلەر ئاممىۋى ھەرىكەتنىڭ ئاساسىدىن ئىبارەت، بىر ئادەمنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن شەخسىيەتچى ئىكەنلىكى، ياكى قورقۇنچاقلىقى ياكى ئاچكۆزلۈكى ياكى شۆھرەتپەرەسلىكىنى ئاسانلا بايقاپ ئالغىلى بولىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ سۆز ئېيمىسى پەخىرلىنىش ياكى ئۆچمەنلىك ياكى مەغرۇرلۇقتىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە تۈرتكە بولىدىغان ئەنە شۇنداق خاھىشلارغا ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ئىسلام دىنىدا ئىشنىڭ قىممىتى ھەممىدىن ئاۋال نىيەت ـ مەقسەتكە باغلىق بولىدۇ.

بەزى كىشىلەر ياخشى ئىش قىلىپ كۆڭۈللەرنى مايىل قىلىش ياكى بولمىسا ئىلگىرى ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىققا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن باشقىلارغا نۇرغۇن ھەدىيەلەرنى بېرىشتىشى مۇمكىن. گەرچە ھەر ئىككىسى سېخىيلىق بولۇپ ھېسابلانسىمۇ ئىسلام دىنىدا خۇددى تۆۋەندىكى ئايەتتە دېيىلگەندەك كۆڭۈلنىڭ خاھىشلىرىدىن خالىي بولۇپ، پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن بېرىلمىگۈچە ئۇ سەدىقە ھېسابلانمايدۇ:

﴿إِنَّمَا نُطْعِمُكُمْ لِوَجْهِ اللَّهِ لَا نُرِيدُ مِنكُمْ جَزَاء وَلَا شُكُورًا﴾ ﴿(ئۇلار ئېيتىدۇ) ‹بىز سىلەرگە ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۈر تەلەپ قىلمايمىز.﴾[1]

---

[1] سۈرە ئىنسان: 9



www.munber.org

﴿الَّذِي يُؤْتِي مَالَهُ يَتَزَكَّى ❖ وَمَا لِأَحَدٍ عِندَهُ مِن نِّعْمَةٍ تُجْزَى ❖ إِلَّا ابْتِغَاء وَجْهِ رَبِّهِ الْأَعْلَى ❖وَلَسَوْفَ يَرْضَى﴾

﴿پاكلىنىش ئۈچۈن مال ـ مۈلكىنى (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدىغان ئادەم ئۇنىڭدىن (يەنى ئوتتىن) يىراق قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقى بىراۋنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈندۇر، ئۇ (يەنى ئېھسان قىلغۇچى ئادەم) (پەرۋەردىگارىنىڭ بەرگەن مۇكاپاتىدىن) چوقۇم رازى بولىدۇ.﴾[1]

كۆڭۈل مايىللىقىنى دۇرۇسلاپ ئەرزىمەس ھەۋەسلەردىن خالىي قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەمەللەر نىيەتلەرگە قاراپ بولىدۇ، ھەر ئادەم ھىجرەتنى نىيەت قىلغان بولسا ئۇنىڭ ھىجرىتى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن بولىدۇ. (يەنى ئاللاھ ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىدۇ)، كىمكى دۇنياغا ئېرىشىشنى ياكى ئايال كىشىنى كۆزلىگەن بولسا ئاللاھ ئۇنىڭ كۆزلىگىنىنى بېرىدۇ. (ئەمما ئاللاھنىڭ ساۋاب ـ مەرھەمىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ.﴾[2]

نەچچە مىڭلىغان مۇساپىرلار مەككە بىلەن مەدىنىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئۇزاق مۇساپىنى ئوخشىمىغان نىيەت مەقسەتلەردە باسىدۇ. گەرچە مۇساپە، تارتىدىغان جاپا ئوخشاش بولسىمۇ دىنى ئىسلامنىڭ غەلىبىسىنى، ئىسلام دىنى بىلەن ياشاشنى نىيەت قىلىش ئادەتتىكى مۇساپىر بىلەن مۇھاجىر (ھىجرەت قىلغۇچى) نىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ تۇرىدۇ.

دېمەك، كىمكى دىنىنى بۇزۇقچىلىقتىن ساقلاپ قېلىش، يېڭى شەھەردە يېڭى دۆلەتنى قۇرۇش ئۈچۈن مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت

[1] سۈرە لەيل: 18-21

[2] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم.



www.munber.org



قىلغان بولسا ئۇ مۇھاجىر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما باشقا ئىشلار ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا مۇھاجىر بولالمايدۇ.

❖ ❖ ❖

دۇرۇس نىيەت، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىخلاسمەن بولۇش ساپ دۇنيالىق ئىشلارنىمۇ ئاللاھ قوبۇل قىلىدىغان ئىبادەتكە ئۆزگەرتەلەيدۇ. نىيەت دۇرۇس بولمىسا ساپ تائەت ـ ئىبادەتلەر يامان گۇناھ ـ مەئسىيەتكە ئۆزگىرىپ كېتىپ ئىنسان ئۇنىڭدىن مەغلۇبىيەت ۋە زىيانكارلىقتىن باشقا ھېچنەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ، تارتقان جاپالىرى ھەممىسى بىكار بولىدۇ.

قانداق بىر ئىنسان ئازادە سارايلارنى بىنا قىلغان بولسا باراقسان، مېۋىلىك باغ يېتىشتۈرگەن بولسا ئېگىز سارىيى، مېۋىلىك بېغى ئىچىدە دۇنيادىكى ئەڭ باياشات ھېسابلىنىدۇ، ناۋادا ئۇ مۇشۇلارنى خەلققە پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەھيا قىلغان بولسا ساۋابى ئۇ ئادەمگە ئۈزۈلمەي يېتىپ تۇرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر ئادەم باشقىلارغا زۇلۇم قىلماي بوزەك ئەتمەي ھالال مال بىلەن قۇرۇلۇش سالغان بولسا ياكى باغ يېتىشتۈرگەن بولسا بەندىلىرگە رەھىمدىل بولغان رەھمان تەبارەك ۋە تەئالانىڭ بەندىلىرىدىن بىرەرسى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغانلا بولسا ساۋابى ئۇ كىشىگە داۋاملىق يېزىلىپ تۇرىدۇ»[1]

يەنە مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر ئادەم مېۋىلىك دەرەخ سالغان بولسا ياكى زىرائەت تېرىغان بولسا، ئۇنىڭدىن قۇش ياكى ئىنسان يەپ پايدىلانغان بولسا بۇ شۇ ئادەم ئۈچۈن سەدىقە بولىدۇ.»[2]

بەلكى كۆڭۈل تارتىدىغان بارلىق لەززەتلەرگە ياخشى نىيەت، ئۇلۇغۋار غايە تۈرتكە بولغان ياكى ھەمراھ بولغان بولسىلا ئۇ بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىبادەتكە ئۆزگىرىدۇ، مەسىلەن ئەركىشى ئۆزىنىڭ

[1] ئىمام ئەھمەد.

[2] ئىمام مۇسلىم.



www.munber.org

ئېپپىتنى ساقلاش، دىن ـ دىيانەتنى قوغداپ قېلىش مەقسىتىدە ئايالى بىلەن جىما قىلغان بولسا بۇ شۇ ئەر ئۈچۈن سەدىقە ھېسابلىنىپ ئەجىر بېرىلىدۇ: «... بىرىڭلارنىڭ ئايالى بىلەن جىما قىلىشىمۇ (نىيەت دۇرۇس بولسىلا) سەدىقە بولالايدۇ.» ياخشى نىيەت بىلەن غىزالانغان، ئايال بالا ـ چاقىلىرىغا تاماق بەرگەن بولسا بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ساۋاب بېرىلىدۇ.

سەئىد ئىبنى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سەن خىراجەتنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلغان بولساڭ ئەجىر بېرىلىسەن، ئاددىيسى ئايالىڭنىڭ ئېغىزىغا سالغان تائامىڭغىمۇ ئەجىر بېرىلىسەن.»[1]

يەنە مۇنداق دېگەن: «ئۆزۈڭ يېگەن تائام سەن ئۈچۈن سەدىقە بولىدۇ، باللىرىڭغا يېدۈرگەن تائام سەن ئۈچۈن سەدىقە بولىدۇ، ئايالىڭغا يېدۈرگەن تائامىمۇ سەن ئۈچۈن سەدىقە بولىدۇ. خىزمەتكارىڭغا بەرگەن تائامىمۇ سەن ئۈچۈن سەدىقە بولىدۇ.»[2]

قىسقىسى، ئىنسان نىيىتىنى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن خالىس قىلسا ئۇنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرى ھەتتا ئۇخلاش ئويغىنىشلىرى، ئارام ئېلىشلىرى ھەممىسى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ئېلىنغان قەدەم ھېسابلىنىپ ئەجىر بېرىلىدۇ. نامرات بولغانلىقى ياكى سالامەتلىكى ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزى ئارزۇ قىلغان ياخشى ئىشلارنى قىلالماسلىقى مۇمكىن. ئەمما كۆڭۈل سىرلىرىمىزنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ ئىسلاھ قىلىشنى ئارزۇ قىلغانلارنى ئىسلاھ قىلغۇچىلارنىڭ دەرىجىسىگە، جىھاد قىلىشنى ئارزۇ قىلغانلارنى جىھاد قىلغۇچىلارنىڭ دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ، چۈنكى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ!

«ئۇسرە» غازىتىدا بىر مۇنچە ئەرلەر ئۆزلىرىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىشىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۆزى بىلەن ماڭدۇرالمىغان، بۇ چاغدا

[1] ئىمام بۇخارى.
[2] ئىمام ئەھمەد.



www.munber.org



ئۇلار ئۇرۇش مەيدانىغا بارالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن قايغۇرۇپ بۇقۇلداپ يىغلىغان ھالەتتە قايتىپ كېتىشكەن ۋە شۇلار توغرىسىدا بۇ ئايەت نازىل بولغان:

﴿وَلاَ عَلَى الَّذِينَ إِذَا مَا أَتَوْكَ لِتَحْمِلَهُمْ قُلْتَ لاَ أَجِدُ مَا أَحْمِلُكُمْ عَلَيْهِ تَوَلَّواْ وَّأَعْيُنُهُمْ تَفِيضُ مِنَ الدَّمْعِ حَزَنًا أَلاَّ يَجِدُواْ مَا يُنفِقُونَ﴾

﴿يەنە مۇنداق كىشىلەرنىمۇ ئەيىبلەشكە يول يوقتۇركى، ئۇلار (جىھادقا چىقىش ئۈچۈن) سەندىن ئۇلاغ سوراپ كەلگەندە، (ئۇلارغا سەن) (مېنىڭ سىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئۇلاغلىرىم يوق) دېدىڭ؟ ئۇلار (جىھادقا چىقىشقا) سەرپ قىلىدىغان نەرسە تاپالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن غەمكىن، كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا قايتىشتى.﴾[1]

سىزنىڭچە مۇشۇنداق مۇستەھكەم ئىشەنچ، شىبھىت بولۇشقا بولغان چوڭقۇر ئارزۇ بىكار كېتەرمۇ؟ ياق، ھەرگىز بىكارغا كەتمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىمانى ۋە ئىخلاسمەنلىكىگە يۇقىرى باھا بېرىپ «مەدىنىدە نۇرغۇن قەۋمنى قويۇپ كەلدۇق، بىز قايسى يولنى ماڭايلى ياكى قايسى جىلغىغا كىرەيلى ئۇلار بىز بىلەن بىرگە بولالايتتى، ئەمما قىينچىلىق ئۇلارنى توسۇپ قويىدى»[2] دېگەن.

دېمەك، ئۇلار ئامالسىزلىقتىن جىھادقا قاتنىشالمىغان بولسىمۇ، چىن نىيەت ـ مەقسىتى ئۈچۈن ئۇلارغا جىھاد قىلغۇچىلارغا ئوخشاش ساۋاب بېرىلدى.

ھالبۇكى، ياخشى ئەمەلگە ياخشى بولمىغان غەرەز ئارىلىشىپ قالسا ئازاب ئېلىپ كېلىدىغان گۇناھ ـ مەئسىيەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ: ﴿فَوَيْلٌ لِّلْمُصَلِّينَ ❖ الَّذِينَ هُمْ عَن صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ ❖ الَّذِينَ هُمْ يُرَاؤُونَ ❖ وَيَمْنَعُونَ الْمَاعُونَ﴾

[1] سۈرە تەۋبە: 92
[2] ئىمام بۇخارى.



www.munber.org

﴿شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ، نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ، ئۇلار قولقا بەرمەيدۇ﴾[1]

قاراڭ، گەرچە ناماز ئۇلۇغ ئىبادەت بولسىمۇ ئۇنىڭدىكى ئىخلاسمەنلىك يوقلىپ رىياخورلۇق ئارىلاشقاندىن كېيىن ئۇ ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدىغان ئۆلۈك شەكىلگە، بەلكى جىنايەتكە ئايلىنىپ قالدى. دەل شۇنىڭغا ئوخشاش زاكاتمۇ ئاللاھ ئۈچۈن سېخىلىق قىلىدىغان، ئاللاھ دەرگاھىدا ساۋابىنى ئۈمىد قىلىدىغان قەلب ئىگىسىدىن بېرىلگەن بولسا قوبۇل قىلىنىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئۇمۇ بىھۇدە ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

﴿لاَ تُبْطِلُواْ صَدَقَاتِكُم بِالْمَنِّ وَالأذَى كَالَّذِي يُنفِقُ مَالَهُ رِئَاء النَّاسِ وَلاَ يُؤْمِنُ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَمَثَلُهُ كَمَثَلِ صَفْوَانٍ عَلَيْهِ تُرَابٌ فَأَصَابَهُ وَابِلٌ فَتَرَكَهُ صَلْدًا لاَّ يَقْدِرُونَ عَلَى شَيْءٍ مِّمَّا كَسَبُواْ﴾

﴿پۇل ـ مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار، بۇنداق (پۇل ـ مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان) ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا ـ چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن (يۇيۇلۇپ) بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ، ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ھېچقانداق ساۋابقا ئىگە بولالمايدۇ.﴾[2]

خۇددى يۇزىنى توپا باسقان تاشتىن زىرائەت ئۈسمىگىنىدەك، ئىخلاسمەنلىك بولمىغان قەلبنىڭ ياخشى ئەمەللىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ساختا سۆيتى ناچار مېغىزغا ئەسقاتمايدۇ.

[1] سۈرە مائۇن: 3- 5
[2] سۈرە بەقەرە: 264



www.munber.org



ئىخلاسمەنلىك نېمە دېگەن قىممەتلىك، نېمە دېگەن بەرىكەتلىك! ئىخلاسمەنلىك بولسا ئازغىنە نەرسىمۇ كۆپىيىپ تاغدەك بولىدۇ. ئۇ بولمىسا تاغدەك نەرسىمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كۆلدەك سورۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دىنىڭنى ساپلىساڭ ساڭا ئازغىنە ئەمەلمۇ كۇپايە»[1] دېگەن ئىكەن.

ياخشىلىقلارغا بېرىلىدىغان ئەجرلەرنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىگىنىڭ 10 ھەسسىسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىسىگىچە بولغان ئارىلىقتا پەرقلىنىپ تۇرۇش. ئەنە شۇ پەقەت غايىب ئىشلارنى ھەم ئاشكارا ئىشلارنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھقىلا ئايان بولغان قەلبلەرنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يوشۇرۇنغان ئىخلاسمەنلىككە باغلىق.

دېمەك ئىچكى دۇنياسىنىڭ پاكلىقى ۋە مەنپەئەتىنىڭ كۆپلىكىگە قاراپ تۇرۇپ ساۋاب خۇلاسىلىنىدۇ.

ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئىنساننىڭ ۋە دۇنيا ھاياتىنىڭ سىرتقى ھالىتىگە قاراپ بولمايدۇ، شۈبھىسىزكى ئاللاھ تەقۋادارلىق قىلغۇچى، ئىخلاس قىلغۇچىلارغا يۈزلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرى ۋە ياخشى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا دۇنيانىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرى، ئىنسانلارنىڭ زورىقىشلىرىغا ئاللاھ قاراپمۇ قويمايدۇ ئۇنىڭ قىممىتى بولمايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تەنلىرىڭلار ياكى سىرتقى كۆرۈنۈشۈڭلارغا ئەمەس، بەلكى قەلبىڭلارغا ۋە قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ.»[2]

ھەدىستە يەنە شۇنداق دېيىلىدۇ: «قىيامەت كۈنىسى دۇنيا ئېلىپ كېلىنىپ ئاللاھ ئۈچۈن قىلىنغانلىرى بىلەن ئاللاھ ئۈچۈن قىلىنمىغانلىرى ئايرىلىپ، ئاللاھ ئۈچۈن قىلىنمىغانلىرى دوزاخقا تاشلىنىدۇ.»[3]

[1] ھاكىم.
[2] ئىمام مۇسلىم.
[3] بەيھەقى.



www.munber.org

كىمكى دۇنيا ھاياتىدا ئەنە شۇ ھەقىقەتلەر بويىچە ياشىسا تۇرمۇشى خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتىدۇ، ئاقىۋەتتى ئۇچۇن تەييارلىق قىلىدۇ، قولدىن كەتكىنىگە پۇشايمان قىلمايدۇ، قىلغىنىغا ئۆكۈنمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى شېرىك يوق يېگانە ئاللاھقا ئىخلاس قىلغان ھالەتتە، نامازنى ئادا قىلىپ، زاكاتنى بەرگەن ھالەتتە دۇنيادىن كەتكەن بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغان ھالەتتە كەتكەن بولىدۇ.»[1]

بۇ مەزمۇن ئاللاھنىڭ بۇ ئايىتىدە بايان قىلىنغان: ﴿وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاء وَيُقِيمُوا الصَّلَاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ وَذَلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ ﴾

﴿ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلىنغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى، نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس، ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر.﴾[2]

ئىنسان قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن چېغىدا قەلبىدىكى ئىخلاسمەنلىكى ئىنتايىن كۈچىيىپ پۈتۈن جىسمىغا ئۆز نۇرىنى چاچىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئۇ ھاۋايى ـ ھەۋەسلەردىن قول ئۈزۈپ، خاتالىقلىرىغا تەۋبە قىلىپ ئاللاھقا تەلپۈنىدۇ، زارە ـ تەزەررۇ قىلىدۇ، رەھىم قىلىشنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدۇ. قۇرئان كەرىم ئىنساننىڭ تېڭىرقاپ قالغان چېغىدا ئاللاھنىڭ ئۆزىنى مۈشكۈلاتتىن قۇتقۇلدۇرۇپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىپ پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئاللاھقا تۆۋەندىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن:

﴿قُلْ مَن يُنَجِّيكُم مِّن ظُلُمَاتِ الْبَرِّ وَالْبَحْرِ تَدْعُونَهُ تَضَرُّعاً وَخُفْيَةً لَّئِنْ أَنجَانَا مِنْ هَـذِهِ لَنَكُونَنَّ مِنَ الشَّاكِرِينَ ❖ قُلِ اللّهُ يُنَجِّيكُم مِّنْهَا وَمِن كُلِّ كَرْبٍ ثُمَّ أَنتُمْ تُشْرِكُونَ﴾

[1] ئىمام ئىبنى ماجە.
[2] سۈرە بەييىنە: 5



www.munber.org



﴿(ئى مۇھەممەد! بۇ كۇففارلارغا ئېيتقىنكى، ‹قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرى (يەنى بالايى ـ ئاپەتلىرى) دىن سىلەرنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ (بۇ قاراڭغۇلۇقلارنى كۆرگەن چېغىڭلاردا) ئەگەر ئاللاھ بىزنى بۇنىڭدىن قۇتقۇزسا چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز، دەپ ئاللاھقا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىلتىجا قىلىسىلەر› ئېيتقىنكى، ‹(يالغۇز) ئاللاھ سىلەرنى ئۇلاردىن ۋە بارلىق غەمدىن قۇتقۇزىدۇ، ئاندىن سىلەر (بۇنى) تونۇغۇنۇڭلاردىن كېيىن، ئىمان ئېيتماي ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىسىلەر›﴾[1]

كىشىلەر دۇچار بولىدىغان قىيىنچىلىقلار كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان بولغاچقا ئۇلاردىكى بۇنداق چىن ئىخلاسمەنلىك ئۇزۇنغا بارمايدۇ. ھالبۇكى بۈيۈك ئاللاھ ئۇلاردىن ئۆزىنى ھەقىقىي تونۇشىنى، مەيلى ئاشكارا ياكى مەخپىي بولسۇن لايىقىدا قەدىرلىشىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويماي ئىخلاسمەنلىكىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە سىڭدۈرۈشىنى، قىلغان ئىشلىرىدا ئاللاھنىڭ غەيرىنى كۆزلىمەسلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىنساندىكى شەخسىيەتچىلىك، ماختانچاقلىق، مەنسەپپەرەسلىك، شۆھرەتپەرەسلىك، مەغرۇرلۇق، ماختاشقا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىش خاھىشلىرى ھەربىر قېتىم قوزغىلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئىخلاسمەنلىكنىڭ ھارارىتى ئاستا ـ ئاستا پەسىيىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا بولغان ئىخلاسمەنلىك، چىن ئېتىقادنى يېڭىلاپ تۇرۇش لازىم. چۈنكى ئاللاھ ئارلاشمىلاردىن خالىي بولغان ساپ، ئىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ﴿أَلَا لِلَّهِ الدِّينُ الْخَالِصُ﴾ «بىلىڭلاركى، (شېرىكتىن ۋەرىيادىن) ساپ دىن ئاللاھقا خاستۇر.»[2]

[1] سۈرە ئەنئام: 63- 64
[2] سۈرە زۇمەر: 3



www.munber.org

خۇددى پىشقان مېۋىنى شىرىنلىك، يېڭى ھالەتتە ساقلاش زۆرۈر بولغىنىدەك، ئەخلاقى - پەزىلەتنىمۇ تۇرلۇك ئايەتلەردىن ساقلاپ پاك تۇتۇش تولىمۇ زۆرۈر.

ئىسلام دىنى ياخشى ئىشلارغا رىياخورلۇقنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىنى بەك يامان كۆرىدۇ. ئۇنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا شېرىك كەلتۈرگەنلىك دەپ ھېسابلايدۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ رىياخورلۇق بارلىق ئىشلىرىمىزنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىدۇ، ئەگەر ئۇ ھەرقايسى باسقۇچلار ۋە تەرەققىيات دەۋرلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزسە، خۇددى يۇقۇملۇق كېسەللىك جاراھەتلىرى ئۆسۈپ تەرەققىي قىلغانغا ئوخشاش بىر خىل بۇتپەرەسلىككە ئايلىنىپ ئاخىرى كىشىنى دوزاخقا تاشلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئازغىنە رىيامۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر، ئاللاھنىڭ ئەۋلىيالىرى ۋە دوستلىرىنى دۈشمەن تۇتقانلار ئاللاھ بىلەن ئوچۇق - ئاشكارا قارشىلاشقانلاردۇر، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ قەلبلىرى ھىدايەت چىراقلىرىغا ئايلانغان، كەتسە ئىزدەلمەيدىغان، كەلسە تونۇلمايدىغان، ئاللاھقا يوشۇرۇن، خالىس ئىبادەت قىلىدىغان تەقۋادار، ياخشى بەندىلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ.»①

ئىبنى ئابباستىن بايان قىلىنىشىچە بىر ئادەم: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، مەن بىر ئىشنى قىلسام ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىمەن، قىلغىنىمنىڭ كۆرۈلۈشىنى ئارزۇ قىلىمەن؟» دەپ سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بەرمىگەن كېيىن بۇ ئايەت نازىل بولغان: ﴿فَمَن كَانَ يَرْجُو لِقَاء رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَالِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا﴾

① ھاكىم.



www.munber.org



﴿كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (يەنى ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن) ياخشى ئىش قىلسۇن، پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن.﴾①

ئىسلام دىنىنىڭ رىياخورلۇق ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان تۈرلۈك ئىللەتلەرگە بۇنچىلىك دەرىجىدە كۈچلۈك قارشى تۇرۇشى شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇ ئېغىر ئازغۇنلۇق، ھاۋايى - ھەۋەسلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى تۈيۈق يولدىن ئىبارەت. ئاشكارا رەزىللىك جىنايەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، جەمئىيەتكە جىنايەتنى تارقىتىدىغان بولغاچقا خەلق ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ، قارشى تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزگۈچى ئۆزىنىڭ يامانلىقنى ھېس قىلىپ بۇگۈن ياكى ئەتە گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ يېتىشى مۇمكىن. ئەمما تائەت - ئىبادەت تونىغا ئورالغان رەزىللىك شۇ كىشى ۋە پۈتۈن جەمئىيەت ئۈچۈن گۇناھ ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپمۇ ئاللاھنى رازى قىلىۋاتىمەن دەپ ئويلايدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى قانداقمۇ ھېس قىلالىسۇن؟!

جەمئىيەتنىڭ بىلىملىك كىشىلەرنىڭ مۇناپىقلىقىدىن تارتىدىغان زىيىنى جىنايەتكە ئادەتلەنگەن ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ مۇناپىقلىقىدىن تارتىدىغان زىيىنىدىن كۆپ بولىدۇ، چۈنكى ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ ئىخلاسمەنلىكى ۋە ئىمان - ئېتىقادىنىڭ سۇسلاپ كېتىشى دۆلەتنى بىلىملىك كىشىلىرى بار تۇرۇپ بەختسىزلىكنىڭ دەردىنى تارتىدىغان، چېكىنىپ كېتىدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىلىمنى ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ نىجاسەتلىرى بىلەن بۇلغاش بىلىمنىڭ مەرتىۋىسىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزگەنلىك، قىممىتىنى چۈشۈرۈشكە قەستەن ئۇرۇنغانلىق بولۇپ، ئىخلاسمەنلىك، ئېتىقادىنىڭ يوقالغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدىغان يەنە بىر گۇناھدۇر. قىلغان ئىشى بىلەن ئادەملەرنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ پەرۋەردىگارنىڭ رازىلىقىنى ئۇنتۇغان ئادەم دۆتلىكىدىن ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيۋاتقان، بۇيۇك، سېخىي، ھەممىدىن بىھاجەت، ھەممىدىن قۇدرەتلىك بولغان زاتتىن يۈز ئۆرۈپ ھېچنەرسىگە

① سۈرە كەھف: 110



www.munber.org

ئىقتىدارى يەتمەيدىغان، ئاجىز، كەمبەغەل ئىنسانغا يۈزلىنىۋاتقان ئادەمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ شەكسىز بولغان قىيامەت كۈنىسى ئىلگىركىلەرنى ۋە كېيىنكىلەرنى بىر يەرگە جەملىگەن چېغىدا بىر نىدا قىلغۇچى ‹كىمكى قىلغان ئىشلىرىدا ئاللاھقا بىرەرسىنى شېرىك كەلتۈرگەن بولسا شۇنىڭدىن ساۋاب ئىزدىسۇن، چۈنكى ئاللاھ شېرىكتىن ئەڭ بىھاجەتتۇر› دەپ نىدا قىلىدۇ.»[1]

❖ ❖ ❖

غازات قىلغۇچىلار ئۆزىنىڭ جىھادىنى ھەرخىل خاھىشلاردىن پاكلىشى، پۈتۈن نىيەت مەقسىتى ئاللاھ يولىدا ئۆزىنى پىدا قىلىپ شېھىت بولۇشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھايات ـ ماماتىنى مۇقەددەس مەجبۇرىيەتكە ئاتىغان كىشىلەر بولۇپ، ھەرقانداق نام ـ ئاتاق، مەرتىۋە مەنسەپتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمروبىنىل ئاس ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ماڭا جىھاد ۋە غازات توغرىسىدا سۆزلەپ بەرسىلە؟ دېسەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ‹ئى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر، ئەگەر سەن ئاللاھ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ جاپاغا چىداپ جىھاد قىلساڭ ئاللاھ سېنى ئەنە شۇنداق ھالەتتە تىرىلدۈرىدۇ، ئى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر: سەن قانداق مەقسەتتە ئۇرۇش قىلغان بولساڭ ياكى قەتلى قىلىنغان بولساڭ، ئاللاھ سېنى ئاشۇنداق ھالەتتە قايتا تىرىلدۈرىدۇ.»[2] دېدى.

❖ ❖ ❖

خىزمەتچى دۆلەت مەنپەئەتى ۋە ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن يېزىشى، ھېسابلىشى، تەپەككۇر قىلىشى، جاپا چېكىشى، خىزمەت قىلىشى لازىم.

[1] ئىمام تىرمىزى.
[2] ئەبۇ داۋۇد.

www.munber.org





ھايۋان يەم ـ خەشەك يېيىش بەدىلىگە كۈن بويى جاپا تارتىدۇ، ئىنسان بەزىدە پەقەت ئىش ھەققى ئېلىش ئۈچۈنلا ئىشلەپ ئۆزىنىڭ قەدىر قىممىتىنىڭ مېۋىسىنى ھايۋان دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئەمما ئەقىل ئىگىسى ئۆزىنىڭ تەپەككۇر ۋە تىرىشچانلىقىنى ئۇلۇغۋار ھالەتتە ئۇلۇغۋار ئىشلارغا بېغىشلايدۇ.

ئەپسۇسكى نۇرغۇن خىزمەتچىلەر پۇل تېپىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، يۇقىرىغا ئۆرلەشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ، ئۇلار دىنى ۋە دۇنياسىنى ئەنە شۇ رامكا ئىچىگە كىرگۈزىۋالغان، خۇشال بولۇشى ياكى نارازى بولۇشى، بوششىشى ياكى تېتىكلىشىشىنى ئەنە شۇ داۋالغۇپ تۇرىدىغان تارازا بىلەن ئۆلچەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئاخىر زامان بولغاندا يەنى قىيامەت كۈنىدە ئادەملەر ئۈچ پىرقىگە بۆلۈنىدۇ، بىر گورۇھى ئاللاھقا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلغان كىشىلەردۇر، يەنە بىر گۇرۇھى ئاللاھقا رىياخورلۇق بىلەن ئىبادەت قىلغان كىشىلەردۇر، يەنە بىر گۇرۇھى كىشىلەردىن پايدا ئېلىش ئۈچۈن قىلغان ئىبادەتتۇر، ئاللاھ كىشىلەردىن پايدا ئېلىش ئۈچۈن ئىبادەت قىلغان گۇرۇھنى بىر يەرگە جەملەپ: ‹مېنىڭ غالىپلىقىم ۋە بۈيۈكلۈكۈم بىلەن قەسەمكى، سىلەر ماڭا ئىبادەت قىلىشتىن نېمىنى مەقسەد قىلدىڭلار؟› دەپ سورايدۇ، ئۇلار: ‹سېنىڭ غالىپلىقىڭ ۋە بۈيۈكلۈكۈڭ بىلەن قەسەمكى بىز ساڭا ئىبادەت قىلىشتىن كىشىلەرگە كۆز ـ كۆز قىلىپ رىيانى مەقسەت قىلغان ئىكەنمىز› دەپ جاۋاب بېرىدۇ، بۇ چاغدا ئاللاھ ‹سىلەرنىڭ ھېچقانداق ئەمەللىرىڭلار قوبۇل(ئىبادىتىڭلار) قىلىنمىدى، ئۇنى دوزاخقا ئېلىپ بېرىڭلار دەيدۇ› ئاندىن كېيىن ئاللاھ ئۆزىگە خالىس ئىبادەت قىلغان كىشىلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ مېنىڭ غالىپلىقىم ۋە بۈيۈكلۈكۈم بىلەن قەسەمكى سىلەر ماڭا ئىبادەت قىلىش بىلەن نېمىنى مەقسەت قىلدىڭلار› دەپ سورايدۇ، ئۇلار: ‹سېنىڭ غالىپلىقىڭ ۋە بۈيۈكلۈكۈڭ بىلەن قەسەمكى كىمنى ئىرادە قىلغانلىقىمىزنى سەن ياخشىراق بىلىسەن، بىز ئۇ ئىبادەت بىلەن سېنى ياد ئېتىشنى ۋە سېنى رازى قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئىدۇق› دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ، بۇ چاغدا

www.munber.org

ئاللاھ: ‹بەندەم راست ئېيتتى، ئۇلارنى جەننەتكە ئېلىپ بېرىڭلار› دەيدۇ»[①]

❖ ❖ ❖

ئىلىم ـ مەرىپەت، پەن ـ مەدەنىيەت ساھەسىدە چوڭقۇر ئىخلاس، ساپ ئەقىدىنىڭ بولۇشى تولىمۇ زۆرۈر، چۈنكى ئىلىم بولسا ئاللاھ بەندىلىرى ئىچىدىكى ئۇلۇغلىرىنى شەرەپكە ئېرىشتۈرگەن ئەڭ ئېسىل خىسلەتتۇر، ئۇنىڭغا يامان غەرەزلەر ئارىلىشىپ قالسا بەكمۇ سەت بولىدۇ، دۇنيا ئېسىل ئەخلاقنى يوقاتقان ئالىملىرىنىڭ قولىدائىغىر ھەرەج تارتقان!

ئىسلام دىنى مەيلى ئۇستازلىرىدىن بولسۇن ياكى تالىپلىرىدىن بولسۇن پۈتۈن مەۋجۇدنى ئىلىمگە بېغىشلاشنى ھەممىدىن ئاۋال كۆڭۈللىرىگە بۈيۈك غايە ۋە خەلق مەنپەئەتىنى پۈكۈشنى تەلەپ قىلغان، پەقەت پۇل ـ مالغا ئىگە بولۇش، شەخسىي مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆگىنىش ياكى ئۆگىتىش خۇددى بۇگۇنكى نەچچە مىڭلىغان كىشىلەرگە ئوخشاش ئىلىمنىڭ قىممىتىنى يەرگە ئۇرغانلىق، ئۇنىڭ ئاكتىپ رولىنى يوقاتقانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئىسلامغا پايدىلىق بولغان بىرەر ئىلىمنى دۇنيا تېپىش ئۈچۈن ئۆگەنسە، قىيامەت كۈنىسىدە جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ.»[②]

ئىسلام دىنى يەنە ئىلىمنى ئۆگىنىپ كامالەتكە يەتكەندىن كېيىن ئۇنى كىشىلەرگە كۆز ـ كۆز قىلىشنى ۋە مەغرۇرلىنىش ۋاستىسى قىلىۋېلىشنى يامان كۆرىدۇ، ھەدىستە شۇنداق دېيىلگەن: «ئىلىمنى ئالىملارغا كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن جېدەللىشىش ئۈچۈن،

① تەبرانىي.
② ئىمام ئەبۇداۋۇد.



www.munber.org



مەجلىسلەردە ئۆزۈڭلارنى چوڭ تۇتۇش ئۈچۈن ئۆگەنمەڭلار، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن دوزاخقا دۇچار بولىدۇ.»[①]

ئىلىم دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك پەنلىرى شۇنچە كۆپ بولسىمۇ پەقەت پەس غەرەزلەردىن خالىي بولۇپ، ھەقىقىي ئىشلار بىلەن ئۆگىنىش ئارقىلىقلا تەرەققىي قىلغان ۋە بۈگۈنكىدەك سەۋىيىگە يېتەلىگەن. بۇ ھەرگىزمۇ ئالىملار ۋە ئۆگەنگۈچىلەر تۈرمۈش مۇشەققەتلىرىنى قەستەنگە باشتىن ئۆتكۈزسۇن قىيىن مۇشكىلاتلارغا ئۆزىنى دۇچار قىلسۇن دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى، نىيەتنى ساپ قىلىش ھەرگىزمۇ ئىخلاس قىلغۇچىنى چاپاغا سېلىشنى ئۇنى ئەزىيەتكە بەرداشلىق بەرگۈزۈشنى تەلەپ قىلمايدۇ.

ئىخلاسمەنلىكنى يوقىتىشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئىللەتلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ ئېغىرلاشسا ئىماننى بەربات قىلىدۇ. ئاجىز بولسا شەيتان ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئىنساننى ئازدۇرىدۇ.

ئاللاھ پەقەت مال ـ مۈلۈك ۋە مەنسەپكەچوقۇنغۇچىلاردىن ئىبارەت بولغان غەرەزلىك كىشىلەر ۋە رىياخورلاردىن نارازى بولىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلاردىن چوقۇم تۈرلۈك غەرەزلىرى، ئالاقىلىرى ۋە ھەۋەسلىرىنى ئاللاھ يولىدا قۇربان قىلىش، بۇلارنى دەپ ئاللاھ رازىلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ.

فىرئەۋننىڭ سېھىرگەرلىرىنىڭ قەلبلىرىگە چىن ئىشەنچ، ئالىي ئېتىقاد ۋە ساپ ئىخلاس چوڭقۇر ئورنىغانلىقى ئۈچۈن كۈشكەرتىشلەرنى رەت قىلدى. تەھدىت سېلىشلارنى كۆزگە ئىلمىدى. مال ـ مەنسەپكە بېرىلىشنى چەيلەپ تاشلىۋەتتى ۋە زالىم پادىشاھقا:

﴿فَاقْضِ مَا أَنتَ قَاضٍ إِنَّمَا تَقْضِي هَذِهِ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا ❖ إِنَّا آمَنَّا بِرَبِّنَا لِيَغْفِرَ لَنَا خَطَايَانَا وَمَا أَكْرَهْتَنَا عَلَيْهِ مِنَ السِّحْرِ وَاللَّهُ خَيْرٌ وَأَبْقَى﴾

① ئىمام ئىبنى ماجە.



www.munber.org

﴿بىزنىڭ ھەققىمىزدە ھۆكۈم قىلساڭ شۇنى ھۆكۈم قىلغىن. سېنىڭ ھۆكمىڭ پەقەت بۇ دۇنيادىلا ئۆتىدۇ. بىزنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى، سېنىڭ مەجبۇرلىشىڭ ئارقىسىدا بىزنىڭ سېھرى كۆرسەتكەنلىكىمىزدىن ئىبارەت گۇناھىمىزنى مەغفىرەت قىلىنىشى دەپ بىز ھەققەتەن پەرۋەردىگارىمىزغا ئىمان ئېيتتۇق. ئاللاھنىڭ (ساۋابى سېنىڭ مۇكاپىتىڭدىن) ئارتۇقتۇر. ئاللاھنىڭ (ئازابى سېنىڭ جازايىڭدىن) دائىمدۇر﴾[1] دېدى.

ئاللاھ رىزالىغى ئۈچۈن دۇنيانى قۇربان قىلىدىغان كىشىلەر بىلەن دىنىنى بىرەر كىشىگە يېقىنچىلىق قىلىش ياكى ئازغىنە مەنپەئەتكە ئېرىشىشىنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالغان كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نېمىدېگەن چوڭ!

[1] سۈرە تاھا: 72-73



www.munber.org



## گەپ سۆزدە ئەدەبلىك بولۇش

سۆزلەشتىن ئىبارەت بۇ ئىنئام ئاللاھ ئىنسانغا ئاتا قىلغان، شۇ ئالاھىدىلىك ئارقىلىق باشقا كائىناتلاردىن شەرەپلىك قىلغان ئەڭ چوڭ نېئمەتتۇر.

﴿الرَّحْمَنُ ❖ عَلَّمَ الْقُرْآنَ ❖ خَلَقَ الْإِنسَانَ ❖ عَلَّمَهُ الْبَيَانَ﴾

﴿مېھرىبان ئاللاھ قۇرئاننى تەلىم بەردى. (ئۇنى ھىفزى قىلىشنى ۋە چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى) ئىنساننى ياراتتى. ئۇنىڭغا (مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن) سۆزلەشنى ئۆگەتتى﴾[1] ئىنئام قانچە چوڭ بولسا قەدرىگە شۇنچە يېتىشكە، شۇنچە شۈكرى تەشەككۇر ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ. تۇزكورلۇق قىلىش شۇنچە سەت بولىدۇ.

ئىسلام دىنى سۆزلەشتىن ئىبارەت بۇ نېئمەتتىن قانداق پايدىلىنىش، كۈنىگە توختىماي ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان بۇ تىلنى قانداق قىلىپ ياخشى يولغا ئىشلىتىشنى بايان قىلىپ بەردى. نۇرغۇن كىشىلەر توختىماي سۆزلەيدۇ ـ يۇ، دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ باقىدىغان بولسىڭىز، كۆپ قىسمى پىچەك ياكى ياۋا سۆزلەردىن ئىبارەت. ئاللاھ تىللىرىمىزنى ئېغىزلىرىمىزغا ھەرگىزمۇ مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئەمەس.

﴿لاَّ خَيْرَ فِي كَثِيرٍ مِّن نَّجْوَاهُمْ إِلاَّ مَنْ أَمَرَ بِصَدَقَةٍ أَوْ مَعْرُوفٍ أَوْ إِصْلاَحٍ بَيْنَ النَّاسِ وَمَن يَفْعَلْ ذَلِكَ ابْتَغَاء مَرْضَاتِ اللّهِ فَسَوْفَ نُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا﴾

﴿ئۇلارنىڭ يۇشۇرۇن سۆھبىتىنىڭ تولىسىدا خەيرىيەت يوقتۇر. پەقەت سەدىقىغە ياكى ياخشىلىققا ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە ئەمر قىلغان كىشىلەر (نىڭ يۇشۇرۇن سۆھبىتى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كىمكى ئۇ

[1] سۈرە رەھمان: 1-4



www.munber.org

(ئىش) لارنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا ـ قىلىمىز.﴾[1]

ئىسلام دىنى سۆزنىڭ تېمىسى ۋە ئۇسلۇبىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ، چۈنكى گەپ ـ سۆز شۇ ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە خاراكتېرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. جامائەتنىڭ سۆز ئۇسلۇبىغا قاراپ ئۇلارنىڭ ئومۇمى سەۋىيەسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ئۇلار ياشىغان مۇھىتتا ئەخلاقى پەزىلەتنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

سۆزلەشتىن ئاۋال سۆزلەشنىڭ زۆرۈرىيىتىنىڭ بار ـ يوقلىقىغا قاراش زۆرۈر بولسا سۆزلەش كېرەك، بولمىسا جىم تۇرغان ياخشى، زۆرۈر بولمىسا جىم تۇرۇش ئەجىر كۆپ ئىبادەتتۇر، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئۇنىدىن باشقا ھېچ مەبۇدى بەرھەق بولمىغان زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، يەر يۈزىدە جىم تۇتۇشقا تېگىشلىك تىلدىن باشقا يەنە بىر نەرسە بولمىسا كېرەك!»[2]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «ئەڭ ياخشى بەش ئىش بار: زۆرۈر بولمىسا سۆزلىمىگىن، چۈنكى بۇنداق سۆز ئارتۇق سۆزدۇر، ساڭا گۇناھ يۈكلىشى مۇمكىن، لايىقىدا سۆزلىگىن چۈنكى نۇرغۇن كىشىلەر سۆزلەشكە تېگىشلىك بولمىغان سورۇندا دېيىشكە تېگىشلىك بولمىغان گەپنى دەپ قويۇپ ئۆزىگە ئەيىب كەلتۈرۈۋالىدۇ، ياۋاش، نادان ئادەم بىلەن جېدەل مۇنازىرىلەشمىگىن، چۈنكى بۇ ياۋاش بىلەن مۇنازىرە قىلساڭ سېنى يامان كۆرۈپ قالىدۇ، نادان ساڭا ئازار بېرىدۇ، قېرىندىشىڭ يوق بولغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ سېنى قانداق يوسۇندا ئەسلەپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلساڭ سەنمۇ ئۇنى شۇنداق يوسۇندا ئەسلەپ تۇرغىن، ئۇنىڭ سېنى ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىد قىلغىنىڭغا ئوخشاش سەنمۇ ئۇنى ئەپۇ قىلغىن، ياخشى ئىشلارغا چوقۇم مۇكاپات بېرىلسە يامان

[1] سۈرە نىسا: 114
[2] تەبرانىي.



www.munber.org



ئىشلارنىڭ جازاسىنى تارتىمىز دەپ ئويلايدىغان كىشىنىڭ ئىشىنى قىلغىن.»[1]

مۇسۇلمان پەقەت ئۆزىنىڭ تىلىنى تىزگىنلەپ، ئۆزىنى باشقۇرالىسا جىم تۇرۇشقا تېگىشلىك ئورۇنلىرىدا سۈكۈت قىلىپ، سۆزلەشكە تېگىشلىك ئورۇنلاردا سۆزلىيەلىسە ئاندىن كېيىن يۇقىرىقى ھەدىستە دېيىلگەن تەلىماتلارنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ، ئەمما تىلىنىڭ خاھىشى بويىچە ئىش كۆرىدىغان ئادەم ئاخىرى ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ.

❖ ❖ ❖

كۆپ سۆزلىگەن ئادەم كۆپ خاتالىشىدۇ، سورۇننىڭ تۆرىگە چىقىۋېلىپ توختىماي قۇمدەك سۆزلەۋەرسە ئاڭلىغۇچىلار گېپىنى تۈگىمەيدۇ دەپ ئويلاپ دېگەنلىرىنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

ئادەم زېھنىنى يىغماقچى، قىلماقچى بولغان ئىشلىرى ئۈستىدە ئويلانماقچى بولسا سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇپ تەپەككۇر قىلىدۇ. بەلكى كۆپ ۋاقىتلاردا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ مۇھىتتىن ئايرىلىپ چەت يېزىلارغا ياكى باشقا خالى ئورۇنلارغا بېرىپ ئۆزى توغرىسىدا تەپەككۇر يۈرگۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى سۈكۈت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ، ھەم ئۇنى ئۆزىنى تەربىيىلەشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاسىتىسى دەپ قارايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىلغان نەسىھەتلىرىدىن بىرى شۇكى: «سۈكۈتنى كۆپ قىلغىن، چۈنكى بۇنداق قىلىش شەيتاننى قوغلاپ دىنى ئىشلىرىڭغا ياردەم بېرىدۇ»[2] دېگەن.

توغرا، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىلگەن تىل شەيتاننىڭ قولىدىكى چۇلۋۇر بولۇپ، ئىنساننى خالىغانچە باشقۇرىدۇ، قانداق بىر ئادەم تىلىغا ئىگە بولمىسا ئىغىزى قەلبىنى بۇلغايدىغان، غەپلەت پەردىلىرىنى تېخىمۇ

[1] ئىبنى ئەبۇ دۇنيا.
[2] ئىمام ئەھمەد.



www.munber.org

ھەسسىلەپ قىلىنلاشتۇرۇۋېتىدىغان تاشلاندۇقلارنىڭ كىرىش ئېغىزىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قەلب دۇرۇس بولمىغۇچە ئىمان دۇرۇس بولمايدۇ، تىل دۇرۇس بولمىغۇچە قەلب دۇرۇس بولمايدۇ»[①]

مەزكۇر دۇرۇسلۇقنىڭ بىرىنچى باسقۇچى مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق، سورالمىسا جاۋاب بەرمەسلىكتىن ئىبارەت. «مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق ئادەمنىڭ ئىمانىنىڭ ياخشىلىقىدۇر.»[②]

❖ ❖ ❖

بىھۇدە سۆزلەردىن يىراق تۇرۇش ئاخىرەتتىكى نىجاتلىقنىڭ ئاساسلىرىنىڭ بىرى، پىششىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ بىرىدۇر. قۇرئان كەرىمدە بىھۇدە سۆزلەردىن يىراق تۇرۇش بولسا ناماز، زاكاتتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ پەرز ئىبادەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۆزلەنگەن:

﴿قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ ❖ الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ ❖ وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ ❖ وَالَّذِينَ هُمْ لِلزَّكَاةِ فَاعِلُونَ﴾

﴿مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى، (شۇنداق مۆئمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۇر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر، ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر، ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر.﴾[③]

ئەگەر پۈتۈن دۇنيا بىرلىشىپ كىشىلەرنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋاتقان بىھۇدە گەپ سۆز ۋە ئىشلارنى ستاتىستىكا قىلىپ كۆرىدىغان بولسا كۆزلەرنى جەلپ قىلىۋاتقان، قۇلاقلار مايىل بولىۋاتقان، كەڭ تارقالغان

---

① ئىمام ئەھمەد.
② ئىمام تىرمىزى.
③ سۈرە مۆئمىنۇن: 1-4



www.munber.org



ھېكايە - رومانلار، مەشھۇر گېزىت - ژۇرناللار، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاڭلىتىشلىرى ۋە لېكسىيەلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمىغان بىھۇدە گەپ - سۆز ۋە ئىشلار ئىكەنلىكىنى بايقىغان ۋاقىتلىرىدا ئەلۋەتتە ھەيران قالغان بولاتتى!

ئىسلام دىنى بىھۇدە گەپ - سۆز ۋە قىلمىشلارنى ھارام قىلدى. چۈنكى ئۇ تېتىقسىزلىقلار، پەس ئىشلارنى يامان كۆرىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت بۇنداق گەپ سۆز ۋە قىلمىشلار ئىنساننىڭ يارىلىشىدىكى مەقسەت - تىرىشىش، ئۇنۇم يارىتىشنىڭ غەيرىگە ئۆمۈرنى زايە قىلغانلىقىدۇر.

ئىنساننىڭ ئاللاھ دەرگاھىدىكى دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ئۇنىڭ بىھۇدە گەپ - سۆز ۋە قىلمىشلاردىن پاكلىنىشىغا قاراپ بولىدۇ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم ۋاپات بولغان ئىدى، يەنە بىر ئادەم (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاڭلاپ تۇراتتى): ‹ئاللاھ جەننەتنى ئاتا قىلغاي› دېدى، بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹بىلمەمسەن؟ ئۇ بىھۇدە گەپ قىلىپ قويغان بولۇشى ياكى قولىدا بار تۇرۇپمۇ بېخىللىق قىلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن› دېدى.»[①]

بىھۇدە گەپ قىلغۇچى دېگەنلىرى توغرىسىدا تەپەككۇر يۈرگۈزمەيدىغان بولغاچقا كەلسە - كەلمەس سۆزلەيدۇ. بەزىدە ھازىرسى ۋە كەلگۈسىنى بىراقلا ۋەيران قىلىدىغان گەپلەرنىمۇ قىلىشى مۇمكىن، «كۆپ سۆزلەيدىغان ئادەم خاتا سۆزلەيدۇ.» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار. شائىر مۇنداق دەيدۇ:

«يىگىت پۇتىنىڭ تېيىپ كېتىشى بىلەن ئەمەس بەلكى تىلىنىپ تېيىپ كېتىشى بىلەن ھالاك بولىدۇ.»

ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «بەندە سورۇندىلەرنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن قىلغان بىر ئېغىز سۆزى تۈپەيلى ئاسمان بىلەن زېمىنىنىڭ ئارىلىقىدىنمۇ

---

① ئىمام تىرمىزى.



www.munber.org

چوڭقۇر بولغان ھاڭغا چۈشۈپ كېتىدۇ، پۈت ئازغۇنلۇقىدىن تىل ئازغۇنلۇقى ئېغىرراقدۇر!»①

❖ ❖ ❖

ياخشى سۆزلەش، تىلنى ياخشى سۆزگە ئادەتلەندۈرۈش لازىم، چۈنكى كۆڭۈلدىكىنى ياخشى ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش ئىسىل ئەخلاق بولۇپ، ئاللاھ بارلىق دىيانەت ئەھلىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ماختىغان، مۇسا ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئېلىنغان ئەھدە چىرايلىق سۆزلەشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق بايان قىلىنغان:

﴿«وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَاقَ بَنِي إِسْرَائِيلَ لاَ تَعْبُدُونَ إِلاَّ اللّهَ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَاناً وَذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَقُولُواْ لِلنَّاسِ حُسْناً وَأَقِيمُواْ الصَّلاَةَ وَآتُواْ الزَّكَاةَ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلماسلىقتا، ئاتا - ئانىغا، خىش - ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، ناماز ئۆتەشكە، زاكات بېرىشكە ئەھدە ئالدۇق.﴾②

مەيلى دوست بولسۇن ياكى دۈشمەن بولسۇن چىرايلىق سۆزلەشنىڭ پايدىسى ناھايىتى كۆپ، دوستلارغا چىرايلىق سۆز قىلغاندا دوستلۇقنى قوغداپ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ، شەيتاننىڭ ھىيلە ئىشلىتىپ دوستلار ئارىسىغا ئارازلىق سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ:

﴿وَقُل لِّعِبَادِي يَقُولُواْ الَّتِي هِيَ أَحْسَنُ إِنَّ الشَّيْطَانَ يَنزَغُ بَيْنَهُمْ إِنَّ الشَّيْطَانَ كَانَ لِلإِنْسَانِ عَدُوًّا مُّبِينًا﴾

① بەيھەقى.
② سۈرە بەقەرە: 83



www.munber.org



﴿بەندىلەرگە ئېيتقىنكى، ئۇلار ياخشى سۆزلەرنى قىلسۇن، شۈبھىسىزكى شەيتان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پىتنە قوزغايدۇ. شەيتان ئىنسانغا ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر.﴾①

شۈبھىسىزكى، شەيتان ئىنساننى داۋاملىق مارىلاپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك سېلىپ ئاددى تالاش - تارتىشتىن قانلىق جەڭ تۇرغۇزماقچى بولىدۇ، بۇ جەڭنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا چىرايلىق سۆز ئەڭ ياخشى رول ئوينايدۇ.

دۈشمەنلەرگە چىرايلىق سۆز قىلغاندا ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىك ئوتىنى ئۆچۈرۈپ غەزىپىنى پەسەيتكىلى، ئاز دېگەندىمۇ يامانلىقىنىڭ تەرەققىي قىلىپ يالقۇنجاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ:

﴿وَلَا تَسْتَوِي الْحَسَنَةُ وَلَا السَّيِّئَةُ ادْفَعْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ فَإِذَا الَّذِي بَيْنَكَ وَبَيْنَهُ عَدَاوَةٌ كَأَنَّهُ وَلِيٌّ حَمِيمٌ﴾

﴿ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستتەك بولۇپ قالىدۇ.﴾②

كىشىلەرنى ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا مۇلايىم سۆزلەشكە ئادەتلەندۈرۈش توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر كىشىلەرنى پۇل مال بىلەن ئۆزۈڭلارغا مايىل قىلالمايسىلەر، ئۇلارنى خۇش چىراي ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن مايىل قىلىڭلار.» بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەت گەپ بىلەن بەرگەندىن چىرايلىق گەپ بىلەن بەرمىگەن ياخشى دەيدۇ.

﴿قَوْلٌ مَّعْرُوفٌ وَمَغْفِرَةٌ خَيْرٌ مِّن صَدَقَةٍ يَتْبَعُهَآ أَذًى وَاللّهُ غَنِيٌّ حَلِيمٌ﴾

① سۈرە ئىسرا: 53
② سۈرە فۇسسىلەت: 34



www.munber.org

﴿ياخشى سۆز ۋە كەچۈرۈش كېيىن ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر، ئاللاھ (بەندىلەرنىڭ سەدىقىسىدىن) بىھاجەتتۇر، ھەلىمدۇر. (يەنى ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ.)﴾[1]

ياخشى سۆز تۈرلۈك ياخشى ئىشلار ۋە پەزىلەتلەر قاتارىدىكى ئېسىل خىسلەت بولۇپ ئىنساننى ئاللاھ رازىلىقىغا نېسىپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەڭگۈلۈك نېئمەت يېزىلىدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ‹مېنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان بىر ئەمەلنى ئۆگىتىپ قويسىلا› دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹تائام بەرگىن، سالامنى كۆپ قىلغىن، كىشىلەر ئۇخلاۋاتقان مەزگىلدە ناماز ئوقۇغىن، جەننەتكە ساق ـ سالامەت كىرەلەيسەن.› دېدى.»[2]

ئاللاھ بىزلەرنى باشقا دىنىدىكىلەر بىلەن بولغان گەپ ـ سۆز ۋە مۇنازىرىدە چىرايلىق بولۇشقا، قوپاللىق قىلماسلىققا، ئىنكار قىلماسلىققا، پەقەت گۇناھكار بىرەر ئادەم بىزگە زۇلۇم قىلغاندىلا ئۇنىڭ زۇلمىنى توسۇشقا بۇيرىدى: «ئەھلى كىتاب بىلەن پەقەت چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلىشىڭلار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغۇچىلار ۋە فىدىيە بېرىشتىن باش تارتقۇچىلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا.»

ئۇلۇغۋار كىشىلەر يامان گەپ ـ سۆزنى قىلىپ قويۇشتىن ھەر ۋاقىت ئېھتىيات قىلىدۇ. مەيلى نادان ياكى زومىگەر بولسۇن ھەممە ئادەمگە ئېھتىياتچان بولىدۇ.

مالىكنىڭ يەھيا ئىبنى سەئىيتتىن نەقىل كەلتۈرۈپ بايان قىلىنىشىچە ئەيسا ئەلەيھىسسالام يولدا كېتىۋېتىپ بىر چوشقىغا ئۇچراپ قالغان ۋە ئۇنىڭغا «تىنچ ماڭغىن» دېگەندە، ئەتراپتىكىلەر «چوشقىغىمۇ شۇنداق

[1] سۈرە بەقەرە: 263

[2] بەززار.



www.munber.org



دەپ يۇرەمسەن؟» دېگەندە «تىلىمنى يامان ئۆگىتىپ قويۇشىمدىن ئەنسىرەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

❖ ❖ ❖

بەزى كىشىلەر نومۇسسىز، قارا يۈز بولۇپ يامان ئىشلارنى تەپتارتماستىن قىلىدۇ، قىلچىلىك قورۇنۇپ قالمايدۇ، باشقىلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشقىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ، ئۆزىنىڭ ئىپلاس نەپسىنى قاندۇرۇش پۇرسىتى بولسىلا ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىنەزەر ھەرقانداق يامانلىقنى قىلىشتىن يانمايدۇ، ئېسىل كىشىلەر مۇنداق ئادەملەر بىلەن بەس ـ مۇنازىرە قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئىپلاس نەپسىنى قوزغاپ قويۇش چوڭ بۇزۇقچىلىق بولۇپ، ئالدىنى ئېلىش ناھايىتى مۇھىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى نادانلار بىلەن سۇلھى قىلىشنى يولغا قويغان.

بىر قېتىم ئەنە شۇنداق نادان كىشىلەردىن بىرسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا كىرمەكچى بولۇپ تۇرىۋاتقان چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن قايتۇرىۋەتمەكچى بولىدۇ، چۈنكى ئېغىر ـ بېسىقلىق نادانىنىڭ ئېغىزىغا يۈگەن بولۇپ، شۇنداق قىلىشتىن باشقا چارە ـ ئامال يوق، چىرايلىق سۆزلەرنى قىلمىسا ئۇ ئادەمنىڭ ئىپلاس تەبىئىتىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇلىقى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ئىپلاس سۆزلەرنى ئاڭلاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى!

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكى ئالدىدا كىرىشكە ئىزنى سورىغان ئىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىم ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ‹ئۇ بىر ئەسكى ئادەم› دېدى، ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن خۇش چىراي ئېچىپ مۇلايىم سۆزلەر بىلەن قارشى ئالدى، چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەن: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئۇ كىشىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلگەن چاغلىرىدا ئۇ بىر ئەسكى ئادەم دېگەن ئىدىلە، ئەمما ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، خۇش چىراي بىلەن قارشى ئالدىلىغۇ› دەپ سورىدىم،



www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ: ‹ئى ئائىشە مېنىڭ سەت گەپ قىلغانلىقىمنى قاچان كۆرگەن ئىدىڭ؟ شۈبھىسىزكى قىيامەت كۈنىسى ئاللاھنىڭ ئالدىدا مەرتىۋىسى ئەڭ تۆۋەن ئادەم كىشىلەر يامانلىقىدىن قورقۇپ ئارىلاشمىغان ئادەمدۇر› دېدى.[1]

شۇنىڭ ئۈچۈن نادانلار بىلەن سۈلھى قىلىشنى ئاللاھ تائالا بەندىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ دەسلەپكى ئەخلاق سۈپىتىدە بايان قىلغان:

﴿وَعِبَادُ الرَّحْمَنِ الَّذِينَ يَمْشُونَ عَلَى الْأَرْضِ هَوْنًا وَإِذَا خَاطَبَهُمُ الْجَاهِلُونَ قَالُوا سَلَامًا﴾

﴿مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا ئۇلار: ‹سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز› دەيدۇ، (يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ)﴾[2]

﴿وَإِذَا سَمِعُوا اللَّغْوَ أَعْرَضُوا عَنْهُ وَقَالُوا لَنَا أَعْمَالُنَا وَلَكُمْ أَعْمَالُكُمْ سَلَامٌ عَلَيْكُمْ لَا نَبْتَغِي الْجَاهِلِينَ﴾

﴿ئۇلار بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ (يەنى قۇلاق سالماي): ‹بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، بىز نادانلاردىن دوستلۇق تىلىمەيمىز› دەيدۇ﴾[3]

ئادەم بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم ئاچچىقنى يۇتۇۋېلىشى مۇمكىن، ئەمما ئۈچىنچى قېتىمغا بارغاندا چوقۇم پارتلاپ كېتىدۇ، ھالبۇكى پەزىلەتلىك مۇسۇلماننىڭ يامانلىقنىڭ ئەۋج ئېلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تېخىمۇ سەبىرچان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

[1] ئىمام بۇخارى.
[2] سۈرە فۇرقان: 63
[3] سۈرە قەسەس: 55



www.munber.org



سەئىد ئىبنى مۇسەييەپ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى ئارىسىدا ئولتۇراتتى، بىر ئادەم ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا دەخلى تەرۇز قىلىپ ئازار بەردى، ئەمما ئەبۇبەكرى جىم ئولتۇردى، ئىككىنچى قېتىم ئازار بېرىۋىدى يەنە جىم ئولتۇردى، ئۈچىنچى قېتىم ئازار بەرگەندە تاقابىل تۇرۇپ غەلىبە قىلدى، بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئەبۇبەكرى: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، سىلىگە ئازار بەردىمۇ› دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ياق، لېكىن ئاسماندىن بىر پەرىشتە چۈشۈپ ھېلىقى ئادەمنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى يەتكۈزدى، سەن تاقابىل تۇرغاندىن كېيىن پەرىشتە كېتىپ شەيتان ئولتۇردى، شەيتان بار ئورۇندا مېنىڭ ئولتۇرغۇم كەلمىدى› دېدى.[1]

❖ ❖ ❖

نادانلار بىلەن سۈلھى قىلىش پەسلىكنى قوبۇل قىلىش دېگەنلىك بولمايدۇ. ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار، بەلكى ئۇ چېچىلىش، تەنتەكلىك، غەزەبلىنىش ۋە ئىنتىقام ئېلىش خاھىشلىرى ئالدىدا ئېغىر - بېسىق بولۇپ ئۆزىنى كونترول قىلىپ تۇرۇش دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنداق بولمىغاندا ئۇ روھنىڭ گالۋاڭلىقى، خورلۇققا رازى بولىدىغانلىقى ئەقىل ئىگىسى قوبۇل قىلمايدىغان ئىشلارنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بولىدۇ خالاس. قۇرئان كەرىم نادانلار بىلەن سۈلھى قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى پەسلىكنى قوبۇل قىلىشنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان:

﴿لاَّ يُحِبُّ اللّهُ الْجَهْرَ بِالسُّوَءِ مِنَ الْقَوْلِ إِلاَّ مَن ظُلِمَ وَكَانَ اللّهُ سَمِيعًا عَلِيمًا ❖ إِن تُبْدُواْ خَيْرًا أَوْ تُخْفُوهُ أَوْ تَعْفُواْ عَن سُوَءٍ فَإِنَّ اللّهَ كَانَ عَفُوًّا قَدِيرًا﴾

﴿زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىدىن باشقا ‹ھەرقانداق كىشىنىڭ) ئاشكارا يامان سۆز قىلىشىنى ئاللاھ ياقتۇرمايدۇ، (زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ زالىمدىن شىكايەت قىلىشىغا ۋە ئۇنىڭغا دۇئايىبەت قىلىشىغا بولىدۇ) ئاللاھ (زۇلۇمغا

[1] ئىمام ئەبۇداۋۇد.



www.munber.org

ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسىنى) ئاڭلىغۇچىدۇر، (زالىمنى بىلگۈچىدۇر)، سىلەر ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بىر ياخشىلىقنى قىلساڭلار ياكى بىرەر يامانلىقنى كەچۈرسەڭلار، (ساۋاب تاپىسىلەر) شۈبھىسىزكى ئاللاھ ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر.﴾[1]

❖ ❖ ❖

ئىسلام دىنى بىھۇدە گەپ قىلىش، خاتالىششىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەيلى ھەق بولسۇن ياكى ناھەق بولسۇن ھەرقانداق تالاش - تارتىشنى ھارام قىلغان، چۈنكى تالاش - تارتىشنى قىلغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىرى قارشى تەرەپنى بېسىپ چۈشۈشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ دېگىنىنىڭ توغرىلىقنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن شۈبھىلىك گەپلەرنى خاتا ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشتىن باش تارتمايدۇ، قارشى تەرەپنى بېسىپ چۈشۈش ھەقىقەتنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزەمچىلىك، سەركەشلىك خاراكتېرىنى ئوچۇق نامايەن قىلىشىدۇ، بۇنداق شارائىتتا ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈشكە ھەرگىز پۇرسەت بولمايدۇ.

ئىسلام دىنىمىز بۇنداق تالاش - تارتىشنى دىن ۋە ئەخلاق ئۈچۈن خەتەر ھېسابلايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆزىنىڭ دېگىنى خاتا بولغانلىقى ئۈچۈن جېدەللىششىنى تاشلىغان بولسا ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ ھويلىسىدا بىر ئۆي سېلىنىدۇ، كىمكى گەرچە ئۆزىنىڭ دېگىنى ھەق بولسىمۇ يەنە جېدەللىششىنى تاشلىغان بولسا ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئۆي سېلىپ قويۇلىدۇ. كىمكى ئەخلاقى گۈزەل بولسا جەننەتنىڭ يۇقىرى قىسمىدا ئۇنىڭغا بىر ئۆي سېلىپ قويۇلىدۇ.»[2]

بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ سۆزلەش ئىقتىدارى بولۇپ مەيلى ئالىم بولسۇن ياكى نادان بولسۇن ھەممىسى بىلەن ئارىلىشىدۇ، باشقىلارغا

[1] سۈرە نىسا: 148-149
[2] ئىمام ئەبۇداۋۇد.



مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى
خلق المسلم

گەپ سېتىش ئۇلارنىڭ بىرىنچى كۆڭۈل ئېچىشى بولۇپ، ھېچقاچان سۆزلەپ زېرىكمەيدۇ، ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسە كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىنى بۇزۇپ قويىدۇ، دىنىنىڭ گۈزەللىكى ۋە ھۆرمىتىنى كەتكۈزىدۇ. ئىسلام دىنى بۇنداق ۋاتىلداق ئادەملەردىن ئەڭ قاتتىق نارازى بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئەڭ يامان كۆرىدىغان ئادەم تىركەشكەك جېدەلخوردۇر.»[1] يەنە مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر قەۋم ھىدايەت تېپىپ بولغاندىن كېيىن ئېزىپ كەتسە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جېدەل - ماجرا، تالاش - تارتىش كۆپ بولىدۇ.»[2]

گەپدان ئادەملەر گەپ ئارقىلىق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىمەكچى بولىدۇ، ئۇلارغا نىسبەتەن گەپ بىرىنچى ئورۇندا، گەپنىڭ مەزمۇنى 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلۇغۋار مەقسەت ئاخىرقى ئورۇندا تۇرىشى، ھەتتا پەقەت ئورۇن بولماسلىقىمۇ مۇمكىن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئەنە شۇنداق گەپدانلارنىڭ بىرسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەربىر ئېغىز گەپنى دېگەن ۋاقتىدا گەپ سۆزدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بېسىپ چۈشۈشنى ئويلىغان!

قايتىپ كەتكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۈبھىسىزكى بۇنداقلارنى ئاللاھ ياقتۇرمايدۇ تىللىرىنى خۇددى كالا تىلى بىلەن ئوتنى تولغىغاندەك تولغايدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش ئاللاھ ئۇنىڭ تىللىرىنى ۋە يۈزلىرىنى تولغاپ دوزاخقا تاشلايدۇ.» دېگەن.[3]

دىن، سىياسەت، ئىلىم - پەن، مائارىپ، ئەدەب - ئەخلاق قاتارلىق ساھەلەردە تالاش - تارتىش قىلىش، جېدەللىشىش ناھايىتى زىيانلىق بولۇپ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ، تەرەققىياتنىڭ چېكىنىشى، فىقھى مەسىلىلەردە گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈش، مەزھەپلەرگە

[1] ئىمام بۇخارى.
[2] ئىمام تىرمىزى.
[3] تەبرانىي



www.munber.org

بۆلىنىش ئېهتىمال ئەنە شۇ هاياتلىق ۋە دىن ئىشلىرىدا تالاش ـ تارتىش، جېدەل قىلىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك. جېدەللىشىش ئارقىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغىلى، دەلىل تاپقىلى بولمايدۇ.

بىر قانچە ساهابىلار هەدىس بايان قىلىشىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز دىنى ئىش توغرىسىدا ئۆزئارا تالاش ـ تارتىش قىلىشىۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىزنىڭ ئۈستىمىزگە كىرىپ قالدى ۋە بىزنىڭ تالاش ـ تاتىش قىلىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەبلەندى، بىزنى توسۇپ مۇنداق دېدى: ‹ئى مۇهەممەدنىڭ ئۈممىتى، بولدى قىلىڭلار، سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر مانا مۇشۇ سەۋەبتىن هالاك بولۇپ كەتكەن، مەنپەئىتى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن تالاش ـ تارتىشنى تەرك ئېتىڭلار، چۈنكى مۆئمىن دېگەن جېدەللەشمەيدۇ، جېدەللىشىشنى تەرك ئېتىڭلار، چۈنكى جېدەللەشكۈچى ئەڭ چوڭ زىيان تارتقۇچىدۇر. جېدەللىشىشنى تەرك ئېتىڭلار، داۋاملىق جېدەللىشىشنىڭ ئۆزى يېتەرلىك گۇناهدۇر، جېدەللىشىشنى تەرك ئېتىڭلار، چۈنكى مەن قىيامەت كۈنىسى جېدەللەشكۈچىگە شاپائەت قىلمايمەن، جېدەللىشىشنى تەرك ئېتىڭلار، چۈنكى مەن جەننەتنىڭ هويلىسى، ئوتتۇرىسى ۋە يۇقىرى قىسمىدىكى ئۈچ ئۆينىڭ خوجايىنىدۇرمەن، چىن ئىمانىنى ساقلاپ جېدەللىشىشنى تەرك ئەتكۈچى ئەنە شۇ جەننەتنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى ئۆيگە داخىل بولىدۇ، جېدەللىشىشنى تەرك ئېتىڭلار چۈنكى پەرۋەردىگارىم مېنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن چەكلىگەندىن كېيىن ئەڭ ئاۋال چەكلىگەن ئىشى جېدەللىشىشدىن ئىبارەت.›»[1]

❖ ❖ ❖

نۇرغۇن كىشىلەر تۈرلۈك باهانە ـ سەۋەبلەر بىلەن سورۇنلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئەپقاچتى خەۋەرلەر، بىهۇدە گەپ ـ سۆزلەر، غەيۋەت ـ شىكايەتلەر ۋە ئەيىب ئىزدەشلەر بىلەن ۋاقىتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاستىدا سايىدايدىغان ئارتۇق پۇل ماللىرى بار، پەقەت

[1] تەبرانىي.



www.munber.org



باشقىلارنىڭ گەپلىرىنى قىلىش بىلەن خۇشاللىق تاپىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشى يوق. ئىسلام دىنى بۇنداق سورۇنلارنى يامان كۆرىدۇ:

﴿وَيْلٌ لِّكُلِّ هُمَزَةٍ لُّمَزَةٍ❖ الَّذِي جَمَعَ مَالًا وَعَدَّدَه❖يَحْسَبُ أَنَّ مَالَهُ أَخْلَدَهُ❖ كَلَّا لَيُنبَذَنَّ فِي الْحُطَمَةِ❖﴾

﴿كىشىلەرنى ئەيىبلىگۈچى سۆخەنچىگە ۋاي! ئۇ مال توپلىدى ۋە ئۇنى (ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلماي ساقلاش ئۈچۈن) ساندى، ئۇ مېلى ئۆزىنى (دۇنيادا مەڭگۈ قالدۇرىدۇ دەپ ئويلايدۇ) هەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ چوقۇم هۇتەمەگە تاشلىنىدۇ.﴾[1]

هازىرقى زاماندا شەهەر ۋە يېزىلاردا زۆرۈرىيەتسىز ئۇيۇشتۇرۇلغان رېستۇران ۋە قەهۋەخانا ئولتۇرۇشلىرى، سورۇنلار كۆپ بولۇۋاتىدۇ، بۇ جەمئىيەتكە كەلگەن چوڭ ئاپەت بولۇپ نۇرغۇن ئىللەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ.

هەدىستە شۇنداق دېيىلگەن: «‹يوللاردا ئولتۇرۇشتىن ئېهتىيات قىلىڭلار›، ئۇلار: ‹ئى ئاللاهنىڭ پەيغەمبىرى، ئۇ بىزنىڭ ئولتۇرىدىغان ئورۇنلىرىمىز، ئۆزئارا پاراڭلىشىمىز› دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: ‹زادى ئولتۇرغۇڭلار بولسا يولنىڭ هەققىنى بېرىڭلار› دېدى، ئۇلار: ‹ئى ئاللاهنىڭ پەيغەمبىرى، يولنىڭ هەققى نېمە› دەپ سورىۋېدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: ‹نامەهرەم ۋە ئەيىب ئىشلاردىن كۆزنى يىغىش، جان ئىگىلىرىگە ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك، سالامنى ئىلىك ئېلىش، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشتىن ئىبارەت› دەپ جاۋاب بەردى.»[2]

[1] سۈرە هۇمەزە: 1-4
[2] ئىمام مۇسلىم.



www.munber.org

## ئاداۋەت ساقلىماسلىق

ئىنساننىڭ قەلبى ئۆچ ـ ئاداۋەتتىن خالىي بولسا، بىرەرسىنىڭ پايدىغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرگەندە كۆڭلى سۆيۈنۈپ ئاللاھنىڭ رەھمەت قىلغانلىقى، پۈتۈن بەندىلەرنىڭ ئۇنىڭغا موھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلسا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، «ئى ئاللاھ، ماڭا ياكى بەندىلىرىڭدىن بىرەرسىگە بەرگەن نېئمەت پەقەت سەندىندۇر، سېنىڭ شېرىكىڭ يوقتۇر، ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر، ساڭا شۈكرى ئېيتىمەن.»[1] دېگەن سۆزىنى ياد ئەتسە، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن بىرەرسىگە ئەزىيەت يەتكەنلىكىنى كۆرگەن چېغىدا قايغۇرۇپ ئاللاھنىڭ ئاسان قىلىپ بېرىشىنى، گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلىسە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئى ئاللاھ قانداق بىر بەندە ساڭا يېلىنسا سەن ئۇنى كۆپ مەغپىرەت قىلسەن» دېگەن سۆزىنى ياد ئەتسە بۇنداق ئادەمدىنمۇ خاتىرجەم مەرىك، غەمسىزراق يەنە بىر ئادەم بولمىسا كېرەك. ئەنە شۇنداق بولغاندىلا مۇسۇلمان قەلبى پاك، گۇناھسىز ئاللاھ ۋە ھاياتلىقتىن سۆيۈنگەن ھالدا قەلبى قارىغۇلارچە ئاداۋەت ساقلاشتىن ئارام تاپقان ھالەتتە ياشىيالايدۇ، شۈبھىسىزكى قەلبىنىڭ ئاداۋەت بىلەن بۇلغىنىشى ئېغىر كېسەللىك بولۇپ، بۇنداق قەلبتىكى ئىمان خۇددى تۆشۈك قاچىدىكى سۇ ئېقىپ تۈرمىغانغا ئوخشاش تېزلا ئېقىپ تۈگەيدۇ!

ئىسلام دىنى قەلبكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، قارا قەلب ياخشى ئەمەللەرنى بۇزىدۇ، گۈزەللىكى ۋە ساپلىقىنى يوقىتىدۇ، نۇرلۇق قەلب بولسا ئاللاھ ئازراق ياخشى ئىشقىمۇ كۆپ ساۋاب بېرىدۇ، بەرىكەت بېرىدۇ، ھەرقانداق ياخشى ئىشقا نېسىپ قىلىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، كىشىلەرنىڭ قايسى ئەۋزەل؟» دەپ سورۇلغاندا: «قەلبى پاك، تىلى راستچىل بولغان ئادەم» دېگەن. «تىلى راستچىل دېگەن گەپنى چۈشەندۇق، لېكىن قەلبى پاك دېگەن نېمە دېگەن بولىدۇ.» دەپ سورالغاندا: «گۇناھ مەئسىيەت

---

[1] ئىمام ئەبۇداۋۇد.



www.munber.org



ئۆتكۈزمىگەن، باشقىلارغا زومىگەرلىك، زۇلۇم قىلمىغان، ئاداۋەت ساقلىمىغان، ھەسەت ساقلىمىغان يەنى شۇ ئىشلاردىن قەلبىنى پاك ساقلىغان ئادەم دېگەنلىك بولىدۇ.»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن.

شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىلگىرىكى مۇسۇلمان جامائە بىر ـ بىرىگە مېھرى ـ شەپقەت قىلىشاتتى، بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرەتتى، بىر ـ بىرىنى دوست تۇتاتتى، ئۆزئارا ياردەملىشەتتى، بىر ـ بىرىگە سىلىق مۇئامىلە قىلىشاتتى، شەخسىيەتچىلىكتە ئۇلار ئارىسىدا ئورۇن يوق ئىدى، ئۇلار خۇددى قۇرئاندا تەرىپلەنگەندەك ئىدى:

﴿وَالَّذِينَ جَاؤُوا مِن بَعْدِهِمْ يَقُولُونَ رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا وَلِإِخْوَانِنَا الَّذِينَ سَبَقُونَا بِالْإِيمَانِ وَلَا تَجْعَلْ فِي قُلُوبِنَا غِلًّا لِّلَّذِينَ آمَنُوا رَبَّنَا إِنَّكَ رَؤُوفٌ رَّحِيمٌ﴾

﴿ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: ‹پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆئمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن› دەيدۇ﴾[2]

شۈبھىسىزكى، دۈشمەنلىك، ئاداۋەت ئۆسۈپ تەرەققىي قىلىپ يىلتىزى چوڭقۇرلاشسا، تىكەنلىرى شاخلىسا ئىماننىڭ نازۇك چېچەكلىرىنى سولاشتۇرۇپ مېھرى ـ شەپقەت ۋە تىنچلىقتىن ئىبارەت گۈزەل ئىزنالىرىنى يوقىتىدۇ. بۇ چاغدا پەرز ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاننىڭ پايدىسى بولمايدۇ، قەلبىنى گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن يىراق قىلالمايدۇ.

دۈشمەنلىشىش، ئاداۋەت ساقلاش ئەقلىنى سۇسلاشتۇرۇپ ئادىمگەرچىلىككە خىلاپ بولغان كىچىك گۇناھلارنى، لەنەتكە دۇچار قىلىدىغان چوڭ گۇناھلارنى ئۆتكۈزۈشكە سەۋەب بولىدۇ. ئەخلاقى ـ پەزىلەتلەردىن كۆز يۇمدۇرۇپ رەزىللىكلەرنى چوڭ كۆرسىتىدۇ، بەزىدە

---

[1] ئىمام ئىبنى ماجە.
[2] سۈرە ھەشر: 10



www.munber.org

يالغان ـ ياۋداق گەپلەرنى توقۇپ چىقىشقا ئۈندەيدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنى ھارام قىلغان، دۇچار بولۇپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان، چەكلەشنى ئەڭ ياخشى ئىبادەت قىلغان ئىشلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە روزا تۇتۇش، ناماز ئوقۇش، سەدىقە بېرىشتىنمۇ دەرىجىسى يۇقىرى بولغان بىر ئىشنى دەپ بېرەيمۇ.› ساھابىلار: ‹بولىدۇ› دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئۇ بولسىمۇ ئاداۋەتلىشىپ قالغانلارنىڭ ئارىسىنى ياراشتۇرۇپ قويۇشتىن ئىبارەت، شۈبھىسىزكى ئاداۋەتلىشىش چۈشۈرگۈچىدۇر، بۇ دېگىنىم چاچنى چۈشۈرگۈچىدۇر دېگىنىم ئەمەس، بەلكى دىننى چۈشۈرگۈچىدۇر دېگىنىمدۇر› »①

شەيتان ئاقىل ئادەمنى بۇتقا چوقۇندۇرۇشتىن ئاجىز كېلىشى مۇمكىن ئەمما ئىنساننى ئازدۇرۇش ۋە ئۇنى ھالاكەتلىك ئىشلارغا باشلاشقا ھېرىسمەن بۇ شەيتان ئۇنى پەرۋەردىگارىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى بۇتپەرەستنىمۇ ئۆتە دەرىجىدە ئىنكار قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارىنىڭ ئارىلىقىنى يىراقلاشتۇرۇشتىن ھەرگىز ئاجىز كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ۋاستىسى قەلبلەرگە بىر ـ بىرىگە بولغان ئاداۋەت ئوتلىرىنى تۇتاشتۇرۇشتىن ئىبارەت، ئاداۋەت ئوتىنىڭ يالقۇنجاپ كىشىلەرنىڭ ھازىرىسى ۋە كەلگۈسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغانلىقى ۋە ئۆزئارا ئالاقىلىرى، ئەخلاقى پەزىلەتلىرىنى يۇتۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندە چەكسىز ھوزۇرلىنىپ كېتىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەيتان ئەرەپ ئارىلىدىكى ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە چوقۇنىشىدىن ئۈمىدسىزلەندى، ئەمما ئۇلارنى بىر ـ بىرى بىلەن سوقۇشتۇرۇشتىن ئۈمىتسىزلەنگىنى يوق.»②

چۈنكى كىشىلەرنىڭ دوستلۇقى سۇسلىشىپ ئىتتىپاقلىقى بۇزۇلسا، رەھىمسىزلىك، بەگۋاشلىق ھالىتىگە قايتىپ ئاللاھ راۋاجلاندۇرۇشقا ئەمر قىلغان قېرىنداشلىقنى ئۈزۈپ زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىشقا باشلايدۇ.

① ئىمام تىرمىزى.
② ئىمام مۇسلىم.



www.munber.org



❖ ❖ ❖

ئىسلام دىنى ئاداۋەتنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ چىقىشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ تېخىمۇ ئېغىرلىشىشنىڭ ئالدىدىلا ئۇنى بىر تەرەپ قىلدى. مەلۇمكى كىشىلەرنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرلىرى، شەيئىلەرگە بولغان چۈشەنچىلىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، ھاياتلىق مەيدانلىرىدا ئۇچرىشىش جەريانىدا توقۇنۇش ۋە يىراقلىشىش بولمىدى دېگەن تەقدىردىمۇ بەزى كۆڭۈل غەشلىكلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئەنە شۇنداق غەشلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇلارنى دوستلاشتۇرۇپ كۆڭۈللەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاش ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى تاشلىۋېتىش، بىر ـ بىرىگە قارىماي يۈرۈشلەرنى ھارام قىلغان، توغرا بەزى كىشىلەر سىزگە ئوچۇق ئاشكارا يامانلىق قىلىشى مۇمكىن بۇچاغدا سىز غەزەبلىنىپ ئۇنى كۆز ئالدىڭىزدىن يوقاتماقچى بولۇشىڭىز مۇمكىن، لېكىن ئاللاھ تائالا مۇسۇلمان بىلەن مۇسۇلماننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بۇنچىلىك دەرىجىدە يامانلىشىپ قېلىشىنى ھەم خالىمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ـ بىرىڭلارنى تاشلىۋەتمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا قارىماي يۈرمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا غەزەبلەنمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا ھەسەت قىلماڭلار، ئاللاھنىڭ پۈتۈن بەندىلىرى قېرىنداش بولۇڭلار، مۇسۇلماننىڭ بىرەر قېرىندىشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىشى دۇرۇس بولمايدۇ.»①

يەنە بىر باياندا مۇنداق دېيىلگەن: «بىر مۆئمىننىڭ يەنە بىر مۆئمىننى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىشى دۇرۇس بولمايدۇ، ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئىزدەپ بېرىپ كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا سالام قىلسۇن، سالامنى ئېلىك ئالسا ئوخشاش ئەجرىگە ئېرىشىدۇ، سالامنى ئېلىك ئالمىسا گۇناھ يۈكلىۋالىدۇ، سالام قىلغۇچى ساۋاب بىلەن قايتىدۇ.»②

① ئىمام بۇخارى.
② ئىمام ئەبۇداۋۇد.



www.munber.org

بەلگىلەنگەن بۇ ۋاقىتتا ئاچچىقى يېنىپ غەزەپ بېسىلىدۇ، بۇ چاغدا مۇسۇلمان خۇددى ئاسماندىكى يىغىلىپ تۇرغان قارا بۇلۇتنى شامال بىرلا چىقىپ تارقىتىۋەتكەنگە ئوخشاش قېرىندىشى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى باشلىشى، بۇرۇنقىدەكلا ئىتتىپاق ئۆتۈشى لازىم.

ئادەم جېدەل قىلغاندا ياكى زۇلۇم قىلىدۇ، ياكى زۇلۇم قىلىنىدۇ، زۇلۇم قىلغۇچى، باشقىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا دەخلى يەتكۈزگۈچى بولسا ئۆزىنىڭ گۇمراھلىقىدىن يېنىپ ئىش ھەرىكىتىنى ئىسلاھ قىلىشى لازىم، بىلىشى كېرەككى قارشى تەرەپنى خاتىرجەم قىلماي، ئۇنى رازى قىلماي تۇرۇپ قەلبىدىكى ئۆچمەنلىكنى چىقىرىۋېتەلمەيدۇ، ئىسلام دىنى بۇنداق ئەھۋالدا ھەمراھى بىلەن يارىشىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا بۇيرىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى قېرىندىشىنىڭ ئابرۇيى ياكى مال ـ مۈلكىگە دەخلى تەرۇز يەتكۈزگەن بولسا بۈگۈنلا ئۇنى تۆلەشكە دىنار ياكى دەرھەملىرى بولمىسا قارشى تەرەپكە قىلغان زۇلمىنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىگە قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن ئېلىپ زۇلۇم قىلىنغۇچىغا بەدەل قىلىپ بېرىش، ئەگەر ياخشى ئەمەللىرى بولمىسا زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ يامان ئىشلىرىدىن ئېلىپ ئۆزىگە يۈكلىنىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭدىن خالاس بولسۇن.»[1]

ئىسلام دىنى بىرىشى بار ئادەمگە شۇنداق نەسىھەت قىلغان ئېلىشى بار ئادەمنى يۇمشاق مۇئامىلە قىلىشقا، كەڭ قورساق بولۇشقا، قېرىندىشى ئۆزرە ئېيتىپ ئەپۇ سوراپ كەلگەندە ئۆزرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلارنى ئەپۇ قىلىۋېتىشكە ئۈندىگەن، ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كىمكى قېرىندىشى ئۆزرە ئېيتىپ كەلگەندە ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلمىسا ئۇنىڭغا بۇلاڭچىنىڭ خاتالىقى بولىدۇ.»[2] يەنە بىر باياندا «كىمكى ئۆزرىنى قوبۇل قىلمىسا ھەۋزى كەۋسەردىن ئىچەلمەيدۇ.» دېيىلگەن.[3]

---

[1] ئىمام بۇخارى.
[2] ئىمام ئىبنى ماجە.
[3] تەبرانىي.

www.munber.org





ئىسلام دىنى ھەرئىككى تەرەپنى يېتەكلەش ئارقىلىق ئاداۋەتكە قارشى كۈرەش قىلىپ ئۇنى جايىدىلا ئۆچۈرۈۋەتكەن، مۆئمىن جەمەتنى ئۆزئارا دوستلىشىدىغان ئادىل مۇئامىلە قىلىشىدىغان يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرگەن.

ئىسلام دىنى ئاداۋەتنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتمەي ساقلاپ يۈرۈش، قەلبىدە خۇددى يانار تاغقا ئوخشاش پارتلاپ تۇرۇشنى پەسلىك ۋە چۈكۈنەملىك دەپ ھېسابلايدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى دەردىگە چىدىماي قارشى تەرەپنى سەتلەپ شالىسىنى چاچقاندا، ئېغىزىدىن كۆپۈك قايىنتىپ ئازار بەرگەندە ۋە پىتنە ـ پاسات تېرىغاندىلا ئاندىن كېيىن ئارام تاپىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە سىلەرنىڭ ئەڭ يامانراقلىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» ساھابىلار: «بولىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، خالىساڭلا ئېيتىپ بەرسىلە» دېيىشكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قۇلغا زوتالىق قىلغىنىڭلاردۇر.» «ئۇنىڭدىنمۇ يامانراقلىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» ساھابىلار: «بولىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، خالىساڭلا ئېيتىپ بەرسىلە» دېگەندىن كېيىن: «ئۇ كىشىلەرنى يامان كۆرىدىغان، كىشىلەر ئۇنى يامان كۆرىدىغان ئادەمدۇر»، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە «ئۇنىڭدىنمۇ يامانراقلىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دەپ سورىغان، ساھابىلار: «بولىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، خاھلىساڭلا ئېيتىپ بەرسىلە» دېگەندە: «خاتالىقنى كەچۈرمەيدىغان، ئۆزرە قوبۇل قىلمايدىغىنىڭلار گۇناھنى ئەپۇ قىلمايدىغىنىڭلاردۇر» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە «ئۇنىڭدىنمۇ يامانراقلىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دېگەندە ساھابىلار: «بولىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، خالىساڭلا ئېيتىپ بەرسىلە» دېيىشكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ياخشىلىق قىلىشى ئۈمىد قىلىنمايدىغان، يامانلىقىدىن خاتىرجەم بولغىلى بولمايدىغان كىشىلەردۇر» دېگەن.[1]

---

[1] تەبرانىي.

www.munber.org

بۇ ھەدىستە سۆزلەنگىنى ئاداۋەتنىڭ كۈچىيىش، تەرەققىي قىلىش، يامانلىقنىڭ ئېغىرلىشىش باسقۇچلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، قەدىمكى زاماندىن تارتىپ، ھەتتا جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ كىشىلەر ئاداۋەت ساقلاشنى تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىشى، ئادەمگەرچىلىكى بار ئۇلۇغۋار كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئۆزىنى پاك تۇتىدۇ دەپ قارىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئەنتەرە مۇنداق دېگەن: «مەرتىۋىلىك كىشىلەر ئاداۋەت ساقلىمايدۇ، ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان كىشىلەر بۈيۈكلۈككە ئېرىشەلمەيدۇ.»

❖ ❖ ❖

نۇرغۇن پەس ئەخلاقلار بار بولۇپ، دىققەت قىلغان ئادەم ئۇنىڭ مەنبىئىنى بىلەلەيدۇ، شۈبھىسىزكى، گەرچە ئۇلارنىڭ ئىپادىلىنىشى ئوخشاش بولمىسىمۇ ئۇنىڭ سەۋەبى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئاداۋەت ساقلاشتىن ئىبارەت.

مەسلەن باشقىلارغا تۆھمەت چاپلاش قاتتىق ئۆچ كۆرۈشتىن كېلىپ چىقىدىغان جىنايەت بولۇپ، ھەقىقەتنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىش، گۇناھسىز كىشىلەرگە ئازار بېرىشتەك پاسسىپ تەسىرى زور بولغاچقا ئىسلام دىنى ئۇنى ئەڭ قەبىھ گۇناھ ھېسابلىغان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا مۇنداق دېگەن: « ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا جازاندىنمۇ ئېغىر گۇناھنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ساھابىلار: ‹ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ› دېيىشكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئاللاھنىڭ نەزىرىدە جازاندىنمۇ ئېغىر گۇناھ مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈشتىن ئىبارەت› دېگەن، ئاندىن كېيىن: ﴿وَالَّذِينَ يُؤْذُونَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ بِغَيْرِ مَا اكْتَسَبُوا فَقَدِ احْتَمَلُوا بُهْتَانًا وَإِثْمًا مُّبِينًا﴾

www.munber.org





﴿‹مۆئمىن ئەرلەرگە ۋە مۆئمىن ئاياللارغا قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار (شۇ) بۆھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ› دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان.﴾[1]

شۈبھىسىزكى كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەش، مەقسەتلىك ھالدا ئۇلارغا ئەيىب قويۇش شۇ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى نىجىسلىق ۋە پەسلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. ئىسلام دىنى تۆھمەت قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان جازالارنى بەلگىلىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسى تېخىمۇ قاتتىق، تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى باشقىلارغا ئەيىب قويۇش ئۈچۈن يوق ئىشنى بار دېگەن بولسا، شۇنىڭ ھەقىقىتىنى ئېلىپ كەلمىگۈچە ئاللاھ ئۇ ئادەمنى دوزاخقا سولاپ قويىدۇ.»[2] يەنە بىر باياندا مۇنداق دېيىلىدۇ: «قانداق بىر ئادەم مەلۇم بىر مۇسۇلمان ھەققىدە ئۇ مۇسۇلماندا بولمىغان، دۇنيادا ئەيىب ھېسابلىنىدىغان بىر ئىشنى تارقاتقان بولسا قىيامەت كۈنىسى ئاللاھ ئۇنى چوقۇم شۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئېلىپ كەلگۈچە دوزاختا ئېرىتىدۇ.»

ئۇ ئادەمنىڭ دېگەنلىرى تۆھمەت بولىدىغانلا بولسا ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى قانداقمۇ ئېلىپ كېلەلىسۇن؟! ئاللاھ دەرگاھىدا ناھەقنى قانداقمۇ ئىسپاتلىيالىسۇن؟ ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن قانداقمۇ چىقالىسۇن؟!

باشقىلارغا ئاداۋەت ساقلىماسلىق، مۆئمىندىن كىشىلەرگە قولى بىلەن ياخشىلىق قىلىپ بېرەلمىسە دىلى بىلەن بولسىمۇ ياخشىلىقنى ئۈمىد قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، يوق تۆھمەتنى توقۇيدىغان كىشىلەر ئەڭ يۈزى قېلىن كىشىلەردۇر. ئاللا مۇنداق دېگەن:

﴿إِنَّ الَّذِينَ يُحِبُّونَ أَن تَشِيعَ الْفَاحِشَةُ فِي الَّذِينَ آمَنُوا لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ وَاللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لَا تَعْلَمُونَ﴾

---

[1] سۈرە ئەھزاب: 58

[2] تەبرانىي.

www.munber.org

﴿مۆئمىنلەر ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر شۈبھىسىزكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ، ئاللاھ (سىرلارنى ۋە نىيەتلەرنى) بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر.﴾[1]

ئاللاھ بەندىلىرىگە ناھايىتى مەرھەمەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن گەرچە ئەيىبلىرى بولسىمۇ بەندىلەرنىڭ ئەيىپلىرىنى يۆگەشكە بۇيرىدى، بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ بار بولغان ئەيىپىنى تارقىتىپ ئېچىنى بوشىتىشى دۇرۇس بولمايدۇ. قەلبى ساغلام ئادەم بەندىلەرنىڭ خاپىلىقلىرىغا خەيرىخاھلىق قىلىدۇ ۋە قايغۇرىدۇ، باشقىلارنىڭ سەتچىلىكلىرىنى ئاشكارىلاش، سىرلىرىنى پاش قىلىش، ئەيىبلىرىنى ئېچىش بىلەن كۆڭۈل خوش قىلىش ھەقىقىي مۇسۇلماننىڭ ئىشى ئەمەس.

غەيۋەت قىلىش، كۈچلۈك ئاداۋەت، ئىچ ئاغرىتىشقا تازىلاشقا موھتاج بولغان قەلبنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا ئىسلام دىنى ئۇنى ھارام قىلغان، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن بايان قىلىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلاردىن: «غەيۋەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغان، ئۇلار: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلىدۇ» دېيىشكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «غەيۋەت دېگىنىمىز قېرىندىشىڭلارنىڭ يامان گېپىنى قىلىشىڭلاردۇر» دېگەن بۇ چاغدا ئۇلار: «دېگەنلىرىمىز قېرىندىشىمىزدا ھەقىقەتەن بار بولسىچۇ؟» دەپ سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن بار بولسا غەيۋەتنى قىلغان بولىسەن، يوق بولسا بوھتان چاپلىغان بولىسەن» دەپ جاۋاب بەرگەن.[2]

سۆخەنچىلىك ئارازلىق پەيدا قىلىپ قەلبلەرنى ئۆز گەرتىدىغان بولغاچقا دوستلۇقنى قوغداپ قېلىپ بۆلگۈنچىلىكتىن ساقلاش ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئۇنى ھارام قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى توغرىسىدا ياقتۇرمايدىغان گەپ يەتكۈزۈلۈشىنى توسقان ئىدى، ۋە مۇنداق دەيتتى: «ساھابىلىرىمنىڭ

[1] سۈرە نۇر: 19
[2] ئىمام مۇسلىم.

www.munber.org





بىرەرسى توغرىسىدا ھېچكىم ماڭا ھېچنىمە دېمىسۇن، چۈنكى مەن سىلەر بىلەن كۆڭلۈم ئازادە ھالەتتە كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىمەن.»[1]

يامان گەپنى ئاڭلىغان ئادەم ئۇنى تارقىتۇەتمەسلىكى لازىم، نۇرغۇن يامان سۆزلەر باركى دېيىلگەن يەردە قېلىپ قالسا ئۆزلىكىدىن يوقاپ كېتىدۇ! ئەتراپقا تارقىتىلسا ئوت قۇيرۇق ئادەملەر ئۇنى تېخىمۇ پۇۋلەپ يالقۇنجىتىدۇ ـ دە، ئۇچقۇنى ھەممە ياققا تۇتۇشۇپ تەسىرلىگۈسىز ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سۆخەنچى جەننەتكە كىرمەيدۇ.»[2] دېگەن، يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شۈبھىسىزكى، سۆخەنچىلىك بىلەن ئاداۋەت دوزاختىدۇر، مۇسۇلماننىڭ قەلبىدە ئىككىسى جەم بولمايدۇ.»[3]

ئاداۋەت ساقلىغان ئادەم باشقىلارنى يامان گۇمان قىلىدۇ، ئەيىبىنى ئىزدەيدۇ، كۆزگە ئىلمايدۇ، روھىي ياكى جىسمانىي ئەيىبلىرى بىلەن ھاقارەت قىلىدۇ، ئىسلام دىنى بۇنى قاتتىق يامان كۆرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى قېرىندىشىنىڭ ئەيىبىنى بىلىپ تۇرۇپ ياپسا، قىيامەت كۈنىسى ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ.»[4] يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۆئمىننىڭ ئەيىبىنى ياپسا گويا تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزنى تىرىلدۈرگەندەك كۆپ ساۋاب بولىدۇ.»[5]

كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ گۇناھى ئېنىق بولغان گۇناھلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرىدىنمۇ كۆپ بولىدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن بەكراق مەھرۇم قالىدۇ. چۈنكى گۇناھنى تارقىتىشقا ئورۇنۇش شۇ گۇناھنى قىلغاندىن يامانراق بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۇنى ھىمايە قىلىش بىلەن ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئاداۋەت ساقلاش ئۇلارنى خورلاش نىيىتىدە بولۇش

[1] ئىمام ئەبۇداۋۇد.
[2] ئىمام بۇخارى.
[3] تەبرانىي.
[4] تەبرانىي.
[5] تەبرانىي.

www.munber.org

ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار. چۈنكى بىرىنچى خىل ئاڭ ۋە ئىدىيە كىشىنى ئىگىز چوققىغا يەتكۈزىدۇ، خەلقنى قۇربان قىلىپ خۇشاللىققا ئېرىشىش، خاتالىشىشنى ئۈمىد قىلىش، ئۇلارنىڭ ئازابلىرىدىن خۇشال بولۇشتەك ناچار خاھىشتىن يىراق قىلىدۇ.

❖ ❖ ❖

ئاداۋەت ساقلىماسلىق بىرخىل ئېسىل پەزىلەت بولۇپ، بۇنداق پەزىلەتكە ئىگە بولغان ئادەم ئۆزىنىڭ غەلبە ۋە مەغلۇبىيىتىنى باشقىلارغا باغلىۋالمايدۇ، چۈنكى ئۆزى مەغلۇب بولغان ۋاقىتتا باشقىلار غەلبە قازىنىشى مۇمكىن، ئۆزى كەيىندە قالغاندا باشقىلار ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن.

ئۆزى پايدا ئالالمىغانلىقى ئۈچۈن پايدا ئالغان ھەربىر ئادەمنىڭ زىيان تارتىشىنى ئۈمىد قىلىش تولىمۇ ئەخمىقانىلىق ۋە پەسلىكتۇر! مۇسۇلمان دېگەن نەزەر دائىرىسى، تەپەككۇرى كەڭ، مېھرى ـ شەپقەتلىك بولۇش، ئىشلارغا ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئارزۇ ـ ئارمانلىرى نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن نەزەر قىلىشى لازىم، ئۆچ ـ ئاداۋەت ساقلىغۇچىلار، ھەسەت قىلغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان نەرسىلەردىن مەھرۇم قېلىپ، باشقىلارنىڭ ئالقانلىرىنىڭ دەل ئۆزى مەھرۇم قالغان نەرسىلەر بىلەن توسۇپ تۇرغانلىقنى كۆرۈپ، كۆڭۈللىرىدىكى ئاداۋەت، ھەسەت قازانلىرى قايناپ تاشىدۇ؟ بۇ ئۇلارغا ھەرگىز ئارامەتچىلىك بەرمەيدىغان زور ئاپەتتۇر!

قەدىمدە ئىبلىس ئۆزى ئارزۇ قىلغان مەرتىۋىگە ئادەمنىڭ ئېرىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزى ئېرىشەلمىگەن مەرتىۋىگە ھېچكىمنى ئېرىشتۈرمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان:

﴿قَالَ فَبِمَا أَغْوَيْتَنِي لأَقْعُدَنَّ لَهُمْ صِرَاطَكَ الْمُسْتَقِيمَ ❖ ثُمَّ لآتِيَنَّهُم مِّن بَيْنِ أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ وَعَنْ أَيْمَانِهِمْ وَعَن شَمَآئِلِهِمْ وَلاَ تَجِدُ أَكْثَرَهُمْ شَاكِرِينَ﴾

www.munber.org





﴿ئىبلىس ئېيتتى: ‹سېنىڭ مېنى ئازدۇرۇغانلىقىڭدىن ئۇلار (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە قىلىش) ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن، ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭىدىن، سولىدىن ھۇجۇم قىلىمەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (نېمىتىڭگە) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن﴾[1]

مانا مۇشۇنداق شەيتانلارچە ئاداۋەت ئوتى ئاداۋەت، ھەسەت قىلغۇچىلارنىڭ ۋۇجۇدلىرىدا يېنىپ قەلبلىرىنى بۇزماقتا. ئىسلام دىنى كىشىلەرنى بۇنداق يامان يولدىن يىراق بولۇپ، ھاياتلىقتا تېخىمۇ ئىلغار، تېخىمۇ تىنچ بولغان يولدا مېڭىشقا ئاگاھلاندۇرغان.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشقان ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ھازىر سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر ئادەم كىرىدۇ› دېدى. ئارقىدىنلا ئەنسارىلاردىن بولغان ساقىلىدىن تاھارەت سۈيى تامچىلاپ تۇرغان كەشىنى سول قولىدا كۆتۈرىۋالغان بىر ئادەم كىرىپ كەلدى، ئەتىسى بىز يەنە بىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئالدىنقى كۈنىسى دېگەن گەپنى دېدى، ئارقىدىنلا يەنە شۇ ئادەم بۇرۇنقى ھالىتىدە كىرىپ كەلدى، ئۈچىنچى كۈنىسى بولۇۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئالدىنقى كۈنىسى دېگەن گەپنى دېدى، ئارقىدىنلا يەنە شۇ ئادەم بۇرۇنقى ھالىتىدە كىرىپ كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭغاندىن كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئۇ ئادەمنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپ: ‹مەن دادام بىلەن ئاداۋەتلىشىپ قالغان ئىدىم، ئۈچ كۈنگىچە ئۇنىڭ يېنىغا كىرمەسلىككە قەسەم قىلغان ئىدىم، خالىسىلا مېنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە قوندۇرغان بولسىلا› دېدى، ئۇ ئادەم ‹بولىدۇ› دەپ جاۋاب بەردى.

[1] سۈرە ئەئراف: 16-17

www.munber.org

ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە ئۇ ئادەم بىلەن بىللە ئۈچ كېچە قونۇپتۇ، بۇ جەرياندا ئۇنىڭ كېچىسى قوپقانلىقىنىمۇ پەقەت كۆرمەپتۇ لېكىن ئورنىدا ئۆرۈلسىلا ئاللاھنى ياد ئېتىپتۇ، بۇنى بامدات نامىزىغا تۇرۇغۇچە داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئابدۇللاھنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ ئادەم پەقەت بىھۇدە سۆزلىمەيدىكەن، ئابدۇللاھ يەنە مۇنداق دېدى: ‹ئۈچ كېچە ئۆتكەندىن كېيىن مەن ئۇنىڭ قىلغان ئەملىنى كۆزۈمگە ئىلمىغىلى تۇرغاندا: ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى مېنىڭ دادام بىلەن ئاداۋىتىممۇ يوق، لېكىن مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىلى توغرىسىدا ئۈدا ئۈچ قېتىم سىلەرگە جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر ئادەم كىرىپ كېلىدۇ دېگەن گېپىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ئۈچىلا قېتىمدا سىلى كىرىپ كەلدىلە، شۇنىڭ بىلەن سىلى بىلەن بىرگە قونۇپ قانداق ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىغانلىقلىرىنى كۆرۈپ ئۆگىنىۋالاي دېگەن ئويغا كەلدىم، ئەمما مەن سىلىنىڭ چوڭ ياخشى ئەمەل قىلغانلىقلىرىنى كۆرمىدىم، سىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەن بۇ مەرتىۋىگە قانداق ئېرىشتىلە؟ دەپ سورىدىم، ئۇ ئادەم: پەقەت سىلى كۆرگەن ئەمەللەرنى قىلىمەن دەپ جاۋاب بەردى، مەن قايتىپ كېتىۋاتسام چاقىرىپ: پەقەت سىلى كۆرگەن ئەمەللەرنىلا قىلىمەن، لېكىن مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھېچبىرىگە ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن ياخشىلىققا قارىتا كۆڭلۈمدە ھەسەت، ئاداۋەت ساقلىمايمەن دېدى، دېمەك مۇشۇ بىر ئالاھىدىلىك ئۇنى مۇشۇنداق دەرىجىگە ئېرىشتۈرۈپتۇ!›»[1]

يەنە بىر باياناتە: «ئى قېرىنداشىمنىڭ ئوغلى، پەقەت سىلى كۆرگەن ئەمەللەرنى قىلىمەن، ئەمما مەن كۆڭلۈمدە بىر مۇسۇلمانغا ئاداۋەت ساقلاپ ئۇخلىمايمەن» دېيىلگەن.[2]

ئىسلام دىنى ھەسەت قىلىشنى ھارام قىلغان. پەيغەمبەرنى ھەسەت قىلغۇچىلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەشكە بۇيرىغان. چۈنكى ھەسەتخورلۇق قەلبىدە يانغان چوغ بولۇپ، ھەسەت قىلغۇچى ۋە باشقا

[1] ئىمام ئەھمەد.
[2] بەززار.



www.munber.org



كىشىلەرگە ئازار بېرىدۇ، باشقىلار ئېرىشكەن نېئمەتنىڭ زاۋاللىقىنى ئۈمىد قىلىدىغان ئادەم جەمئىيەتكە نىسبەتەن چوڭ ئاپەت بولۇپ، ھېچقانداق ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر بەندىنىڭ قورسىقىدا ئاللاھ يولىدا ئۆرلىگەن چاڭ بىلەن جەھەننەمنىڭ ياللقۇنى جەم بولالمايدۇ، يەنى ھېچبىر بەندىنىڭ قورسىقىدا ئىمان بىلەن ھەسەتخورلۇق جەم بولالمايدۇ»[1] يەنە مۇنداق دېگەن: «ھەسەتخورلۇقتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى ھەسەتخورلۇق دېگەن گويا ئوت ئوتۇننى يېگەنگە ئوخشاش ياخشى ئەمەللەرنى يەپ كېتىدۇ.»[2]

ياخشىلىققا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ قاق سەنەم بولۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان ئادەم قاتمۇقات زۇلمەت قاراڭغۇلۇقلار ئارىسىدا ھاياتلىق ھەقىقەتلىرىدىن مەھرۇم قالغان ئادەمدۇر.

بىرىنچىدىن: بۇنداق ئادەم پەقەت بۇ دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ماتالىرى بىلەن چەكلىنىپ قالغان شۇنىڭ ئۈچۈن كۆزىدىن ياش ئاقتۇرىدىغان، ئۇنىڭغا ئېرىشكەنلەرگە ئاداۋەت ساقلايدىغان ئادەمدۇر، بۇ ئىككى دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى خاتا مۆلچەرلىگەنلىك. بەلكى تەييارلىق قىلىشقا، قولدىن كەتسە قايغۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان ئاخىرەت ھاياتىنى ئۇنۇتقانلىق ياكى بىلمىگەنلىكتۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ قَدْ جَاءتْكُم مَّوْعِظَةٌ مِّن رَّبِّكُمْ وَشِفَاء لِّمَا فِي الصُّدُورِ وَهُدًى وَرَحْمَةٌ لِّلْمُؤْمِنِينَ❖ قُلْ بِفَضْلِ اللّهِ وَبِرَحْمَتِهِ فَبِذَلِكَ فَلْيَفْرَحُواْ هُوَ خَيْرٌ مِّمَّا يَجْمَعُونَ﴾

﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نەسىھەت بولغان، دىللاردىكى دەردكە (يەنى شەك ۋە نادانلىققا) شىپا بولغان، مۆئمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان (قۇرئان) كەلدى، ئېيتقىنكى،

[1] بەيھەقى.
[2] ئىمام ئەبۇداۋۇد.



www.munber.org

‹ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتىدىن خۇشال بولسۇن، بۇ ئۇلارنىڭ يىغقان (دۇنيا ماللىرىدىن ياخشىدۇر)›﴾[1]

ئىككىنچىدىن: بۇنداق ئادەم ئىرادىسىز تەييارتاپ، پەرۋەردىگارنىڭ دۇنيادىكى قانۇنىيىتىدىن خەۋەرسىز ئادەمدۇر.

لايىقى پەرۋەردىگارغا يۈزلىنىپ، پەزلى مەرھەمىتىدىن تىلىگەن بولسا، ئاندىن كېيىن ھاياتلىق مۇساپىسىدا يېڭىدىن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسا ياخشى بولاتتى، چۈنكى ئاللاھنىڭ نېئمەت خەزىنىسى ھەممە ئادەمگە باراۋەردۇر. ئېھتىمال بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇنىڭ باشقىلارغا ھەسەت قىلىشتىن ئەلۋەتتە ياخشى ئىكەنلىكىنى بايقاپ قېلىشى مۇمكىن.

ھەسەت قىلىش بىلەن ھەۋەس قىلىش ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار. ھەسەد قىلىشنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق، ھەۋەس قىلىش دېگىنىمىز، باشقىلار ئېرىشكەن ياخشىلىققا ھەۋەس قىلىپ ئۆزىنىڭمۇ ئوخشاش ياخشىلىققا ئېرىششىنى ئۈمىد قىلىش دېگەنلىكتۇر.

ئىنتىلىش دېگىنىمىز: ئۆزىنىڭ بۈيۈكلۈككە ئېرىششىنى ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش دېگەنلىكتۇر. بۇ سالىھ بەندىلەرگە خاستۇر.

سۈلايمان ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

﴿قَالَ رَبِّ اغْفِرْ لِي وَهَبْ لِي مُلْكًا لَّا يَنبَغِي لِأَحَدٍ مِّنْ بَعْدِي إِنَّكَ أَنتَ الْوَهَّابُ﴾

﴿پەرۋەردىگارىم! ماڭا مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا مەندىن كېيىن (مەندىن باشقا) ھېچ ئادەمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان پادىشاھلىقنى ئاتا قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن كۆپ ئاتا قىلغۇچىدۇرسەن﴾[2]

ئاللاھنىڭ بەندىلىرى مۇنداق دېگەن:

---

[1] سۈرە يۇنۇس: 57-58
[2] سۈرە ساد: 35





﴿وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَامًا﴾

﴿ئۇلار: ‹ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شاتلىق بېغىشلىغىن (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلغىن) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن› دەيدۇ﴾[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «پەقەت ئىككى ئىشقا ھەسەت قىلىشقا بولىدۇ، بىرى: بىر ئادەمنىڭ ئاللاھ بەرگەن مال ـ دۇنيانى ھەقىقەت ئىشلىرىغا سەرپ قىلغانلىقىغا، يەنە بىرى، بىر ئادەمنىڭ ئاللاھ بەرگەن ئىلىم بىلەن ھۆكۈم قىلغانلىقىغا، شۇ ئىلىم بىلەن ئۆگەتكەنلىكىگە.»[2]

ھەدىستە دېيىلگەن ھەسەت قىلىش نېئمەتنىڭ يوقىلىشىنى ئەمەس بەلكى ئوخششىنىڭ بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىشتىن ئىبارەت.

مەقسەت شۇكى، ئىنسان ئۇلۇغۋار ئىشلارنى كۆزلەش، ئەرزىمەس ئارزۇلارغا باغلىنىپ قالماسلىقى لازىم، نۇرغۇن ئىشلار باركى ئىنسانغا ھەسرەتتىن باشقا ھېچنەرسە ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. بەزىدە ئاللاھ باشقىلارغا ئالاھىدە بولغان ئىقتىدار ئاتا قىلغانلىقى ياكى شۇ ئىقتىدارى بىلەن پايدا ـ مەنپەئەت تاپقانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا ھەسەت قىلىش، ئاداۋەت ساقلاشتەك گۇناھقا ئېلىپ بارىدۇ.

بۇ توغرىسىدا ئاللاھ مۇنداق دېگەن:

﴿وَلاَ تَتَمَنَّوْاْ مَا فَضَّلَ اللّهُ بِهِ بَعْضَكُمْ عَلَى بَعْضٍ لِّلرِّجَالِ نَصِيبٌ مِّمَّا اكْتَسَبُواْ وَلِلنِّسَاء نَصِيبٌ مِّمَّا اكْتَسَبْنَ وَاسْأَلُواْ اللّهَ مِن فَضْلِهِ إِنَّ اللّهَ كَانَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمًا﴾

---

[1] سۈرە فۇرقان: 74
[2] ئىمام بۇخارى.



www.munber.org

﴿ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھ سىلەردىكى بىر - بىرىڭلاردىن ئارتۇق قىلغان نەرسىلەرنى (ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن) ئارزۇ قىلماڭلار، ئەرلەر قىلغان ئەمەللەردىن ھەسسىدار بولىدۇ، ئاياللارمۇ قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ، ئاللاھتىن ئۇنىڭ پەزلىنى تىلىگەنلەرگە (ئاللاھ بېرىدۇ) ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾[1]

ئەمما جەمئىيەتتىكى يامان خاھىشلارنى ئىنكار قىلىش ئۇ ئادالەتنى بېكىتىش بولۇپ ھەسەت قىلىش قاتارىغا كىرمەيدۇ. مەسىلەن: بىراۋنىڭ ئاز ئىشلەپ كۆپ ئالغانلىقى ياكى لاياقەتسىز بولمىغان بىر ئىشقا تەيىن قىلىنغانلىقىغا غەزەپلەنسەك بۇ غەزەپ يوللۇق غەزەپ بولۇپ، ئۇمۇمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىگەنلىكتۇر. ئۇنىڭ شەخسىي ئاداۋەت بىلەن ئالاقىسى يوق.

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى خەلق ۋە ھاياتلىققا ساپ ۋە ئىسسىق تۇيغۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىكى ھەسەتخورلۇق ۋە ئۆچ - ئاداۋەتچىلىكنىڭ پەس كىرلىرىنى ھەرۋاقىت تازىلاپ ئۇلارنى ھەرۋاقىت نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن ھەركۈنى، ھەرھەپتە ۋە ھەرىيىلدا ئىسلام ئەخلاقلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىكى ئاداۋەتنى چىقىرىپ تاشلاپ تېخىمۇ تازا، تېخىمۇ سەزگۈر ھالەتكە كەلتۈرىدۇ.

كۈنىگە بەش ۋاق ئوقۇلىدىغان پەرز نامازلار پەقەت ئەتراپتىكى كىشىلەرگە قارىتا ساپ قەلب ئىگىسىدىن سادىر بولغان بولسىلا ئاندىن ساۋابىنى تاپقىلى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ ئادەمنىڭ ئوقۇغان نامىزى بېشىدىن بىر غېرىچمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلمەيدۇ (يەنى ئاللاھ دەرگاھىغا ئېلىپ چىقىلمايدۇ) جامائەتنىڭ رازىلىقىسىز ئىمام بولىۋالغان ئادەم يولدىشىنى نارازى قىلىپ ئۇخلىغان ئايال، ئاداۋەتلەشكۈچى ئىككى قېرىنداش.»[2]

[1] سۈرە نىسا: 32
[2] ئىمام ئىبنى ماجە.



www.munber.org



ھەپتىدە بىر قېتىم بەندىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرى سىتاتىستىكا قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ قولى بىلەن قانداق ئەمەللەرنى قىلغانلىقى، كۆڭلىدە نېمىلەرنى ساقلىغانلىقىغا قارايدۇ، قەلبى ساغلام بولسا قۇتۇلۇپ قالىدۇ، ئەگەر ئاچچىقلىنىش، ھەسەتخورلۇق، نارازى بولۇش قاتارلىقلارنىڭ گۇناھلىرى بىلەن بۇلغانغان بولسا ھالاك بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەردۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنىسى بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئاللاھ بۇ كۈندە ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرمىگەن ئادەمنىڭ ھەرقانداق گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، پەقەت قېرىندىشى بىلەن ئاداۋەتلىشىپ قالغانلارنى قالدۇرۇپ قويىدۇ، ۋە : ‹بۇلارنى ياراشقۇچە قويۇپ قويۇڭلار› دەيدۇ.»[1]

ھەرىيىلى شەئبان ئېيىدا ئاللاھ تائالا بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە قاراپ ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان ئاداۋەتنى ھەرگىز ئۆزۈنغا سوزماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئاللاھ زېمىن ئەھلىگە رەھمەت قىلىدىغان بولۇپ ئۇنىڭغا پەقەت ساپدىل، ئەپۇچان بەندىلەرلا ئېرىشەلەيدۇ. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «شۈبھىسىزكى ئاللاھ تائالا شەئبان ئېيىغا يېرىم بولغان كېچىسى بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە قارايدۇ، مەغپىرەت تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ، رەھىم تەلەپ قىلغۇچىلارغا رەھىم قىلىدۇ، ئەمما ئاداۋەتلەشكۈچىلەرنى ئۆز پېتى قويۇپ قويىدۇ.»[2]

كىمكى مۇشۇنداق نەسىھەت، تەربىيىلەش ۋە تازىلاشلاردىن كېيىنمۇ يەنە ئاداۋەتنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلسا ئۇنداق ئادەم دوزاخنىڭ يالقۇنىغا قالىنىشقا لايىق. شەرىئەت ئۇنى پاكلىيالمىغان بىلەن دوزاخ ئوتى ئۇنىڭ يۈرەك قاتلاملىرىغا كىرىپ ئاداۋەتلىرى ۋە گۇناھلىرىنى كۆيدۈرەلەيدۇ!

❖ ❖ ❖

[1] ئىمام مۇسلىم.
[2] بەيھەقى.



www.munber.org

ئىسلام يامان كۆرگەن ئاداۋەت، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى سەۋەبى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پەقەت دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى، دۇنيانىڭ لەززەتلىرى ۋە بايلىقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كېلىپ چىققان ئاداۋەتتۇر. ئەمما ئاللاھ ئۈچۈن، ھەققەت ئۈچۈن ئاچچىقلىنىش، شەرەپ ئۈچۈن قوزغىلىش بۇ باشقا ئىش.

مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلمايدىغان، بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىدىغان كىشىلەرگە تاكى ئۇلۇپ كەتكۈچە ئاداۋەت تۇتسا، ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلمىسا ئۇنىڭغا ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ. بەلكى بۇ چىن ئېتىقاد ئاللاھقا بولغان ئىمان - ئىخلاسىنىڭ بارلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى گەرچە بىزنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىمىز بولسىمۇ، ئۇلاردىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرىغان:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَتَّخِذُواْ آبَاءكُمْ وَإِخْوَانَكُمْ أَوْلِيَاء إَنِ اسْتَحَبُّواْ الْكُفْرَ عَلَى الإِيمَانِ وَمَن يَتَوَلَّهُم مِّنكُمْ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾

﴿ئى مۆئمىنلەر! ئەگەر ئاتىلىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، ئىماندىن كۇفرىنى ئارتۇق كۆرسە (كۇفرىدا مەھكەم تۇرسا)، ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار، ئىچىڭلاردىن كىملەركى، ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر (يەنى ئۇلارغا ئوخشاش مۇشرىكتۇر، چۈنكى مۇشرىكلىككە رازى بولغان ئادەممۇ مۇشرىك ھېسابلىنىدۇ)﴾[1]

مۇسۇلماننىڭ يامان كىشىلەر ياكى بىپەرۋالىق، سۇسلۇقتا كۆشكۈرتىدىغان كىشىلەردىن يىراق تۇرۇشى ۋاجىپ. ئاللاھنىڭ ھەققىدە خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئادەمدىن جازالاش ئۈچۈن بىر مەزگىل ياكى مەڭگۈ، ئۆزىنى يىراق تۇتسا خاتا قىلغان بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بەزى ئاياللاردىن 40 كۈن ئايرىلىپ تۇرغان. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئوغلى ئۆزىنىڭ ئاياللارنىڭ مەسچىتكە چىقسا بولىدىغانلىقى

[1] سۈرە تەۋبە: 23



www.munber.org



توغرىلىق بايان قىلغان ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكۈمىنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن تاكى ئۆلگەنگە قەدەر ئايرىلىپ تۇرغان.



www.munber.org

## كۆچلۈك، غەيرەتلىك بولۇش

مۇستەھكەم ئەقىدە، ئىزچىل بولغان تىرىشچانلىق، تۈگىمەس جۈرئەت، قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرىش، خەۋپ - خەتەردىن قورقماسلىق قاتارلىقلارنىڭ قوشۇلۇشى، بەلكى ئۇ بىزگە ئۆلۈمنىمۇ ئاسان قىلىپ بەرگۈچىدۇر.

بۇلار قەلبكە سىڭىپ كىرىپ چوڭقۇر ئورۇنلاشقان ئىماننىڭ خاراكتېرى بولۇپ، مۆئمىنگە پۈتۈن ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىدىغان كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مۆئمىن گەپ قىلغاندا ئۆزىگە ئىشىنىدۇ، ئىش قىلسا پۇختا قىلىدۇ، ھەر ئىشتا نىشانى ئېنىق بولىدۇ، قارارىنىڭ توغرىلىقىدىن خاتىرجەم بولغانلىقى ئۈچۈن ئىككىلەنمەيدۇ، ھەرخىل بوران - چاپقۇنلارمۇ ئۇنى تەۋرىتەلمەيدۇ، بەلكى ئۇ ئەتراپىتىكىلەرگە:

﴿قُلْ يَا قَوْمِ اعْمَلُوا عَلَى مَكَانَتِكُمْ إِنِّي عَامِلٌ فَسَوْفَ تَعْلَمُونَ❖ مَن يَأْتِيهِ عَذَابٌ يُخْزِيهِ وَيَحِلُّ عَلَيْهِ عَذَابٌ مُّقِيمٌ﴾

﴿سىلەر ئۆز ھالىڭلار بويىچە ئىشلەڭلار، مەنمۇ ئۆز ھالىم بويىچە ئىشلەيمەن، سىلەر ئۇزۇنغا قالماي خارلىغۇچى ئازابنىڭ كىمگە كېلىدىغانلىقىنى، مەڭگۈلۈك ئازابنىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى بىلىسىلەر﴾[1] دېيەلەيدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىدەك پەخىرلىنىش، مۇستەقىللىق، ھەقىقەتكە ئىشىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئالاھىدە پرىنسىپ بويىچە ياشايدىغان، كىشىلەر بىلەن بىللە مۇئامىلە قىلىدىغان، ئۇلار توغرا قىلسا ھەمكارلىشىدىغان، خاتا قىلسا ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ئۆزى بىلگىنىدەك ئىشلەيدىغان ئاكتىپ ئىنساننى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار كىشىلەر ياخشى ئىش قىلسا مەنمۇ ياخشى ئىش قىلىمەن، يامان

① سۈرە زۇمەر: 39-40



www.munber.org



ئىش قىلسا، مەنمۇ يامان ئىش قىلىمەن دەيدىغان يۇمىلاق تاۋۇز بولمىسۇن، بەلكى ئۆزۈڭلارنى كىشىلەر ياخشى ئىش قىلسا سىلەرمۇ ياخشى ئىش قىلىشقا، يامان ئىش قىلسا يامانلىقىدىن يىراق بولۇشقا كۆندۈرۈڭلار»[1]

تۇرمۇشتىكى يامان ئادەتلەرنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالغان كىشىلەر ھەقىقىي ئاجىز كىشىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئىنسانىيەت ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن غەم - قايغۇلىرى ياكى خۇشاللىقلىرىنىڭ ھەممىسىدە نۇرغۇن بىدئەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ دىنى ھەقىقەتلەرگە ئىتائەت قىلغاندىن بەكراق ئۇلارغا تۆۋەنلىك بىلەن ئىتائەت قىلىپ كەلمەكتە.

ئەمما ھەقىقىي مۆئمىن ئاللاھنىڭ دىنىدىن ئاساس بولمىغان ھېچقانداق ئىشقا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمايدۇ، ئۇ بۇنداق ئۆرپ - ئادەتلەرگە قارشى تۇرۇش ھەتتا ئۇنى يوقىتىش يولىدا نۇرغۇن جاپالارغا دۇچ كېلىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ ئاللاھ ئۈچۈن ئەيىبلەشلەردىن قورقۇپ قالماسلىقى، تەنقىدلەر ۋە ئەزىيەتلەرگە قارىماي غايىسىگە قاراپ ئىلگىرىلىشى كېرەك.

بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن ناھەقچىلىق ئەگەشكۈچىلىرى قانچە كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھامان بىركۈنى سەپتىن چۈشۈپ قالىدۇ، بىر چاغلاردا ئۇنى قوللىغان ئالدانغۇچىلارمۇ بىر كۈنلەردە ئىخلاسمەن ياردەمچىلىرىگە ئايلىنىدۇ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « كىمكى كىشىلەرنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئاللاھنى نارازى قىلغان بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭدىن نارازى بولىدۇ ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئاللاھنى نارازى قىلىپ تۇرۇپ رازى قىلغان كىشىسىنى ئۇ كىشىدىن نارازى قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھنى رازى قىلىش ئۈچۈن كىشىلەرنى نارازى قىلغان بولسا، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولىدۇ ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىنى رازى قىلىش ئۈچۈن نارازى قىلغان كىشىلەرنى ئۇ كىشىدىن رازى قىلىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ تەقى - تۇرقى، گەپ -

① ئىمام تىرمىزى.



www.munber.org

سۆزلىرى ۋە بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى كىشىلەرگە چىرايلىق كۆرسىتىدۇ.»[1]

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان ئۆزى چىن ئىشەنگەن ئىشتا چىڭ تۇرسۇن! ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ئىزدەپ نادانلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى تاشلاپ ئۆزى بەلگىلىگەن يولدا ماڭغان چېغىدا مەسخىرە قىلىش ۋە ئىنكار قىلىشلارغا پەرۋا قىلمىسۇن! بەزىلەر غەيبكە ئىمان كەلتۈرۈشنى مەسخىرە قىلماقچى بولغان بولسا شۈبھىسىزكى ئىسلام دىنىغا بولغان ئىمان ئىخلاسلىرىنى تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ مۇستەھكەم قىلىشى لازىم!

﴿وَإِذَا رَأَوْكَ إِن يَتَّخِذُونَكَ إِلَّا هُزُوًا أَهَذَا الَّذِي بَعَثَ اللَّهُ رَسُولًا؟❖ إِن كَادَ لَيُضِلُّنَا عَنْ آلِهَتِنَا لَوْلَا أَن صَبَرْنَا عَلَيْهَا وَسَوْفَ يَعْلَمُونَ حِينَ يَرَوْنَ الْعَذَابَ مَنْ أَضَلُّ سَبِيلًا﴾

﴿ئۇلار سېنى كۆرسە پەقەت مەسخىرە قىلىپ: ‹ئاللاھ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن مۇشۇمۇ؟ ئەگەر دىنىمىزدا چىڭ تۇرمىساق (مۇھەممەد) بىزنى ئىلاھلىرىمىزدىن ئازدۇرىۋەتكىلى تاس قالاتتى (دېدى)، كىمنىڭ يولىنىڭ ئەڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئازابنى كۆرگەن چاغدا بىلىدۇ.﴾[2]

توغرا! مۇسۇلمان ۋۇجۇدىدىكى چىن ئىشەنچ، روھىدىكى ئۆزگىچە ئىمانىنىڭ كۈچىنى سېزىپ تۇرۇشى كېرەك. بۇ چاغدا ئۇ گەرچە ئەتراپىدىكىلەرنى ئىمانغا دەۋەت قىلالمىسىمۇ گويا كۆككە تاقاشقان تاغقا ئوخشاش قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ، دولقۇنلۇق كەلكۈنلەر ئۇنى ئېقىتىپ كېتەلمەيدۇ، شاۋقۇنلۇق قايناملار ئۇنى يۇتۇۋېتەلمەيدۇ. ئىماندىن پەخىرلىنىدىغان، پەرۋەردىگارىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت ئالغان دىنىدا ئىستىقامەت قىلغان ئادەمنى كىشىلەر نېمىمۇ قىلالىسۇن؟! شۈبھىسىزكى ئۇلار بىرلىشىپ كۈچ چىقارغان تەقدىردىمۇ ھېچقانداق قىلالمايدۇ.

[1] تەبرانىي.
[2] سۈرە فۇرقان: 41-42



www.munber.org



ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىگە مىنگىشىپ ئولتۇرۇغلۇق ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئى يىگىت، ئاللاھنى ئېسىڭدە تۇتقىن، ئاللاھمۇ سېنى ئېسىدە تۇتىدۇ، ئاللاھنى ئېسىڭدە تۇتساڭ، ئۇنى كۆز ئالدىڭدا تاپىسەن، ئاسان كۈنلەردە ئاللاھنى ئەسلىگىن، قىيىن كۈنلەردە ئاللاھمۇ سېنى ئەسلەيدۇ، تىلىمەكچى بولساڭ ئاللاھتىن تىلە، تەلەپ قىلماقچى بولساڭ ئاللاھتىن تەلەپ قىل، شۈبھىسىزكى بارلىق بەندىلەر بىرلىشىپ ساڭا پايدا يەتكۈزمەكچى بولسىمۇ ئاللاھ تەقدىر قىلمىسا يەتكۈزەلمەيدۇ، ھەممىسى بىرلىشىپ ساڭا زىيان سالماقچى بولسىمۇ ئاللاھ تەقدىر قىلمىسا سالالمايدۇ، ھەممە ئىش قازا ۋە قەدەر دەپتىرىگە پۈتۈلۈپ بولدى.»

ھەقىقەت شۇكى، خۇددى ئۇنى خورلۇقتا رازى بولمايدىغان ھالغا كەلتۈرگەن باشقا ئەخلاقى ـ پەزىلەتلەرگە ئوخشاشلا غەيرەتلىك بولۇش ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتتىن ئىبارەت ئەخلاقمۇ تەۋھىد ئەقىدىسىگە مەركەزلەشكەن بولىدۇ. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن خورلۇقتا رازى بولمايدۇكى، ئۇ ساماغا تەۋە بولۇش بىلەن قۇدرەت تاپقان. ئەمدى ئۆزى يالغۇز بىر مۇسۇلمان ئۇممەت بولالايدۇ، ئىغىزىدىن ئاللاھنىڭ بۇ كەلىمىسىنى چۈشۈرمەيدۇ:

﴿قُلْ أَغَيْرَ اللّهِ أَتَّخِذُ وَلِيًّا فَاطِرِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَهُوَ يُطْعِمُ وَلاَ يُطْعَمُ قُلْ إِنِّيَ أُمِرْتُ أَنْ أَكُونَ أَوَّلَ مَنْ أَسْلَمَ وَلاَ تَكُونَنَّ مِنَ الْمُشْرِكَينَ﴾

﴿(ئى مۇھەممەد!) بۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى ، «ئاسمانلارنى، زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچى اللهدىن غەيرىنى مەبۇد تۇتامدىم؟ الله رىزىق بېرىدۇ، ئۆزى رىزىققا مۇھتاج ئەمەس». (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مەن (بۇ ئۇممەت ئىچىدە خۇدانىڭ ئەمرىگە) بويسۇنغۇچىلارنىڭ ئەۋۋىلى بولۇشقا بۇيرۇلدۇم. (ماڭا دېيىلدىكى) سەن ھەرگىز مۇشرىكلاردىن بولمىغىن»﴾[1].

[1] سۈرە ئەنئام: 14.



www.munber.org

❖ ❖ ❖

ئىسلام دىنى رىئايە قىلىشقا بۇيرىغان غەيرەتلىك بولۇشنىڭ مەنالىرىدىن يەنە بىرى شۇكى ئىنسان ئىرادىسى مۇستەھكەم، توغرا ۋاستىلاردىن پايدىلىنىپ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن داۋاملىق ئىنتىلىدىغان بولۇشى كېرەك، بۇ يولدا ئەڭ چوڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، ھەم قازا ۋەقەدەرنىڭ ئۆزى قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىشى لازىم. چۈنكى نۇرغۇن ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ھورۇنلۇقى ۋە تىرىك تاپلىقىنى ‹ئاللاھقا تاپشۇرىمىز› دېگەن سۆز بىلەن يۆگىمەكتە! بۇ ئىسلام دىنى يامان كۆرگەن تۈيۈق يولدۇر.

ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقارغان ئىدى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ھۆكۈمدە زىيان تارتقىنى «ھەممىنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم، ئاللاھ بىر يولدا قويىدۇ» دېگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ: «شۈبھىسىزكى ئاللاھ ئاجىزلىققا كايىيدۇ، لېكىن سەن ھەممە ئىشتا ئەقلىڭنى ئىشلىتىپ پۇختا بولغىن زادى كۈچلۈك يەتمىگەن ۋاقىتدا ئاندىن كېيىن ھەممىنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم، ئاللاھ بىر يولدا قويىدۇ دېسەڭ بولىدۇ.» دېدى.[1]

يەنى ئىنسان قىينچىلىقنى ھەل قىلىشى ئۈچۈن بار كۈچىنى ئىشقا سېلىش، شۇنداقتىمۇ يەنە كۈچيەلمىسە ئاندىن كېيىن ئاللاھ بىلەن پاناھلىنىش لازىم. دېمەك مۇسۇلمان ھەر ئىككى ئەھۋالدا يەنى ھەل قىلالىسۇن ياكى ھەل قىلالمىسۇن كۈچلۈك بولۇپ، مەغلۇبىيەت ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيدۇ.

شۈبھىسىزكى ئىسلام دىنى سېنىڭ ئىشلىرىڭنىڭ توغرىسىنى بىلەلمەي ئىككىلىنىپ، تېڭىرقاپ يۈرۈشىڭنى ئاخىرىدا ئۆزۈڭگە پايدىلىق بولغان ئىشنى قولدىن بېرىپ قويىشىڭنى ياقتۇرمايدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىش مۇسۇلمانغا ماس كەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق

[1] ئىمام ئەبۇداۋۇد.



www.munber.org



دېگەن: «ئاللاھ ئاجىز مۆئمىندىن بەكراق كۈچلۈك مۆئمىننى ياخشى كۆرىدۇ، ھەممە ئىشتا كۈچلۈك بولغىن، ئۆز مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن تىرىشقىن، ئاللاھتىن ياردەم تەلەپ قىلغىن بەل قويۇۋەتمىگىن، بىرەر كېلىشمەسلىك بولسا ئەگەر مۇنداق قىلغان بولسام ئۇنداق بولماس ئىدى دېمىگىن. بەلكى ئاللاھ شۇنداق تەقدىر قىلىنغان ئىكەن، خالىغىنى بولدى، دېگىن چۈنكى ‹ئەگەر› دېگەن پۇشايمان سۆزى شەيتانغا يول ئېچىپ بېرىدۇ»[1]

چۈنكى شەيتان قولدىن كەتكەن ئىشلارغا پۇشايمان قىلغۇزىدۇ، ئادەم ئۆتمۈشنى ھازىرقى ۋە كەلگۈسىگە پايدىلىق بولغۇدەك دەرىجىدە ئەسلىشى ھەدېسە ئۆتۈپ كەتكەن كۆڭۈلسىزلىكلەر ۋە مەغلۇبىيەتلەرنى قايتا ئەسلەپ ھەسرەت ـ نادامەت چەكمەسلىكى لازىم، چۈنكى بۇنداق قىلىش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقلىرىدىن ئەمەس. بەلكى قۇرئان ئۇنى كاپىرلارنىڭ قەلبلىرىدىكى ھەسرەت ـ نادامەتنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىغان:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَكُونُواْ كَالَّذِينَ كَفَرُواْ وَقَالُواْ لإِخْوَانِهِمْ إِذَا ضَرَبُواْ فِي الأَرْضِ أَوْ كَانُواْ غُزًّى لَّوْ كَانُواْ عِندَنَا مَا مَاتُواْ وَمَا قُتِلُواْ لِيَجْعَلَ اللّهُ ذَلِكَ حَسْرَةً فِي قُلُوبِهِمْ وَاللّهُ يُحْيِـي وَيُمِيتُ وَاللّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ﴾

﴿ئى مۆئمىنلەر! سەپەرگە چىققان ياكى غازاتقا چىققان قېرىنداشلىرى ھەققىدە، ئۇلار يېنىمىزدا بولغاندا ئۆلمەيتتى ۋە ئۆلتۈرۈلمەيتتى دېگەن كاپىرلارغا ئوخشاش بولماڭلار. ئاللاھ بۇنى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ھەسرەت قىلسۇن، ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. (ئۇلارنىڭ غازاتقا چىقماسلىقى ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ) ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.﴾[2]

ھەدىستە شۇنداق دېيىلگەن: «كىمكى ئەڭ كۈچلۈك بولاي دېسە ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلسۇن.»

[1] ئىمام مۇسلىم.
[2] سۈرە ئال ئىمران: 156



www.munber.org

ئۇ يەردىكى تەۋەككۇل قىلىش بولسا ئىنسان ھەرتەرەپتىن قىيىنچىلىق ئىچىدە قېلىپ ئەتراپىدا ھېچقانداق ياردەمچى ۋە قۇتقۇلۇش ئۈمىدى قالمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئىنساننى تېتىكلەشتۈرۈپ روھى مەدەت ئاتا قىلىدىغان ئاللاھقا بولغان بىر خىل ئىشەنچتۇر.

ئادەم كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن كۆرەش قىلغان چېغىدا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا گەرچە تەييارلىقى بوش، ياردەمچىلىرى ئاز بولسىمۇ ئاللاھتىن مەدەت ئېلىپ قاراڭغۇ تۇمان ئىچىدىن، غەلىبە نۇرلىرى كۆرۈنگۈچە بوشىشىپ قالماي، داۋاملىق تاقابىل تۇرىدۇ. بۈيۈك ئاللاھ بۇنىڭ پەيغەمبەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ زالىملارنىڭ زۇلۇمى ۋە مۇستەبىتلەرنىڭ زومىگەرلىكىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئۇزاق مەزگىللىك كۆرەشلىرى داۋامىدا قولغان كەلگەن مەدەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

﴿وَمَا لَنَا أَلاَّ نَتَوَكَّلَ عَلَى اللّهِ وَقَدْ هَدَانَا سُبُلَنَا وَلَنَصْبِرَنَّ عَلَى مَا آذَيْتُمُونَا وَعَلَى اللّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُتَوَكِّلُونَ﴾

﴿ئاللاھ بىزنى (ئاللاھ تونۇيدىغان) يوللىرىمىزغا يېتەكلىگەن تۇرسا، نېمىشقا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلمايلى؟ بىزگە يەتكۈزگەن ئەرزىيەتلىرىڭلارغا ئەلۋەتتە سەبىر قىلىمىز. تەۋەككۇل قىلغۇچىلار پەقەت ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسۇن.﴾①

ئىلگىرىكى پاسىق ھۆكۈم قىلغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى مۆئمىنلەرنىڭ دىنىغا ئەگىششى، ھازىر ئاجىز بولسىمۇ كېيىن كۈچلۈك بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، ئۈمىدىنى كەلگۈسىگە باغلىشىنى ئالدانغانلىق ۋە مەغرۇرلۇق دەپ ئاتاشقان ئىدى.

﴿إِذْ يَقُولُ الْمُنَافِقُونَ وَالَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ غَرَّ هَـؤُلاء دِينُهُمْ وَمَن يَتَوَكَّلْ عَلَى اللّهِ فَإِنَّ اللّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾

① سۈرە ئىبراھىم: 12



www.munber.org



﴿ئۆز ۋاقتىدا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا كېسىلى (يەنى شەك) بارلار بۇلارنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى) ئۇلارنىڭ دىنى ئالدىدى، (يەنى مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىغا مەغرۇر بولۇپ ئۆزلىرىنى يېڭەلمەس دەپ گۇمان قىلىپ، ئاز سانلىق تۇرۇقلۇق كۆپ سانلىقلار بىلەن ئۇرۇشقا چىقتى) دېدى. كىمكى ئاللاھقا يۆلىنىدىكەن (ئاللاھ ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىدۇ)، چۈنكى ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾①

دېمەك، ئاللاھقا ھەقىقي تەۋەككۇل قىلىش ئۇزاق مەزگىللىك تىرىشچانلىق ۋە قەتئىي ئىرادىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئىسلام دىنى ئۆز روھىنى يوقىتىپ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئويۇنچىقىغا ئايلىنىپ قالغان دەۋرلەردە ئۆزىنىڭ بۇ مەنىلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى.

مۇسۇلماننى كۈچلۈك، غەيرەتلىك قىلىدىغان يەنە بىر ئىش شۇكى رەزىل، پەسكەشلەرچە ياشاشتىن ئۆزىنى تارتىپ پاك، دۇرۇس ياشاش يولىغا كىرىشى كېرەك. چۈنكى ئادەمگەرچىلىكى بولمىغان ئادەم گەرچە يىرتقۇچلارنىڭ تېرىلىرىگە ئورىنىۋالغان، پادىشاھلارنىڭ قاتارىدا ماڭغان تەقدىردىمۇ يەنىلا ئاجىزدۇر.

ئاللاھ ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ زالىم قەۋمىنى ھەقىقي كۈچ - قۇۋۋەت يولىغا باشلاپ نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېگەن:

﴿وَيَا قَوْمِ اسْتَغْفِرُواْ رَبَّكُمْ ثُمَّ تُوبُواْ إِلَيْهِ يُرْسِلِ السَّمَاء عَلَيْكُم مِّدْرَارًا وَيَزِدْكُمْ قُوَّةً إِلَى قُوَّتِكُمْ وَلاَ تَتَوَلَّوْاْ مُجْرِمِينَ﴾

﴿پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغفىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تۆۋبە قىلىڭلار، ئۇ سىلەرگە كۆپ يېغىن ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرگە تېخىمۇ كۈچ - قۇۋۋەت بېرىدۇ، سىلەر گۇناھقا چۆمگەن ھالدا (مېنىڭ دەۋىتىمدىن) يۈز ئۆرۈمەڭلار.﴾②

① سۈرە ئەنفال: 49
② سۈرە ھۇد: 52



www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە تائەت ـ ئىبادەتنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئەۋزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئۇلارنى ئادا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ئادەمنىڭ، شەيتانغا قارشى تۇرغان ئادەمنىڭ كاتتىلىقى، ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك پەرىشتىلەرنىڭ دەرىجىسىگە كۆتىرىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ زېمىننى ياراتقان چېغىدا تەۋرەپ مۇقىم تۇرمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن تاغ بىلەن ئۇنى مۇقىملاشتۇردى، پەرىشتىلەر تاغلارنىڭ كارامىتىدىن تەئەججۈپلىنىپ ‹ئى پەرۋەردىگارىمىز! تاغدىنمۇ كۈچلۈك نەرسە ياراتتىلمۇ؟› دەپ سورىدى، ئاللاھ: ‹ياراتتىم، تۆمۈرنى ياراتتىم› دېدى، پەرىشتىلەر: ‹تۆمۈردىنمۇ كۈچلۈك بىر نەرسە ياراتتىلمۇ؟› دەپ سورىدى، ئاللاھ: ‹ھەئە، ئوتنى ياراتتىم› دېدى، پەرىشتىلەر يەنە ‹ئوتتىنمۇ كۈچلۈك بىر نەرسە ياراتتىلمۇ؟› دەپ سورىدى، ئاللاھ ‹ھەئە، سۇنى ياراتتىم› دېدى، پەرىشتىلەر يەنە ‹سۇدىنمۇ كۈچلۈكرەك بىر نەرسە ياراتتىلمۇ› دەپ سورىدى، ئاللاھ ‹ھەئە، شامالنى ياراتتىم› دېدى، پەرىشتىلەر يەنە ‹شامالدىنمۇ كۈچلۈكرەك بىر نەرسە ياراتتىلمۇ ؟› دەپ سورىدى، ئاللاھ ‹ھەئە، ئوڭ قولىنىڭ نېمە سەدىقە قىلغانلىقىنى، سول قولى بىلەلمىگىدەك دەرىجىدە سەدىقە قىلغان ئادەم پەرزەنتىنى ياراتتىم› دەپ جاۋاب بەردى.»[1]

شۈبھىسىزكى، ئىنساندىن ئىبارەت بۇ ئاجايىپ مەخلۇق پەزىلەتلىك ئادەم بولغان چېغىدا پۈتۈن كائىناتنىڭ خوجايىنى ھېسابلىنىدۇ، پۈتۈن دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندىمۇ، ئىنسان ھەممىدىن ئەۋزەلدۇر، ئەمما پەس ئادەم بولغان چېغىدا پۈتۈن ئاسمان زېمىندا لەنەتكە قالىدۇ. زەررىچىلىك ۋە ياكى چاڭ ـ توزانچىلىكمۇ قىممىتى بولمايدۇ. يۇقىرىقى ھەدىس بىزگە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ئادەملەرنىڭ قىممىتىنىڭ نەقەدەر يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، ياخشى ئىشلاردا باشلامچى بولغىنىدا نەقەدەر مۇستەھكەم، نەقەدەر مەغرۇر ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

[1] ئىمام تىرمىزى.

www.munber.org



مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى
خلق المسلم

كۈچلۈك، غەيرەتلىك بولۇشنىڭ مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى شۇكى، مۇسۇلمان ھەقىقەتنى گەۋدىلەندۈرۈشتە مەيدانى ئېنىق بولىدۇ. كىشىلەرگە تونۇشلۇق پرىنسىپلار بويىچە قەلبى يورۇق ھالەتتە مۇئامىلە قىلىدۇ. ھەقىقەتنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ھېسابىغا كىشىلەر بىلەن سۇنئىي مۇئامىلە قىلمايدۇ. ھەقىقەتنىڭ ۋە ھەقىقەتنى قوللىغۇچىلارنىڭ ھۆرمىتىنى كەتكۈزمەيدۇ. بەلكى ھەردائىم قەلبىدىكى ئەقىدىنىڭ كۈچىدىن كۈچ ئالىدۇ، ھەقىقەتنى گەۋدىلەندۈرىدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ياشايدۇ، مەلۇم بىر خىل ھەقىقەتنى بېكىتىشتە ئۆزىنىڭ بۇ ئېنىق مەيدانىدىن ھەرگىز يانمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىبراھىم ۋاپات بولغان كۈنىدە كۈن تۇتۇلغان ئىدى. بۇ چاغدا كىشىلەر: «ئىبراھىمنىڭ ئۆلۈمىگە كۈن تۇتۇلدى» دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇپ مۇنداق دېدى: «شۈبھىسىزكى، ئاي بىلەن كۈن بىرەر ئادەمنىڭ ئۆلۈشى ياكى تىرىلىشىگە تۇتۇلمايدۇ، بەلكى ئۇ ئاللاھنىڭ ئۆز بەندىلىرىگە كۆرسىتىدىغان مۆجىزىلىرىنىڭ بىرىدۇر، شۇنداق بولغىنىنى كۆرسەڭلار نامازغا ئالدىراڭلار.»[1]

چۈنكى ھەقىقەت ئۈچۈن ياشايدىغان ئادەم ناھەق ئىشلار بىلەن سودا قىلمايدۇ. ھەقىقەتكە قارىتا مەيدانى ئېنىق بولۇش ئۇنىڭ ھىيلە ئىشلىتىشتىن بىھاجەت قىلغۇدەك دەرىجىدە شەرەپ بايلىقى بارلىقىنى، بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى ئەنە شۇ پەزىلەت ۋە مۇكەممەللىكتىن ئىبارەت تەۋرەنمەس ئاساسلار ئۈستىگە قۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بىز باشقا كىتابلىرىمىزدا ئىسلام دىنىنىڭ ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش پرىنسىپىغا ئالاقىدار سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەقسەتلەرنى شەرھلەپ ئۆتكەن ئىدۇق، بىز بۇ يەردە شۇنى تەكىتلىمەكچىمىزكى، مۇسۇلمان ئەيىبلەرنى تەنقىدلەپ ئۇنىڭغا قارشى تۇرالايدىغان بۇنىڭ ئۈچۈن چوڭدىن ئەيمەنمەيدىغان، يېقىنىدىن

[1] ئىمام بۇخارى.

www.munber.org

تارتىنمايدىغان، ئاللاھ ئۇچۇن ھەرقانداق ئەيىبلەشلەردىن قورقمايدىغان بولۇشى لازىم.

ئىسلام دىنى ئاسىيلىق قىلغۇچى كاتتىلاردىن قورقۇپ ئۇلارنى ھۆرمەت سۆزى بىلەن چاقىرىدىغان كىشىلەرنى يامان كۆرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇناپىقنى ‹غوجام› دەپ چاقىرسا پەرۋەردىگارىنى غەزەبلەندۈرگەن بولىدۇ.»[1]

بىر ئادەمنىڭ ھارام ئىشلارنى قىلىشىنى ئاز دەپ ھارام ئىشلارنى قىلغانلارنىڭ كېيىپگە قۇلاق سېلىشى ھەسسىلەپ ئېغىر گۇناھدۇر.

﴿وَمَن يُهِنِ اللَّهُ فَمَا لَهُ مِن مُّكْرِمٍ إِنَّ اللَّهَ يَفْعَلُ مَا يَشَاء﴾

﴿ئاللاھنىڭ خارلىشىغا ئۇچرىغان ئادەمگە ھۆرمەتلىگۈچى چىقمايدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن خالىغىنى قىلىدۇ، ‹يەنى ئازاب قىلىش، رەھىم قىلىش، ئەزىز قىلىش، خار قىلىش، باي قىلىش، كەمبەغەل قىلىش ئاللاھنىڭ خاھىشىدىكى ئىش بولۇپ ئاللاھقا ھېچ كىشى تەئەررۇز قىلالمايدۇ›﴾[2]

ئىسلام دىنى مۇسۇلماننىڭ باتۇرلۇقىنى قوغداش، كۈچ ـ قۇدرىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن غەيۋەت قىلىشنى ھارام قىلدى چۈنكى باشقىلارغا بولغان ئۆچ ئاداۋىتىنى ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئاشكارا ئەيىبلىرىنى پەردە ئارقىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق چىقارماقچى بولغان ئادەم شۈبھىسىزكى تولىمۇ بىچارە ئادەمدۇر، قەلبىدە ھەقىقەتنىڭ چاقىرىقلىرىغا ئاۋاز قوشالايدىغان كۈچنى سەزگەن ئادەم خالىغان كىشى بىلەن دادىل يۈزلىشەلەيدۇ، ھەرگىزمۇ پەردە ئارقىسىدىن نەشتىرىنى سانجىش ئۈچۈن يوشۇرۇنۇۋالمايدۇ.

بۇ ھەرگىزمۇ يامانلىق قىلماقچى بولغان كىشىلەرگە يامانلىق بىلەن ئاشكارا تاقابىل تۇرايلى دېگەنلىكىمىز ئەمەس، بەلكى بىز بىرەر ئادەمدە مەلۇم ئەيىبنى سەزگەن ۋاقتىمىزدا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىمىز، ئەگەر

[1] ھاكىم.
[2] سۈرە ھەج:18





بۇ ئەيىب ئۇ ئادەمنىڭ بەدىنىدە بولسا مەرتىۋىسى تۆۋەن بولسا بۇنداق ئادەمنى مەيلى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن تەنقىدلەش ئەخمەقلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ئەيىبى مەقسەتسىز ھالدا سەۋەنلىك بىلەن گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن ئىبارەت بولسا ئۇ ئادەمنى تەنقىدلەپ يۈزىنى چۈشۈرۈش كىشىلەر ئارىسىدا ئەيىبلەش، پەسكەشلىكنىڭ ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ئەيىبى گۇناھ مەئسىيەد بىلەن ئەيمەنمەستىن ئوچۇق ـ ئاشكارا شۇغۇللىنىش بولسا بۇنداق ئادەمگە قىلچە ئايىماستىن ھەقىقەتنى نەسىھەت قىلىش بىلەن تاقابىل تۇرىشىمىز كېرەك، ئەمما نەسىھەت قىلغان ۋاقتىمىزدا ھاقارەت قىلىش، ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن خالىي بولۇشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ پەقەت يامانلىقنى ئۆزگەرتىش، شەخس ۋە كوللېكتىپنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈيىمىزنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈشىمىز لازىم.

ناۋادا سىز گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىنىڭ دۈشمەنلىرىگە ياخشىچاق بولۇش، ئۇلارنىڭ مېھماندارچىلىقىغا ئېرىشىش، ئۇ ئۆتكۈزگەن گۇناھتىن ئۆزىڭىزنىڭ پاك ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى دۈشمەنلەر ئارىسىدا ئەيىبلىسىڭىز ھەرگىزمۇ چىن ئىخلاس بىلەن نەسىھەت قىلغان بولمايسىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر ئادەم بىر مۇسۇلماننى ئەيىبلەش ئارقىلىق غىزالانماقچى بولىدىكەن ئاللاھ ئۇنىڭغا دوزاختىن ئىبارەت غىزا بېرىدۇ، كىمكى بىرەر مۇسۇلماننى ئەيىبلەش ئارقىلىق، كىينىمەكچى بولىدىكەن ئاللاھ ئۇنى دوزاختىن ئوخشاش كىيىندۈرىدۇ، كىمكى بىرەر مۇسۇلماننى كىشىلەرگە كۆرسىتىپ ۋە ئاڭلىتىپ ئەيىبلەيدىكەن ئاللاھ قىيامەت كۈنىسىدە ئۇ ئادەمنى خەلقى ئالەم ئالدىدا كۆرسىتىپ ئاڭلىتىپ ئەيىبلەيدۇ.»[1]

شۈبھىسىزكى غەيۋەت قىلىش ئاجىزلارنىڭ ئىشىدۇر.

❖ ❖ ❖

[1] ئىمام ئەبۇداۋۇد.



www.munber.org

ئىسلام دىنى دۇنيادا باشقىلارغا يېلىنىش، ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئىشقا كۆز تاشلاش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان شىرنىڭ ئېشىندىسىنى يەپ جان ـ ساقلايدىغان تۈلكىگە ئوخشاش كىشىلەرنى يامان كۆرىدۇ.

ئەمما مۇسۇلمان ئۆزىنى باشقىلار بىلەن بۇنداق پەس دەرىجىدە مۇناسىۋەت قىلىشتىن يۇقىرىراقتۇر. بەلكى ئۇ ئۆزىنى خورلۇقتىن يىراق قىلىپ، زېمىننىڭ بۇلۇڭ پۇشقاقلىرىدىن ئىززەت ۋە شەرەپ ئىزدەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەننەت ئىگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خىسلەتلىرىنى، دوزاخ ئىگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بايان قىلىپ، دەسلەپكىلەرنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەتلىك بولۇش، سېخىيلىق، ئىسسىللىق قاتارلىق خىسلەتلىرىنى كېيىنكىلەرنىڭ ئۆزىنى خورلاش، تەمەخورلۇق، ئاجىزلىق، سەل قاراش قاتارلىق قىلمىشلىرىنى ساناپ ئۆتتى ۋە مۇنداق دېدى: «جەننەت خەلقى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ؛ ئادىل، سەدىقە قىلغۇچى، ھەققەتنى تونىغۇچى ھاكىملاردۇر، بارلىق يېقىنلىرى ۋە مۇسۇلمانلارغا مېھرىبان بولغۇچىلار، ئائىلىسى بار ئىپپەتلىك كىشىلەر. دوزاخ ئەھلى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت؛ ئاز بولسىمۇ خىيانەت قىلىدىغان تەمەخور خىيانەتچى، ئائىلە ۋە مال ـ مۈلۈكۈڭگە زىيان كەلتۈرۈپ داۋاملىق ئالدىغۇچى. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېخىللىق قىلىش، يالغان ئېيتىش ۋە ئېغىزىنى بۇزۇپ تىللايدىغان ئەخلاقسىز كىشىلەرنىمۇ بايان قىلدى ۋە مۇنداق دېدى: شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ماڭا بىر ـ بىرىڭلارغا تەمەننا قويماسلىقىڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا زۇلۇم قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن ۋەھى ئەۋەتتى.»[1]

❖ ❖ ❖

بەزىدە ھەرخىل سەۋەبلەر مۇسۇلماننىڭ روھىي كەيپىياتىنى بۇزۇپ زور بېسىم ئېلىپ كېلىپ توغرا تەپەككۇر قىلىشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ، ئىشلەپچىقىرىشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇ چاغدا تۈرلۈك چارە ئاماللار بىلەن بۇ خىل پاسسىپ ھالەتتىن قۇتۇلۇپ چىقىش كېرەك.

[1] ئىمام مۇسلىم.

www.munber.org





پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارنىڭ بۇنداق مۇسىبەتلەرگە پاناھ بولۇشىنى تىلەيتتى: «ئى ئاللاھ، مەن سەندىن غەم ـ قايغۇ، ئامالسىزلىق، ھورۇنلۇق، قورقۇنچاقلىق، بېخىللىق قاتارلىقلاردىن، قەرزنىڭ كۆپلىكىدىن، كىشىلەرنىڭ بېسىمىدىن پاناھ تىلەيمەن.» چىداملىق، ئۈمىدۋارلىق ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى قورال بولۇپ، كىشى ئۇنىڭ ھىمايىسىدە ئېغىر مۇسىبەتلەرگىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. ھەرخىل ھادىسىلەر ۋە پىتنە ـ پاساتلار ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدۇ. چۈنكى ئۇ مۆئمىندۇر، مۆئمىن پەقەت ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىدۇ.

www.munber.org

## مۇلايىملىق ۋە ئەپۇچانلىق

ئىنسانلارنىڭ تۈرلۈك قوزغاتقۇچىلارغا تاقابىل تۇرۇش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلىرى ئاددىي ئىشلار ئۈچۈنمۇ نادانلىق قىلىپ قويىدۇ، بەزىلىرى بولسا ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر تەپەككۇرى ۋە ئېسىل ئەخلاقى بىلەن تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدۇ.

گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىتتىكلىك، ئېغىر ـ بېسىقلىق، ئالدىراقسانلىق، سەبىرچانلىق، سەزگۈرلۈك، دېۋەڭلىك قاتارلىق خىسلەتلىرىنىڭ يۇقىرى تۆۋەن بولۇشى ئۇلارنىڭ ئەسلى خاراكتېرىنىڭ قانداق بولۇشىغا زور دەرىجىدە باغلىق بولسىمۇ، ئەمما ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ باشقىلارغا مۇلايىم بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى ئەپۇ قىلىش بىلەن مۇئەييەن دەرىجىدە مۇناسىۋىتى بار.

ھەقىقىي ئۇلۇغ ئادەم كامالەتكە يەتكەنسېرى كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ بولىدۇ، مۇلايىم بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ. تەنتەكتىن بىرى ئۇنىڭغا ئازار بەرگىلى تۇرسا ئۇ خۇددى يولدا ئويناۋاتقان سەبىي بالىلارنىڭ ئۆزىگە تاش ئاتقىنىغا قارىغان پەيلاسوپقا ئوخشاش ئېگىز چوققىدىن پەسكە قارايدۇ.

كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرگەن چاغدا غەزەب بەزىلەرنى ساراڭ بولۇش دەرىجىسىگە ئېلىپ بارىدۇ. ئۆزلىرىنى قان تۆكمىگىچە ئاقلانمايدىغان دەرىجىدە ھاقارەتلەنگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئەجەبا بىرەر ئادەم ئەخلاقى پەزىلەتلەرنىڭ قورغانلىرى ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولسا بۇنچىلىك دەرىجىدە ئازابلىنىش مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس شۈبھىسىزكى ئاھانەتلەر نىشانغا تەگمەي ئىگىسىگە تېگىدۇ.

ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمنى ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە دەۋەت قىلىنغاندىن كېيىنكى جاۋابىغا قۇلاق سالغان چاغدىكى مۇلايىملىقى بىزگە مانا مۇشۇ مەنانى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.



www.munber.org



﴿قَالَ الْمَلأُ الَّذِينَ كَفَرُواْ مِن قَوْمِهِ إِنَّا لَنَرَاكَ فِي سَفَاهَةٍ وِإِنَّا لَنَظُنُّكَ مِنَ الْكَاذِبِينَ❖ قَالَ يَا قَوْمِ لَيْسَ بِي سَفَاهَةٌ وَلَكِنِّي رَسُولٌ مِّن رَّبِّ الْعَالَمِينَ❖ أُبَلِّغُكُمْ رِسَالاتِ رَبِّي وَأَنَاْ لَكُمْ نَاصِحٌ أَمِينٌ﴾

﴿ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغان چوڭلىرى: ‹بىز سېنى ھەقىقەتەن ئەخمەق ھېسابلايمىز، بىز سېنى ئەلۋەتتە (پەيغەمبەرلىك داۋايىڭدا) يالغانچىلاردىن دەپ گۇمان قىلىمىز› دېدى، ھۇد ئېيتتى: ‹ئى قەۋمىم! مەن ئەخمەق ئەمەسمەن لېكىن مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن، سىلەرگە پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزىمەن، مەن سىلەرگە ئىشەنچلىك نەسىھەتچىمەن›.﴾[1]

شۈبھىسىزكى، بۇ نادانلارنىڭ تىل ـ ئاھانىتى ئالدىدا ھۇد ئەلەيھىسسالام مۇلايىملىقتىن ئىبارەت ئېسىل ئەخلاق پەزىلىتىنى يوقىتىپ قويمىدى.

چۈنكى ئاللاھ پەيغەمبەر قىلىپ تاللىغان، ياخشىلىقتا كامالەتكە يەتكەن بىر ئادەم بىلەن دۆتلۈكتىن تاشلارغا چوقۇنۇپ ئۇلار پايدا يەتكۈزەلەيدۇ دەپ ئىشىنىش دەرىجىسىگە يەتكەن قەۋم ئوتتۇرىسىدا زور پەرق بار. كامالەتكە يەتكەن ئۇستاز بۇ بىر توپ پادىلارنىڭ جۆيلىشلىرىگە قانداقمۇ پەرۋا قىلسۇن!

بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا ئېغىر ـ بېسىقلىق ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش توغرىسىدا تەلىم بەرمەكچى بولدى، بۇ ھەقتە مۇنداق بىر بايان بار: «بىر سەھرالىق ئادەم ئۇنىڭ يېنىغا بىر نەرسە تىلەپ كەپتۇ، ئۇنىڭغا بەرگەندىن كېيىن سىلىگە ياخشىلىق قىلدىممۇ دەپ سوراپتۇ، ئۇ سەھرالىق ياق ياخشىلىق قىلمىدىلا دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن، بۇنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلار غەزەبلىنىپ ئۇنىڭغا ئازار بەرمەكچى بولۇشۇپتۇ، بۇ چاغدا ئۇ بولدى توختاڭلار دەپتۇ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە

[1] سۈرە ئەئراف: 66-68



www.munber.org

بىر نەرسە ئېلىپ چىقىپ قوشۇپ بېرىپ ئاندىن كېيىن ئەمدى ياخشىلىق قىلدىممۇ دەپ سورىغان ئىكەن ئۇ ھەئە ئاللاھ ئائىلە ۋە بالا ـ چاقىلىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن دەپتۇ، بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن باياتىن سىلى ياخشىلىق قىلمىدىلا دېگەن گەپنى قىلغاندىن كېيىن بۇ گەپ ساھابىلىرىمنىڭ كۆڭلىگە كەلدى، يەنى ئۇلار غەزەبلەندى، خالىسىلا ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى نارازىلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن ھازىر دېگەن رازىمەنلىك سۆزلىرىنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا يەنە بىر قېتىم دېگەن بولسىلا دەپ تەلەپ قىلدى، بۇ چاغدا ئۇ ئادەم بولىدۇ دەپ قوشۇلدى، ئەتىسى كەلگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەھرالىق بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ رازى بولمىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا يەنە بىر نەرسە قوشۇپ بەردىم. ئەمدى ئۇ مەندىن رازى بولدى، شۇنداقمۇ؟ دېۋىدى ئۇ ئادەم شۇنداق ئاللاھ ئائىلە ۋە بالا ـ چاقىلىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن، ـ دېدى.

ئارقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مەن بىلەن بۇ سەھرالىقنىڭ مىسالى خۇددى بىر ئادەمنىڭ تۆگىسى قېچىپ كېتىپ كىشىلەر ئۇنى قوغلىغانسېرى تېخىمۇ بەكرەك قاچقىنىغا، بۇ چاغدا ئىگىسى ئۇلارنى چاقىرىپ: بولدى قىلىڭلار تۆگەمنى قوغلىماڭلار، چۈنكى مەن تۆگەمنى سىلەردىن بەكرەك چۈشىنىمەن، ئۇنىڭغا سىلەردىنمۇ بەكرەك مېھرىبانمەن دېگىنىگە ۋە ئالدىغا كېلىپ يەردىن بىر قىسىم ئوت ـ خەس ئېلىپ ئۇنىڭغا بېرىپ تۇرۇپ ئالداپ چۆكۈرۈپ ئۇستىگە ئىگەرنى توقۇپ مىنىپ ئولتۇرغانغا ئوخشايدۇ. ئەگەر مەن سىلەرنى ئۇ سەھرالىقنىڭ دېگىنى ۋە سىلەرنىڭ غەزەبلەنگەنلىكىڭلار بويىچە ئۆز ئىختىيارىڭلارغا قويۇپ قويغان بولسام غەزەبلەنگەنلىكىڭلاردىن ئۇنى قەتلى قىلغان بولساڭلار ئەلۋەتتە ئۇ دوزاخقا كىرىپ كېتەتتى.»

شۈبھىسىزكى، مۇلايىم بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەھرالىق بۇ ئادەمنىڭ قوپاللىقىدىن تەئەججۈپلەنمىدى، ئۇنىڭدا گەپ ـ سۆزلىرى قوپال، مىجەزى ئىتتىك بولغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى، ناۋادا بۇنداق ئادەملەرگە ئالدىراپ جازا بېرىلسە ئۇلارغا چوقۇم ئۇۋال بولىدۇ ۋە زۇلۇم قىلىنغانلىق



www.munber.org



بولىدۇ، كامالەتكە يەتكەن ئىسلاھاتچىلار خەلقنىڭ ئىستىقبالىنى بۇنداق ئازابلىق ھالدا ئاخىرلاشتۇرمايدۇ. بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چەكسىز مۇلايىملىقى بىلەن بۇنداق كىشىلەرنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇرۇپ ئۇلارنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، ئۆزلىرىگە تەشەككۇر ئېيتىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئاقىل كىشى بۇنىڭ ئۈچۈن زور پۇل ـ مال سەرپ قىلسىمۇ ئۇنىڭغا قىلچىلىك پىخسىقلىق قىلمايدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشنىڭ ئالدىدا مال ـ مۈلۈكنىڭ قىممىتى قانچىلىق بولماقچى ئىدى؟

شۈبھىسىزكى، رازىلىقنى مال بىلەن سېتىۋالغان بۇ سەھرالىق بىر نەچچە كۈندىن كېيىن قارايدىغان بولسىڭىز، مۇھىم ۋەزىپىنى رازىمەنلىك بىلەن ئۈستىگە ئالىدىغان ئىخلاسمەن مۇسۇلمانغا ئايلىنىپ قالامدۇ تېخى؟

ئۇلۇغ ئىسلاھاتچىلارنىڭ قوللىرىدىكى پۇل مال پەقەت تەمەخور تىلەمچىلەرنىڭ ئېھتىياجى ياكى يىراق مۇساپىلارنى بېسىش ئۈچۈن مىنىلىدىغان قۇترىغان تۆگىلەرنى ئالداپ چۆكۈرۈش ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان ئوت خەستىن ئىبارەت خالاس!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەزەبلەنگەندە خەيرىخاھلىق قىلىش ۋە كەڭ قورساق بولۇش دائىرىسىدىن ھەرگىز ھالقىپ كەتمەيتتى، ئۇنىڭ تەرجىمىھالىدىن مەلۇم بولىشىچە ئۇ ھېچقاچان ئۆزى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالمايتتى، پەقەت ئاللاھنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىگە دەخلى تەرۇز قىلىنسىلا ئاندىن ئاللاھ ئۈچۈن ئىنتىقام ئالاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولجا تەقسىم قىلىۋاتقان ۋاقىتىدا سەھرالىق بىر ئادەم ئۇنىڭغا ئادىل تەقسىم قىلسىلا، چۈنكى بۇ ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈمىد قىلىنمىغان تەقسىم قىلىش بولدى دېگەندە ئۇ ئادەمنىڭ نادانلىقىنى ئەسلىتىپ نەسىھەت قىلىشتىن باشقا ھېچ گەپ قىلمىغان ۋە مۇنداق دېگەن: «ۋاي ساڭا، مەن ئادىل تەقسىم قىلمىسام كىممۇ ئادىل تەقسىم قىلار؟ ئەگەر مەن ئادىل تەقسىم قىلمىغان بولسام سەن زىيان تارتقان



www.munber.org

بولاتتىڭ» دېگەن، ساھابىلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۋەتمەكچى بولۇشقاندا ئۇلارنى توسۇپ قالماقچى بولغان.

❖ ❖ ❖

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنىسى ئەسىر ۋاقتىدا خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «شۈبھىسىزكى ئادەم ئەۋلادى تۈرلۈك تەبىقىلەردە يارىتىلغان، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاسان ئاچچىقلانمايدۇ، ئاچچىقمۇ تېز يانىدۇ، بەزىلىرى ئاسان ئاچچىقلىنىدۇ، ئاچچىقمۇ تېز يانىدۇ، بەزىلىرى ئاسان ئاچچىقلانمايدۇ، ئاچچىقى تەس يانىدۇ، ئۇلار بىر - بىرىنى يۆيىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تېز ئاسان ئاچچىقلىنىپ ئاچچىقى تەس يانىدىغانلىرى بار، ئۇلارنىڭ ياخشىسى ئاسان ئاچچىقلانماي، ئاچچىقى تېز يانىدىغانلاردۇر، يامىنى ئاسان ئاچچىقلىنىپ ئاچچىقى تەس يانغانلاردۇر، يەنە ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەرزنى چىرايلىق قايتۇرىدىغان، چىرايلىق ئالىدىغانلىرى، قەرزنى چىرايلىق قايتۇرمايدىغان، چىرايلىق سورايدىغانلىرى ھەم قەرزنى چىرايلىق سورايدىغان، چىرايلىق قايتۇرمايدىغانلىرى بار، ئۇلارنىڭ قىلغانلىرى بىر - بىرىنى يۆيىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە قەرزنى چىرايلىق قايتۇرمايدىغان، چىرايلىق سورىمايدىغانلىرى بار، ئۇلارنىڭ ياخشىسى قەرزنى چىرايلىق سوراپ چىرايلىق قايتۇرىدىغانلىرى، يامىنى قەرزنى قوپال سوراپ قوپال قايتۇرىدىغانلىرىدۇر.»

«بىلىش كېرەككى، غەزەپ ئادەم ئەۋلادى قەلبىدە يانغان چوغدۇر، كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكى، گۈرەن تومۇرلىرىنىڭ كۆپۈپ كەتكەنلىرىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كىمكى شۇنى سەزسە يەرگە يېقىن تۇرسۇن» يەنى ئورنىدىن قوزغالمىسۇن ۋە ئولتۇرىۋالسۇن.

كىمكى، غەزەپنىڭ كەينىگە كىرىدىكەن خۇدىنى بىلەلمەي ئىشلارنى ئىسلاھ قىلغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە بۇزۇپ قويىدۇ، يۇقىرىقى ھەدىس شەرىف بىزگە كىشىلەرنىڭ نەچچە تۈرلۈك بولىدىغانلىقلىرىنى، پەزىلەت جەھەتتە مەرتىۋىلىرىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى مۆئمىننىڭ ئۆزىنى لايىق ئورۇندا قويىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەن.





ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان ئادەم كۆپ ھاللاردا ئاچچىقىنىڭ كەينىگە كىرىپ نۇرغۇن ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ، ئىشىك ئېچىلغىلى ئۇنىمىسا ئۇنى تىللايدۇ، قولىدا تۇرمىغان سايماننى سۇندۇرىۋېتىدۇ، ئۈركىگەن ھايۋاننى قارغايدۇ، بىر قېتىم شامال بىر ئادەمنىڭ تونىنى ئۇچۇرغاندا شامالنى تىللىغان. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شامالنى تىللىمىسىلا، چۈنكى ئۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلغان، كىمكى تىللاشقا تېگىشلىك ئەمەس شەيئىنى تىللىسا بۇ تىل ئاخىرى ئۆزىگە يانىدۇ» دېگەن.[1]

غەزەپلىنىشنىڭ زىيىنى تولا، ئاقىۋىتى خەتەرلىك، شۇنىڭ ئۈچۈن قوزغالغاندا ئۆزىنى تۇتىۋالىدىغان ئادەم ھەقىقىي باتۇر ھېسابلىنىدۇ. ئىبنى مەسئۇد ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىلەر قانداق ئادەمنى باتۇر ھېسابلايسىلەر؟ دېگەندە، ساھابىلار: ھېچكىم ئۇنى يىقىتالمايدىغان ئادەمنى باتۇر ھېسابلايمىز دېيىشكەن، بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ: بەلكى غەزەپلەنگەن چېغىدا ئۆزىنى تۇتىۋالىدىغان ئادەم باتۇر ھېسابلىنىدۇ دېگەن.»[2]

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ماڭا نەسىھەت قىلسىلا، ئەمما ئۇنتۇلۇپ قالماسلىقىم ئۈچۈن كۆپ نەسىھەت قىلمىسىلا دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «غەزەپلەنمىگىن» دېگەن، مانا بۇ مۇشۇنداق سوئالغا جاۋاب بولىدىغان ئەڭ ياخشى ئىخچام جاۋابتۇر، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەلىم ئېلىش ئۈچۈن قېشىغا كەلگەن كىشىلەرنىڭ خاراكتېرلىرى، مۇھىتلىرىغا قاراپ تۇرۇپ مۇناسىپ نەسىھەت قىلاتتى، ئەھۋالغا قاراپ بەزىدە ئۇزۇن، بەزىدە قىسقا قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يوقىتىش ئۈچۈن كۈچ چىقارغان نادانلىق بىلمەسلىك بىلەن زومىگەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل نادانلىق ئىدى. بىرىنچى خىل نادانلىقنىڭ زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىنى تۈرلۈك ئىلىم - مەرىپەت

---

[1] ئىمام تىرمىزى.
[2] ئىمام مۇسلىم.

ۋە نەسىھەتلەر ئارقىلىق يورۇتقىلى بولاتتى، ئەمما ئىككىنچىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن ھاۋايى - ھەۋەسلەرنى تىزگىنلەشكە، بۇزغۇنچىلىقنى چەكلەشكە توغرا كېلىدۇ، ئىلگىرىكى ئەرەبلەرئۆزلىرىنىڭ نادانلىقتا تېخىمۇ ئەشەددىي نادانلىق بىلەن تاقابىل تۇرىدىغانلىقلىرى ئۈچۈن پەخىرلىنەتتى. ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن بۇ خىل خاتا خاھىشنى توسۇپ جەمئىيەت ئۆلىنى ئەخلاق - پەزىلەت ئۈستىگە، مۇمكىن بولمىسا ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇپ چىقتى. بۇ غايە پەقەت توغرا ئەقىل غەزەپلىنىش خاھىشىدىن ئۈستۈن تۇرالىغان چاغدىلا ئاندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرەبلەرگە قاراتقان نۇرغۇن نەسىھەتلىرى مانا مۇشۇنى نىشان قىلاتتى، تىرە - پىرەڭ بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىسلام جامائەسىنى باغلاپ تۇرىدىغان رىشتىدىن بوشانغانلىق بولۇپ ھېسابلاندى: «مۇسۇلماننى تىللاش پاسىقلىق، ئۆلتۈرۈش كاپىرلىقتۇر.»[1] ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق ئىككى مۇسۇلمان ئۆتتۈرىسىدا ئاللاھ ئاتا قىلغان پەردە باردۇر، قايسى بىرى مۇناسىۋەتكە دەخلى يەتكۈزىدىغان سۆزنى قىلسا ئاللاھ ئۇنى يىرتىپ تاشلايدۇ.»[2]

سەھرالىق بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تەلىم ئالغىلى كەلگەن ئىدى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەم ئۇنىڭ نېمىگە دەۋەت قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئۇ سەھرالىق (ئىسمى جابىر ئىبنى سەيىم ئىدى) مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر ئادەمنىڭ كىشىلەرگە ئۆز قارشى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، كىشىلەرنىڭمۇ ئۇ چىقىرىپ بەرگەن ھۆكۈم بويىچە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ كىشى كىم بولىدۇ؟» دەپ سورىغان ئىدىم، كىشىلەر: «ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىشتى، مەن: «ئەلەيكەسسالام، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى؟ دەپ سالام بېرىۋىدىم ئۇ زات: «ئەلەيكەسسالام دېمىگىن، چۈنكى ‹ئەلەيكەسسالام› بولسا مېيىتنىڭ سالىمىدۇر، بەلكى: «ئەسسالامۇئەلەيكە» دېگىن دەپ ئۈگەتكەن ئىدى، مەن ئۇنىڭغا:

---

[1] ئىمام بۇخارى.
[2] بەيھەقى.



www.munber.org



«سەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىمۇ؟» دېسەم ئۇ: «مەن بولسام بېشىڭغا قىيىنچىلىق كەلسە دۇئا قىلساڭ قىيىنچىلىقىڭنى ئاسان قىلىپ بېرىدىغان، قەھەتچىلىك، قۇرغاقچىلىق يىللىرى دۇئا قىلساڭ ئاشلىق ئۈندۈرۈپ بېرىدىغان، چۆل - باياۋاندا تۆگەڭ يوقاپ كەتكەندە دۇئا قىلساڭ قايتۇرۇپ بېرىدىغان ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇرمەن» دېدى، بۇ چاغدا مەن: «ماڭا نەسىھەت قىلسىلا» دېسەم: «ھېچكىمنى تىللىمىغىن» دېدى، شۇندىن كېيىن مەن مەيلى ئازاد ئادەم بولسۇن ياكى قۇل بولسۇن، مەيلى تۆگە بولسۇن ياكى قوي بولسۇن ھېچنەرسىنى تىللىمايدىغان بولدۇم، ئاندىن ماڭا يەنە مۇنداق دېدى: «ياخشىلىقنى كىچىك دەپ كۆزۈڭگە ئىلماي قالمىغىن، چۈنكى قېرىندىشىڭغا خۇش چىراي ئېچىپ گەپ قىلىشىڭمۇ ياخشىلىق ھېسابلىنىدۇ.» يەنە مۇنداق دېدى: «ئىزاۋىسىنى تىللىسا، ئۆزى بىلىدىغان ئەيىبىڭ بىلەن سېنى ئەيىبلىسە، سەن ئۇنىڭ بىلىدىغان ئەيىبى بىلەن ئۇنى ئەيىبلىمىگىن، بۇنىڭ ئۇۋالى پەقەت ئۇنىڭغا بولىدۇ.»[1]

❖ ❖ ❖

بەزى كىشىلەر غەزەپلەنگەندە ئۆزىنى بېسىۋالالمايدۇ، داۋاملىق تېرىكىپ، چىرايىنى بۇزۇپ يۈرۈيدۇ، بىرەرسى ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويسا خۇددى بەزگەكتەك تىترەپ كېتىدۇ، ئېغىزىدىن كۆپۈك قايناپ تىللايدۇ، قارغايدۇ، ئىسلام دىنى بۇنداق مەينەت قىلمىشتىن بىزاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۆئمىن تىللىغۇچى ئەمەس، لەنەت قىلغۇچى ئەمەس، سەت گەپ قىلغۇچى ئەمەس، ھاياسىز ئەمەس.»[2]

قارغاش پەسكەش كىشىلەرنىڭ ئىشىدۇر، ئاددىي ئىشلارنى دەپ باشقىلارنى قارغىغانلار ئۆزلىرىنى ئېغىز بالاغا دۇچار قىلىدۇ، بەلكى

---

[1] ئىمام ئەبۇداۋۇد.
[2] ئىمام تىرمىزى.



www.munber.org

ئىنسان بىراۋدىن ئۆزىگە قاتتىق ئازار يەتكەن بولسىمۇ تىللاش ۋە قارغاشلاردىن پاك بولۇشى لازىم.

قەلبىگە ئىمان ئورۇنلاشقانسېرى ئادەم شۇنچە كەڭ قورساق، ئېغىر - بېسىق بولۇپ قالىدۇ، خاتالاشقۇچىلارغا ئاچچىقلىنىشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: مۇشرىكلارنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلغىن، ئۇلارنى قارغىغىن دېيىلگەندە، جاۋاب بېرىپ: «مەن كىشىلەرگە پەقەت رەھىم - شەپقەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم، قارغىغۇچى قىلىپ ئەۋەتىلمىدىم» دېگەن.[1]

مۇسۇلمان ئۆزىنى قانچە تۇتۇۋالغانسېرى، غەزىپىنى قانچە بېسىۋالغانسېرى، ئېغىزىغا قانچە ئىگە بولغانسېرى، كىشىلەرنىڭ سەۋەنلىكىدىن قانچە ئۆتۈپ ھېسداشلىق قىلغانسېرى ئۇنىڭ ئاللاھ دەرگاھىدىكى دەرىجىسى شۇنچە يۇقىرى كۆتۈرىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەزى قۇللارنى تىللىغان چېغىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىنى ئىنكار قىلىپ: «تىللاش مېنىڭ دوستۇمغا لايىق ئەمەس.»[2] دېگەن، يەنە بىر بايانتە: «سىلەرنىڭ ھەم تىللايدىغان، ھەم مېنى دوست تۇتىدىغان بولۇشۇڭلار مۇمكىن ئەمەس دېگەن»[3] دېيىلگەن. بۇ چاغدا ئەبۇبەكرى ئۆزىنىڭ مۇشۇ خاتالىقىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۆزى تىللاپ سالغان ئاشۇ قۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئازاد قىلىۋەتكەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئەمدى تىللىمايمەن» دېگەن، چۈنكى تىللاش ئاداشقان خەتەرلىك ئوق بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا لايىق بولۇش - بولماسلىقىنى ئويلىمايلا، غەزەپنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قارىغۇلارچە ئېتىلغاندۇر، بۇنداق قارغاشلار بىلەن كىشىلەرنى ھاقارەتلەش مۇۋاپىق ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ ئۇۋالىدىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شۇبھىسىزكى بەندە بىرەر شەيئىنى تىللىسا ياكى قارغىسا بۇ قارغىش

[1] ئىمام مۇسلىم.
[2] ئىمام مۇسلىم.
[3] ئىمام ئەبۇداۋۇد.



www.munber.org



ئاسمانغا يېتىپ بارىدۇ، بۇ چاغدا ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى تاقىلىپ يەنە كۆتۈرۈلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن يەرگە چۈشىدۇ، ئەمما يەرنىڭ ئىشىكلىرىمۇ تاقىلىدۇ، ئوڭ تەرەپكە يۈرۈپ، سول تەرەپكە يۈرۈپ سىغىدىغان يەر تاپالمىغان چاغدا قارغالغۇچىغا يېتىدۇ، لايىق بولمىسا قارغىغۇچىغا يانىدۇ.»[1]

ئىسلام دىنى جېدەللەشكۈچىلەرنىڭ بىر - بىرىنى تىللىشىنى، يالغان - ياۋىداق سۆزلەر بىلەن بىر - بىرىنى ھاقارەتلىشىنى ھارام قىلغان. ئەدەب - ئەخلاقتىن چىققانلىقلىرى، غەزەپلەنگەندە ئۆزلىرىنى باشقۇرالمىغانلىقلىرى تۈپەيلىدىن تۇرلۇك باھانە - سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان جېدەل - ماجىرالاردا كىشىلەر سەت تىللار، پەس سۆزلەر بىلەن بىر - بىرلىرىنىڭ ئابرۇيلىرىنى تۆكۈشۈپ قوپال گۇناھلارنى ئۆزلىرىگە يۈكلىۋالىدى. بۇنداق جېدەللەرنىڭ گۇناھى ھەممىدىن ئاۋال غەزەپ چوغىنى ياندۇرغۇچىغا بولىدۇ.

بىلىش كېرەككى بۇنداق ئۆتكۈر تالاش - تارتىشلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئېغىر - بېسىقلىقنى غەزەپلىنىشنىڭ ئۈستىگە قويۇش، ئەپۇ قىلىشنى جازالاش، ئىنتىقام ئېلىشنىڭ ئۈستىگە قويۇشتىن ئىبارەت.

شۈبھىسىزكى، ئۆزى ياكى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە قارىتىلغان ھەرقانداق ھۇجۇم كىشىنى تولىمۇ غەزەپلەندۈرىدۇ، كۈچى يەتسە دەرھال ئىنتىقام ئالغۇسى كېلىدۇ، دۈشمىنىگە ئۆزى تارتقان ئازابقا تەڭداش ئازاب كەلتۈرمىگىچە كۆڭلى ئارام تاپالمايدۇ، ئەمما بۇ يەردە ئۇنىڭدىنمۇ ئېسىل، ئاللاھنى ئەڭ رازى قىلىدىغان، بۈيۈكلۈك ۋە ئادىمگەرچىلىكنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسى بولغان بىر يول بار. ئۇ بولسىمۇ: غەزىپىنى بېسىۋېلىپ چېچىلماسلىق، قولىنى تارتىپ قىساس ئالماسلىق، قىساس ئالالىغۇدەك ماغدۇر بەرگەن ئاللاھقا تەشەككۈر بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن يامانلىق قىلغۇچىنى ئەپۇ قىلىۋېتىشتىن ئىبارەت.

[1] ئىمام ئەبۇداۋۇد.



www.munber.org

ئىبنى ئابباستىن بايان قىلىنىشىچە ئۇيەينە ئىبنى ھىسنى (مەيلى ئوتتۇرا ياشلىقلار ياكى ياشلار بولۇشىدىن قەتئىنەزەر قارىلار مۆئمىنلەرنىڭ ئەمرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سورۇنىنىڭ ئىشتىراكچىلىرى ۋە مەسلىھەتچىلىرى بولغاچقا بۇ كىشىمۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىگە يېقىن تۇتىدىغانلارنىڭ بىرى ئىدى) قايتىپ كەلگەن چېغىدا جىيەنى ھەررۇ ئىبنى قەيسنىڭ مەنزىلگە كەلگەن ئىكەن، ئۇ يەنە: «ئى جىيەنىم، مەن ئۈچۈن مۆئمىنلەرنىڭ ئەمرىدىن كىرىشكە ئىجازەت سوراپ بەرگەن بولساڭ.» دەپتۇ، ئىجازەت قىلىنغاندىن كېيىن كىرىپ: «ئى خەتتابنىڭ ئوغلى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن بىزگە ھەدىيەنى كۆپ بەرمەيسەن، بىزلەرگە ئادىل ھۆكۈم چىقىرىپ بەرمەيسەن» دېگەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غەزەبلىنىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغان، بۇ چاغدا ھەررۇبىن قەيس: ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمرى، شۈبھىسىزكى ئاللاھ پەيغەمبىرىگە: ‹خُذِ الْعَفْوَ وَأْمُرْ بِالْعُرْفِ وَأَعْرِضْ عَنِ الْجَاهِلِينَ› ‹ئەپۇ قىلغىن، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇغىن، جاھىللاردىن يۈز ئۆرۈگىن.› بۇ جاھىللاردىن دېگەن چېغىدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتنى ئاڭلاپلا دەرھال توختىغان، چۈنكى ئۇ زات ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ھۆكمى بويىچە ھۆكۈم چىقىراتتى ۋە شۇ بويىچە ياشايتتى.[1]

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سەھرالىق ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى قايتۇرىۋەتمەكچى بولغان، چۈنكى ئۇ كىشى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن ياكى ھەققەت ئىزدەپ ئەمەس بەلكى سەلتەنەتلىك بىر ھۆكۈمراننى ناھەق تىللاش، ئىشلىمەي كۆپ مال تەلەپ قىلىش ئۈچۈن كىرگەن! ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ نادانلاردىن ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلگەندە بولسا ئۇنىڭغا چېقىلمىغان ۋە ساق - سالامەت قايتۇرىۋەتكەن، ھەدىستە شۇنداق دېيىلگەن: «كىمكى ئىنتىقام ئالالايدىغان تۇرۇپمۇ غەزىپىنى بېسىۋالسا، ئاللاھ قىيامەت كۈنىسىدە

---

[1] ئىمام بۇخارى.





خەلقى ئالەم ئالدىدا ئۇنىڭ جەننەتتە ئۆزى خالىغان ھۆر - پەرىلەرگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى نىدا قىلىپ چاقىرىدۇ.»[1]

ئۇبا دە ئىبنى سامىتتىن بايان قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرگە دەرىجەڭلارنى كۆتۈرۈپ كۆككە تاقاشتۇرىدىغان بىر ئەمەلنى دەپ بېرەيمۇ؟» دەپ سورىغان، ئۇلار: «بولىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى» دېگەنلىرىدە: «ساڭا نادانلىق قىلغان كىشىگە ئىغىر - بېسىق بولىسەن، ساڭا زۇلۇم قىلغان كىشىنى ئەپۇ قىلىسەن، ساڭا بەرمىگەن كىشىگە سەن بېرىسەن، سېنى ئىزدىمىگەن كىشىنى سەن ئىزدەيسەن» دېگەن.[2]

قۇرئان كەرىمدە مانا مۇشۇنداق ئىسىل ئەخلاقلارنىڭ ئىنسانىنى تېزلا ئالىي جەننەتلەرگە ئېلىپ بارىدىغانلىقى بايان قىلىنغان:

﴿وَسَارِعُواْ إِلَى مَغْفِرَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا السَّمَاوَاتُ وَالأَرْضُ أُعِدَّتْ لِلْمُتَّقِينَ ❖ الَّذِينَ يُنفِقُونَ فِي السَّرَّاء وَالضَّرَّاء وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ وَاللّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾

﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغفىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان - زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار. تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىيىنچىلىقتىمۇ الله يولىدا (پۇل - مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بۇزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. الله ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾[3].

❖ ❖ ❖

---

[1] ئىمام ئەبۇداۋۇد.
[2] تەبرانىي.
[3] سۈرە ئال ئىمران 133 - 134.



www.munber.org

خەلقى ئالەمدە تەڭداشسىز بولغان ئەپۇ قىلىش قىسسىلىرىنىڭ بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ مۇناپىقلارنىڭ كاتتىبېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنى ئەپۇ قىلىشىدىن ئىبارەت، ھالبۇكى ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارغا ئۇزۇلمەي ئاپەت كېلىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلغان، ئۇلارغا تۇرلۇك سۇيقەستلەرنى ئويلايدىغان، ئۇلارغا تۆھمەت قىلىش، پەيغەمبىرىگە ئازار يەتكۈزۈش پۇرستى بولسىلا ھەرگىز قولدىن بەرمەيدىغان ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىدى. مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە ھەققىدە يامان سۆز تارقاتقان، كىشىلەرنىمۇ يامان سۆز تارقىتىشقا ئۈندىگەن، مۇشۇنداق رەزىل تۆھمەت بىلەن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى زىلزىلىگە سالغان ئادەم دەل ئاشۇ ئىدى، شەرق ئەللىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئاياللارنىڭ ئابرۇيىنى مۇقەددەس بىلىدىغان، ئاياللىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ يىراق - يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ ھۆرمەت - شەرىپىنى ئەنە شۇ ئايالنىڭ ئابرۇيىنىڭ مۇقەددەسلىكى ۋە پاكلىقى بىلەن باغلاپ چۈشىنىدىغان بىر خىل ئەنئەنىسى بار. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ كۆڭلىنى بەكمۇ ۋەيران قىلدى، قايغۇغا چۆمدۈردى، ئاخىرىدا تۆۋەندىكى ئايەتلەر نازىل بولۇپ مۇناپىقلارنىڭ ھىلىسىنى ئېچىپ تاشلاپ ئۇلارنىڭ ئىشىنى رەسۋا قىلدى. مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسىنىڭ پاك، ئىپپەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

﴿إِنَّ الَّذِينَ جَاؤُوا بِالْإِفْكِ عُصْبَةٌ مِّنكُمْ لَا تَحْسَبُوهُ شَرًّا لَّكُم بَلْ هُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ لِكُلِّ امْرِئٍ مِّنْهُم مَّا اكْتَسَبَ مِنَ الْإِثْمِ وَالَّذِي تَوَلَّى كِبْرَهُ مِنْهُمْ لَهُ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾

﴿شۇبھىسىزكى سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (ئائىشەگە) بۆھتان چاپلىدى، بۇ سىلەر ئۈچۈن يامان ئەمەستۇر، (سەبىر قىلغانلىقىڭلار بىلەن ساۋابقا ئېرىشىدىغىنىڭلار ئۈچۈن ۋە ئائىشە، سەفۋانلارنىڭ پاكلىقى ئاشكارا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن) بەلكى ياخشىدۇر، بۆھتان چاپلىغۇچىلاردىن كىمنىڭ قانچىلىك گۇناھى بولسا، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك



www.munber.org



جازا بېرىلىدۇ، بۆھتانىنىڭ چوڭ قىسمىنى تارقاتقان ئادەم (يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[1]

بۇ قايمۇقتۇرغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە ھەد (جازا) تۇرغۇزۇلدى، ئەمما يامانلىقنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالدى... ئاللاھ پەيغەمبىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى بارغانسېرى ئازلاشقا باشلىدى، مۇناپىقلىقتىن ئىبارەت سېسىق نامى ھەممە يەرگە پۇر كەتكەندىن كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئاغرىپ قېلىپ ساقىيالماي ئۆلدى، ئوغلى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ دادىسى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىغاندا كەچۈرۈم قىلدى، ئۇ زاتنىڭ مۇبارەك كۆينىكى بىلەن كېپەنلەشنى تەلەپ قىلغاندا كۆينىگىنى بەردى، نامىزىنى چۈشۈرۈپ ئۇنىڭ ھەققىدە ئىستىغفار تەلەپ قىلىشنى ئۆتۈنگەندە ئەپۇچان، مېھرى - شەپقەتلىك پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى رەت قىلمىدى، بەلكى تۆنۈگۈن تېخى ئۆزىنىڭ ئابرۇيىغا دەخلى تەرۇز يەتكۈزگەن لەنىتىنىڭ جەسىتى ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەققىدە مەغپىرەت تەلەپ قىلدى، ئەمما بۈيۈك ئادالەت كەسكىن ھۆكۈم چىقىرىپ ئاللاھنىڭ بۇ ئايىتى نازىل بولدى:

﴿اسْتَغْفِرْ لَهُمْ أَوْ لاَ تَسْتَغْفِرْ لَهُمْ إِن تَسْتَغْفِرْ لَهُمْ سَبْعِينَ مَرَّةً فَلَن يَغْفِرَ اللّهُ لَهُمْ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ كَفَرُواْ بِاللّهِ وَرَسُولِهِ وَاللّهُ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ﴾

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۈچۈن مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىل، مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىلما (بەرىبىر ئوخشاش)، ئۇلار ئۈچۈن 70 قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.)﴾[2]

[1] سۈرە نۇر: 11
[2] سۈرە تەۋبە: 80



www.munber.org

ئەبۇبەكرنىڭ خەيرخاھلىقى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان تۇققىنى ئىسلامنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى، تۇغقانلىق ھەققى ـ ھۆرمىتى ۋە ئىلگىرى قىلغان ياخشىلىقىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىنى ئۇنتۇپ ئۆز ھىمايىچىسىنىڭ قىزى ـ ئائىشەنىڭ ئابرۇيىغا داغ تەككۈزىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىشتىن تەپ تارتمىغان. بۇ چاغدا ئەبۇبەكرى بۇنداق تۇغقانلىقىدىن ۋاز كېچىدىغانلىقى، ئىلگىرىكىدەك ياخشىلىق قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم ئىچكەن. بۇ توغرىسىدا ئاللاھنىڭ:

﴿وَلَا يَأْتَلِ أُوْلُوا الْفَضْلِ مِنكُمْ وَالسَّعَةِ أَن يُؤْتُوا أُوْلِي الْقُرْبَى وَالْمَسَاكِينَ وَالْمُهَاجِرِينَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلْيَعْفُوا وَلْيَصْفَحُوا أَلَا تُحِبُّونَ أَن يَغْفِرَ اللَّهُ لَكُمْ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾

ئاراڭلاردا ئەھلى كەرەم ۋە دۆلەتمەن بولغانلار خىش ـ ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە، ۋە دىن يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا (بىرنەرسە بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن، (ئۇلارنىڭ گۇناھىنى) ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن، ئاللاھنىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1] دېگەن ئايىتى نازىل بولغاندىن كېيىن: ئەبۇبەكرى: «مەن ئاللاھنىڭ ماڭا مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرىمەن» دېگەن ھالەتتە ئۇنىڭغا يەنە ئىلگىرىكىدەك ياخشىلىق قىلىشقا باشلىغان.

[1] سۈرە نۇر: 22





## سېخىيلىق ۋە مەردلىك

ئىسلام دىنى كەڭ قوللۇق ۋە سېخىيلىقنى يولغا قويىدۇ، پىخسىقلىق ۋە بېخىللىققا قارشى تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان ئەۋلادلارنىڭ سېخىي، قولى ئوچۇق بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، خەيرى ـ ئېھسان قىلىشقا ئالدىرىشىنى، كىشىلەرگە ياخشىلىق يەتكۈزۈشنى ئۆزىنىڭ دائىملىق ئىشى قىلىشىنى، ئۇنى قىلىشنى ئەتىگەن، كەچلىرى تەرك ئەتمەسلىكنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

﴿الَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَالَهُم بِاللَّيْلِ وَالنَّهَارِ سِرًّا وَعَلاَنِيَةً فَلَهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ﴾

﴿ماللىرىنى كېچە ـ كۈندۈز (يەنى ھەممە ۋاقىت)، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا خەير ـ ئېھسان قىلىدىغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ.﴾[1]

مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش تەلەپلىرىدە، كۈندىلىك خىراجىتىدە نورمال بولۇشى، ئىسراپخورلۇق قىلىپ ھەممىنى تۈگىتىۋەتمەسلىكى، ئۆزى ئۈچۈنلا ياشىماسلىقى، ئاللاھ ئاتا قىلغان نېئمەتلەردىن باشقىلارنىمۇ نېسىۋدار قىلىشى، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم قىلىشى، موھتاجلارنىڭ ھاجىتىگە ياردەم بېرىشى لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئادەم بالىسى! خەيرى ـ ئېھسان قىلىش سەن ئۈچۈن ياخشى، قىلماسلىقىڭ سەن ئۈچۈن يامان، تۇرمۇشىڭنىڭ پاراۋان بولۇشىنىڭ يامىنى يوق، ياخشىلىقنى يېقىن كىشىلەردىن باشلاپ بەرگەن قول، ئالغان قولدىن ياخشى.﴾[2]

قۇرئان كەرىم بۇ تەرەپنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن بولۇپ، پۇل ـ مالنى ئۆزى ئۈچۈنلا بۇزۇپ چېچىشتىن توسقان، تۇغقانلارغا مىسكىنلەرگە ياردەم قىلىشقا بۇيرىغان. دېمىسىمۇ ئىسراپخورلۇق ھاماقەتلىك بولۇپ، پۇل

[1] سۈرە بەقەرە: 274
[2] ئىمام مۇسلىم.



www.munber.org

ـ مالنى شەخسىي هاۋايى ـ هەۋەس ئۈچۈن بۇزۇپ چاچسا، ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيىتىنى نېمە بىلەن ئادا قىلىدۇ؟ ئاجىزلارغا نېمە بىلەن ياردەم قىلىدۇ؟.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَآتِ ذَا الْقُرْبَى حَقَّهُ وَالْمِسْكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَلاَ تُبَذِّرْ تَبْذِيرًا ❖ إِنَّ الْمُبَذِّرِينَ كَانُواْ إِخْوَانَ الشَّيَاطِينِ وَكَانَ الشَّيْطَانُ لِرَبِّهِ كَفُورًا﴾

﴿تۇغقانغا، مىسكىنگە، ئىبنى سەبىلگە (خەير ـ ساخاۋەتتىن) هەقنى بەرگىن، (پۇل، مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن، ئىسراپ قىلغۇچىلار هەقىقەتەن شەيتانىنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، شەيتان پەرۋەردىگارىغا تولىمۇ كۇفرانى نېمەت قىلغان ئىدى.﴾[1]

ئاللاھ تائالا موهتاجلارغا ياخشىلىقتا تەۋسىيە قىلىش بىلەن بىرگە، ئەگەر ئۇلارغا بەرگۈدەك بولسا ماددىي ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىسا ئۇلارغا ياخشىلىق تىلەش، چىرايلىق گەپ قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

﴿وَإِمَّا تُعْرِضَنَّ عَنْهُمُ ابْتِغَاء رَحْمَةٍ مِّن رَّبِّكَ تَرْجُوهَا فَقُل لَّهُمْ قَوْلاً مَّيْسُورًا﴾

﴿ئەگەر سەن پەرۋەردىگارىڭدىن كۈتىۋاتقان مەرھەمەت نازىل بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇلارغا خەير ـ ساخاۋەت قىلماقچى بولساڭ (يەنى قولۇڭدا ئۇلارغا بېرىدىغان بىر نەرسە بولمىسا)، ئۇلارغا چىرايلىق گەپ قىلغىن.﴾[2]

ئىسلامنىڭ سېخىيلىق ۋە مەردلىككە بولغان چاقىرىقى ناهايىتى كۆپ، شۇنىڭدەك بېخىللىق ۋە پىخسىقلىققا قارشى تۇرۇشىمۇ هەرگىز ئاز ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سېخىي ئاللاھقا يېقىن، كىشىلەرگە يېقىن، جەننەتكە يېقىن، دوزاقتىن يىراق، بېخىل ئاللاھتىن

[1] سۈرە ئىسرا: 26-27
[2] سۈرە ئىسرا: 28



www.munber.org



يىراق، كىشىلەردىن يىراق، جەننەتكە يىراق، دوزاخقا يېقىن، هەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سېخىي، نادان كىشىنى، بېخىل ئىبادەتكار كىشىدىن بەكراق ياخشى كۆرىدۇ.»[1]

دۇنيادا ئۆزئارا ياردەم ۋە كۆيۈنۈشنى ئىنكار قىلىدىغان بىرەر قانۇن ـ تۈزۈم بولمىغان هەم بولمايدۇ، بەلكى كۈچلۈكنىڭ ئاجىزغا كۆيۈنىشى ئارقىلىق بەخت ۋە خاتىرجەملىككە كاپالەتلىك قىلىشنى زۆرۈر دەپ قارايدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە كۈچلۈك بىلەن ئاجىز، باي بىلەن نامرات مەۋجۇتلا بولىدىكەن كۈچلۈكنىڭ ئاجىزغا، باينىڭ يوقسۇلغا كۆيۈنۈشى، كۆڭۈل بۆلۈشى بەخت ـ سائادەتنىڭ كاپالىتى.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى زىددىيەتلىك ۋە رەڭدار، هاياتلىقنىڭ ئىنسانىيەتكە قىلغان ئاتاسىمۇ ئوخشاش ئەمەس، بەزىلەر باي، بەزىلەر قانائەتچان، بەزىلەر يوقسۇل بۇ هاياتلىقنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى. كىشىلەر تاش يۈرەك، رەھىمسىزلىشىپ ئۆزى ۋە ئۆز ئارزۇسى ئۈچۈنلا ياشىغىنىدا شۇ كىشىلەرگە بەختسىزلىك يۈزلىنىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا كىشىلەرنى پەرقلىق، ئۆزئارا ئارىلىشىدىغان قىلىپ ياراتقان. ئوخشىمىغان كىشىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ياشىتىشتىن مەخسەت ئىمانىنى تاۋلاش، ياخشىلىقنى يېتىشتۈرۈش دۋامىدىكى بىر سىناق.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَجَعَلْنَا بَعْضَكُمْ لِبَعْضٍ فِتْنَةً أَتَصْبِرُونَ وَكَانَ رَبُّكَ بَصِيرًا﴾

﴿بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىنىدۇق، سەبىر قىلامسىلەر؟ (يەنى سەبىر قىلىڭلار) (پەرۋەردىگارىڭ سەبىر قىلغۇچىلار بىلەن سەبىر قىلمىغۇچىلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.﴾[2]

[1] ئىمام تىرمىزى.
[2] سۈرە فۇرقان: 20



www.munber.org

كىشىلەر ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملىگەن، يوقسۇللار يوقسۇللۇقنىڭ دوۋزىقىدا قىينالمىغان قول ئىلكىدە بارلار بايلىقنى تۇگۈپ ياتمىغاندىلا بۇ سىناق مەيداندا ئۇتۇپ چىقالايدۇ.

ئىسلام دىنىدا بۇ ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان قانۇن ـ شەرىئەتلەر بار، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزئارا ياخشىلىق قىلىش، ياردەم بېرىش يېتىشىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئاجىزلارلا بەختكە ئېرىشىپ قالماستىن بەرگۈچىلەر ۋە ياردەم قىلغۇچىلار باشقىلارنىڭ قوللىشى ۋە ئىشەنچ قىلىشىغا ئېرىشىپ، ھەسەت ۋە كۆرەلمەسلىكتىن ساقلىنىپ، خاتىرجەملىككە مۇيەسسەر بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿هَاأَنتُمْ هَؤُلَاء تُدْعَوْنَ لِتُنفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَمِنكُم مَّن يَبْخَلُ وَمَن يَبْخَلْ فَإِنَّمَا يَبْخَلُ عَن نَّفْسِهِ وَاللَّهُ الْغَنِيُّ وَأَنتُمُ الْفُقَرَاء﴾

﴿سىلەر شۇنداق كىشىلەركى، ئاللاھنىڭ يولىدا(پۇل ـ مال) سەرپ قىلىشقا چاقىرىلساڭلار، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بېخىللىق قىلىدىغانلار بار، كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بېخىللىق قىلىدۇ، ئاللاھ (سىلەرنىڭ مال ـ مۈلكۈڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، سىلەر بولساڭلار (ئاللاھقا) موھتاجسىلەر.﴾[1]

نامراتلىق ياخشى ئىش ئەمەس، ئۇ ئىنسانغا چاپلاشسا ئۇنى قىينايدۇ، ئاللاھ ئىنسانغا ئاتا قىلغان ھۆرمەتلىك ئورۇندىن چۈشۈرۈۋېتىدۇ. ئاللاھ ئىنسانلارنى باشقا مەخلۇقلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئاتا قىلغان ھۆرمەتتىن مەھرۇم قىلغىلى تاس قالىدۇ، كىيىملىرى يىرتىق ياماق يەرلىرى كۆرۈنۈپ قالغىلى تاس قالىدۇ، كىيىملىرى يىرتىق ـ ياماق يەرلىرى كۆرۈنۈپ قالغىلى قويىقان ياكى يالاڭ ئاياق ئۇشۇق ۋە بارماقلىرى يېرىلغان ياكى ئاچلىقتىن يېمەكلىكلەرگە تەلمۈرگەن يوقسۇللۇقتىن

[1] سۈرە مۇھەممەد: 38





ئىلاجسىز قالغان كىشىنى كۆرۈش ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرىدۇ.

مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ھالەتنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمىگەن ئادەم ئادەم ئەمەس، مۆئمىنمۇ ئەمەس. پۈتۈن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا رىشتە ۋە بىرخىل مۇناسىۋەت بار. ئۇنى نامراتلىق ۋەيران قىلماسلىقى لازىم.

ئىمان مۇشۇنداق جايدا سىنىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشتىن بىرنى كۆرگەن. ئۇنىڭغا قاراۋېرىش تەس كەلگەن، ئۇ مۇسۇلمانلارنى يىغىپ نۇتۇق سۆزلىگەن. ئۇلارغا ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا ھەق مۇناسىۋەتلىرىنى ئەسلىتىپ، ئاللاھ ۋە ئاخىرەت كۈنىسىدىن ئاگاھلاندۇرغان. ئاخىرى ئۇلارنىڭ ھاجىتىدىن چىققۇدەك، ئەۋرەتلىرىنى ياپقۇدەك نەرسە كېرەك يىغىلغان.

جەرىردىن بايان قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز چۈشتىن بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئىدۇق، ئۇنىڭ يېنىغا يالاڭئاياق، كىيىملىرى يىرتىق بىر قەۋم كەلدى، ئۇلار ئاساسەن مۇزەر قەبىلىسىدىن ئىدى، ئۇلارنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ رەسۇلۇللاھنىڭ چىرايى قاتتىق ئۆزگەردى، ئۇ ئۆيىگە كىرىپ چىقتى، ئاندىن بىلالنى ئەزان ئوقۇشقا بۇيرىدى، ئەزان، تەكبىر ئوقۇپ ناماز ئوقۇدى، ئاندىن نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُواْ رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَاحِدَةٍ وَخَلَقَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَبَثَّ مِنْهُمَا رِجَالاً كَثِيرًا وَنِسَاء وَاتَّقُواْ اللّهَ الَّذِي تَسَاءلُونَ بِهِ وَالأَرْحَامَ إِنَّ اللّهَ كَانَ عَلَيْكُمْ رَقِيبًا﴾

﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان. شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن

قورقۇڭلار، بىر ـ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار، سىلە رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.﴾[1]

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَلْتَنظُرْ نَفْسٌ مَّا قَدَّمَتْ لِغَدٍ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ﴾

﴿ئى مۆئمىنلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەر ئادەم ئەتە(قىيامەت كۈنى) ئۈچۈن نىمىنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن﴾[2]

ئۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق دېدى: «ھەربىر ئادەم ئۆز يېنىدا بار دىنار، دەرھەم، كىيىم ـ كېچەك، بۇغداي ۋە خورمىلىرىدىن سەدىقە قىلسۇن، ھەتتا يېرىم خورما بولسىمۇ سەدىقە قىلسۇن» دېدى.

جەرىر مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ قېشىغا ئەنسارىلاردىن بىر كىشى قولىدا تەس كۆتۈرۈپ بىر ھەميانىنى ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بىر ـ بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى، ھەتتا يېمەكلىك ۋە كىيىم ـ كېچەكتىن ئىككى دۆۋە يىغىلدى. ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى، نۇرلانغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىر ئادەم ئىسلامدا ياخشى ئىشتىن بىرسىنى جارى قىلدۇرسا ئۇنىڭغا ئۆز ئەجرى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن شۇ ئىشنى قىلغان ھەربىر كىشىنىڭ ئەجرىدىن بولىدۇ، ھېچقايسىسىنىڭ ئەجرى كېمىيىپ كەتمەيدۇ. بىر ئادەم ئىسلامدا بىر يامانلىقنى يولغا قويسا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ گۇناھى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن شۇ ئىشلارنى قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھى بولىدۇ، ھېچقايسىسىنىڭ گۇناھى كېمەيتىلمەيدۇ.»[3]

[1] سۈرە نىسا: 1
[2] سۈرە ھەشر: 18
[3] ئىمام مۇسلىم.



www.munber.org



بۇ پاساھەتلىك سۆز ياخشىلىقتا رىقابەتلەشكۈچىلەر ياخشى ئىشلارنى يولغا قويۇشتا باشلامچى بولۇشنى تالاشقۇچىلار ئۈچۈن ھەقىقىي چاقىرىق، شۇنداقلا ناچار ئادەتنى پەيدا قىلىدىغان، ئومۇمنىڭ ئىشىدا قولىنى بۇرنىغا تىقىپ تۇرىۋالىدىغان، باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقى ۋە ئازابلىرىغا پەرۋاسىز قاراپ يامان ئۈلگە بولىدىغان كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش.

❖ ❖ ❖

دۇرۇس، ئىنسان مال ـ دۇنيانى ياخشى كۆرۈش، تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش، باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىشكە قاتتىق قىزىقىش، شەخسىيەتچىلىك تەبىئىتى بىلەن يارىتىلغان. ئەگەر ئۇنىڭغا يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسە بېرىلسە بەلكى ئاسمان ـ زېمىننىڭ خەزىنىسىگە ئىگە بولسىمۇ بەرگۈسى كېلىپ ئىختىيارسىز خالىسانە بېرىدىغان ئىش بولمايدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿قُل لَّوْ أَنتُمْ تَمْلِكُونَ خَزَآئِنَ رَحْمَةِ رَبِّي إِذًا لَّأَمْسَكْتُمْ خَشْيَةَ الإِنفَاقِ وَكَانَ الإنسَانُ قَتُورًا﴾

﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىمنىڭ رەھمەت خەزىنىلىرى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بولسا، چىقىمدىن (يەنى تۈگەپ كېتىشتىن) قورقۇپ، چوقۇم بېخىللىق قىلاتتىڭلار، ئىنسان بېخىل كېلىدۇ﴾ دېگەن.[1]

ئىسلام بۇنى ئىنسان قارشى تۇرۇشقا ئۇنىڭغا نىسبەتەن سەگەك تۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان ناچار، پەس تەرىپى دەپ ھېسابلىدى، ھەم بۇ دۇنيا، ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىغا ئېرىشىش روھىيەتتىكى بېخىللىق ئامىللىرىنىڭ مىتە قۇرتلىرىدىن قۇتۇلۇپ سېخىيلىق ۋە مەردلىك سەھنىسىگە چىققاندا قولغا كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى:

[1] سۈرە ئىسرا: 100



www.munber.org

﴿فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ وَاسْمَعُوا وَأَطِيعُوا وَأَنفِقُوا خَيْرًا لِّأَنفُسِكُمْ وَمَن يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾

﴿تاقەتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار (ۋەزنى) ئاڭلاڭلار، (ئەمرىگە) ئىتائەت قىلىڭلار، (ئاللاھنىڭ يولىدا ماللىرىڭلارنى) سەرپ قىلىڭلار، (بۇ) ئۆزەڭلار ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، كىمكى نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلىنىدىكەن، ئۇ مەقسەتكە ئېرىشكۈچىدۇر.﴾[1]

بانكا، بىخەتەرلىك ساندۇقى قاتارلىق جايلارغا قويۇپ قويۇلغان پۇل - مالدا مىسكىن ۋە ئاجىزلارنىڭ ھەققى بار.

ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەققى ئادا قىلىنمىغان بولسا ئۇ مال ئىگىسىگە نىسبەتەن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەڭ زور خەتەرلىك نەرسىگە ئايلىنىپ، خۇددى ئادەملەرنى چېقىش ئۈچۈن كاتېكىدە كۈتۈپ تۇرغان يىلانغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنى ئاشۇنداق مال - دۇنيانىڭ پېخسىق ئىگىسىنى چېقىش ئۈچۈن چىشلىرى ئۆتكۈر، زەھەرلىرى تېمىپ تۇرغان، ئىگىسىنى قوغلايدىغان يىلانغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

«بايلىقى بار ئادەم ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ بايلىقى قىيامەت كۈنىسى تاز يىلانغا ئايلىنىپ ئېغىزىنى ئېچىپ ئۇلارنى قوغلايدۇ، يىلاندىن قاچسا، ئۇنى چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلايدۇ، ساقلاپ قويغان مېلىڭنى ئال، مەن ئۇنىڭغا موھتاج ئەمەس. ئۇ ئۇنىڭغا قارىسا ئۇنىڭ قۇتۇلۇش يولى يوق بولغاچقا، قولنى ئۇنىڭ ئاغزىغا سالىدۇ يىلان ئۇنىڭ قولنى قاتتىق چاينايدۇ.»[2]

ئىسلام دىنى ئىنسانلارغا پېخسىقلىقنىڭ ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى، ئەگەر مال - دۇنياسىنىڭ ھەققىيتى ۋە ئاقىۋىتى توغرىلىق ئويلانسا كەڭ قورساقلىقنىڭ شەخسىيەتچىلىكتىن، سېخىيلىقنىڭ

[1] سۈرە تەغابۇن: 16
[2] ئىمام بۇخارى.



www.munber.org



پېخسىقلىقتىن ئەۋزەللىكىنى بىلگىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ياخشى ئاقىۋەت توغرىسىدا ئويلىنىپ بېقىشقا كۆرسەتمە بېرىدۇ، «بەندە مال - دۇنيا دەيدۇ، ئۇنىڭ مېلى ئۈچ خىل بولىدۇ، يېگىنى چىرىپ تۈگەيدۇ، كەيگىنى كونىراپ تۈگەيدۇ، باشقىلارغا ياردەم قىلغىنى ئەسقاتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىسى باشقىلارغا مىراس بولىدۇ.»[1]

مۇسۇلماننىڭ ئۆزىنى بەختسىزلىككە يۈزلەندۈرۈپ ماللىرىنى باشقىلارغا قالدۇرىشى ئەجەبلىنەرلىك، مۇسۇلمان ئۆز مال - دۇنياسى ئارقىلىق كېيىنكى تۇرمۇش ھاياتىنى ياخشىلىيالمىسا كېيىن قانداقمۇ ئۇ مال - دۇنياسىدىن پايدىلىنالىسۇن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقىقەتنى ئاشكارىلاپ مۇنداق دېگەن: «قايسىڭلار مىراسخورىنىڭ مېلىنى ئۆزىنىڭ مېلىدىن بەكراق ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلار: يا رەسۇلۇللاھ ھېچقايسىمىز ئۇنداق ئەمەس، ھەركىم ئۆز مېلىنى بەك ياخشى كۆرىدۇ؟ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سەرپ قىلغانلىرى ئۆزىنىڭ مېلى كېيىنگە قالدۇرغىنى مىراسخورىنىڭ مېلى، - دېدى.»[2] شۇنداق بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاكات يىغقۇچىلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغاندا ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈككە بولغان ھېرىسمەنلىك تۇيغۇسىنى ئاشكارىلاپ ئۇنىڭغا چىرايلىق ھەل قىلىش يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، ئۇ مۇنداق دېگەن: «يېنىڭلارغا سىلەر ياقتۇرمايدىغان كىشىلەر يەنى زاكات يىغقۇچىلار كېلىدۇ، ئۇلار كەلسە ئۇلارنى قارشى ئېلىڭلار، ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىڭلار، ئۇلار ئادىل بولسىمۇ ئۆزىگە، ئادىل بولالمىسىمۇ ئۆزىگە يەنى ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئەمەس، ئۇلارنى رازى قىلىڭلار، زاكاتنى تولۇق تاپشۇرغىنىڭلار ئۇلارنى رازى قىلغىنىڭلاردۇر، ئۇلار سىلەر ئۈچۈن دۇئا قىلسۇن.»[3]

ئىنساننىڭ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشتىكى پېخسىقلىقنىڭ ھېس تۇسالغۇلىرىدىن قۇتۇلۇشى ئىسلامنىڭ نەزىرىدە مۇكەممەل پەزىلەت.

[1] ئىمام مۇسلىم.
[2] ئىمام بۇخارى.
[3] ئىمام ئەبۇداۋۇد.



www.munber.org

ئەمەلىيەت شۇكى، بەدەن ساغلام ئۇمىدۋار ۋاقتىدا ئۇمىد ئارزۇلىرى كۆپ، پۇل ـ مالنى كۆپەيتىشتىكى ھەۋەسلىرى كۆپ باياشات تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشلىرى كۈچلۈك بولىدۇ. ئەگەر ئىنسان مۇشۇ ئامىللار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ سېخىيلىق ۋە مەردلىكنى دوست تۇتسا زور ياخشىلىق قىلغان بولىدۇ.

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: يارەسۇلۇللاھ قانداق سەدىقىنىڭ ئەجرى چوڭ بولىدۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «تەن ساغلام، ئارزۇ ـ ھەۋەس كۆپ، نامراتلىقتىن قورقىۋاتقان، باي بولۇشنى ئويلاۋاتقان ۋاقتىتىكى سەدىقىنىڭ ئەجرى زور بولىدۇ، جان ھەلقۇمغا كېلىپ پالان ـ پوكۇنغا مۇنداق سەدىقىلەرنى قىلىڭلار دەيدىغان چاغ كەلگىچە ساقلىمىغىن.»[1]

❖ ❖ ❖

سەممىيەت ۋە كۆيۈنۈش بىلەن بىللە كەڭ قول بولۇش، گۇناھلارنى يۇيىدۇ ۋە خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِن تُبْدُواْ الصَّدَقَاتِ فَنِعِمَّا هِيَ وَإِن تُخْفُوهَا وَتُؤْتُوهَا الْفُقَرَاء فَهُوَ خَيْرٌ لُّكُمْ وَيُكَفِّرُ عَنكُم مِّن سَيِّئَاتِكُمْ وَاللّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ﴾

﴿سەدىقىنى ئاشكارا بەرسەڭلار، بۇ ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇنى مەخپى بەرسەڭلار ۋە يوقسۇللارغا بەرسەڭلار تېخىمۇ ياخشىدۇر، بۇ سىلەرنىڭ بەزى گۇناھىڭلارغا كاپارەت بولىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴾[2] يەنە مۇنداق دېدى:

﴿إِن تُقْرِضُوا اللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا يُضَاعِفْهُ لَكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ وَاللَّهُ شَكُورٌ حَلِيمٌ❖ عَالِمُ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾

[1] ئىمام بۇخارى.
[2] سۈرە بەقەرە: 271



www.munber.org



﴿ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بەرسەڭلار (يەنى مەنۇنىيەت بىلەن سەدىقە بەرسەڭلار) ئاللاھ سىلەرگە ئۇنىڭ (ساۋابىنى) ھەسسىلەپ بېرىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ، ئاللاھ ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى بەندىلىرىنى ئازابلاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ) (ئاللاھ) غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾[1]

مۇسۇلمان گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويسا، پەرۋەردىگارى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسا بۇنىڭدىن پاكلىنىش، پەرۋەردىگارىغا يېقىنلىشىش، قەلبىنى يورۇتۇش، مەغپىرەت ۋە رازىلىقنىڭ پەردىسىنى ئېچىش ئۈچۈن ئۆزىگە ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان نەرسىگە تۇتۇش قىلىش، مېھرىبان ھەم ئەڭ شەپقەتلىك زاتقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن يوقسۇل ۋە نامراتلارغا ئۇنىڭدىن بېرىش لازىم.

ئەبۇ زەردىن بايان قىلىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان بىر ئابىد ئىبادەتخانىدا 60 يىل ئىبادەت قىلغان ئىدى. يامغۇر يېغىپ ئەتراپ يېشىللىققا پۈركەنگەندە ئىبادەتخانىدىن بېشىنى چىقىرىپ: چىقىپ ئاللاھنى يات ئەتسەم، كۆپ پايدىغا ئېرىشسەم دەپ ئارزۇ قىلدى ۋە بىر ئىككى گىردە نان ئېلىۋېلىپ ئىبادەتخانىدىن چىقتى. كۆپ ئۆتمەي بىر ئايال بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئىككىيلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇپ قالدى. ئاخىرى شەيتان ۋەسۋەسە قىلىپ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويدى.

كۆل سۈيىدە غۇسلى تاھارەت ئېلىۋاتقاندا بىر سائىل كېلىپ ئىلتىجا قىلىپ قالدى. بۇ چاغدا ئۇ ئىككى گىردە ناننى ئېلىشقا ئىشارە قىلىدى. بىر مەزگىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئابىد ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئاخىرەتتە ئۇنىڭ 60 يىللىق ئىبادىتى بىلەن زىنا قىلغان گۇناھى سېلىشتۇرۇلغاندا گۇناھى بېسىپ كەتتى. ئاندىن كېيىن خەيرى ـ ئېھسان قىلغان بىر ـ ئىككى گىردە نان بىلەن ياخشى ئەمەللىرى

[1] سۈرە تەغابۇن: 17-18



www.munber.org

سىلىشتۇرۇلۇۋىدى، ياخشى ئەمەللىرى بېسىپ چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ گۇناھى مەغفىرەت قىلىندى.»[1]

بۇنىڭ ئەكسى ياخشى پاكىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«سىلەرنىڭ سەدىقە بىلەن بولغان ئىشلار تۆۋەندىكى مىسالغا ئوخشايدۇ، بىر ئادەمنى دۈشمەن تۇتۇۋېلىپ قولىنى گەدىنىگە باغلاپ ئۆلتۈرۈشكە ئېلىپ ماڭسا ئۇ سىلەردىن جېنىمنى تىلىۋالاي دەپ بار يوقىنى ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بېرىشكە باشلايدۇ.»[2] يەنى سەدىقە بەرگۈچىنى ئاللاھنىڭ غەزىپى ۋە ئازابىدىن ساقلاپ ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ.

❖ ❖ ❖

زاكات، سوۋغات، نەفىقە قاتارلىق كىشىلەرگە بېرىدىغان سەدىقىلەر ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم بولۇپ مۇشۇ ئاساستا مۇسۇلماننىڭ دىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئاجىزلايدۇ ۋە كۈچىيىدۇ. مۇسۇلمان كىشى مەيلى ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەيلى ئىنسانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە بولسۇن بېخىللىق سەۋەبلىك مەھرۇم قالىدىغىنى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. ئەمما سېخىيلىق سەۋەب بىلەن نۇرغۇن تەرەپلەردە ئۇزۇپ چىقالايدۇ. ھەتتا ئاللاھنىڭ پەزلى ـ ئىنئامىغا بولغان ئىشەنچ ئېتىقادىمۇ كۈچىيىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ياخشى ئىش يامانلىقتىن ساقلايدۇ، مەخپىي قىلىنغان سەدىقە پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىنى ئۆچۈرىدۇ، رەھىم ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ. »[3]

[1] ئىبنى ھەببان.
[2] ھاكىم.
[3] تەبرانىي.



www.munber.org



يەنە مۇنداق دېگەن: «زاكات ئارقىلىق ماللىرىڭلارنى مۇھاپىزەت قىلىڭلار، سەدىقە ئارقىلىق كېسەللىرىڭلارنى داۋالاڭلار، بالا ـ مۇسىبەتنى دۇئا ۋە ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىش بىلەن قوبۇل قىلىڭلار.»[1]

شەيتاننىڭ ھىيلىلىرىنى بەربات قىلىش، ۋەسۋەسىلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاش بىلەن ئۇنى قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتا سەدىقە بېرىشتىنمۇ مۇھىم ئىش يوق. شەيتان سەدىقىدىن قولىنى يىغىسۇن ئۈچۈن كۆڭۈلگە ۋەھىمە سالىدۇ، ئۇنى ئەرزىمەس مال ـ دۇنياغا باغلاپ قويىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿الشَّيْطَانُ يَعِدُكُمُ الْفَقْرَ وَيَأْمُرُكُم بِالْفَحْشَاء وَاللّهُ يَعِدُكُم مَّغْفِرَةً مِّنْهُ وَفَضْلاً وَاللّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ﴾

﴿شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقىتىدۇ، يامان ئىشلارغا (يەنى بېخىللىققا زاكات بەرمەسلىككە) بۇيرۇيدۇ، ئاللاھ سىلەرگە ئۆز مەغپىرىتىنى ۋە پەزلىنى ۋەدە قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.﴾[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم سەدىقە قىلسا، ئۇنى سەدىقىدىن توسۇۋاتقان يەتمىش شەيتان يىراقلايدۇ.»[3]

كىشىلەر مائاش ئالغاندا ياكى بانكىدىن پۇل ئالغاندا بىر قىسىم پۇلنى خىراجەت ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويىدۇ. ئۇنى تۈگەيدىغان پۇل، قالغىنىنى ساقلاپ قويىدىغان پۇل دەپ قارايدۇ، ئەمما ئىسلام ئاللاھ يولىدا خەجلەنگەن پۇلنىلا مەڭگۈلۈك پۇل دەپ قارايدۇ.

ئائىشەدىن بايان قىلىنىپ، ئۇلار بىر قوي ئۆلتۈرگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۆشتىن قانچىلىك قالدى دەپ سورىغاندا ئائىشە: «تاغىقىلا قالدى» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[1] داۋۇد.
[2] سۈرە بەقەرە: 268
[3] ئىمام ئەھمەد.



www.munber.org

«تاغىقىدىن باشقا ھەممىسى قالدى»[1] دېگەن، ئۇلار تاغىقىدىن باشقا ھەممىسنى سەدىقە قىلىۋەتكەن ئىدى.

بۇ ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنىڭ تەستىقى:

﴿مَا عِندَكُمْ يَنفَدُ وَمَا عِندَ اللّهِ بَاقٍ وَلَنَجْزِيَنَّ الَّذِينَ صَبَرُواْ أَجْرَهُم بِأَحْسَنِ مَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ﴾

﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ، اللهنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر تۈگىمەستۇر. سەۋر قىلغۇچىلارغا، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴾[2].

❖ ❖ ❖

بەزىدە ئىنساننىڭ خىيالىغا سېخىيلىق بايلىقنى قۇرۇتۇپ نامراتلىققا يۈزلەندۈرىدۇ، خاتىرجەم تۇرمۇشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ دېگەن قاراش كېلىدۇ، بۇ شەيتاننىڭ پەس، چاكىنا ئادەملەرنىڭ كۆڭلىگە سالىدىغان ۋەسۋەسىسى.

ھەقىقەت شۇكى، سېخىيلىق - - باياشاتلىقنىڭ يولى، مەردلىك - - مال دۇنيا كۆپىيىشىنىڭ ۋاستىسى، قولىنى ئاللاھ ئۈچۈن بېرىشكە ئۈتەك قىلغان كىشىلەرنىڭ قولى ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە كۆيۈنۈشىگە، ئاللاھنىڭ چەكسىز نېئمىتىگە ئېرىشىشتە كاپالەتكە ئىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ ئىش ئۈستىدە قەسەم قىلىمەن، سەدىقە كىشىنىڭ مېلىنى ئازايتىۋەتمەيدۇ، زۇلۇمغا چىدامىلىق بولغان كىشىگە ئاللاھ ئۇلۇغلۇقنى ھەسسىلەپ بېرىدۇ، باشقىلاردىن تىلەش ئىشىكىنى ئاچقان كىشىگە ئاللاھ نامراتلىقنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ.»[3]

[1] ئىمام تىرمىزى.
[2] نەھل: 96.
[3] ئىمام ئىبنى ماجە.



www.munber.org



ھەربىر كىشى كەڭ قورساقلىقنى مۇھىم بىلىپ، موھتاجلارغا ياردەم قىلىشنى پايدىلىق تىجارەت يولى دەپ قارىسۇن، بۈگۈن بېرىلگەن ئاز نەرسە ئەتە ياكى ئۆگۈن كۆپ بولۇپ قايتىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئاللاھ يولىدا بېرىلگەن مال - مۈلۈكنى ئىگىسىگە بىر ياكى ئىككى ھەسسە قايتۇرىلىدىغان مال بولماستىن نەچچە ھەسسىلەپ قايتۇرىلىدىغان ياخشى قەرز دەپ بايان قىلدى. ھەربىر مۇسۇلماننى نەپىقە قىلىشقا قىزىقتۇردى، ھەمدە ئۇنىڭ باشقىلارغا قىلغان نەپىقىسىنىڭ ئاللاھنىڭ تۈگىمەس خەزىنىسىدىن تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىشتىكى ۋاستە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىغا قويدى. ئاللاھ تائالادىن بايان قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق بار: «ئى بەندەم نەپىقە قىلغىن، ساڭا نەپىقە قىلىمەن. ئاللاھنىڭ قولى ناھايىتى غەنى بولۇپ ئەتىگەن كەچلىرىدىكى قىلىنغان نەپىقىلەر ئۇنىڭ بايلىقىنى قۇرۇتۇلمايدۇ، ئاسمان زېمىن يارىتىلغاندىن بېرى ئاللاھ نەپىقە قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ قولىدىكى بايلىقىنىڭ كېمەيگەنلىكىنى كۆردىڭلارمۇ؟ ئاللاھنىڭ ئەرشى سۇنىڭ ئۈستىدە، پەس قىلىدىغان، يۇقىرى قىلىدىغان ئۆلچەم ئاللاھنىڭ قولىدا.»[1]

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا أَنفَقْتُم مِّن شَيْءٍ فَهُوَ يُخْلِفُهُ وَهُوَ خَيْرُ الرَّازِقِينَ﴾

﴿(ئاللانىڭ يولىدا) بەرگەن نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى ئاللاھ تولدۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىدۇر.﴾[2]

كەڭچىلىك ياكى قىيىنچىلىق ۋاقىتلىرىدا نەپىقە قىلغۇچىلار ئاللاھنىڭ نەزىرى ۋە ھىمايىسىدە بولۇپ پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا رەھمەت ۋە سالام يوللايدۇ، تېخىمۇ كۆپ يەتكۈزۈپ بېرىشكە تەييار تۇرىدۇ، ئەمما بېخىللارغا ۋەيران بولۇشتىن باشقىسى يوق كىشىلەر مال بىلەن مەڭگۈ تۇرامدۇ؟ ياكى مال ئۇلار بىلەن مەڭگۈ تۇرامدۇ؟ مال - دۇنيا ۋاقىتلىق

[1] ئىمام بۇخارى.
[2] سۈرە سەبەئ: 39



www.munber.org

نەرسە بىردەم ئۇنىڭغا بىردەم بۇنىڭغا يۆتكىلىپ تۇرىدۇ، يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇنى شۇنچىلىك قوچاقلاپ ياتىمىز؟ ئۇنىڭغا شۇنچە چىڭ ئېسىلىۋالىمىز؟

ئىنسانغا مۇناسىۋەتلىك بۇ دۇنيانىڭ بارلىق نەرسىسىنى كەلگۈسىدە ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ پەرۋەردىگارىنىڭ يېنىغا مال ـ مەنسەپتىن ئايرىلىپ دەسلەپ يارىتىلغىنىغا ئوخشاش قۇرۇق قول بارىدۇ. ئۇ بېخىللىق بىلەن يىغقان ماللىرى قىيامەت كۈنىسىدە بوينىغا كىشەن قىلىپ سېلىنىدۇ، مۇشۇ ھەقىقەتلەرنى ئەستىن چىقىرىپ، پايدا تەرەپلىرىنى ئۇنتۇپ زىيانلىقنى تويلاش غېمىدە زېمىننىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چاپقان كىشىنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن جازاغا ئۇچرىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەر تاڭ يورۇغان كۈنىسى ئىككى پەرىشتە چۈشىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى: «ئى ئاللاھ پۇل ـ مېلىنى خەجلەپ تۇرغۇچىغا يەنە بەرگىن» دەيدۇ. يەنە بىرى: «بېخىللىق قىلغۇچىنىڭ مېلىنى يوقاتقىن» دەيدۇ.[1]

❖ ❖ ❖

كىشىلەر باللىرىنى ئۆزىدىن كېيىنمۇ ياخشى كۈن كۆرسۇن ئۈچۈن ئۇلارغا كۆپرەك قالدۇرۇش نىيىتىدە مال ـ دۇنيانىڭ كۆپ بولۇشىغا قىزىقىدۇ، بۇ ياخشى ئىش، مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىنى قوغداش ئۇلارنى بەختلىك قىلىش كىشىلەرگە موھتاج قىلماسلىقتا تەكلىپ قىلىنغان، ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى نامراتلىقنى يوقىتىشقا ئۈندەپ تۇرۇپ ئۇنى ئۆز ئۆيىگە سۆرەپ كېلىشكە قوشۇلمايدۇ.

ھەدىستە مۇنداق بار: «مىراسخورلىرىڭنى كىشىلەرگە موھتاج بولىدىغان قالدۇرغىنىڭدىن باي ھالدا قالدۇرغىنىڭ ياخشى.»[2]

① ئىمام مۇسلىم.
② ئىمام بۇخارى.



www.munber.org

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى
خلق المسلم

لېكىن باللىرىنىڭ كەلگۈسىنى ياخشى قىلىمەن دەپ دىنى ۋە ئەخلاقىنى قۇربان قىلىش ھەقىقەتەن خاتا، ئىنسان ئۆزىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا سەل قاراپ ئەۋلادلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنىلا ئويلىشى ھەقىقەتەن ھاماقەتلىك.

ئىسلام دىنى شۇنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغانكى، بالا ـ چاقا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مۇسۇلمانغا بېرىلگەن بارلىق مال ـ مۈلۈك قاتارلىق نېمەتلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر سىناق. مەسئۇلىيەتلىرىنى جايىدا ئۆتەلمىسە، تەلەپ قىلىنغان قۇربانلىقلار ئالدىدا ئۆزىنى بىلمىسە ئۇنىڭغا ئاتا قىلىنغان بۇ نەرسىلەر بالا ـ مۇسىبەتنىڭ مەنبەسى. بەلكى ئۇ نەرسىلەر ئۇنىڭغا ئەڭ چوڭ دۈشمەن نەرسىلەرگە ئايلىنىدۇ. مانا بۇ ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّ مِنْ أَزْوَاجِكُمْ وَأَوْلَادِكُمْ عَدُوًّا لَّكُمْ فَاحْذَرُوهُمْ وَإِن تَعْفُوا وَتَصْفَحُوا وَتَغْفِرُوا فَإِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ❖ إِنَّمَا أَمْوَالُكُمْ وَأَوْلَادُكُمْ فِتْنَةٌ وَاللَّهُ عِندَهُ أَجْرٌ عَظِيمٌ﴾

﴿ئى مۆئمىنلەر! سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلاردىن باللىرىڭلاردىن سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بار، ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار، ئەگەر (ئۇلارنى) ئەپۇ قىلساڭلار، كەچۈرسەڭلار مەغپىرەت قىلساڭلار (ئاللاھ سىلەرنىمۇ مەغپىرەت قىلىدۇ) ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، باللىرىڭلار (سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن) بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاتتا ساۋاب بار.﴾[1]

شۇنداق، ئەر كىشىنىڭ ئايالىغا يېقىنراق تۇراي دەپ جىھادتىن قېلىشى، باللىرىغا كۆپرەك مال قالدۇرۇش ئۈچۈن پىخسىقلىق قىلىشى، ئۇنىڭغا ئاتا قىلىنغان نېمەتكە تەشەككۇر بىلدۈرۈشتە خاتالىق سادىر

① سۈرە تەغابۇن: 14-15



www.munber.org

قىلغانلىق بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ دۆتلىكى سەۋەبلىك ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان نېئمەتنى ئۆزىگە ئازابلىق نەرسىگە ئايلاندۇرۋالدۇ.

ھەكىمنىڭ قىزى خەۋلەدىن بايان قىلىنىپ ئۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى قىزىنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دەپ تېشىغا چىقتى: «سىلەرئاللاھنىڭ نېئمەتلىرى تۇرۇپ بېخىل، قورقۇنچاق، نادان بولۇۋالىسلەر»[1]

كىمكى باللىرىنى دەپ پىخسىق، قورقۇنچاق، نادان بولسا چوڭ زىيان تارتقان بولىدۇ. كىمكى ھەممىدىن بۇرۇن ئاللاھنىڭ ۋە بەندىلەرنىڭ ھەققىنى تونۇپ يەتكەن بولسا غەلىبە قىلغان بولىدۇ.

يەنە كېلىپ باللىرىنى دەپ پىخسىقلىق قىلىش، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماسلىق ئۇلارنى نامراتلىقتىن توسۇپ باي تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ، شۇنداقلا بۇ ئاللاھ ئالدىدا سەۋەبمۇ بولالمايدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىن بايان قىلىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ مال - دۇنياسى ۋە باللىرى ى ئەڭ كۆپ كىشىلەردىن ئىككىنى تىرىلدۇرۇپ ئۇلارنىڭ بىرىگە پالاننىڭ بالىسى پالانى دەيدۇ، ئۇ - ئى رەببىم خوش، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن

- ساڭا كۆپ مال - دۇنيا ۋە بالا ئاتا قىلدىم شۇنداقمۇ؟

- ئى رەببىم، شۇنداق.

- مەن بەرگەن نەرسىلەرنى قانداق قىلدىڭ؟

- مال - دۇنيانى باللىرىم كەمبەغەل بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئۇلارغا مىراس قالدۇردۇم!!!

- ئاگاھ بولغۇنكى، سەن ھەقىقەتنى بىلگەن بولساڭ ئاز كۈلۈپ كۆپ يىغلىغان بولاتتىڭ، مەن سەن قورققان نەرسىنى باللىرىڭغا چۈشۈردۈم.

يەنە بىرىگە:

---

① ئىمام تىرمىزى.



www.munber.org



- ئى پالانىنىڭ بالىسى پالانى دەيدۇ، ئۇ:

- ئى رەببىم خوش، تەييارمەن.

- ساڭا كۆپ مال ۋە بالا بەردىم شۇنداقمۇ؟

- ئى رەببىم، شۇنداق.

- مەن بەرگەن نەرسىلەرنى قانداق قىلدىڭ؟

- مال دۇنيانى سېنىڭ ئىتائىتىڭگە ئىشلەتتىم، مەندىن كېيىن باللىرىمغا سېنىڭ مەرھەمەت قىلىدىغانلىقىڭغا ئىشەندىم.

- ئاگاھ بولغۇنكى، ئەگەر ھەقىقىي ئىشىنىشنى بىلگەن بولساڭ كۆپ كۈلۈپ ئاز يىغلىغان بولاتتىڭ، مەن باللىرىڭغا، مەن، سەن ئىشەنگەن ئىشنى قىلدىم.»[1]

ئىسلام دىنى ئىنساننى دەسلەپ ئۆزىنى، ئاندىن ئائىلىسىنى، ئاندىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى، ئاندىن پۈتۈن ئىنسانلارنى ھۆرمەتلەشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

ئىنساننىڭ ئۆزىنى ھۆرمەتلەشنىڭ مەنىسى ئۆز ئېھتىياجىنى ھالال يول بىلەن تەمىنلەش ھارامدىن ساقلىنىش، جەمئىيەتتىكى ئورنىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان يوقسۇللۇققا دىققەت قىلىش، قەددىنى رۇسلاش، ئەۋرىتىنى يېپىشتىن ئىبارەت مۇسۇلماننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سەۋەبىدىن چۈشۈپ كەتمەسلىك بولۇپ، بۇنىڭدا ئىسراپخورلۇق قىلماسلىقى، نورمال بولۇشى لازىم. مۇسۇلماندا مۇشۇ ئۆلچەمگە يېتەرلىك ئاساس بولۇشى زۆرۈر. ئەگەر ئەۋرىتىنى ياپقۇدەك كىيىمگە، قەددىنى رۇسلىغۇدەك يېمەكلىككە ئىگە بولالمىسا ئۇ يوقسۇل ھېسابلىنىدۇ.

ئەبى سەئىدىل خۇدرىدىن بايان قىلىنىپ: «بىر ئادەم مەسجىدكە كىيىملىرى ناھايىتى يىرتىق ھالەتتە كىردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇۋىدى، كىشىلەر سەدىقە قىلدى،

---

① تەبرانىي.



www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ھېلىقى كىشىگە ئىككى كىيىم بەردى. ئاندىن كىشىلەرگە سەدىقە قىلىڭلار، دېدى. ھېلىقى ئادەم كىيىمنىڭ بىرىنى سەدىقىگە تاشلىدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «بۇ ئادەمگە قاراڭلار ئۇنى كىيىملىرى جۇل ـ جۇل ھالەتتە كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىككى كىيىم بەردىم، سەدىقە قىلىڭلار دېسەم ئۇ ئىككى كىيىمنىڭ بىرىنى تاشلىدى!! كىيىمىڭنى ئال، دەپ كايىدى.①

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام جەمئىيەتتىن نامراتلىق، يوقسۇللۇق، قىيىنچىلىقنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى يوقاتماقچى، بىر قىسىم كىشىلەر ئاچ ـ يالىڭاچ يۈرۈشكە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ، لېكىن بۇنداق كىشىلەرنىڭ پرىنسىپى ئىسلامنىڭ تەلىماتىغا ئۇيغۇن ئەمەس. ئىسلام دىنى ئىنسانلار قەددىنى رۇسلىغىدەك، ئەۋرىتىنى ياپقۇدەك ئوزۇق ـ تۈلۈككە ئىگە بولۇشنى زۆرۈر دەپ قارايدۇ.

جابىردىن بايان قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم تۇخۇمچىلىك چوڭلۇقتا ئالتۇن ئېلىپ كېلىپ، يا رەسۇلۇللاھ، مەن بۇنىڭغا كاندىن ئېرىشتىم، مېنىڭ قولۇمدا بارى مۇشۇ، ئۇنى ئالغىن، ئۇ سەدىقە دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنى ئالمىدى، ئوڭ تەرەپتىن كېلىپ يەنە شۇنداق دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئالمىدى، سول تەرەپتىن كېلىپ شۇنداق دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يەنە ئالمىدى، ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ يەنە شۇنداق دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنى ئېلىپ ئۇ ئادەمگە ئاتتى، ئەگەر تەككەن بولسا ئۇنى يارىلاندۇراتتى.»

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار (ئۆز ئىلكىدىكى ھەممە نەرسىنى ئەكىلىپ بۇ سەدىقە دەيدۇ ئاندىن كىشىلەردىن تىلەپ ئولتۇرىدۇ، سەدىقىنىڭ ياخشىسى قول ئىلكىدە بار كىشى قىلغان سەدىقە.» دېدى.②

① ئىمام ئەبۇداۋۇد.
② ئىمام ئەبۇداۋۇد.



www.munber.org



❖ ❖ ❖

ئائىلە باشلىقى ئائىلىسى ۋە بالىلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى تونۇپ يېتىشى ئۇلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشى لازىم. مۇسۇلماننىڭ ئايالى ئوغلى ياكى قىزلىرىنى موھتاج ۋەقىيىن ئەھۋالدا قالدۇرۇپ، قانچىلىك مۇھىم بولسۇن باشقىلارنىڭ باشقا ئىشلىرىغا مال تەسەررۇپ قىلىشى دىندىن ئەمەس.

ئائىلە مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش باشقا مۇناسىۋەتلەرگە قارىغاندا ناھايىتى مۇھىم ۋە زۆرۈر.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «سەن بىر دىنارنى ئاللاھ يولىغا، بىر دىنارنى قۇل ئازاد قىلىشقا، بىر دىنارنى ئائىلەڭگە سەدىقە قىلغان بولساڭ ئائىلەڭگە سەدىقە قىلغان بىر دىنارنىڭ ئەجرى ئەڭ كاتتا بولىدۇ.»①

ئۇ شۇنداق سەممىيەت توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى بايان قىلغان: «مۇسۇلمان كىشى ئائىلىسى ئۈچۈن ساۋاب ئۈمىت قىلىپ خىراجەت قىلغان بولسا ئۇ سەدىقە بولىدۇ.»②

ئىسلام دىنى كونكرېت كۆرسەتمە ئارقىلىق ياخشى نەتىجە بېرىدىغان قانۇنلۇق نەپىقە ۋە سەدىقىنىڭ رەت تەرتىپىنى تۇرغۇزۇپ بەرمەكچى، ھەقىقەتەن ئائىلە چوڭ جەمئىيەتنىڭ ئاساسى، جەمئىيەتنىڭ ئاساسى قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلىدىغان جانلىق كۈچ، مىللەتنىڭ مەھرۇم قالغان نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈش، ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇلارنىڭ ھاجىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشتە دەسلەپ ئائىلىگە كۆڭۈل بۆلۈشتىن باشلاش ھەقىقەتەن ئەڭ مۇۋاپىق.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە يۇقىرىقى كۆرسەتمە، سىرتتا دوستلار ياكى باشقىلار ئارىسىدا ئىسراپخورلۇق قىلىدىغان ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەندە،

① ئىمام مۇسلىم.
② ئىمام بۇخارى.



www.munber.org

قوپاللىق، بېخىللىق ۋە پىخسىقلىقنىڭ ناچار ئۆلگىسىگە ياتىدىغان بىر ئوچۇم كىشىلەرگە تەنبىھ، كايىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇنىڭ خەيرى ـ ئېھسانلىرىغا ھەممىدىن بەك لايىق، شۇڭا مۇسۇلمان يېقىنلىرىدىن ھاجەتمەن بولسا ساغلام ئەقلگە نىسبەتەن خەيرى ـ ئېھسان قىلىش ئۇچۇن باشقىلارنى ئىزدەشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، بەلكى ئۇنداق قىلىش بەزىدە مەھرۇم قالغۇچىلارنىڭ قەلبىگە ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چاچىدۇ، ئۇلارغا ئۇلارنى پەس كۆرگەندەك ھاقارەت قىلغاندەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ، ئەگەر شۇنداق بولسا ئۇنىڭ سەدىقىسى يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كەلگەن بولىدۇ، ئەگەر خەيرى ـ ئېھسان ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا قىلىنسا ئۇنداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقمايدۇ. ھەدىستە مۇنداق بايان بار، «ئى مۇھەممەدنىڭ ئۇممىتى، مېنى ھەققەت بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ئاللاھ تائالا كۆيىنىشكە موھتاج تۇغقانلىرى بار تۇرۇپ باشقىلارغا سەدىقە قىلغۇچىنىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ، جېنىمنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭغا قارىمايدۇ.»[1]

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى زەينەپ سەقەبىيەدىن بايان قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئى ئاياللار جامەئەسى! گەرچە زىننەت بۇيۇملىرىڭلاردىن بولسىمۇ سەدىقە قىلىڭلار» دېدى، مەن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ يېنىغا قايتىپ سەن قولۇڭ قىسقا ئادەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى سەدىقە قىلىشقا بۇيرىدى، بېرىپ سوراپ كەلگىن، توغرا بولسا ساڭا قىلاي بولمىسا باشقىلارغا قىلاي دېسەم ئابدۇللاھ: سىز بېرىڭ دېدى، زەينەپ مۇنداق دەيدۇ: مەن بارسام ساڭا ئوخشاش ھاجىتى بار بىر مەدىنىلىك ئايال تۇرۇپتۇ. بىزنىڭ يېنىمىزغا بىلال چىقتى. ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىپ ئىككى ئايال ئەرلىرى ۋە تەربىيىسىدىكى

[1] تەبرانىي.



www.munber.org



يېتىم باللارغا سەدىقە بەرسەك توغرا بولامدۇ دەپ سوراۋاتىدۇ دېگىن. كىملىكىمىزنى ئېيتما دېدىم.

بىلال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار كىمكەن دېدى، بىلال ئۇلار ئەنسارىلاردىن بىر ئايال بىلەن زەينەپ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايسى زەينەپ دېۋىدى بىلال: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئايالى دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلارغا تۇغقانچىلىقنىڭ ۋە سەدىقە قىلغانىنىڭ ئەجرى بار.» دېدى.[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «يوقسۇلغا قىلغان سەدىقە بىر سەدىقە، تۇغقانغا قىلغان سەدىقە ئىككى سەدىقە يەنى سەدىقە ۋە غەمخورلۇق»[2]

[1] ئىمام بۇخارى.
[2] ئىمام تىرمىزى.



www.munber.org

## سەۋرى قىلىش

« سەۋرى ـ نۇردۇر »[1]

كىرىزىس كۆچىيىپ مۇرەككەپلەشسە، قىيىنچىلىق ئېغىرلىشىپ زۇلمەتلىك كېچە ئۇزارسا سەۋرىلا مۇسۇلماننى گاڭگىرىتىشتىن قوغدايدىغان نۇر چۇشكۇنلۇك ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرىدىغان يول ئاتا قىلىدۇ. سەۋرى ھەر بىر مۇسۇلمان دىنى ۋە دۇنيا ئىشلىرىدا ئېھتىياجلىق بولغان پەزىلەت. مۇسۇلماننىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى ئۈمىد ئارزۇلىرى سەۋرى قىلىش ۋە چىدامىلىق بولۇش بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇشى زۆرۈر. ئۇنداق بولمىسا ئىشلار تۇترۇقسىز بولۇپ قالىدۇ.

مۇسۇلمان سەۋرى بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇپ، قىيىنچىلىقلار ئالدىدا تەمتىرەپ قالمايدىغان ئۈمىد يىراق بولسىمۇ ئۈمىدسىزلەنمەيدىغان، مەسئۇلىيەت قانچىلىك ئېغىر بولسۇن ئۈستىگە ئېلىشتىن قورقمايدىغان، ئىرادىلىك، پاراسەتلىك، ھامان قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىقنىڭ، قاراڭغۇلۇقتىن كېيىن يورۇقلۇقنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان ئۈمىدۋار، يىراقنى كۆرەر، تەدبىرلىك بولۇشى كېرەك.

ئۇنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاساسى سەۋرىلىك بولۇش.

ئاللاھ تائالا كىشىلەر ھادىسىلەر ئالدىدا تېڭىرقاپ قالمىسۇن، سىناق ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىسۇن ئۈچۈن بۇ دۇنيانىڭ ھېچكىم سىرتتا قالمايدىغان سىناق دۇنياسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان:

﴿وَلَنَبْلُوَنَّكُمْ حَتَّى نَعْلَمَ الْمُجَاهِدِينَ مِنكُمْ وَالصَّابِرِينَ وَنَبْلُوَ أَخْبَارَكُمْ﴾

﴿بىز سىلەرنى ئەلۋەتتە (جىھادقا ئەمر قىلىش ۋە مۇشەققەتلىك ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش بىلەن) سىنايمىز، تاكى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن (ئاللاھ يولىدا) جىھاد قىلغۇچىلارنى ۋە جىھادنىڭ

[1] ئىمام مۇسلىم.



www.munber.org



مۇشەققىتىگە چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە، سىرلىرىڭلاردىن ۋاقىپ بولغانغا قەدەر.﴾[1]

بىر شائىر مۇنداق دېگەن: كېچىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى كېلىشتىن بۇرۇن بىلگەن ئىدۇق، كېچە قاراڭغۇلىقى بىلەن كەلگەندە، پەقەتلا گاڭگىرىمىدۇق، ھادىسە ۋە مۇسىبەتلەرگە ئالدىدىن خەۋەر تېپىپ، تولۇق تەييارلىق بىلەن ئۇچرىشىش، ئىنسانغا لايىق سۈپەت، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقىمۇ قولايلىق. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَإِن تَصْبِرُواْ وَتَتَّقُواْ فَإِنَّ ذَلِكَ مِنْ عَزْمِ الأُمُورِ﴾

﴿ئەگەر سەبىر قىلساڭلار (سۆزۈڭلار ۋە ھەرىكىتىڭلاردا) ئاللاھتىن قورقساڭلار، ئۇنداقتا بۇ ھەقىقەتەن ئىرادە بىلەن قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر.﴾[2]

سەۋرى مۇھىم ئىككى ھەقىقەتنى ئاساس قىلىدۇ، بىرىنچىسى ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيانى نەتىجە ۋە مۇكاپات دۇنياسى قىلمىغان، بەلكى سىناق ۋە ئىمتىھان دۇنياسى قىلغان. ئىنسان باشتىن كەچۈرگەن ھەربىر سىناق ھەرخىل سىناقلار ئىچىدىكى بىر ھالقا، بەزىدە سىناقلار تولۇق ئوخشىماسلىقى مۇمكىن، يەنى ئىنسان بىر نەرسە بىلەن سىنىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە شۇ نەرسىنىڭ قارشىسى بىلەن سىنىلىشى مۇمكىن، خۇددى تۆمۈر ياخشى تاۋلىنىش ئۈچۈن ئاۋال ئوتقا ئاندىن سۇغا سېلىنغاندەك.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام دۇنيانىڭ تەبىئىتىنى ياخشى چۈشەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا زور تەمكىنلىك ئاتا قىلىنغاندا مۇنداق دېگەن:

﴿هَذَا مِن فَضْلِ رَبِّي لِيَبْلُوَنِي أَأَشْكُرُ أَمْ أَكْفُرُ وَمَن شَكَرَ فَإِنَّمَا يَشْكُرُ لِنَفْسِهِ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ رَبِّي غَنِيٌّ كَرِيمٌ﴾

[1] سۈرە مۇھەممەد: 31
[2] سۈرە ئال ئىمران: 186



www.munber.org

﴿بـۇ پەرۋەردىگـارىمنىڭ (ماڭـا قىلغـان) ئېھسـانىدۇر، ئـۇ شـۈكۈر قىلامدىم، يا تۇزكورلۇق قىلامدىم، بۇنىڭ بىلەن مېنى سىنىدى، كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، (بىلىش كېرەككى) ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم (ئۇنىڭ شۈكۈر قىلىشىدىن بىھاجەتتۇر) ئاللاھنىڭ كەرىمى كەڭدۇر.﴾[1]

ئېغىر سىناقلارنىڭ سەۋەبلىرىمۇ يوشۇرۇن بولىدۇ، بىز ھاياتلىقتىكى ئىنسانلارنىڭ ھالىتىنىڭ خۇددى جەڭگە تەييارلانغان قوشۇنغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشەنگىنىمىز ياخشى، بىر بۆلۈك جەڭچىلەر ھاياتنىڭ ئاخىرىغا قەدەر جەڭگە قاتنىشىدۇ، يەنە بىر بۆلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلار يەنە يېڭى بىر جەڭ ئۈچۈن قالدۇرۇلغان بولىدۇ. بۇنى چوڭ مەنپەئەت ئاساسىدا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكىلەر بەلگىلەيدۇ. بۇ زور كۈرەش ئالدىدا شەخسنىڭ تەقدىرى ئەمەس ئاۋامنىڭ تەقدىرى مۇھىم، چۈنكى ئىش مۇئەييەن شەخسنىڭ پايدا - زىيىنىدىن ھالقىپ كەتكەن.

مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بەلكىم ئەمدىلا كۆرەشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ چىققان كىشىلەرگە تەقدىر يەنە يېڭى بىر سىناقنى تەقدىم قىلىشى مۇمكىن، بۇ ۋاقىتتا ھەربىر كىشىنىڭ يېڭى كەلگەن سىناقنى چىداملىق بولۇش ۋە بويسۇنۇش بىلەن قوبۇل قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ، ھاياتلىق سىناق ۋە ئىمتىھان بولسا بىز پۈتۈن تىرىشچانلىقىمىزنى سىناقلار ئالدىدا غەلىبە قىلىشقا قارىتىشىمىز كېرەك. ھاياتلىق ئىمتىھانى يېزىقچە ياكى ئېغىزچە بېرىدىغان ئىمتىھان ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىنسانغا قاتتىق بېسىم ئېلىپ كېلىدىغان، قورقۇنچ ۋە قىيىنچىلىق ئىچىدىن يول تېپىشقا مەجبۇر قىلىدىغان دەرد - ئەلەم ۋە مۇشكىلات، ئۇ ناچارلارنى توقلۇقتىن كېكىرەلمەيدىغان قىلىۋەتسە، سەممىيلەرنى ئاچ ئۇخلىتىدىغان زىندىيەتلەر، ئۇ بىر بۆلۈك كىشىلەرنى ھارامزادىلىكتىن ئىلاھلىق داۋاسى قىلغۇزسا، يەنە بىر بۆلۈكلەرنى قولدىن كەتكەن ھوقۇقتا ئېرىشىش يولىدا قۇربان قىلىدىغان ناھەقچىلىقلاردۇر.

[1] سۈرە نەمل: 40



www.munber.org



ھەقىقەتەن ھاياتلىق تارىخى ھاياتلىق باشلانغاندىن باشلاپ بۈگۈنگە قەدەر ئۆگىنىش ئەپسۇسلىنىش، ۋايساش، ئەڭ ھەقىقانى ئىش شۈكرى كىشىلەر ھاياتلىق يولىنىڭ تىكەن ۋە ئەخلەتلەر بىلەن تولغان ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ دادىللىق بىلەن يول تېپىش.

❖ ❖ ❖

يەنـە بىـر ھەقىقـەت ئىماننىـڭ خاراكتېرىگـە مۇناسـىۋەتلىك، ئىمـان ئىنسـان بىلـەن ئۇلـۇغ ۋە غالىـب ئـاللاھ ئوتتۇرىسـىدىكى مۇناسـىۋەت، كىشـىلەر ئوتتۇرىسـىدىكى دوسـتلۇق مۇناسـىۋىتى ۋاقىتنىـڭ سـىنىقىدىن ئۆتكەن مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ھادىسىلەر ئالدىدا تاۋلىنىپ چىققاندىلا ئانـدىن قىممـەتلىك بولغىنىـدەك ئىمانىمـۇ راسـت يـاكى سـاختىلىقىنى ئاشكارىلىنىشى ئۈچۈن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان سىناقنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿أَحَسِبَ النَّاسُ أَن يُتْرَكُوا أَن يَقُولُوا آمَنَّا وَهُمْ لَا يُفْتَنُونَ؟ ❖ وَلَقَدْ فَتَنَّا الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ فَلَيَعْلَمَنَّ اللَّهُ الَّذِينَ صَدَقُوا وَلَيَعْلَمَنَّ الْكَاذِبِينَ﴾

« ئىنسانلار ‹ئىمـان ئېيتتۇق› دەپ قويۇش بىلـەنلا سىنالماي تـەرك ئېتىلىمىز دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، ئاللاھ ‹ئىمانىدا› راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ. »[1]

ئـاللاھ تائالانىـڭ بىلىمـى ئىشـلارنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن تەرىپىنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇنىڭغا گۇمان كەتمەيدۇ، ئەزەلدىن ئەبەدكە بار بولغان ھاياتلىق بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بۇ سىناقنىڭ نەتىجىسى ئاللاھنىڭ سىنىشى بويىچە چىقىرىلماستىن بەلكى ئىنساننىڭ ئەمەلى بويىچە باھالىنىدۇ. ئەگەر بىر قىسىم گۇناھكارلار خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلمىسا ئۇلارغا قانداق پاكىت تۇرغۇزۇلىدۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئەزالىرى

[1] سۈرە ئەنكەبۇت: 2-3



www.munber.org

گۇۋاھلىق بېرىدۇ، پۇت قوللىرى جىنايەتلەرنى سۆزلەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنداقلار توغرىسىدا سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَيَوْمَ نَحْشُرُهُمْ جَمِيعًا ثُمَّ نَقُولُ لِلَّذِينَ أَشْرَكُواْ أَيْنَ شُرَكَآؤُكُمُ الَّذِينَ كُنتُمْ تَزْعُمُونَ؟ ❖ ثُمَّ لَمْ تَكُن فِتْنَتُهُمْ إِلاَّ أَن قَالُواْ وَاللّهِ رَبِّنَا مَا كُنَّا مُشْرِكِينَ❖ انظُرْ كَيْفَ كَذَبُواْ عَلَى أَنفُسِهِمْ وَضَلَّ عَنْهُم مَّا كَانُواْ يَفْتَرُونَ﴾

﴿قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىمىز، ئاندىن مۇشرىكلارغا: ‹ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ ئېتىقاد قىلغان مەبۇدلىرىڭلار قەيەردە؟› دەيمىز، ئاندىن ئۇلار پەقەت ئۆزرە ئېيتىپ: ‹پەرۋەردىگارىمىز! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق› دەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى قانداق يالغان سۆزلىگەنلىكىگە قارىغىن، ئۇلارنىڭ (ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ) بۆھتان چاپلىغان بۇتلىرى ئۇلاردىن قاچىدۇ.﴾[1]

ئاللاھ ئادىل بولغاچقا ئاللاھنىڭ ئادالىتى پەقەت ئۇلار سادىر قىلغان خاتالىق ۋە جىنايەتلىرى ھەم ئىسپاتلانغان ئاساسىدا جازالاشنى تەلەپ قىلىدۇ، ھەرگىز ئىلاھى بىلىمى ئارقىلىق جازالىمايدۇ.

❖ ❖ ❖

يۇقىرىقى ئىككى ھەقىقەت تۇپەيلى سەۋرى ناھايىتى مۇھىم شۇ سەۋەبلىك دىن سەۋرنى تەلەپ قىلىدۇ لېكىن كىشىلەر ئادەتتە سەۋردىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپ قىيىنچىلىقا يولۇققاندا گاڭگىراپ قالىدۇ، قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە بىئارام بولىدۇ، سەۋرى قىلىشقا قارشى ھالدا جىدەللىشىدۇ، ئىش قىيىن كەلسە، ئۈگۈشسىزلىققا ئۇچرىسا، مۇسىبەتكە ئۇچرىسا كەڭ جاھان تارىيىدۇ، كۆڭلەر قىيىنلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىشنى تېزلا بىر تەرەپ قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ.

[1] سۈرە ئەنئام: 22-24





بۇ مۇۋەپپەقىيەت نىسبىتى ئەڭ تۆۋەن ھالەت چۈنكى ئۇ دىن ۋە دۇنيانىڭ تەبىئىتىگە خىلاپ، مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنى تەمكىن، يىراقنى كۆرەر، ئۇمىدۋار، ئىرادىلىك، چىدامىلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈشى زۆرۈر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿خُلِقَ الْإِنسَانُ مِنْ عَجَلٍ سَأُرِيكُمْ آيَاتِي فَلَا تَسْتَعْجِلُونِ﴾

﴿ئىنسان ئالدىراڭغۇ يارىتىلغان، سىلەرگە ئالامەتلىرىمنى ‹يەنى ماڭا ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالايدىغانلىقىمنى› كۆرسىتىمەن. ‹ئۇنىڭ ۋاقتى ـ سائىتىدىن بۇرۇن› مېنى ئالدىرىتىپ كەتمەڭلار.﴾[1]

ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «سەۋرچان بولغان كىشىگە ئاللاھ سەۋرى ئاتا قىلىدۇ، ھېچكىمگە سەۋردىن ياخشى ۋە كەڭ نېئمەت بېرىلمىگەن.»[2]

سەۋرى بۈيۈكلۈكنىڭ نامايەندىسى، مۇكەممەللىكنىڭ بەلگىسى، روھنىڭ ئەتراپتىكى ئىشلارغا رەھبەرلىك قىلغانلىقىنىڭ دەلىلى. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئەسسەبۇر» ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بىرى. ئاللاھ پۇرسەت بەرگۈچى، كىشىلەر جىنايەتنى ئالدىراپ سادىر قىلسىمۇ ئۇ جازاغا ئالدىراپ كەتمەيدۇ دېگەن بولىدۇ، ئاللاھنىڭ تەقدىر ئارغامچىسى قىسقا ئۆمۈر، تار زامان، ئۆتكۈنچە قىزىقىش ۋە ھېسسىيات نۇقتىسىدىن ئەسىرلەر دائىرىسىگە قويۇۋېتىلىدۇ.

﴿يَسْتَعْجِلُونَكَ بِالْعَذَابِ وَلَن يُخْلِفَ اللَّهُ وَعْدَهُ وَإِنَّ يَوْمًا عِندَ رَبِّكَ كَأَلْفِ سَنَةٍ مِّمَّا تَعُدُّونَ﴾

﴿(ئى مۇھەممەد) ئۇلار(يەنى مۇشرىكلار) (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) سەندىن ئازابنىڭ تېز نازىل بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ(ئازاب چوقۇم نازىل بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ نازىل بولۇشىنىڭ مۇئەييەن ۋاقتى ـ

[1] سۈرە ئەنبىيا: 37
[2] ئىمام بۇخارى.



www.munber.org

سائتى بولىدۇ)، ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ (ئاللاھ بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدىكى بىر كۈن سىلەر سانايدىغان مىڭ يىلچىلىكتۇر﴾①

سەۋرى پىشقان ئەرلىكنىڭ يۈكسەك باتۇرلۇقنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى، ھاياتلىقنىڭ سىناقلىرىغا تۇترۇقسىز ئادەملەر بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەمدە يۆتكىمەكچى بولغان ئېغىر يۈك بولسا كىچىك بالا ياكى كېسەل ياكى ئاۋاق بوشاڭلارنى ئىشلەتمەيدۇ بەلكى كۈچلۈك پىشقان، كىشىنى تاللايدۇ. ھاياتلىقمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ ھاياتلىقنىڭ ۋەزىپىسىنى، ھاياتلىقنى بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈشنى پەقەت ئەڭ باتۇر، چىداملىق، سەبىرچان كىشىلەرلا ئۈستىگە ئالالايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن يېتەكچى ۋە يول باشچىلارنىڭ سىناق ۋە مۇشەققەتلەردىكى نېسىۋىسى باشقىلاردىن كۆپ بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قايسى كىشىنىڭ سىنىقى ئەڭ قاتتىق بولىدۇ دەپ سورالغاندا: «پەيغەمبەرلەر، ئۇنىڭدىن قالسا ئۇلاردىن كېيىن تۇرىدىغانلار، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغانلار، كىشىلەر ئۆزىنىڭ دىنى ئېتىقادى بويىچە سىنىلىدۇ، كىمنىڭ دىنى كۈچلۈك بولسا ئۇنىڭ سىنىقىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، دىنى ئاجىز كىشىنىڭ سىنىقىمۇ ئاجىز بولىدۇ، كىشى سىنىلىپ ئاخىرى يەر يۈزىدە گۇناھسىز ھالەتتە ماڭغۇدەك ھالغا كېلىدۇ.»②

كىشىلەرنىڭ سىنىقى ئۇلارنىڭ ئېتىقادى ۋە تاقىتى بويىچە بولىدۇ.

بۈيۈكلۈك ۋە ئۆزگە ئىشىنىش قانۇنىيىتى ئامېرىكىلىق ئالىي قوماندانغا مۇنداق سۆزنى ئىلھام قىلغان: «ئاللاھتىن مەسئۇلىيىتىڭنىڭ يېنىكلىشىنى تىلىمە، لېكىن ئاللاھتىن سېنى كۈچلۈك، ئىرادىلىك

① سۈرە ھەج: 47
② ئىبنى ھەببان.



www.munber.org



قىلىشىنى تىلە» مەسئۇلىيەتنىڭ يەڭگىل ۋە سىناقنىڭ ئاز بولۇشى، كىچىك باللارمۇ غەلىبە قىلىدىغان ھالەت، ئەمما تۇرمۇشنىڭ ئالدىراش، مەجبۇرىيەتنىڭ كۆپ، ھاياتلىق تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق، جىددىيچىلىكنىڭ يۇقىرى بولۇشى، كۈرەشچان، يېڭىلىق ياراتقۇچى ئەزىمەتلەرنىڭ سۈپىتى، ئۆيىدە ئولتۇرغان ئادەمگە يولدىكى چاڭ ـ توزان قونمايدۇ، جەڭدىن قاچقان ئەسكەرنى قورال يارىلاندۇرمايدۇ ۋەھەممىدىنمۇ قۇتۇلىدۇ، بىراق، ھاياتلىق جېڭىگە قاتناشقان ئۇنىڭ قايىنىمىغا چۆككەنلەرگە ئۇنىڭ چاڭ ـ توزانلىرى قونىدۇ، جاراھەتلىرى، ھېرىش، چارچاشلىرى يېتىدۇ.

شۇ تۈپەيلى ئىسلام دىنى دۇنيانىڭ سىنىقىغا ئۇچرىغانلارنى ھۆرمەتلىدى، ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغانلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ ئەلەملەرنى يېنىكلىتىدىغان دەرىجىدە قىلدى.

«مۆئمىن خۇددى ئورۇش ۋاقتى كەلگۈچە شامال ئۇيان ـ بۇيان تەۋرىتىپ تۇرىدىغان يۇمران زىرائەتكە ئوخشايدۇ. كاپىر ئورۇش ۋاقتى كەلگۈچە ھېچ ئىش بولمايدىغان، ۋاقتى كەلگەندە بىراقلا ئورۇپ تاشلىنىدىغان شال ئۆسۈملىكىگە ئوخشايدۇ.»①

ھاياتلىققا چۆككەن مۆئمىن ھاياتلىقنىڭ ئومۇمىي سىناقلىرىغا دۇچ كېلىدۇ، ئەمما ھاياتلىق مەيدانلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە تارتقان ئاجىزلار نېمىگە ئېرىشىدۇ؟

مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنىڭ سىرى: «ئاللاھ ياخشىلىقنى ئىرادە قىلغان كىشىگە ياخشىلىقنىڭ مۇسىبەتلىرى يېتىدۇ.»② يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بىر قەۋمنى ياخشى كۆرسە ئۇلارنى سىنايدۇ، رازى بولغانلار رازىلىققا ئېرىشىدۇ، ئاچچىقلانغانلار ئاچچىقلىنىشقا ئېرىشىدۇ.»③

① ئىمام مۇسلىم.
② ئىمام بۇخارى.
③ ئىمام تىرمىزى.



www.munber.org

ھاياتلىق بىلەن رىقابەتلىشىپ ئۇنىڭ مۇشەققەتلىرى بىلەن ئېلىشقۇچىنىڭ ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى دەرىجىسى ھاياتلىقتىن ئۆزىنى چەتكە ئالغان مەغلۇبىيەتچىنىڭ دەرىجىسىدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن بولىدۇ.

چىداملىق، قەيسەر كىشىلەرگە تەييارلىغان ئەجىر، باشقا ئىبادەتلەرگە تەييارلىغان ئەجىردىن كۆپ.

«سىناققا ئۇچرىمىغان كىشىلەر قىيامەت كۈنىسى، سىناققا ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ ساۋابلىرى بېرىلگەندە ئۆزلىرىنىڭ تېرىلىرىنىڭ قايچىلار بىلەن كېسىلگەن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.»①

قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئىش شۇكى بىر قىسىم كىشىلەر، ئىسلام قىينچىلىقىنى، جاپا چېكىشىنى، ئاچلىقنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ چۈشىنىۋالىدۇ. بۇ ئېغىر خاتالىق. ئەنەس ئىبنى مالىكتىن بايان قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ياشانغان ئادەمنىڭ ئوغۇللىرى ئارىسىدا سۆرۈلۈپ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: بۇ نېمە ئىش؟ دېدى، ئۇلار بۇ كىشى پىيادە مېڭىشقا ئەھدە قىلغان ئىكەن، دېدى - دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ بۇ كىشىنىڭ ئۆزىنى ئازابلىشىغا موھتاج ئەمەس، دېدى ۋە ئۇنى ئۇلاغ مىنىشكە بۇيرىدى».② ئىبنى ئابباستىن بايان قىلىنىپ ئۇقبەنىڭ ھەمشىرىسى پىيادە ھەج قىلىشقا ئەھدە قىلغان، ئۇقبە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سىڭلىسىنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئاللاھ ھەمشىرەڭنىڭ پىيادە مېڭىشىغا موھتاج ئەمەس ئۇ ئۇلاققا مىنىۋالسۇن، بىر مال ھەدىيە قىلسۇن، ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿مَّا يَفْعَلُ اللّهُ بِعَذَابِكُمْ إِن شَكَرْتُمْ وَآمَنتُمْ وَكَانَ اللّهُ شَاكِرًا عَلِيمًا﴾

① ئىمام تىرمىزى.
② ئىمام بۇخارى.



www.munber.org



﴿ئەگەر ‹ئاللاھنىڭ نېئمىتىگە› شۈكۈر قىلساڭلار ۋە ئىمان ئېيتساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئازاب قىلىپ نېمە قىلىدۇ؟ ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىنى مۇكاپاتلىغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.﴾①

ئىسلام دىنى ھاياتلىق بىلەن رىقابەتلەشكەن، قىيىنچىلىقلاردىن قورقۇپ قالمىغان كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسى، سەممىي ئىشەنچىسى سەۋەبلىك ئالقىشلايدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئىسلام كىشىلەر تەقدىرىدىن ۋايسىماي، سىناقلاردىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتەلىسۇن ئۈچۈن ئۇلار ئۇچرايدىغان قىيىنچىلىق ۋە كېسەللىكلەرنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى ئالدىن بايان قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاغرىپ قالغان بىر ئايالنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇنىڭ كېسەلنى قاغاۋاتقانلىقىنى، قىزىتمىسىنى تىللاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىنى ياقتۇرمىدى، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېدى: «ئۇ قىزىتما خۇددى تاۋلاش ئوچىقى، تۆمۈرنىڭ دېتىنى كەتكۈزۈۋەتكەندەك ئادەم بالىلىرىنىڭ خاتالىقنى كەتكۈزۈۋېتىدۇ.»② بۇنىڭ مەنىسى كېسەللىك مىكروبلىرىنى يېتىشتۈرۈپ ئۇنى ياخشى كۆرگەن كىشىلىرىمىزگە سوۋغا قىلىش دېگەنلىكمۇ؟ بىر قىسىم كىشىلەر ئاشۇنداق چۈشەنمەكچى بولىدۇ، بۇ بىنورماللىق بولۇپ خاتا.

ئىنسان ھاياتلىق كۆرىشى داۋامىدا توپىلارغا مىلىنىشى، قىينچىلىق ھالسىرىتىپ قويۇشى مۇمكىن، لېكىن ئىمانى كۈچلۈك، قەددى رۇس بولسىلا ھاياتلىقنىڭ مۇنداق يىرىكلىكى پەقەت ئاللاھ بىلەن بولغان ئارىلىقنى يېقىنلاشتۇرىدۇ.

مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئەزىيەتكە ئۇچرىشى ئاللاھنىڭ ئۇنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى، رەھمىتىدىن يىراق قىلغانلىقى دەپ قارىشى ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈش، لېكىن چېكىنگەن ۋە چۈشكۈنلەشكەن دەۋرلەردە بۇنداق ئەپسۇسلىنارلىق ئىش مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئەۋج ئالغان، بىز ھاياتلىقنىڭ

① سۈرە سۈرە نىسا: 147
② ئىمام مۇسلىم.



www.munber.org

مۇشەققەتلىرى ئەرلەرنىڭ ھەممەتلىرى مىقدارى بويىچە بولىدۇ دېگەن ئىدۇق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئېسىل كىشىنىڭ ئېسىل ئوغلىنىڭ ئېسىل ئوغلىنىڭ ئېسىل ئوغلى يۇسۇپتۇر.»①

ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھىمايىسىدە تەربىيىلەنگەن، ئېسىل نەسەپتىن بارلىققا كەلگەن پەيغەمبەر بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەرلىك ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھۆرمەتلىك... بۇ ھۆرمەتلىك كىشىنىڭ ھاياتىنىڭ تۇنجى باسقۇچلىرىنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىگە قاراڭ، ئۇ كىچىك تۇرۇپلا ئانىسىدىن ئايرىلغان، قېرىنداشلىرى ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلىپ ئاتىسىنىڭ باغرىدىن يۇلۇپ ئېلىپ چىققان، قۇتۇلۇش ئۇچۇن ئۇنى قۇدۇققا تاشلىغان.

كارۋانلار قۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇنى قۇتقۇزۇۋالغان، قېرىنداشلىرى قۇل ئورنىدا ئەرزان باھادا بىر نەچچە دەرھەمگە سېتىۋەتكەن.

ئۇنى مىسىرنىڭ پادىشاھى سېتىۋالغان، ئۇ قەسىرگە ئورۇنلۇشۇپلا رەزىل سۇيىقەستكە دۇچ كەلگەن، ئۇ پاك دىيانەتلىك تۇرۇپ يامانلىق نىيىتىدە بولدى دەپ تۆھمەت چاپلانغان، ئۇنىڭ پاكلىقى ئېنىق تۇرسىمۇ بىر قانچە كۈن ياكى بىر قانچە ئاي ئەمەس بەلكى بىر قانچە يىل زىندانغا تاشلانغان.

ئەگەر باشقا بىر ئادەمنىڭ ھاياتى مۇشۇنداق دەرد ـ ئەلەم بىلەن تولغان بولسا ئاسمان يىراق يەر قاتتىق كەلگەن، تەقدىردىن ئاغرىنغان بولار ئىدى، لېكىن يۇسۇپ زىندانىنىڭ تېمى ئىچىدە بىلمىگەنلەرگە بىلدۈرۈپ ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلارغا ئاللاھنىڭ ئىنئاملىرىنى كۆرسىتىپ قەلبى يورۇق پېتى تۇردى.

﴿يَا صَاحِبَيِ السِّجْنِ أَأَرْبَابٌ مُّتَفَرِّقُونَ خَيْرٌ أَمِ اللّهُ الْوَاحِدُ الْقَهَّارُ❖مَا تَعْبُدُونَ مِن دُونِهِ إِلاَّ أَسْمَاء سَمَّيْتُمُوهَا أَنتُمْ وَآبَآؤُكُم مَّا أَنزَلَ اللّهُ بِهَا مِن سُلْطَانٍ إِنِ

① ئىمام بۇخارى.

www.munber.org





الْحُكْمُ إِلاَّ لِلّهِ أَمَرَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لاَ يَعْلَمُونَ﴾

﴿تۈرمىداش ئاغىنىلەر! تارقاق، كۆپ مەبۇدلار ياخشىمۇ؟ ياكى قۇدرەتلىك بىر ئاللاھ ياخشىمۇ؟ سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقىنىڭلار پەقەت سىلەر ئۆزەڭلار ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار ئاتىۋالغان ‹بۇتلارنىڭ ۋە غەيرىنىڭ› نامىدىنلا ئىبارەت، ئاللاھ ‹ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ شېرىكى بولۇشى توغرىسىدا› ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرگىنى يوق، ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت ئاللاھقىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىغان، بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى ‹بۇنى› بىلمەيدۇ.﴾①

مانا بۇ پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ ئەھۋالى. ئۇلار دۇنيانىڭ خۇلۇقىنى يوقىتىپ قويغان تەقدىردىمۇ دىنىنىڭ ساپلىقىنى يوقۇتۇپ قويمايدۇ، مۇسىبەتلەر ئالدىدا ئۆزىنى تۇگەشتۇرىۋالمايدۇ.

بىز پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شېھىدلەر ۋە سالىھلارنىڭ تەرجىمىھاللىرىدا كۆرگەنلىرىمىز يۇقىرى ئورۇنىنىڭ قىيىنچىلىقىنىڭ بېسىمى، سىناقلارنىڭ ئېغىرلىقىدىن قولغا كېلىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق بايان قىلىنغان: «بىر بەندىگە ئاللاھ تەرىپىدىن يۇقىرى ئورۇن بېرىلمەكچى بولسا، ئۇنىڭغا ئەمەل ئارقىلىق ئەمەس، جەسىدى، مېلى ياكى بالىلىرىدا سىنالغانداسەۋرى قىلسا ئۇ ئۇلۇغ ئاللاھتىن بېرىلگەن ئاشۇ يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشىدۇ.»②

بەزىدە مۇسىبەتنىڭ كۆپ بولۇشى، ئىنسانغا كېلىدىغان ياخشىلىق ۋە ئىسسىللىكنىڭ ئىپادىسى. كۆپىنچە دەرد ـ ئەلەملەر مۆئمىنلەرنىڭ دۇنياغا بېرىلىپ كېتىش، ئۇنىڭغا كۆپ ئالدىنىشتىن ساقلاش ئۈچۈن مۆئمىنگە

① سۈرە يۇسۇف: 39-40
② ئىمام ئەھمەد.

www.munber.org

تەقدىر قىلىنغان پاكلىنىش بولۇپ، بەزى زىيانلىقتەك نەرسىلەر پايدىلىق، بەزى مۇشەققەتلىك ئۆز يولىدا مۇكاپات ۋە رەھمەت.

❖ ❖ ❖

ساقلاش، سەۋرى قىلىش، كۈتۈشلەر دۇنيانىڭ قانۇنىيتى ۋە رەت - تەرتىپى. مەسىلەن: ئۇرۇق يەرگە سېلىنىپ بولغىچىلا ئۈنمەيدۇ، ئۈنسىمۇ ئۈنۈپلا ھوسۇل بەرمەيدۇ، بەلكى ئۈنۈپ ئۆسۈپ يېتىلىپ پىشقىچە كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ، تۆرەلمىمۇ تولۇق ئىنسان بولۇشى ئۈچۈن ئانىنىڭ قورسىقىدا بىر قانچە ئاي تۇرىدۇ، ئۇلۇغ غالىپ ئاللاھ ئاسمان زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ ئۇلارنى، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە، ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاز ۋاقىتتا يارىتىشقا ئاجىز كەلمەيدۇ، كېچە ۋە كۈندۈزلەر كىشىلەرنىڭ ئۆمرىنى بەلگىلەپ كۈندىلىك ئىشلىرىنى توختىتىپ بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى يېتىلدۇرۇپ تەبئەتلىرىنى پىشۇرىدۇ، ئاندىن ياراتقۇچىنىڭ دەرگاھىغا بارىدۇ.

﴿كَمَا بَدَأَكُمْ تَعُودُونَ❖ فَرِيقًا هَدَى وَفَرِيقًا حَقَّ عَلَيْهِمُ الضَّلاَلَةُ﴾

﴿سىلەر ئاللاھ دەسلەپتە پەيدا قىلغان ھالىتىڭلاردا (ئەسلىگە) قايتىسىلەر. ئاللاھ (سىلەردىن) بىر گۇرۇھنى ھىدايەت قىلدى؛ يەنە بىر گۇرۇھقا گۇمراھلىق تېگىشلىك بولدى.﴾[1]

ۋاقىت دۇنيادىكى ھەر بىر ھەرىكەت ۋە جۈملىقنىڭ كىيمى .ئەگەر بىز ۋاقىتتىن ھالقىپ چىدامسىزلىق قىلساق، چىدىماسلىقنىڭ ئوتىدا ئازابلىنىمىز يەنە كېلىپ قانۇنىيەت بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىدىن ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيمىز.

❖ ❖ ❖

[1] سۈرە ئەئراف: 29-30



www.munber.org



ئەمەل، ئىبادەتكە سەۋر قىلىش، خاتالىششتىن ساقلىنىشقا سەۋرى قىلىش، مۇسىبەتلەرگە سەۋرى قىلىشتىن ئىبارەت سەۋرى بىر قانچە تۈرلۈك بولىدۇ.

ئەمەل - ئىبادەتكە سەۋرى قىلىشنىڭ ئاساسى، زۆرۈر بولغان ئىسلامى ئىبادەتلەرنى ئىجرا قىلىشقا، جاپا - مۇشەققەتكە سەۋر قىلىپ ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: ناماز تەكرارلىنىدىغان پەرز بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇ توغرىلىق مۇنداق دېگەن:

﴿وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا﴾

﴿(ئى مۇھەممەد) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرىغىن، ئۆزەڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىدامىلىق بولغىن[1]﴾

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَاسْتَعِينُواْ بِالصَّبْرِ وَالصَّلاَةِ وَإِنَّهَا لَكَبِيرَةٌ إِلاَّ عَلَى الْخَاشِعِينَ﴾

﴿سەۋرى قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (ئاللاھتىن) ياردەم تىلەڭلار. ناماز ئاللاھتىن قورققۇچىلار (يەنى كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلار) دىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر.﴾[2]

مۆئمىنلارنىڭ مۇناسىۋىتى، دوستلىقىنىڭ ساقلىنىشى، كەمچىلىكلىرىنى ئۆز - ئارا ئەپۇ قىلىشى ئەڭ گۈزەل سەۋرىگە تايىنىدۇ:

﴿وَاصْبِرْ نَفْسَكَ مَعَ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُم بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ﴾

﴿سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن - ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەبىرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن﴾[3]

[1] سۈرە تاھا: 132
[2] سۈرە بەقەرە: 45
[3] سۈرە كەھف: 28



www.munber.org

ئۆزئارا تەۋسىيە قىلىش ئۆزئارا ھەققە تەۋسىيە قىلىش بىلەن بىر قاتاردا بولۇپ ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ غەلىبىسىنىڭ شۇ ئىككىسگە باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا قەسەم قىلغان:

﴿وَالْعَصْرِ❖ إِنَّ الْإِنسَانَ لَفِي خُسْرٍ❖ إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ﴾

﴿زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر﴾[1]

گۇناھ ئىشلارنى قىلىشتىن ئالدىدا سەبر قىلىش، كىشىلەر ئارىسىغا تارقىتىۋېتىلگەن، شۇنداقلا كىشىلەرگە چىرايلىق كۆرسىتىلگەن ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە كۆڭۈلنىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە قارشى تۇرۇشنىڭ ئاساسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جەننەت كۆڭۈل قىزىقىپ كەتمەيدىغان ئىشلار بىلەن، دوزاخ كۆڭۈل قىزىقىدىغان يەنى شەھۋەتلەر بىلەن تولغان.»[2]

قىزىقىپ كەتمەيدىغان ئىشلارنى قىلىش، قىزىقىدىغان شەھۋەتلەردىن ئۆزىنى تارتىش پەقەت سەۋرى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ، سەۋرى، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ھەقىقىي ئىشىنىش ۋە كەسكىن يۈزلىنىشنىڭ ئىپادىسى، ئۇ مۆئمىننى پەسىلكىنىڭ زىيىنى، جىنايەت ۋە گۇناھنىڭ قىلتىقىدىن ساقلاپ قالىدىغان پاكلىقنىڭ جېنى.

﴿رَبَّنَا أَفْرِغْ عَلَيْنَا صَبْرًا وَتَوَفَّنَا مُسْلِمِينَ﴾

﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە سەۋر ئاتا قىلغىن، بىزنى مۇسۇلمان پېتىمىزچە قەبزى روھ قىلغىن.﴾[1]

[1] سۈرە ئەسر:1-3
[2] ئىمام مۇسلىم.



www.munber.org



يەنە بىرى مۆئمىننىڭ ئۆزى ياكى مېلى ياكى ئائىلىسى ياكى ئۆيگە يەتكەن مۇسىبەتلەرگە سەۋرى قىلىش بولۇپ ھەرقانداق كىشىنىڭ تۇرمۇشى بۇلارنىڭ بىرەرىدىن بولسىمۇ خالىي بولالمايدۇ. مۇسىبەتكە بىۋاستە ئۇچرىمىدى دېگەندىمۇ ۋاستىلىك تەسىرگە ئۇچرايدۇ. مۇسۇلمان كىشى ئاللاھ بىلەن قوغدالسا ئاللاھقا تايانسا ھادىسىلەرنىڭ بېسىمى ئازلاپ، زىيىنى كىچىكلەيدۇ. ئەڭ يۇقىرى ئىشەنچ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا دەرد ئەلەملەردىن ھالقىپ كېتىدۇ. مۆئمىننىڭ دىنى قىيىنچىلىقلار ئالدىدا تۇزۇپ مۇشەققەتلەر ئالدىدا يوقاپ كەتمىسىلا مۆئمىن ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئايرىلىپ قالمايدۇ.

﴿وَلَنَبْلُوَنَّكُمْ بِشَيْءٍ مِّنَ الْخَوفْ وَالْجُوعِ وَنَقْصٍ مِّنَ الأَمَوَالِ وَالأنفُسِ وَالثَّمَرَاتِ وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ❖ الَّذِينَ إِذَا أَصَابَتْهُم مُّصِيبَةٌ قَالُواْ إِنَّا لِلّهِ وَإِنَّ ـ ا إِلَيْهِ رَاجِعونَ❖ أُولَ ـ ئِكَ عَلَيْهِمْ صَلَوَاتٌ مِّن رَّبِّهِمْ وَرَحْمَةٌ وَأُولَ ـ ئِكَ هُمُ الْمُهْتَدُونَ﴾

﴿بىز سىلەرنى بىر ئاز قورقۇنۇچ بىلەن، بىر ئاز قاھەتچىلىك بىلەن، ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، باللىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز.(بېشىغا كەلگەن بىرەر مۇسىبەت، زىيان ـ زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن خۇش) خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز دەيدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر.﴾[2]

ئۇممۇ ئەلادىن (ئۇ بەيئەت قىلغۇچىلاردىن ئىدى) بايان قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن كېسەل ۋاقتىمدا رەسۇلۇللاھ مېنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى: ‹ئى ئۇممۇ ئەلا خوش بېشارەت ئالغىن، ھەقىقەتەن ئاللاھ مۇسۇلماننىڭ كېسىلى سەۋەبلىك، ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى خۇددى ئوت

[1] سۈرە ئەئراف: 126
[2] سۈرە بەقەرە: 155- 157



www.munber.org

ئــــارقىلىق تــــۆمۈر ۋە كۈمۈشـــــنىڭ دېتىنــــى كەتكۈزۈۋەتكەنـــدەك كەتكۈزۈۋېتىدۇ.»[1]

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق بار: «ئاللاھنىڭ مۆئمىن بەندىسى ئۆزىنىڭ سىرداش دوستىدىن ئايرىلىپ قالسا، سەۋرى قىلسا، ئاللاھتىن ئەجرى ئۈمىد قىلسا ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ ساۋابىنى بەرمەي رازى بولمايدۇ.»[2]

قاسىم ئىبنى مۇھەممەدتىن بايان قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئايالىم ۋاپات بولدى، مۇھەممەد ئىبنى كەئبىل تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن كېلىپ مۇنداق دېدى: بەنى ئىسرائىلنىڭ ئىچىدە يۇقىرى ساپالىق، ئالىم، ئابىد، ئىجتىھاتلىق بىر كىشى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان بىر ئايالى بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ئۇ كىشى قاتتىق قايغۇرۇپ ھاتتا ئۆيگە كىرىۋېلىپ ئىشىكنى تاقاپ كىشىلەر بىلەن كۆرۈشمەپتۇ، ئۇنىڭ قېشىغا ھېچكىم كىرمەپتۇ، بۇنى بەنى ئىسرائىلدىن بىر ئايال ئاڭلاپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دەپتۇ: مېنىڭ شۇ كىشىدىن كۆرسەتمە سورايدىغان بىر ھاجىتىم بار ئىدى مەن ئۇنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىمىسام بولمايدۇ دەپ ئىشىكتىن كەتمەپتۇ، خەۋەر ئۇ كىشىگە يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن ئۇ ئايالغا ئىجازەت بېرىپتۇ، ئۇ ئايال مۇنداق دەپتۇ:

ـ مەن سەندىن بىر ئىشتا كۆرسەتمە سورىماقچىمەن؟ ئۇ كىشى:

ـ قانداق ئىش؟ دەپتۇ، ئۇ ئايال:

ـ مەن خوشنامدىن بىر زىننەت بۇيۇمنى ئارىيەتكە ئېلىپ مەلۇم مەزگىل تاقىغان ئىدىم، خوشنام ئۇنى سوراپ ئادەم كىرگۈزۈپتۇ، ئۇنى قايتۇرامدىم؟ دەپتۇ، ھېلىقى كىشى:

ـ ۋەللاھى قايتۇرىسىز. دەپتۇ، ھېلىقى ئايال:

[1] ئىمام ئەبۇداۋۇد.
[2] نەسەئى.

www.munber.org





ـ ئۇ مېنىڭ يېنىمدا بىر مەزگىل تۇرغان تۇرسا، دەپتۇ، ھېلىقى كىشى:

ـ بۇ ئېخىمۇ قايتۇرۇشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، دەپتۇ، ھېلىقى ئايال:

ـ ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن، ئاللاھ ساڭا بېرىپ تۇرغان ئۇ ئەڭ ھەقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئېلىپ كەتكەن نەرسىگە يەنە ئەپسۇسلىنامسەن؟ دەپتۇ، ھېلىقى كىشى ئۆزىنىڭ كەتكۈزۈپ قويغىنىنى بايقىۋاپتۇ، ئاللاھ ئۇ ئايالنىڭ سۆزى بىلەن ئۇ كىشىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈپتۇ.[1]

[1] ئىمام مالىك.

www.munber.org

## مۆتىدىل ۋە پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا خاس بولغان، ئۇلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھى ئىشلىرىنى مۇنتىزىملاشتۇرىدىغان، ئۇلۇغ ئاساس ئۈستىگە تۇرغۇزىدىغان بىر تۇركۇم تەلىماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرى، كىيىم ـ كېچەكلىرى، تۇرالغۇ جايلىرى ۋە ھاياتلىقتىكى باشقا ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا ئالاقىدار ئەدەب ـ ئەخلاقلاردىن ئىبارەت. بۇ تەلىماتلار مۇسۇلمانلاردىن مۇتلەق راھىب بولۇشنى ياكى مۇتلەق ماددىزىم بولۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ، بەلكى ئۇ ئوتتۇراھاللىق ۋە مۆتىدىللىكنى نۇقتا قىلغان بولۇپ، ئىجرا قىلىش ناھايىتى ئاساندۇر.

ئىسلام دىنى تەلىماتلىرىدا جىسمىنىڭ ئېھتىياجلىرى بىلەن روھىنىڭ ئېھتىياجلىرىغا تەڭ ئەھمىيەت بېرىدۇ، بىرىگە سەل قاراپ يەنە بىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى چەكلەيدۇ، ئىككىسىنى ماسلاشتۇرغاندىلا ئىنسانلار بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادىكى رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ دەپ قارايدۇ. ساماۋىي ھىدايەتلەر غايىب بولغان مەزگىللەردە زېمىندا بارلىققا كەلگەن تۈرلۈك پەلسەپىلەر تەنىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن روھىنىڭ ئىشتىياقىنى ماسلاشتۇرۇش ئاخىرقى بارارگاھىمىز بولغان ئاخىرەتنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن ھاياتلىق مۇساپىمىزنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان بۇ دۇنياغا ئەھمىيەت بېرىشنى ماسلاشتۇرۇشقا ئاساسەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى، بەزىلىرى روھى كىشەندىن خالاس بولغاندىلا ئاندىن ئېگىز پەرۋاز قىلالايدۇ دەپ ئويلاپ تەننى پۇتۇنلەي نابۇت قىلماقچى بولدى، يەنە بەزىلىرى بولسا روھنى مەسخىرە قىلىپ كۆز ئالدىدىكى ئەرزىمەس لەززەتلەردىن بەھرە ئېلىشنى نىشانلىدى.

ئەمما ئىسلام دىنىدا ھاۋايى ھەۋەسلەر ۋە شەھۋەتپەرەسلىكلەر بىلەن ئويىنىشىدىغان ھايۋانىيلىق بولمىغىنىدەك، كىشىلەرنى زېرىكتۈرىدىغان ۋە قىينايدىغان روھانىيلىقمۇ يوق.

شۈبھىسىزكى، ئاخىرەت دۇنياسىغا ئىمان كەلتۈرىدىغان مۆئمىنىنىڭ ھاياتى بىلەن بۇ دۇنيادىكى ئۆمرىنى بارلىقى ۋە مەقسىتىگە يېتىدىغان





بىردىن بىر پۇرسەت دەپ بىلىدىغان كاپىرنىڭ ھاياتى بىلەن ئوخشاشمايدۇ، كاپىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ پاك ـ دىيانەتلىكنى يوقىتىپ خاھىشلىرىغا ئەگىشىدۇ، پەقەت ھوزۇرلىنىش ئۈچۈنلا ياشايدۇ، ھېچبولمىغاندىمۇ خاتالىقىدىن يېنىپ توغرا يولنى تاپالمىغان تەقدىردە ئەنە شۇنداق بولىدۇ، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ اللَّهَ يُدْخِلُ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ وَالَّذِينَ كَفَرُوا يَتَمَتَّعُونَ وَيَأْكُلُونَ كَمَا تَأْكُلُ الْأَنْعَامُ وَالنَّارُ مَثْوًى لَّهُمْ﴾

﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، كاپىرلار (ھاياتى دۇنيادا ئۇنىڭ لەززىتىدىن) بەھرىمەن بولىدۇ ۋە چاھار پايلاردەك يەپ ـ ئىچىدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ)﴾[1]

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿رُّبَمَا يَوَدُّ الَّذِينَ كَفَرُواْ لَوْ كَانُواْ مُسْلِمِينَ ۞ ذَرْهُمْ يَأْكُلُواْ وَيَتَمَتَّعُواْ وَيُلْهِهِمُ الأَمَلُ فَسَوْفَ يَعْلَمُونَ﴾

﴿كاپىرلار (قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرگەندە، دۇنيادىكى چېغىمىزدا) مۇسۇلمان بولساقچۇ، دەپ ئارمان قىلىدۇ، (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنى (يەنى كۇففارنىڭ مەيلىگە) قويىۋەت، يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرسۇن، ئۇلار بىھۇدە ئارزۇلار بىلەن بولىۋەرسۇن، ئۇلار ئۇزاققا قالماي (ئۆز قىلمىشىنىڭ يامانلىقىنى) بىلىدۇ.﴾[2]

ئەمما مۆئمىنلەر بولسا ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنياغا تەڭ تەقسىملەيدۇ، ئۆزىگە ھازىرسى ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن ياخشىلىق ئىزدەيدۇ. قۇرئان كەرىم بىزلەرگە ھەر ئىككى ھاياتلىقتا نېئمەت ۋە بەخت ـ

[1] سۈرە مۇھەممەد: 12
[2] سۈرە ھىجر: 2-3

سائادەتكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىشنىڭ ئاللاھنى ئەڭ چوڭقۇر ياد ئەتكەنلىك بولىدىغانلىقىنى ئۆگەتكەن. ئاللاھ مۇنداق دېگەن:

﴿فَإِذَا قَضَيْتُم مَّنَاسِكَكُمْ فَاذْكُرُواْ اللّهَ كَذِكْرِكُمْ آبَاءكُمْ أَوْ أَشَدَّ ذِكْرًا فَمِنَ النَّاسِ مَن يَقُولُ رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا وَمَا لَهُ فِي الآخِرَةِ مِنْ خَلاَقٍ۞ وِمِنْهُم مَّن يَقُولُ رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ۞ أُولَـئِكَ لَهُمْ نَصِيبٌ مِّمَّا كَسَبُواْ وَاللّهُ سَرِيعُ الْحِسَابِ﴾

﴿سىلەر ھەجگە ئائىت ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھنى بولسا ئاتا - بوۋاڭلارنى (پەخىرلىنىپ) ياد ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ياد ئېتىڭلار، بەزى كىشىلەر: ‹ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە (نېسىۋىمىزنى) بۇ دۇنيادىلا بەرگىن› دەيدۇ، ھالبۇكى ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن) ھېچ نېسىۋە يوقتۇر، بەزى كىشىلەر: ‹پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن دەيدۇ، ئەنە شۇلار ئۆزلىرى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مېۋىسىنى كۆرەلەيدۇ.﴾[1]

قارۇنغا قىلغان نەسىھەتتە دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلەنگەن. خۇددى ياخشى تەدبىردىن ياخشى نەتىجە چىققاندەك دۇنيا ئاخىرەتكە ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسىدۇر، ۋاستە دۇرۇس بولسا مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھنىڭ قارۇنغا قارىتىلغان تەلىماتلىرى شۇ مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان:

﴿وَابْتَغِ فِيمَا آتَاكَ اللَّهُ الدَّارَ الْآخِرَةَ وَلَا تَنسَ نَصِيبَكَ مِنَ الدُّنْيَا وَأَحْسِن كَمَا أَحْسَنَ اللَّهُ إِلَيْكَ وَلَا تَبْغِ الْفَسَادَ فِي الْأَرْضِ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْمُفْسِدِينَ﴾

﴿ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنۇتمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك،

[1] سۈرە بەقەرە: 202-200



www.munber.org



سەن (ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ.﴾[1]

يۇقىرىقىدەك تەلىماتلارغا ئاساسەن ئىسلام دىنى ئىنسانغا دۇنيادا يېيىش ئۈچۈن ياشايدىغان، دەستىخانىغا تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى يىغىش ئۈچۈنلا ھەرىكەت قىلىدىغان، يېمەكلىك يىغالىسا خوش بولىدىغان، بولمىسا غەزەپلىنىپ تەقدىر مەن بىلەن ئوينىشىۋاتىدۇ دەپ ئويلايدىغان قورسىقىنىڭ قۇلى بولۇپ قالماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

داۋاملىق يەپ - ئىچىش، تويۇنۇشنىڭ كويىدا يۈرۈيدىغان، تاماق پۇراش ئۇسۇللىرى، لەززەتلىنىش تۈرلىرىنى ئىجاد قىلىش ئۈستىدە ئويلىنىدىغان ئادەملەر ئۇلۇغ ئىشلارغا يارىمايدۇ. جىھاد قىلىش ياكى قۇربان بېرىشلەرگە تاقەت قىلالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن شۇنداق بايان قىلىنغان: «دۇنيادا ئەڭ توق كىشىلەر قىيامەت كۈنىدە ئەڭ ئۇزۇن ئاچلىق تارتىدىغان كىشىلەردۇر.»[2]

ھەممىگە ئايانكى، ئىغىر كېسەللىكلەر، خەتەرلىك ئىللەتلەرنىڭ نۇرغۇنى يېمەكلىكنى ئاشقازاننىڭ ھەزىم ئىقتىدارىدىن ئاشۇرۇپ ئىستېمال قىلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىس شەرىفتا: «ئادەم بالىسى قورساقتىن يامانراق يەنە بىر قاچىنى تولدۇرماس»[3] دېيىلگەن.

مۇتلەق تەركى دۇنيا بولۇپ، زاھىدلىق قىلىش ياكى باشقا بىمەنە ئەھمىيەتسىز ئويلارنى مەقسەت قىلىپ يېمەكلىك مىقدارىنى تەڭشەش بىلەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ، پەقەت ئۇلۇغۋار، بۈيۈك بىر ئىرادىنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ شۇنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىشتەك توغرا ئۇسۇل قوللانغاندىلا ئاندىن كېيىن ئىنسان ئۆزىدىكى ئەرزىمەس ئويۇن -

[1] سۈرە قەسەس: 77
[2] بەززار.
[3] ئىمام تىرمىزى.



www.munber.org

تاماشىلار ۋە تۈرلۈك ھوزۇر ـ ھالاۋەتلەرگە زىيادە بېرىلىشتەك خاھىشنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كاپىر ئەرنى مېھمان قىلىپ، بىر قوينىڭ سۈتىنى سېغىپ بېرىشكە بۇيرۇغان، سېغىپ بەرگەندىن كېيىن بىر قوينىڭ سۈتىنى ئىچىپ بولغان، ئاندىن كېيىن يەنە بىر قوينىڭ سۈتىنىمۇ سېغىپ بېرىشكە بۇيرۇغان، سېغىپ بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ سۈتىنىمۇ ئىچىپ بولغان، شۇ يوسۇندا ھەتتاكى يەتتە قوينىڭ سۈتىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن قانغان، ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ئۇ ئادەم مۇسۇلمان بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قوينىڭ سۈتىنى سېغىپ بېرىشكە بۇيرىغان، سېغىپ بەرگەندىن كېيىن بىر قوينىڭ سۈتىنى ئىچىپ بولغان، يەنە بىر قوينىڭ سۈتىنى سېغىپ بېرىشكە بۇيرىغان، ئەمما ئۇنىڭ يېرىمىنى ئىچىپلا قېنىپ قالغان، بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، مۆئمىن بىر ئۈچەيگە ئىچىدۇ، ئەمما كاپىر بولسا يەتتە ئۈچەيگە ئىچىدۇ.»[1]

بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىن يورۇقلۇق دەۋرىگە ئۆتۈپ ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارى ئالدىدىكى تۇتقان ئورنى، دىنى ئەمر ـ پەرمانلىرى ۋە ئاخىرەت دۇنياسىدا سوئال ـ سوراق قىلىنىدىغانلىقىنى ئويلىغان ۋە تونۇپ يەتكەن چېغىدا، ئۇنىڭ تىخىمۇ تەرەققىي قىلغان ھاياتلىقىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتەك ئۇلۇغۋار ئىرادىسى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇلغان يېمەكلىكتىن ئۆزىنى تارتىشتا زور دەرىجىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

ئەمەلىيەتتە، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك مەززىلىك يېمەكلىكلەر ۋە دۇنيا مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ھازىرقى دەۋرىمىزدە كۆرۈۋاتقىنىمىزدەك سەت بولغۇدەك دەرىجىدە ئۆزىنى قۇربان قىلىشىغا ئەرزىمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، بۇ دۇنيا ئادەم ئەۋلادىنىڭ تۈزى، تەمى ۋە خۇرۇچلىرى تەڭشەلگەن يېمەكلىككە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ

[1] ئىمام مۇسلىم.



www.munber.org



ئاقىۋەتتە قانداق ھالەتتە ئۆزگەرگەنلىكىگە قاراپ باق»[1] يەنە بىر بايانتە: «ئاللاھ ئادەمدىن چىقىدىغان نەرسىنى دۇنياغا مىسال قىلدى» دېيىلگەن.

بەزى بىلىمى ئاز، نەزەر دائىرىسى تۆۋەن كىشىلەر بۇ سۆزنى خاتا چۈشىنىپ ئۇنى مۇسۇلماننى ھاياتلىقتىن يىراقلاشتۇرۇپ ھوزۇر ـ ھالاۋەتلىرى ۋە نازۇ ـ نېئمەتلىرىنى تەرك ئېتىشكە ئۈندىگەنلىك دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما ئىسلام دىنى ئۇنى ھەرگىز مەقسەت قىلمايدۇ. چۈنكى ھارامنى ھالال قىلىش ئېغىر گۇناھ بولغىنىدەك، ھالالنى ھارام قىلىشمۇ ئېغىر گۇناھدۇر. ئاللاھ مۇسۇلمانغا ياخشى نەرسىلەرنى ھارام قىلماسلىق، يامان نەرسىلەرنى ھالال قىلماسلىققا ئۆزگە ئەھدە قىلغان. مۇسۇلماننىڭ ياشاش ۋە ھاياتلىقنىڭ ھوزۇر ـ ھالاۋەتلىرىدىن بەھر ئېلىش ھوقۇقى بار:

﴿لَيْسَ عَلَى الَّذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ جُنَاحٌ فِيمَا طَعِمُواْ إِذَا مَا اتَّقَواْ وَّآمَنُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ ثُمَّ اتَّقَواْ وَّآمَنُواْ ثُمَّ اتَّقَواْ وَّأَحْسَنُواْ وَاللّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾

﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر ‹ھارام قىلىنمىغان نەرسىلەرنى› يېسە، ئىچسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، قاچانكى ئۇلار ‹ھارام نەرسىلەردىن› ساقلانسا، ئىماندا ۋە ياخشى ئەمەللىرىدە ئىزچىل بولسا، ئاندىن ‹ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن› يەنى ساقلانسا ۋە ھارام دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئاندىن ‹ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن داۋاملىق› ساقلانسا ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلسا، ئاللاھ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.﴾[2]

[1] ئىمام ئەھمەد.
[2] سۈرە مائىدە: 93



www.munber.org

بىز پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھمانلىرىنى قانداق ئىززەتلىكەنلىكىنى، سېمىز موزايىنى ئۆلتۈرۈپ ھېچبىر قىسمىنى دەستىخانغا قويغانلىقىنى كۆردۇق:

﴿فَقَرَّبَهُ إِلَيْهِمْ قَالَ أَلَا تَأْكُلُونَ﴾

﴿شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا ئائىلىسىگە چىقىپ (پىشۇرۇلغان) بىر سېمىز موزايىنى ئېلىپ كىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ: ‹يېمەمسىلەر؟› دېدى﴾[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ھاياتلىرىدا ئاللاھنىڭ بۇ ئايىتىگە بەكمۇ ئەمەل قىلىشاتتى:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تُحَرِّمُواْ طَيِّبَاتِ مَا أَحَلَّ اللّهُ لَكُمْ وَلاَ تَعْتَدُواْ إِنَّ اللّهَ لاَ يُحِبُّ الْمُعْتَدِينَ﴾

﴿ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى ‹تەركى دۇنيا بولۇش يۈزىسىدىن ئۆزەڭلارغا› ھارام قىلماڭلار. ‹ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن› چەكتىن ئاشماڭلار، ئاللاھ چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ.﴾[2]

بەدەننىڭ نۇرغۇن ئېھتىياجلىرى بولۇپ، پۈتۈن ئەقىل ئىگىلىرى بۇ ئېھتىياجنى قاندۇرمىغاندا ئورگانىزمغا زىيانلىق بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى شۇ ئېھتىياجلارغا كۆز يۇمىدىغان ھەرقانداق تەركى دۇنيالىق ياكى تەسەۋۋۇپ ئېتىقادى ئىسلام روھىغا خىلاپ، ئىسلام دىنى پەقەت چېكىدىن ئاشقان راھىبلىق ۋە ئاچكۆزلۈككە قارشى تۇرىدۇ.

❖ ❖ ❖

[1] سۈرە زارىيات: 27
[2] سۈرە مائىدە: 87



www.munber.org

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى
خلق المسلم

ئىسلام دىنى كىيىم كىيىشتە مۆتىدىل بولۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ، باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىش، كىيىمى بىلەن تەكەببۇرلۇق قىلىشنى يامان كۆرىدۇ. تەقى ـ تۇرقىنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ئەرلىكىنىڭ ياكى گۈزەل ئەخلاقىنىڭ ئاساسى دەپ ھېسابلىمايدۇ. چۈنكى نۇرغۇن كىشىلەر باركى كىيىمى بىر تىيىنغا يارىمايدۇ، ئەمما قەلبىنى پاتمانلاپ ئالتۇن كۈمۈش بېرىپمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «نۇرغۇن كىشىلەر باركى چاچلىرى پاخپايغان، يۈزلىرىنى توپا باسقان، بەدىنىنى ياپقۇدەك كىيىمى يوق، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلسا ئەلۋەتتە قەسىمىدە تۇرىدۇ.»[1]

ياشلارنىڭ تۇرلۇك پاسوندىكى كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىپ كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى ئۆزىگە تارتىشى ئۈچۈن كىشىلەر ئارىسىدا جىسمىنى كىيىم ـ كېچەك كۆرگەزمىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشى تولىمۇ ئەخمىقانىلىقتۇر. نۇرغۇن تەنتەك ياشلار باركى پۈتۈن ۋاقتىنى ئۆزىنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلىپ ياساش، ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىدىن پەخىرلىنىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى شۇ ۋاقىتلىرىنى تېخىمۇ كۆپ ئىلىم ئۆگىنىش، دىنىي بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرۈشكە چاقىرساڭ ئەلۋەتتە قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۈستىدىكى كىيىملەرنىڭ قاملاشقان بولۇشىنى مۇكەممەل دەپ قارايدۇ، خالاس.

ئىسلام دىنى بۇنداق تەنتەكلىكنى چەكلىگەن، مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭدىن نەپرەتلەندۇرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى، دۇنيادا كىشىلەرگە كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن كىيىم كىيىدىكەن ئاللاھ قىيامەت كۈنىسىدە ئۇنىڭغا خارلىق كىيىمىنى كىيگۈزىدۇ، ئۇنىڭغا ئوت تۇتاشتۇرىدۇ»[2] ئەمەلىيەتتە ئازغان ئەر ـ ئاياللار ئەدەب ـ ئەخلاق ئازايغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ بۇ كەمچىلىكىنى كىيىمنى ئېسىل كىيىش بىلەن يۆگىمەكچى بولۇشتى. ئەمما بۇ مۇمكىن ئەمەس.

[1] ئىمام تىرمىزى.
[2] ئىمام ئىبنى ماجە.



www.munber.org

جابىر ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەلى بىلەن پاتىمەنىڭ تويىغا ھازىر بولغان ئىدۇق. بۇنداق ياخشى توينى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان ئىدۇق، كۆرپىنىڭ ئارىسىغا خورما دەرىخىنىڭ پاخلىنى سالدۇق. خورما بىلەن ئۈزۈمنى كەلتۈرۈپ داستىخاندا يېيىشتۇق، فاتىمەنىڭ توي كېچىسىدە ياتقان كۆرپىسى بولسا قوچقارنىڭ ئاشلانغان تېرىسى بولدى.»[1]

ئەبۇ ھۇرەيرە ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرگەن ئىدىم. بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۈستى - ئۈستىگە ياماق سېلىنغان تون بىلەن يەمەندە تىكىلگەن ئىشتاننى ئېلىپ چىقىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇ ئىككى كىيىم بىلەنلا ۋاپات بولغانلىقىنى قەسەم قىلىپ ئېيتتى.»[2]

شۈبھىسىزكى، زۆرۈر ئېھتىياجلىق نەرسىلەر بىلەن كۇپايىلىنىپ ئېھتىياجىدىن ئاشقان نەرسىلەرگە كۆز سالماسلىق ئەخلاقى - پەزىلەتتە كامالەتكە يەتكەننىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

بۇ ھەرگىزمۇ خۇددى نادان بەندىلەر قىلىۋاتقاندەك ئىسلام دىنى ناچار كىيىملەرنى ياخشى كۆرىدۇ ياكى تەقى - تۇرقىنىڭ سەت بولۇشىنى قارشى ئالىدۇ ياكى ياماق چۈشكەن، چىرىپ كەتكەن كىيىملەرنى كىيىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، ياق، ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس... بىر ئادەم ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن: «قانداق كىيىم كىيسەم بولىدۇ؟» دەپ سورىغاندا: «تېگى پەسلەر سېنى ھاقارەتلىمەيدىغان، دانالار ساڭا ئەيىب قويمايدىغان كىيىملەرنى كىيگىن» دەپ جاۋاب بەرگەن، ئۇ ئادەم يەنە قانداق كىيىم ئۇ؟ ‹پۇلى قانچە پۇل؟› دەپ سورىغاندا: «بەش تەڭگىدىن 20 تەڭگىگىچە بولغان كىيىمدۇر»[3] دېگەن، گەرچە بۇ باھا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ياشىغان دەۋرگە ماس

[1] بەززار.
[2] ئىمام بۇخارى.
[3] تەبرانىي.



www.munber.org



كەلسىمۇ ئەمما بىز ياشاۋاتقان بۇ دەۋردە قىممىتى كۆپ ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن.

كىيىمى ئادەتتىكى بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىۋىدى ئۇنىڭدىن: «مال - مۈلكۈڭ يوقمۇ؟» دەپ سورىدى، ئۇ ئادەم: «بار» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن: «قانداق مېلىڭ بار؟» دەپ سورىۋىدى: «ئاللاھ ماڭا ھەرقانداق مالدىن ئاتا قىلدى» دەپ جاۋاب بەردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ چاغدا: «ئاللاھ ساڭا مال ئاتا قىلغان بولسا ئاللاھنىڭ نېئمىتى ۋە ئۇلۇغلىنىشىنىڭ ئىزناسى سەندە كۆرۈلسۇن»[1] دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «قايسىڭلارنىڭ قول ئىلكىدە بولسا ئەمگەك قىلغاندا كىيىدىغان ئىككى كىيىمدىن باشقا جۈمە كۈنىسى ئۈچۈن يەنە ئىككى كىيىم ھازىرلاپ قويسا مەيلى»[2]

ئىسلام دىنى خۇددى سىز كۆرگىنىڭىزدەك ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ياسىنىشى ۋە تەقى - تۇرقىنىڭ قاملاشقان بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. سىرتنى زىننەتلەپ ئىچىگە سەل قارايدىغان، گۈزەل ۋاقتى، پۈتۈن مال - مۈلكىنى ئۈستىگە ئارتىدىغان كىيىم - كېچەككىلا خەجلەيدىغان ئادەم بىلەن ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى ساقلاش، ئادىمىيلىكىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپىلىرى شۇنچە كۆپ بولسىمۇ كىشىلەرگە چىرايلىق كىيىم - كېچەك، رەتلىك قىياپەت بىلەن كۆرۈنۈشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايدىغان ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار.

بۈگۈنكى كۈندە يىلنىڭ ھەرقايسى پەسىللىرىدە ھەددى - ھېسابسىز، رەڭگارەڭ كىيىم پاسونلىرى مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ. ياز پەسلىنىڭ كىيىم پاسونى كۈز پەسلىنىڭ كىيىم پاسونىغا ئوخشىمايدۇ، قىش پەسلىنىڭ كىيىم پاسونى ئەتىياز پەسلىنىڭ كىيىم پاسونىغا ئوخشىمايدۇ، بەلكى بىر

[1] نەسائى.
[2] ئىمام ئەبۇداۋۇد.



www.munber.org

كۈننىڭ ھەرقايسى ۋاقىتلىرىدا كىيىدىغان كىيىملەرنىڭ تۈرلىرىمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، ئەتىگەندە كىيىلگەن كىيىم كەچتە كىيىلمەيدۇ. بۇ خىل ھالەتنى شەرق ۋە غەرب ئەللىرىدە ياشاۋاتقان ئاياللار ۋە ئۇلارنىڭ چوقۇنغۇچىلىرى، ئۆزلىرىنى ئاياللارغا ئوخشىتىۋالغۇچىلار بارلىققا كەلتۈرۈۋاتىدۇ. ئىسلام دىنى بۇنداق شەيتانىيلىقتىن بىزاردۇر، تەقۋادار كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى پاك تۇتۇشقا دەۋەت قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىككى قىزىل نەرسىدىن ئاياللارغا ۋاي: بىرى ئالتۇن، يەنە بىرى يىپەك»[1] بۇ بولسا زىبۇ - زىننەتكە مەپتۇن بولۇپ، تۈرلۈك پاسوندىكى ئالچەكمەن كىيىم - كېچەكلەر بىلەن ئالدىنىپ ئۇلۇغ مەجبۇرىيەتلەرگە سەل قاراۋاتقان ئاياللارغا كۈچلۈك تەھدىتتۇر.

ئىسلام تەلىماتىدا ئالتۇن بىلەن يىپەك ئەرلەرگە ھارام قىلىنغان، باشقا رەختلەرگە قارىتا ئۇلارغا چەكلىمە يوق، ئۇلار پەقەت ئالتۇن بىلەن يىپەكتىن زىننەتلەنسە بولمايدۇ، ئەمما ئاياللار گەرچە ئۇلارغا ئالتۇن بىلەن يىپەك ھالال قىلىنغان بولسىمۇ پۈتۈن ۋاقىتلىرى ۋە پۇل - ماللىرىنى ئۆزىنى ياساشقا سەرپ قىلىۋەتسە دۇرۇس بولمايدۇ.

❖ ❖ ❖

ئىسلام دىنى قورغان، مەكتەپ، مۇساپىرلار لاگېرى، دارىلئىتام، دوختۇرخانا، مەسچىت قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئومۇمىي خەلققە پايدىلىق بولغان قۇرۇلۇشلارنى سېلىش ۋە ئۇنىڭغا نەچچە مىليونلاپ پۇل سەرپ قىلىنىشىمۇ ئىسلام ئۇنى چەكلىمەيدۇ، چۈنكى ئۇ كەلگۈسىدە خەلقلەر پايدىلىنىدىغان خەيرى - ئېھسان بولۇپ، ساۋابى ئۈزۈلمەي يېتىپ تۇرىدىغان «سەدىقە جارىيە» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، لېكىن مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قەۋەتلەپ سارايلارنى سېلىشىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ شۈبھىسىزكى ئىسلام دىنى ئۆيىنى جابدۇشتىمۇ ئېھتىياجقا قاراپ تۇرۇپ ئاددى - ساددا بولۇشنى، ئىسراپ قىلماسلىقنى تەۋسىيە

[1] ئىبنى ھەببان.



www.munber.org

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى
خلق المسلم

قىلىدۇ، ئاستى - ئۈستىگە گىلەملەرنى سېلىشقا ئوخشاش راھەتپەرەسلىكنىڭ ئالامەتلىرىنى چەكلەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز بىن جەبەلنى يەمەنگە ئەۋەتكەن چېغىدا: «راھەتپەرەسلىكتىن ساقلانغىن، چۈنكى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى راھەتپەرەسلىك قىلمايدۇ.»[1] دېگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان قاچا - قۇچىلار ۋە يىپەك، تاۋار - دۇردۇنلارنى ئىشلىتىشنى توسقان. بىر ئادەمنىڭ ئىشلىتىدىغان قاچا - قۇچا، يوتقان - كۆرپىلىرى ئادەتتىكى ماتېرىياللاردىن ياسالغان بولسا كۇپايە. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزلەرنى ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان قاچىلاردا يەپ - ئىچىشتىن، يىپەك، تاۋاردىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىشتىن، ئۈستىدە ئولتۇرۇشتىن چەكلىگەن ئىدى.» دېگەن.[2]

❖ ❖ ❖

بەزىدە غورىگۇل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىسلام دىنىدىكى تۇرمۇشنىڭ ئالامىتى ئىكەن دەپ ئويلاپ قېلىش مۇمكىن. شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئەڭ ھەيران قالارلىقى تۇرمۇشنىڭ باياشاتلىقنى يىپەك ۋە ئالتۇن ئىشلىتىش بىلەن ئۆلچەشتىن ئىبارەت، نۇرغۇن كىشىلەر ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنمەي، يىپەك كىيىملەرنى كىيمەيمۇ بەختلىك، تىنچ ياشىشى مۇمكىنغۇ؟

لېكىن ئىسلام دىنى ئۈممەتنىڭ ئۇيۇشچانلىقىنى، مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شەخس ۋە كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇشىدىن راھەتپەرەسلىكنىڭ يىلتىزلىرىنى قومۇرۇپ تاشلاشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئىسلام ئۈممىتى پۈتۈن ھاياتىنى ئاللاھقا بېغىشلاپ ھەقىقەتنى بۈيۈكلۈككە ئېرىشتۈرۈش ۋە ئۇنى قوغداش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش، دۇنيانىڭ

[1] ئىمام ئەھمەد.
[2] ئىمام بۇخارى.



www.munber.org

ئەرزىمەس ھوزۇر ـ ھالاۋەتلىرى بىلەن ئالدانماسلىقلىرى كېرەك. تۇرلۇك ھوزۇر ـ ھالاۋەتلەرگە بېرىلىش، ھارام ئىشلاردىن يانماسلىق شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىشتىن ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن قاچقانلىق ئىنسان شەرىپىنى يوقاتقانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قانداق بىر خەلقتە بۇ ئىللەت تېپىلىدىكەن ھالاك بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن شۇنداق بايان قىلىنغان: «كەلگۈسىدە ئۇممىتىم ئىچىدىن شۇنداق ئادەملەر بارلىققا كېلىدۇكى تۇرلۇك تائاملارنى يەيدۇ، تۇرلۇك ئىچىملىكلەرنى ئىچىدۇ، تۇرلۇك كىيىملەرنى كىيىدۇ، گەپنى كۆپ قىلىدۇ، ئەنە شۇلار ئۇممىتىمنىڭ يامانلىرىدۇر.»

سىز بۇ ھەدىسنىڭ ئەمەلىيىتىنى دىنىنى پەقەت ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن ئېغىزاكى مىراس ئالغان، ئۇنى ئويۇن ـ تاماشىغا ئايلاندۇرۇپ دۇنيادا ئۆزىنى ۋە دىنىي ھەقىقەتلەرنى بەربات قىلغان خەلقلەردىن كۆرۈپ ئالالايسىز.

❖ ❖ ❖

ئاللاھ بىر قىسىم خەلقلەرنىڭ تۇرلۇك ھوزۇر ـ ھاۋالاۋەتلەر ۋە ئويۇن ـ تاماشىلارغا بېرىلىپ تەنلىرىنىڭ ئەرزىمەس ئېھتىياجلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ھالەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ مۇنداق دېگەن:

﴿وَيَوْمَ يُعْرَضُ الَّذِينَ كَفَرُوا عَلَى النَّارِ أَذْهَبْتُمْ طَيِّبَاتِكُمْ فِي حَيَاتِكُمُ الدُّنْيَا وَاسْتَمْتَعْتُم بِهَا فَالْيَوْمَ تُجْزَوْنَ عَذَابَ الْهُونِ بِمَا كُنتُمْ تَسْتَكْبِرُونَ فِي الْأَرْضِ بِغَيْرِ الْحَقِّ وَبِمَا كُنتُمْ تَفْسُقُونَ﴾

﴿كاپىرلار دوزاخقا توغرىلىنىدىغان كۈندە ‹ئۇلارغا ئەيىبلەش يۈزىسىدىن ئېيتىلىدۇ› ‹سىلەر لەززەتلىرىڭلارنى ھاياتى دۇنيادا بەھرىمەن بولۇپ تۈگەتتىڭلار، سىلەر زېمىندا ھەقسىز رەۋىشتە چوڭچىلىق قىلىپ، ئىماندىن باش تارتقىنىڭلار ۋە ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن، بۈگۈن خار قىلغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر›﴾[1]

ئۇلار جازاغا تارتىلغان چاغلىرىدا بۇنىڭ ئۇلارنىڭ مۆتىدىللىك ۋە پاك ـ دىيانەتلىكلىكىنى يوقىتىپ، ئازغۇنلۇق ۋە گۇناھ ـ زالالەتكە ماڭغانلىقىدىن بولغانلىقىنى ئەسلىشىدۇ:

﴿ذَلِكُم بِمَا كُنتُمْ تَفْرَحُونَ فِي الْأَرْضِ بِغَيْرِ الْحَقِّ وَبِمَا كُنتُمْ تَمْرَحُونَ﴾

﴿بۇ (ئازاب) سىلەرنىڭ زېمىندا ھەقسىز رەۋىشتە (گۇناھ قىلىپ پۇل ـ مالنى ھارام يوللىرىغا سەرپ قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن) خۇشال بولغانلىقىڭلار ۋە ھاكاۋۇر بولۇپ كەتكەنلىكىڭلار ئۈچۈندۇر.﴾[2]

ئەمەلىيەتتە ئىسلام ئەللىرىدىكى قىيىنچىلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى پاك ـ دىيانەتلىكنىڭ يوقىلىشى ۋە تۇرلۇك ھوزۇر ـ ھالاۋەتلەرگە بېرىلىشنىڭ يامراپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممىتىنى بۇ خىل روھى چىرىكلىكتىن ئاگاھلاندۇرغان، ئەبى بەرزەدىن بايان قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرنىڭ قورساقلىرىڭلار، ئەۋرەتلىرىڭلارنىڭ ئازغۇنلۇقلىرى، ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىڭلارنىڭ گۇمراھلىقلىرىدىن بەك ئەنسىرەيمەن.»[3]

ئىسلام دىنى ياخشى نەرسىلەر بىلەن تويىنىش ئۈياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئازراق ئېلىشتىنمۇ ئەيمىنىدىغان كەمبەغەل خەلقلەر ئارىسىدا ئاۋال تارالغان، تۇرمۇشنىڭ ئاددى ـ ساددىلىقى ئۇلاردىكى ئورتاق ئەھۋال ئىدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن 70 مۇسۇلماننى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ كىيىملىرى تولۇق ئەمەسكەن، ياكى ئىشتىنى ياكى تونى بولۇپ بىر تەرىپىنى بويۇنلىرىغا چىگىۋالغان ئىدى، بەزىلىرىنىڭ پاقالچىقىغا، بەزىلىرىنىڭ ئوشۇقىغا

---

[1] سۈرە ئەھقاف: 20
[2] سۈرە غافىر: 75
[3] ئىمام ئەھمەد.

www.munber.org
www.munber.org

يېتىدىغان بولۇپ ئەۋرەتلىرىنىڭ كۆرۈنۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ پېشىنى قوللىرى بىلەن يىغىپ تۇتۇۋالاتتى.»[1]

يوقسۇللۇق ئېغىر خاپىلىق بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلۇش مەجبۇرىيىتى بار، ئىسلام دىنى دۇنيا خۇشاللىقلىرىنى ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئېرىشىشكە تېگىشلىك ھەققى دەپ قارايدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام ھۆكۈم سۈرۈپ، ئىسلام پرىنسىپلىرى كەڭ تارقالغان ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار يوقسۇللۇقتىن قۇتۇلۇپ باياشات بولۇپ دۇنياغا بېرىلىپ ئاللاھنى ئۇنتۇپ گۇمران بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆزى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ھالەتتىن ئاگاھلاندۇرۇپ دۇنيانىڭ قولىدىن كېتىشى يامان بولسىمۇ، لېكىن دۇنياغا زىيادە بېرىلىپ كېتىشنىڭ تېخىمۇ يامان ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن.

ئوتتۇرا ھاللىق بۈيۈكلۈك جەۋھىرىدۇر. بۇ يەردىكى ئوتتۇرا ھاللىق دېگىنىمىز تۇرمۇشقا ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۇنى بۈيۈك مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىش كېرەك دېگەندىن ئىبارەت. ئەگەر سىز تۇرمۇشقا ئىگە بولغاندىن كېيىن سىز ھاياتلىق قۇلىغا ئايلىنىپ قېلىپ، تۇرمۇش سىزنى پەس يوللارغا باشلىسا، سىزنى ئاخىرىدا ھەقىقىي ھاياتلىقتىن مەھرۇم قويسا بۇ ھەرگىزمۇ مۆتىدىللىك، ئوتتۇرا ھاللىق بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى ھەدىستە مانا مۇشۇ مەنىنى مەقسەت قىلغان: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنىڭ يوقسۇل بولۇپ قېلىشىڭلاردىن ئەمەس، بەلكى سىلەرنىڭ ئىلگىرىكىڭلار مال - دۇنياغا ئىگە بولغىنىدەك مال - دۇنياغا ئىگە بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنىڭ ئۇلار مال - دۇنياغا قىزىققاندەك مال - دۇنياغا قىزىقىشىڭلاردىن، ئاقىۋەت سىلەرنى ئۇلارنى ھالاك قىلغىنىدەك ھالاك قىلىشىدىن ئەنسىرەيمەن.»[2]

---

[1] ئىمام بۇخارى.
[2] ئىمام بۇخارى.

www.munber.org





پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « قىياپەتنىڭ چىرايلىقلىقى، ئېغىر - بېسىقلىق، مۆتىدىللىك (ئوتتۇرا ھاللىق) پەيغەمبەرلىكنىڭ 24 ھەسسىسىنىڭ بىر ھەسسىسىدۇر.»[1]

---

[1] ئىمام تىرمىزى.

www.munber.org

## پاكلىق، گۈزەللىك، ساغلاملىق

مۇسۇلمان ئۆمرىنىڭ ھەربىر سائىتىدە مۇكەممەللىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشى، ماددى ۋە روھى جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشقا ئىنتىلىشى لازىم، چۈنكى ئۇنىڭ ئاللاھ دەرگاھىدىكى كەلگۈسىنىڭ قانداق بولۇشى ئىلگىرىلەش جەريانىدا يەتكەن باسقۇچىنىڭ قانداقلىقىغا باغلىق، ئەگەر ئۇ يۇقىرى پەللىگە يەتكەندىن كېيىن ۋاپات بولغان بولسا ئالىي جەننەتۇل فىردەۋسكە داخىل بولغۇچىلار قاتارىدىن بولىدۇ، ئەگەر غايىگە يېتىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان يېقىن يولدا ۋاپات بولغان بولسا ھەرھالدا قۇتۇلۇپ قالالايدۇ، كەينىگە چېكىنگەن، غايىسىنى تاپالمىغان ئازغۇن ھالەتتە ۋاپات بولغان بولسا دەردلىك ئازاب پەرىشتىلىرى ئۇنى يۇلۇپ ئالىدۇ، بۇ دۇنيادا نىجىس بولسا ئۇ دۇنيادىمۇ نىجىس ھالەتتە تىرىلدۈرۈلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەدىنىڭ پاكلىقى، يۈزىنىڭ نۇرلۇقلۇقى، ئەزالىرىنىڭ تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەم قىيامەت كۈنىسىدىمۇ شۇ ھالەتتە يۈزى نۇرلۇق، چېكىلىرى نۇرلۇق، بەدەنلىرى، ئەزالىرى پاك ھالەتتە قايتا تىرىلىدۇ!

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىپ: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئى مۆئمىنلەر، ئاللاھ خالىسا شۈبھىسىزكى، بىزمۇ پات ئارىدا سىلەر بىلەن بىرگە بولىمىز، قېرىنداشلىرىمىز بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىپ قالدىم» دېگەن، ساھابىلار: «بىز سىلىنىڭ قېرىنداشلىرى ئەمەسمۇ؟ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى؟» دېگەندە: «سىلەر مېنىڭ ساھابىلىرىم، قېرىنداشلىرىمىز تېخى كەلمىدى» دېگەن. ساھابىلار: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئۈممەتلىرى ئىچىدىن تېخى كەلمىگەنلەرنى قانداق تونۇيلا؟» دەپ سورىغاندا: «ئويلاپ بېقىڭلار، بىر ئادەمنىڭ نۇرغۇن قارا ئاتلار ئىچىدە بىر دانە ئاق قاشقىلىق ئېتى بولسا ئۇنى تونىيالماسمۇ؟» دەپ سورىغاندا ساھابىلار: «ئەلۋەتتە تونۇيدۇ، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى» دەپ جاۋاب بېرىشكەن، بۇ چاغدا پەيغەمبەر



www.munber.org



ئەلەيھىسسالام: «شۈبھىسىزكى ئۇلار تاھارەت ئالغانلىقتىن قاشقا ئاتقا ئوخشاش نۇرلۇق كېلىدۇ.» دېگەن.[1]

ئىسلام دىنى تەنىنىڭ ساغلاملىقى، گۈزەللىكى بېجىرىملىكىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ئۇنى پەيغەمبەرلىكنىڭ مۇھىم بىر قىسمى قىلغان. ئادەم جىسمىنى پاك تۇتقاندىلا، يېمەك - ئىچمىكى، شەخسىي تۇرمۇشىدا مەينەتچىلىكتىن، كىشىنى نەپرەتلەندۈرىدىغان ھالەتلەردىن خالىي بولغاندىلا ئاندىن ئىسلام تارازىسىدا مەلۇم سالماقنى ئىگىلىيەلەيدۇ. تەنىنىڭ ساغلاملىقى ۋە تازىلىقى ماددىي سالاھىيەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ روھىنى پاكلاش، ئىنسانغا ھاياتلىق يۈكلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشقا شارائىت يارىتىپ بېرىش جەھەتتىمۇ تەسىرى ناھايىتى زور. چۈنكى باتۇر، كۈچلۈك، چىداملىق بەدەن ئىگىسىلا ھاياتلىق يۈكلىرىگە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

ئىسلام دىنى تەننى ئۇلۇغلىغانلىقتىن كۈنگە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلىپ كامىل تاھارەتنى نامازنىڭ ئاساسى قىلدى، ئايرىم ئەھۋاللاردا پۈتۈن بەدەننى تولۇق يۇيۇشقا بۇيرىدى، ئادەتتىكى ئەھۋاللاردا چاڭ - توزانغا كۆپرەك ئۇچرىشىدىغان، تۇرلۇك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ياكى ئاجرالما ماددىلار كۆپ ئاجرىلىپ چىقىدىغان پۇت - قوللارنى ۋە باشقا ئەزالارنى يۇيسىلا كۇپايە قىلىدۇ.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِذَا قُمْتُمْ إِلَى الصَّلاةِ فاغْسِلُواْ وُجُوهَكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ إِلَى الْمَرَافِقِ وَامْسَحُواْ بِرُؤُوسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى الْكَعْبَينِ وَإِن كُنتُمْ جُنُبًا فَاطَّهَّرُواْ...﴾

﴿ئى مۆئمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى

[1] ئىمام مۇسلىم.

ئۇششۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنە غۇسلى قىلىڭلار)...﴾[1]

ئىسلام دىنى بەدەننىڭ ھەرۋاقىت پاك بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ۋاجىب غۇسلىنى ئىنساندىكى ماددىي بولغان تەبىئىي ئېھتىياجغا باغلاپ قويغان، ئەگەر ئىنساننىڭ پەقەت روھىيىتىلا يارىتىلغان بولسا تەكرار غۇسلى قىلىش ۋە يۇيۇنۇپ تازىلىنىشقا ئېھتىياجلىق بولمىغان بولاتتى. لېكىن ئۇ زېمىننىڭ تۇپرىقىدىن ھاسىل بولغان غىلاپقا ئورالغانلىقى ئۈچۈن، شۇ زېمىن ئۈستىدە ياشىغانلىقى، ئۈسۈملۈكلىرى، ھايۋاناتلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدىغانلىقى، كېرەكسىز چىقىرىندىلىرىنى شۇ زېمىن ئۈستىگە تاشلايدىغانلىقى، ئاقىۋەت يەنە شۇ زېمىننىڭ تۇپرىقىغا كۆمۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام دىنى پەرز بولغان تاھارەتنى ئىنساننىڭ ئەنە شۇ ماددىي تەبىئىتىنىڭ ئېھتىياجلىرى ۋە ئوزۇقلۇقىنىڭ ئورگانىزمىدا ھەزىم بولۇشى، ئايلىنىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان بارلىق چىقىرىندىلەر ۋە گازلارغا باغلاپ قويغان.

پاكلىقنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە داۋاملاشتۇرۇشتا ئىسلام دىنى يولغا قويغان بۇ ئۇسۇلدىنمۇ توغرا ۋە مۇۋاپىق يەنە بىر ئۇسۇل بولمىسا كېرەك، چۈنكى بۇ خىل ئۇسۇلدا ئىنسان گەرچە بەدىنى پاك بولسىمۇ يەنىلا غۇسلى ياكى تاھارەتنى ئادا قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىسلام ئۈممىتىدە مەينەتچىلىكنىڭ ھېچقانداق ئاسارىتى مەۋجۇت بولمايدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام دىنى بەزى كىشلەرنىڭ غۇسلى قىلىش زۆرۈر بولمىسا غۇسلى قىلىشقا ھورۇنلۇق قىلىشتىن ئەنسىرەپ غۇسلى قىلىشنى ئېھتىياج بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا غۇسلى قىلىدىغان كۈننى بەلگىلەپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جۈمە كۈنىدە غۇسلى قىلىش بالاغەتكە يەتكەن ھەربىر ئادەم ئۈچۈن زۆرۈردۇر، مىسۋاك قىلىش، خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىش لازىم.»[2] يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «شۈبھىسىزكى بۇ كۈن ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا

[1] سۈرە مائىدە: 6
[2] ئىمام مۇسلىم.



www.munber.org



بەلگىلەپ بەرگەن ھېيتتۇر، كىمكى جۈمئىگە (نامازغا) كەلسە غۇسلى قىلسۇن.»[1]

❖ ❖ ❖

ئىسلام دىنى تاماق يېيىشتىن ئاۋال پاكلىنىشنى تەكىتلىگەن. تاماق يېيىشتىن ئاۋال تاھارەت ئېلىش (قولنى يۇيۇشلا كۇپايە قىلىدۇ) قا بۇيرىغاندىن كېيىن تاماقنىڭ قالدۇقلىرى ۋە پۇراقلىرىدىنمۇ پاك بولۇشقىمۇ ئەجر قىلغان، چۈنكى بۇ چاغدا تېخىمۇ پاك بولغىلى بولىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن شۇنداق بايان قىلىنغان: «تاماقنىڭ بەركىتى ئالدى - كەينىدە تاھارەت ئېلىشتىن ئىبارەت.»[2]

بۇ يەردىكى پاكلىقنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى تائامنىڭ ئەزالارغا يۇققان قالدۇقلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ، ئەگەر ئۇ تائام قالدۇقلىرى ئەزالارنىڭ چوڭقۇر قىسىملىرىغا سىڭىشىپ كىرگەن بولسا چوقۇم پاكلىنىشى لازىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «چىشلىرىڭلارنى ئارىلاڭلار، چۈنكى ئۇ پاكلىقتۇر، پاكلىق بولسا ئىمانغا چاقىرىدۇ، ئىمان جەننەتتە كىشى بىلەن بىرگە بولىدۇ.»[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتلىرىدا تاھارەت تازىلىقى بىلەن تائام تازىلىقى داۋاملىق بىرگە سۆزلىنىدۇ، ئەبۇ ئەييۇب ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئۈستىمىزگە كىرىپ كەلدى - دە: ‹مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە ئارىلىغۇچىلار نېمە دېگەن ياخشى كىشلەر!› دېدى، بىر كىشى: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئارىلىغۇچى دېگەنلىرى كىملەر؟› دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار تاھارەت ئالغاندىكى ئارىلاش، ئېغىزنى چايقاش، بۇرۇنغا سۇ ئېلىپ پۈركۈش ۋە بارماقلارنىڭ ئارىلىقلىرىنى ئارىلاپ يۇيۇشتىن ئىبارەت، ئىككى ‹مۈرىمىزدىكى› پەرىشتىگە نامازدا قىيامدا

[1] ئىمام ئىبنى ماجە.
[2] ئىمام ئەبۇداۋۇد.
[3] تەبەرانى.



www.munber.org

تۇرغۇچىنىڭ چىش ئارىلىقلىرىدا تائام قالدۇقلىرىنى كۆرۈشتىنمۇ ئېغىر ئىش بولماس»[1] دېدى.

ئىسلام دىنى مەيلى ھازىرقى زاماننىڭ ياكى قەدىمكى زاماننىڭ تىببىي تەۋسىيەلىرىدە بولسۇن، ئېغىز ۋە چىش تازىلىقىغا تەڭداشسىز دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مىسۋاك ئىشلىتىڭلار، چۈنكى مىسۋاك ئېغىزنى پاكلايدۇ، پەرۋەردىگارنى رازى قىلىدۇ، جىبرائىل مېنىڭ يېنىمغا كەلسىلا مىسۋاك قىلىشنى تەۋسىيە قىلاتتى، ھەتتا مەن مىسۋاك قىلىشنى ماڭا ۋە مېنىڭ ئۈممىتىمگە پەرز قىلىپ قويارمۇ دەپ ئەنسىرىگەن ئىدىم»[2] يەنە بىر باياندا مۇنداق دېيىلگەن: «مەن مىسۋاك قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، ھەتتا مەن شۇ توغرىدا ئايەت ياكى بىرەر ۋەھيي نازىل بولارمۇ دەپ ئويلىدىم.»

ئېغىز بوشلۇقى ۋە چىشلارنىڭ تازىلىقىغا سەل قارىغانلىقتىن كېلىپ چىققان ئېغىز بوشلۇقى ۋە چىش مىلىكى كېسەللىكلىرىگە قاراپ باققىنىمىزدا، ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ چىشنىڭ ئاقلىقى ۋە ساغلاملىقىنى ئاسراش ئۈچۈن ئاسىرىغۇچى ماددىلار بىلەن چىشنى سۈرۈپ ئۈستى ۋە ئارىلىرىدىكى يات ماددىلارنى چىقىرىۋېتىشنى ئالاھىدە تەكىتلىگەنلىكىنىڭ سىرىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن مىسۋاك قىلىشقا شۇنچىلىك كۆپ بۇيرۇلدىمكى، ھەتتا كۆپ مىسۋاكلاۋېرىپ چىشلىرىمنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم.»[3]

گۆش، بېلىق ۋە باشقا ئوتكۈر، غەيرى پۇراقلىق يېمەكلىكلەرنى يېگەندە ئېغىز تازىلىقىغا ھەرگىز سەل قارىماسلىق لازىم، چۈنكى بۇ ساغلاملىق ئۈچۈن، ئۆز ھۆرمىتىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئاممىۋى ئەدەب ـ ئەخلاققا رىئايە قىلىش ئۈچۈن بەكمۇ زۆرۈر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

[1] ئىمام ئەھمەد.
[2] ئىمام ئىبنى ماجە.
[3] بەززار.



www.munber.org



مۇنداق دېگەن: «كىمكى قولى گۆش پۇرىغان ھالەتتە ئۇخلىسا، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە بىرەر ئىش يەتسە بۇنى پەقەت ئۆزىدىن كۆرسۇن.»[1]

نۇرغۇن ھەدىسلەردە مىكروبلارنىڭ تازىلانمىغان قوللاردا ۋە ئېغىزلاردا ئۆسۈپ كۆپىيىدىغانلىقى بايان قىلىنىپ ئۇنىڭدىن ساقلىنىش تەۋسىيە قىلىنغان.

ئىسلام دىنى شەخسلەر ۋە جەمئىيەتنى ھۆرمەتلىكەنلىكى ئۈچۈن سامساق، پىياز ياكى تۇرۇپ يېگەن كىشىلەرنى ئاممىۋى سورۇنلارغا بېرىشتىن چەكلىگەن. چۈنكى بۇ خىل يېمەكلىكلەرنىڭ ئېغىزلاردىكى غەيرى پۇرىقى ئەتراپتىكىلەرنى سەسكەندۈرۈپ ئاممىۋى مۇناسىۋەتكە دەخلى يەتكۈزىدۇ.

ئىسلام دىنى بۇ خىل يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغان كىشىلەر ياكى ئېغىزى، تېنىنىڭ بەدبۇي پۇرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىغۇچىلاردىن پەرز نامازنى مەسچىتتە جامائەت بىلەن ئوقۇشتەك سۈننەتنى ساقىت قىلىۋېتىدىكەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىمارلار ۋەساق كىشىلەرنى قوغداش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان ئېسىل ئەدەب ـ ئەخلاقتۇر.

❖ ❖ ❖

ئىسلام دىنى كىشىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ رەتلىك، قىياپىتىنىڭ قامالاشقان بولۇشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ھەتتا بۇنى نامازدا بولۇشقا تېگىشلىك ئەدەب ـ ئەخلاقلار قاتارىغا كىرگۈزىۋەتكەن:

﴿ يَا بَنِي آدَمَ خُذُواْ زِينَتَكُمْ عِندَ كُلِّ مَسْجِدٍ﴾

﴿ئى ئادەم باللىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرەتلىرىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار﴾[2]

[1] بەززار.
[2] سۈرە ئەئراف: 31



www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا مەزكۇر ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆگەتتى. كىيىم ـ كېچەكلىرى، تەقى ـ تۇرقىنىڭ رەتلىك، پاكىز بولۇشىنى جېكىلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمنىڭ چېچى بولسا ئۇنى ئاسرىسۇن.»[1] ئەبۇ قەتادە ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ‹مېنىڭ چېچىم كۆپ، ئۇنى تارايمەنمۇ؟› دەپ سورىسام: ‹ھەئە، ھەم مۇھاپىزەت قىلغىن› دەپ جاۋاب بەردى.» ئەبۇ قەتادە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چېچىنى كۈنىگە ئىككى قېتىم دېگۈدەك مايلايتتى.[2] دېمەك چاچنى ئاسراش ۋە ئۇنى خۇشپۇراقلاشتۇرۇش گۈزەل سۈننەتتۇر.

ئەتا ئىبنى يەسار ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا چاچ ـ ساقاللىرى پاخپايغان ھالەتتە كېلىۋىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گويا ئۇنى چېچىنى ئوڭشاشقا بۇيرىغاندەك ئىشارەت قىلدى، ئۇ ئادەم قايتىپ بېرىپ چېچىنى ئوڭشاپ كېلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار خۇددى ئالۋاستىدەك چاچلىرىنى پاخپايتىپ كەلگۈچە مۇشۇنداق كەلسە ياخشى ئەمەسمۇ؟» دېدى.[3]

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن بايان قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاچلىرى قالايمىقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ: «بۇ ئادەم چېچىنى ياسىغۇدەك بىرەر نەرسە تاپالمىغانمىدۇ؟» دېگەن.[4] يەنە بىر ئادەمنىڭ كىر كىيىمنى كىيگەنلىكىنى كۆرۈپ: «بۇ ئادەم كىيىمنى يۇغۇدەك بىرەر نەرسە تاپالمىغانمىدۇ؟» دېگەن.

ئىسراپچىلىق، ياسالمىلىق قىلماي قىياپەتنىڭ گۈزەللىكىگە ئەھمىيەت بېرىش، ئىچىنى گۈزەللەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن تېشىنى گۈزەللەشتۈرۈش

[1] ئىمام ئەبۇداۋۇد.
[2] نەسائى.
[3] ئىمام مالىك
[4] ئىمام ئەبۇداۋۇد.

www.munber.org





قاتارلىقلار ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئېخمۇ ئالىي مەرتىۋىلىك، ئېخمۇ چىرايلىق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتلىرىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قەلبىدە زەررىچىلىك تەكەببۇرلۇق بولغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ.» بۇ چاغدا ساھابىلاردىن بىرسى: «شۈبھىسىزكى ئادەم كىيىملىرى ۋە ئاياغلىرىنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ياخشى كۆرىدىغۇ؟» دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ گۈزەلدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ.» دەپ جاۋاب بەردى.[1]

يەنە بىر بايانتە ئېيتىلىشىچە قاملاشقان بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «مەن گۈزەللىكنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن، ئۆزلىرى كۆرۈپ تۇرىۋاتىدىلا، ماڭا گۈزەللىك ئاتا قىلىنىدى، ھەتتا مەن باشقىلارنىڭ مەندىن قىلچىلىك ئېشىپ كېتىشىنىمۇ ياقتۇرمايمەن، بۇ تەكەببۇرلۇق قاتارىغا كىرەمدۇ؟ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى.» دەپ سورىغاندا، «ياق، تەكەببۇرلۇق دېگىنىمىز، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلماسلىق، كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىقتىن ئىبارەت.» دەپ جاۋاب بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تەرەپلەرگە بەك دىققەت قىلاتتى. بىرەر مۇسۇلماننىڭ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈشكە، قىياپىتىنىڭ رەتلىك، قاملاشقان بولۇشىغا سەل قارىغانلىقىنى بىلگەن چېغىدا ئۆزىنى بۇنداق تاشلىۋېتىشتىن چەكلەيتتى ۋە ئەڭ ياخشى كىيىملىرىنى كىيىشكە بۇيرۇيتتى.

دىنىنى جان بېقىش يولىغا ئايلاندۇرىۋالغان بەزى كىشىلەر كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ رەتسىز، مەينەت بولۇشىنى بىر خىل ئىبادەت دەپ ئويلايدۇ. ھەتتا بەزىدە ئۆزىنىڭ دۇنيادىن قول ئۈزگەنلىكى، ئاخىرەتنى دوست تۇتقانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ياماق چۈشكەن كونا كىيىملەرنى كىيىشكە ئۇرۇنىدۇ ياكى كىيىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ دىنىنى قىلچىلىك چۈشەنمىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ دىنى تەلىماتلارغا قىلىنغان ئېغىر تۆھمەتتۇر.

[1] ئىمام مۇسلىم.

www.munber.org

ئىبنى ئابباس ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەرۇرىيە خەلقى كەلمەكچى بولغاندا مەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا بارسام: ‹ئۇلارنىڭ ئالدىغا سەن چىققىن› دېدى، شۇنىڭ بىلەن مەن يەمەننىڭ ئەڭ چىرايلىق تونىنى كىيىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشسەم ئۇلار: ‹مەرھابا، ئى ئىبنى ئابباس، ئۇچىڭىزدىكى قانداق تون؟› دەپ سوراشتى، مەن: ‹سىلەر ماڭا ئەيىب قويىدىغان تون شۇ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئېسىل تون كىيگەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم› دەپ جاۋاب بەردىم»[①]

بەرائە ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەۋدىلىك ئىدى، مەن ئۇنى بىر قېتىم قىزىل تون بىلەن كۆرگەن ئىدىم، مۇندىن بۇرۇن بۇنداق يارىشىملىق كىيىمنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم.»[②]

بۇ گۈزەللىك ۋە پاكلىق تۇيغۇسى مۇسۇلمانلارنىڭ جىسمىدىن باشقا ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ۋە يوللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. چۈنكى ئىسلام دىنى ھەرخىل پارازىت قۇرۇتلار ھاشارەتلەر ۋە تۈرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆيلەرنى ۋاقتىدا سۈپۈرۈپ، تازىلاپ تۇرۇشنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. يەھۇدىيلار بۇنىڭغا سەل قارايدىغان بولغاچقا مۇسۇلمانلارنى ئۇلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان.

بايان قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئاللاھ ياخشىدۇر، ياخشىلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، پاكتۇر، پاكلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلۇغدۇر، ئۇلۇغلۇقنى ياخشى كۆرىدۇ، سېخىيدۇر، سېخىيلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، ھويلا ــ ئارامىلىرىڭلارنى تازىلاڭلار، يەھۇدىيلارغا ئوخشاپ قالماڭلار.»[③]

يوللاردىكى كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى يوقىتىش ئىماننىڭ شاخچىلىرىنىڭ بىر شاخچىسىدۇر، ئۆزى ئاددىي، ئەمما ئۇلۇغ بولغان بۇ ئىش بىردە نامازغا باراۋەر قىلىنسا، بىردە سەدىقىگە باراۋەر

① ئىمام ئەبۇداۋۇد.
② ئىمام مۇسلىم.
③ ئىمام تىرمىزى.



www.munber.org



قىلىنغان، ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاجىز كىشىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشىڭ نامازغا باراۋەردۇر. يولدىكى كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى يوقىتىشىڭ نامازغا باراۋەردۇر.»[①] يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ناماز ئۈچۈن ئېلىنغان ھەربىر قەدەم سەدىقىدۇر، يولدىكى كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى يوقىتىش سەدىقىدۇر.»[②] يەنى يوللاردىكى تاش ـ كېسەك، تىكەن، نىجاسەت قاتارلىق كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق نەرسە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ پاكلىق ۋە ساغلاملىققا كۆڭۈل بۆلۈشى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ماددىي ۋە ئەخلاقى جەھەتلەردە قۇدرەت تېپىشىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ماغدۇرسىز تەنلەر يۈك كۆتۈرەلمەيدىغان، ئاجىز قوللار ياخشىلىق تەقدىم ئېتەلمەيدىغان بولغاچقا ئىسلام دىنى ئېتىقادچىلىرىنىڭ تومۇرلىرىدا ئاققان قاننىڭ ساپ بولۇشىنى، ئۇلارنىڭ جۇشقۇن، تېتىك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

تەننىڭ ساغلام بولۇشى تەپەككۇرنىڭ دۇرۇس بولۇشى، بەلكى ئىنساننىڭ ھاياتلىققا ماسلىشىشىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسى ھارغىن، چۈشكۈن، ئاجىز خەلق ئىچىدە روناق تاپالمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئىسلام دىنى كېسەللىك بىلەن قاتتىق كۈرەش قىلدى، كېسەللىك جاراسىملىرىنىڭ تارقىلىشى بىلەن زەئىپلىك، سۇسلۇق، شۇملۇق ئەۋج ئېلىپ خەلقنىڭ مادارى كېتىپ قالماسلىق ئۈچۈن كۆپلىگەن ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىسلام دىنى ئىزچىل تازىلىق مىزانلىرى، مۇسۇلمان رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك رەتلىك تۇرمۇش قائىدىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كېسەللىكلەردىن ساقلىنىشقا شارائىت يارىتىپ بەردى. مەسىلەن: مۇسۇلمان تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرىدۇ، تولۇق ئۇخلاشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ، شەھۋەتپەرەسلىكتىن ئۆزىنى تارتىدۇ، يېمەك ـ ئىچمەكنى نورمال ئىستىمال قىلىدۇ، تۇرمۇش ۋە

① ئىبنى خۇزەيمە.
② ئىمام بۇخارى.



www.munber.org

كۆندىلىك ھەرىكىتىدە پاك ـ دىيانەتلىك بولىدۇ، كۆندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش، يىلدا بىر ئاي روزا تۇتۇش بىلەن جۇشقۇنلۇقنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ.

شۇنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭكى، گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن يىراق تۇرۇش يامان كېسەللىكلەردىن ساقلايدىغان مۇستەھكەم قورغاندۇر.

كېسەل بولسا داۋالاپ ساقايتىش كېرەك، ئىسلام دىنى كىشىلەرگە يولۇققان ئاغرىقلارنى ئۈنۈملۈك دورىلار بىلەن ساقايتىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ھەربىر كېسەلنىڭ دورىسىنىمۇ بىرگە ياراتقان»[1] يەنە مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى كېسەلنىمۇ، دورىنىمۇ ئاللاھ ياراتتى، ھەرقانداق كېسەلگە دورا ئاتا قىلدى، داۋالىنىڭلار، ئەمما ھارام بىلەن داۋالانماڭلار.»[2] يەنە مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق كېسەلنىڭ دورىسى بار، دورىسى تېپىلسا ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن شىپا تاپىدۇ.»[3]

ئىسلام دىنى ھەرخىل خۇراپىي ئىشلاردىن شىپالىق ئىزدەشنى ھارام قىلدى. ھەرئىلىمنىڭ ئەھلى بولۇپ ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىش زۆرۈر بولسىمۇ، ئەمما مۇسۇلمان چامى يەتمەيدىغان ئىشلارغا زورۇقۇۋاتقان جادۇگەرلەرنى ئىزدىمەسلىكى، ئۇلارنىڭ ئىدىيەلىرىگە ئىشەنمەسلىكى كېرەك.

ئەقەبە بىن ئامىر ھەدىس بايان قىلىپ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ‹كىمكى تۇمار ئاسسا ئاللاھ ئۇنىڭ ئىشىنى پۈتتۈرمەيدۇ، كىمكى كۆز مۇنچاق ئاسسا ئاللاھ ئۇنى ساقلىمايدۇ› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دەيدۇ.[4]

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ تىل ـ تۇمار، كۆز مونچاق، پۈتۈك ۋە تۈرلۈك سېھرىي، رامباللىقلاردىن شىپالىق ئىزدەيدىغان ئىش خەلق ئارىسىدا

---

[1] ئىمام بۇخارى.
[2] ئىمام ئەبۇداۋۇد
[3] ئىمام مۇسلىم.
[4] ھاكىم.



www.munber.org



تارقىلىۋاتىدۇ! بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قالدۇقلىرى بولۇپ ئىسلام دىنىدا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ پەقەت خام ـ خىيالدىن ئىبارەت خالاس.

يەنە ئەقەبىدىن بايان قىلىنىشىچە ئون كىشىلىك بىر ئۆمەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بەيئەت قىلغىلى كەلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ توققۇزى بىلەن بەيئەت قىلىپ بىرى بىلەن بەيئەت قىلمىغان، ئەتراپتىكىلەر: «ئۇنىڭ بىلەن نېمە ئۈچۈن بەيئەت قىلمايلا؟» دەپ سوراشقاندا: «چۈنكى، ئۇنىڭ بىلىكىدە تۇمار بار ئىكەن» دەپ جاۋاب بەرگەن، ئۇ ئادەم تۇمارنى كېسىپ تاشلىۋەتكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن بەيئەت قىلغان ۋە: «كىمكى تۇمار ئېسىۋالسا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ!» دېگەن.[1]

ئىسلام دىنى يولغا قويغان كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنىڭ يەنە بىرى سۇ، كوچا ـ كويلار ۋە سورۇنلارنىڭ بۇلغىنىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى ئادەم بارمايدىغان يىراق جايلارغا بېرىپ ئادا قىلىش، ھايۋانات چىقىرىندىلىرىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت. ئەگەر مۇسۇلمانلار بۇ خىل ئۇلۇغ ئەدەب ـ ئەخلاققا رىئايە قىلغان بولسا كۆچ ـ قۇۋۋىتىگە تەھدىت سېلىۋاتقان، ئۆي ـ ماكانلىرىنى ۋەيران قىلىۋاتقان، چوڭ مۇشكىلات ئېلىپ كېلىۋاتقان كېسەللىك كۆلەڭگۈلىرىدىن ئەلۋەتتە قۇتۇلۇپ قالغان بولاتتى، جابىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇيغۇن سۇغا كىچىك تەرەت قىلىشتىن ھەقىقەتەن چەكلىگەن ئىدى.»[2] يەنە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېقىن سۇغا كىچىك تەرەت قىلىشنى چەكلىگەن ئىدى.»[3]

مۇئازدىن بايان قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىل لەنەتتى ئىشتىن يەنى سۇ مەنبەلىرىگە يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا،

---

[1] ئىمام ئەھمەد.
[2] ئىمام مۇسلىم.
[3] تەبرانىي.



www.munber.org

كىشىلەرنىڭ سايىدايدىغان ئورۇنلىرىغا چوڭ تەرەت قىلىشتىن ساقلىنىڭلار.»[1]

يەنى بۇ ئىشلار شۇ ئادەمگە لەنەت ئېلىپ كېلىدۇ، يولغا تەرەت قىلغان ئادەم ھەقىقەتەن ئادىمىيلىكى بولمىغان ئادەم بولۇپ، كىشىنى سەسكەندۈرىدۇ، نارازى قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى كىشىلەرنىڭ يوللىرىغا ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى قويۇپ قويسا كىشىلەرنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىشى مۇقەررەر.»[2] يەنە بىر باياناتتە مۇنداق دېيىلگەن: «كىمكى مۇسۇلمانلارنىڭ يولىغا نىجاسەت قىلىپ قويسا ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ.»[3]

بىز مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمى يۇقۇملۇق تەلىماتلارغا ئەمەل قىلمىغانلىقتىن كېلىپ چىققان، ئادەتتىكى خەلقلەر سەل قارىغانلىقتىن ئۇلارغا ھالاكەت ئېلىپ كەلدى.

ئىسلام دىنى يەنە سەھىيە ئالدىنى ئېلىش مىزانلىرىنىمۇ بەلگىلەپ بەردى، يۇقۇملىنىش ۋە تارقاپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقالغان شەھەرلەردىكى خەلقلەرنىڭ شەھەر سىرتىغا چىقىشى، ۋە باشقىلارنىڭ ئۇ شەھەرگە كىرىشىنى چەكلىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇندق دېگەن: «بىرەر زېمىندا چۇما تارقىلىپتۇ دەپ ئاڭلىساڭلار ئۇ يەرگە بارماڭلار، سىلەر شۇ شەھەردە تۇرغان ۋاقتىڭلاردا كېسەللىك يۈز بەرگەن بولسا شەھەر سىرتىغا چىقماڭلار.»[4]

ئىسلام دىنى يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقالغان شەھەر ئاھالىسىگە ھېسداشلىق قىلىپ ئۇلارنى شۇ شەھەردە تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى، چۈنكى خەتەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بەزى كىشىلەر ئوغرىلىقچە شەھەردىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن، بۇ چاغدا مەلۇم بىر كىشىنىڭ شەخسىيەتچىلىكى پۈتۈن شەھەر خەلقىنى خەتەرگە دۇچار قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر

---

[1] ئىمام ئەبۇداۋۇد.
[2] تەبرانىي.
[3] بەيھەقى.
[4] ئىمام بۇخارى.



www.munber.org



ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «قانداق بىر بەندە ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ دەپ چىن ئىشىنىپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ــ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئۆزى تۇرىۋاتقان، چۇما يۈز بەرگەن شەھەردىن چىقمىسا ئۇنىڭغا بىر شېھىدنىڭ ئەجرى يېزىلىدۇ.»[1]

بەزى تەۋەككۇلچىلەر يۇقۇملىنىشتىن قېچىش ئىشەنچىنىڭ سۇسلىقى ياكى قازا ۋە قەدەردىن ئۆزىنى قاچۇرغانلىق بولىدۇ دېگەن باھانە بىلەن يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقالغان شەھەرگە بېرىشى مۇمكىن، ئەمما بۇ تۈپتىن خاتا. چۈنكى شامدا چۇما كېسىلى تارقالغان چاغدا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۇ يەرگە سەپەر قىلىشنى رەت قىلغان، بەزىلەر ‹ئاللاھنىڭ قازا ۋە قەدەرىدىن قاچامدىلا؟› دەپ سورىغاندا: «ئاللاھنىڭ بىر قازا ۋە قەدەرىدىن يەنە بىر قازا ۋە قەدەرىگە قاچىمەن.» دەپ جاۋاب بەرگەن.

خۇددى ئۆمەر ئېيتقاندەك سەۋەب قىلىش ھەقتۇر، ئىسلام دىنى يۇقۇملىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىشنى يولغا قويغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كېسەل ئادەم ساق ئادەمنىڭ يېنىغا ھەرگىز كىرمىسۇن.»[2] يەنە مۇنداق دېگەن: «جۇزام بولغۇچىدىن شىردىن قاچقاندەك قاچقىن.»[3]

گەرچە يۇقۇش راست بولسىمۇ ئەمما ھەرقانداق يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ يۇقمايدىغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك، چۈنكى بەزى ئادەملەرنىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچى يۇقىرى بولغاچقا گەرچە ئۆزى شۇ كېسەللىك مىكروبىنى ئېلىپ يۈرسىمۇ ئۆزى يۇقۇملانماستىن، بەلكى ئۆزىدە كېسەللىك ئالامەتلىرى پەيدا قىلماستىن، باشقىلارنى يۇقۇملاندۇرىدۇ.

ھەرقانداق يۇقۇملۇق كېسەل ھەممە ئادەمگە يۇقتۇرىدىغان بولغان بولسا يەر يۈزىدە ئادەملەر بىر كۈن ئىچىدىلا ھالاك بولۇپ كەتكەن بولاتتى، چۈنكى، خۇددى دوختۇرلارنىڭ ئېيتقىنىدەك يۇقۇش باشقا گەپ،

---

[1] ئىمام بۇخارى.
[2] ئىمام بۇخارى.
[3] ئىمام بۇخارى.



www.munber.org

يۇقۇملىنىش باشقا بىر گەپ بولۇپ يۇقۇملىنىش مۇرەككەپ بىر جەرياندۇر، مانا بۇ يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ ئالدى قىسمىدا «يۇقۇملانمايدۇ» دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىشنىڭ سەۋەبىدۇر، بۇ ھەرگىزمۇ يۇقۇشتىن ئىبارەت بۇ بىر ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس، بۇنى بىز ئارقىسىدىنلا «... جوزام بولغۇچىدىن شىردىن قاچقاندەك قاچقىن» دېگەن جۈملىلەردىن چۈشىنىۋالالايمىز.



www.munber.org



## ھايالىق بولۇش

ھايالىق بولۇش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان توغرا مىزاندۇر. ئۇ بىزگە شۇ كىشىنىڭ ئىمانىنىڭ قىممىتى ۋە ئەدەب ـ ئەخلاقىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ، سىز بىر ئادەمنىڭ تېگىشلىك بولمىغان ھەرىكەتتىن ئۆزىنى تارتىۋاتقانلىقى ياكى تېگىشلىك بولمىغان ئىشنى قىلىپ قويغان ۋاقىتتا چىرايىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ئويغاق، ئەسلىنىڭ پاك، تەبىئىتىنىڭ تازا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز، ئوخشاشلا بىرەرسىنىڭ پەس، گۇناھ ئىشلارنى ھايا قىلماستىن قىلىپ يۈرگەنلىكىنى، ئالغان ـ قويغىنىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىگە پەرۋا قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋاقتىڭىزدا ئۇنىڭ قولىدىن ياخشى ئىش كەلمەيدىغان كۆڭلى قارا، يۈزى قېلىن ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز.

ئىسلام دىنى پەرزەنتلىرىنى ھايالىق بولۇشقا ئۈندىگەن. ئۇنى ئىسلامنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان ئەڭ بۈيۈك ئەخلاق قىلىپ بەلگىلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: «ھەرقانداق دىنىنىڭ بىر ئەخلاقى بار، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقى ھايادۇر.»[1]

كەسكىنلىك مۇسا ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە يەھۇدىي دىنى تەلىماتلىرىدا گەۋدىلەنگەن ئىدى. كەڭ قورساق بولۇش ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە خرىستىئان دىنى تەلىماتلىرىدا گەۋدىلەنگەن ئىدى. ئىسلام دىنى بولسا ھايالىق بولۇش بىلەن ئالاھىدىلەندى. ھەرقانداق بىر دىن ئەنە شۇنداق ئەخلاقلارغا بۇيرۇيدۇ ۋە ئۇنى مۇھىم نۇقتا قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانىنىڭ ئەخلاقىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە رەزىللىكىگە بولغان سەزگۈرلۈكىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ ئۇلارنى ساۋاب ياكى ئازابقا ئېرىشىشتىن قەتئىنەزەر ياخشىلىقنى تەرك ئېتىش، يامانلىقنى قىلىشتىن ھايا قىلىپ بىرىنچىسىنى چىڭ تۇتۇپ ئىككىنچىسىدىن سەسكىنىدىغان ھالەتكە كەلتۈرمەكچى بولدى.

---

[1] ئىمام مالىك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلار ئىچىدە تەبىئىتى ئەڭ سەزگۈر ئىدى، ئىش ـ ھەرىكىتى ئەڭ ئىسىل ئىدى، مەجبۇرىيەتنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى، هارامدىن بەك قاچاتتى. ئەبۇ سەئىدىل خۇدرى ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈمبەل ئىچىدىكى قىزدىنمۇ بەكراق ھايالىق ئىدى، ئۆزى ياقتۇرمايدىغان بىرەر ئىشنى كۆرگەن چېغىدا بۇنى چىرايىغا قاراپلا بىلىۋالالايتتۇق.»

❖ ❖ ❖

ئىمان بەندە بىلەن پەرۋەردىگارى ئوتتۇرىسىدىكى بۈيۈك ئالاقە بولۇپ، قەلبنى پاكلاش، ئەخلاقنى توغرىلاش، ھەرىكەتنى دۇرۇس قىلىشلار بولسا بۇ ئالاقىنىڭ تەلىپى، بەلكى ئۇنىڭ تۈنجى ئىزناسىدۇر، قەلبنىڭ سەزگۈرلىكىنى ئاشۇرۇپ خاتالىقلار ۋە پەس ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىمىغۇچە بۇ تەلەپنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى ھەرگىز بولمايدۇ، گۇناھ ئىشلاردىن تەپتارتماسلىق تەدرىجىي گۇناھلارنى قىلىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ دەسلەپ ھايانى يوقىتىدۇ، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىماننىمۇ يوقىتىدۇ.ئاخىرىدا ئەڭ پەس دەرىجىگە چۈشۈپ قالىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھايا ۋە ئىمان پۈتۈنلەي بىرسى يوقالسا يەنە بىرى يوقىلىدۇ.» [1] بۇنىڭ سەۋەبى ئىنسان ھايانى يوقىتىپ قويغاندا يامانلىققا چوڭقۇر پېتىپ تېخىمۇ قاتتىق رەزىللىككە چۈشۈپ ئاخىرى ئەڭ پەس ئورۇنغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان تۆۋەندىكى ھەدىس بۇ پەسلىكنىڭ ھاياتى يوقىتىش بىلەن باشلىنىپ ئەڭ يامان ئاقىۋەتلەر بىلەن ئاخىرلىششتىن ئىبارەت. ھەرقايسى باسقۇچلىرىنى بىزگە ئېچىپ بېرىدۇ: «شۈبھىسىزكى ئەگەر ئاللاھ بىرەر بەندىنى ھالاك قىلماقچى بولسا ئۇنىڭدىن ھاياتى تارتىۋېلىنىدۇ، ھاياتى تارتىۋېلىنسا ئۇنى غەزەپ قىلغۇچى، غەزەپ قىلىنغۇچى ھالەتتە ئۇچرىتىسەن، غەزەپ قىلغۇچى، غەزەپ قىلىنغۇچى ھالەتتە ئۇچراتساڭ ئۇنىڭدىن ئامانەت تارتىۋېلىنىدۇ، ئامانەت

[1] ھاكىم



www.munber.org

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى
خلق المسلم

تارتىۋېلىنسا ئۇنى پەقەت خىيانەت قىلغۇچى، خىيانەت قىلىنغۇچى ھالەتتە ئۇچرىتىسەن، ئۇنى پەقەت خىيانەت قىلغۇچى، خىيانەت قىلىنغۇچى ھالەتتە ئۇچراتساڭ ئۇنىڭدىن رەھىمدىللىق تارتىۋېلىنىدۇ، رەھىمدىللىك تارتىۋېلىنسا ئۇنى پەقەت قوغلاندى، لەنەت قىلىنغۇچى ھالەتتە ئۇچرىتىسەن، ئۇنى پەقەت قوغلاندى، لەنەت قىلىنغۇچى ھالەتتە ئۇچراتساڭ ئۇنىڭدىن ئىماننىڭ بويۇنتۇرۇقى تارتىۋېلىنىدۇ.»[1]

بۇ ھەدىس قەلبتىكى كېسەللىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى، باسقۇچلارنىڭ بارغانسېرى ئېگىزلەپ ماڭىدىغانلىقلىرىنى بىزگە ئىنچىكىلەپ بايان قىلىپ بېرىدۇ. كىشىنىڭ ھايا چۈمبىلى يىرتىلسا قىلغان ئىشلىرىدا ئەيىبلەشتىن قورقۇپ قالمايدۇ، كىشىلەرگە ئازار يەتكۈزىدۇ، قول ئاستىدىكىلەرنى ئېزىدۇ، بۇنداق ياۋۇز ئادەمنى ھېچكىشى ياقتۇرمايدۇ، بەلكى ئۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك سالىدۇ، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە، كىشىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا رىئايە قىلماسلىققا جۈرئەت قىلغان، گۇناھ ئىشلارنى قىلىشتىن تارتىنمىغان ئادەمنى قانداقمۇ ياقتۇرغىلى بولسۇن؟! كىمكى بۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن بولسا ھېچ ئىشتا ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ پۇل ـ مېلىنى يەۋېلىش، ياكى ئابرۇيىنى تۆكۈشتىن خىجىل بولمايدىغان، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىشنى كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمەيدىغان، ياكى مەجبۇرىيەتكە سەل قارايدىغان ياكى سودىدا ھىيلە ئىشلىتىدىغان ئادەمگە قانداقمۇ ئىشەنچ قىلغىلى بولسۇن؟!

كىمكى ھايانى يوقىتىدىكەن، ئامانەتنى يوقىتىدۇ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ كەينىدە موللاق ئېتىپ يۈگۈرەيدىغان، ئارزۇ ـ ئارمانىنى قاندۇرۇش يولىدا نازۇك، پاك تۇيغۇلىرىنى چەيلەپ نابۇت قىلىدىغان ۋەھشىي ياۋايىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، كەمبەغەللەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى قىلچە ئىچ ئاغرىتماستىن قاقتى ـ سوقتى قىلىدۇ، جاپا چەككۈچىلەر، بوزەك ئېتىلگۈچىلەرنى كۆرگەندە ئازراقمۇ ھېسداشلىق قوزغالمايدۇ، شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ ئەدىگەن شەخسىيەتچىلىكى كۆزلىرىنى قېلىن

[1] ئىمام ئىبنى ماجە.



www.munber.org

پەردىلىۋەتكەن بولۇپ، ئۇزىنى تىخىمۇ ئازدۇرىدىغان، تىخىمۇ قىزىقتۇرىدىغاندىن باشقىنى تونۇمايدۇ، كىمكى بۇ دەرىجىگە يەتكەن بولسا دىنى رىشتە ئۈزۈلۈپ، ئىسلام دائىرىسىدىن چىققان بولىدۇ.

هايا ھەممە ئىشقا يارىشىدۇ، مۇسۇلمان گەپ قىلغان ۋاقتىدا سەت گەپ قىلماسلىقى، ئەيىب قويماسلىقى، باشقىلارنىڭ سىرىنى ئېچىشتىن خىجىل بولۇشى لازىم، كىمكى سورۇن تاللىماي، مەنسىگە قارىماي سەت گەپلەرنى قىلىۋەرسە چوقۇمكى ئەدەبسىزلىك قىلغان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «هايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئىمان جەننەتتىدۇر، سەت گەپ جاپانىڭ جۈملىسىدىندۇر، جاپا بولسا دوزاختىدۇر»[1] ئاممىۋى سورۇنلاردا گەپنى ئاز، لايىقىدا سۆزلەشمۇ هايانىڭ جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى بەزى كىشىلەر سورۇندا بىكار تۇرماي ئېغىز - پەس سۆزلەپ ئاڭلىغۇچىلارنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ، ئىسلام دىنى بۇ خىل كىشىلەرنى يامان كۆرگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « شۈبھىسىزكى ئاللاھ كالا تىلىنى سوزىغاندەك تىللىرىنى سوزۇپ گەپدانلىق قىلىدىغان كىشىلەرنى يامان كۆرىدۇ.»[2] چۈنكى ئۇلار پەقەت كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن مەنىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىنەزەر گەپ قىلىۋېرىدۇ، رىياخورلۇق قىلىدۇ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گەپ ئارقىلىق باشقىلاردىن ئىنتىقام ئالىدۇ، ئەگەر ئۇلار هايا قىلىشتىن ئىبارەت تەلىماتقا ئەمەل قىلغان بولسا ھەرگىزمۇ بۇ هالغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ھېكمەتلىك سۆزلەردە تىلنىڭ ئاجىزلىقى بۇنداق گەپدانلىقتىن ياخشى ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ قىلغان گۇناھىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن خىجىل بولۇشى، ئابرۇيىنىڭ يامان سۆزلەردىن پاك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشى هايانىڭ قاتارىدىندۇر، چۈنكى ئەيىبنى كىشىلەر بىلمەيدىغان ئادەم توغرىسىدا غەيۋەت قىلىش ھارام، چۈنكى باشقىلار ھەرقانچە غەيۋەتنى قىلسىمۇ ئۆزىنىڭ يامانلىقىنى ئۆزى ئاشكارىلىغاندەك

[1] ئىمام ئەھمەد
[2] ئىمام تىرمىزى.





ئاشكارىيالماسلىقى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۇناھ مەئسىيەتنىڭ كىرلىرى بىلەن بۇلغانغان ئادەملەرنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىن يىراق يۈرۈشىنى بۇيرىغان، بەزى ساھابىلەر ئۇنىڭ مەسچىتنىڭ بىر تەرىپىدە ئايالى بىلەن تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ۋاقتىدا، ئۇلارنى توختىتىپ ئۆزىنىڭ يات ئايال بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئايالى بىلەن بىرگە تۇرىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويغان.

قىلغان ئىشلىرىنى باشقىلارغا ئاڭلىتىشنى ئۈمىد قىلىدىغان ئادەم بىلەن كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى يامان گۇمان قىلىشىنى چەكلەيدىغان ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بار، مۇسۇلماننىڭ ئۆزىنى باشقىلارغا ياخشى كۆرسىتىشى ھەرگىز يامان ئىشنى يوشۇرۇپ ياخشى ئىشنى ئاشكارا قىلىش بىلەن ئىككى يۈزلىمىلىك قىلغانلىقى ئەمەس، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى مەقسەت قەبىھ ئىشلارنى ئاشكارىلىماسلىق، ئۇنى ئاشكارا قىلىشتىن هايا قىلىشتىن ئىبارەت، چۈنكى رەزىل ئىشلارنى ئاشكارا قىلىشتىن خىجىل بولغان ئادەمدە مەلۇم ياخشىلىق ساقلىنىپ قالغان بولىدۇ. ئېسىل ئىشلارنى ئاشكارا قىلىشنى ئۈمىد قىلغان ئادەمدە مەلۇم دەرىجىدە يامانلىق ساقلىنىپ قالغان بولىدۇ، هالبۇكى ئىنسان خۇددى باشقىلاردىن خىجىل بولغىنىدەك ئۆزىدىنمۇ خىجىل بولۇشى لازىم، ئۆزىنىڭ قەدرى قىممىتى يامانلىقتىن هايا قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ دەپ ئويلىمىسىلا، خۇددى باشقىلار ئۆزىنىڭ بىرەر يامان ئىش قىلغانلىقىنى كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمىغىنىدەك ئۆزىنىمۇ بۇنداق يامان ئىشنى قىلغان هالەتتە كۆرۈشنى خالىماسلىقى كېرەك. ھېكمەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كىمكى ئاشكارىلىنىپ قالسا خىجىل بولىدىغان بىرەر ئىشنى يوشۇرۇپ قىلغان بولسا بۇنداق ئادەم ئۆزىنى قەدىرلىمىگەن بولىدۇ. » شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان يوشۇرۇن، ئاشكارا، چوڭ، كىچىك بولغان بارلىق پەس ئىشلاردىن مەيلى ئۆزى يالغۇز بولسۇن ياكى كىشىلەر بىلەن بىرگە بولسۇن ئۆزىنى چوقۇم تارتىشى لازىم، ھېكمەتتە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «قۇلىقىڭ ئاڭلاشنى ياخشى كۆرگەن ئىشنى قىلغىن، قۇلىقىڭ ئاڭلاشنى ياخشى كۆرمىگەن ئىشتىن يىراق تۇرغىن.»



www.munber.org

❖ ❖ ❖

ھايا ياخشىلىق ئېلىپ كەلگۈچىدۇر، ئۇ ھەر ئىشنىڭ ياخشى بولۇشىنىڭ ئاساسىدۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھاياسىزلىق ھەرقانداق ئىشتا ئەيىبتۇر، ھايا ھەرقانداق ئىشقا زىننەتتۇر.»[1]

ئەگەر ھايانى ئوبرازلاشتۇرغىلى بولغان بولسا چوقۇم ياخشىلىنىش ۋە ياخشىلاشنىڭ ئوبرازى بولغان بولاتتى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئەگەر ھايا ئادەم بولغان بولسا چوقۇم ياخشى ئادەم بولغان بولاتتى، ھاياسىزلىق ئادەم بولغان بولسا چوقۇم يامان ئادەم بولغان بولاتتى.» دېگەن.[2]

ھەركىشىنىڭ تېگىشلىك ھۆرمىتىنى ساقلاش، قەدرىنى بىلىش ھايانىڭ قاتارىدىندۇر، مەسىلەن ھەربىر ياش ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغان كىشىلەرنى ھۆرمەتلىشى، ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلىرىنى ھۆرمەتلىشى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۈنلۈك گەپ قىلماسلىقى، ئالدىدا قەدەم باسماسلىقى لازىم. ھەدىستە مۇندق دېيىلگەن: «سىلەر ئۇنىڭدىن ئىلىم ئۆگەنگەن كىشىلەرگە كىچىك پېئىل بولۇڭلار.»[3] يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئى ئاللاھ، مەن ئالىمغا ئەگىشەلمەيدىغان، ھېكمەت ئىگىسىدىن ھايا قىلىنمايدىغان زاماندا ياشاپ قالماي.»[4]

ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسىر ھەدىس بايان قىلىپ مەن ئۇزاق زامان ئىلگىرى مۇنداق بىر ھەدىسنى ئاڭلىغان ئىدىم: «سەن بىر قەۋم ئىچىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن خۇدالىق ئۈچۈن كىشلەر تارتىنىدىغان بىر ئادەمنى تاپالمىساڭ ئەھۋال ئېغىرلىشىپتۇ دەپ بىلگىن.»[5]

---

[1] ئىمام تىرمىزى.
[2] تەبرانىي.
[3] تەبرانىي
[4] ئىمام ئەھمەد.
[5] ئىمام ئەھمەد.



www.munber.org



ھايا قىلىش قورقۇنچاقلىق ئەمەس، چۈنكى خىجىلچان ئادەم بەزىدە ئابرۇيىنى تۆكۈشتىن قېنىنى تۆكۈشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ، مانا بۇ باتۇرلۇقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر.

بەزىدە ھايا بىلەن بىرلىكتە قورقۇشمۇ بولىدۇ، ئەمما بۇ پەزىلەتلىك ئادەمنىڭ ئېسىل ئەخلاقلىرى، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ناچار ۋەزىيەت ئاستىدا گۈزەللىكى ۋە قىممىتىنى يوقىتىپ قويۇشىدىن قورقۇشىدۇر. بۇ خىل قورقۇش جۈرئەتلىكلىك بىلەن تەڭ ئورۇندا ماختاشقا تېگىشلىك.

يەھۇدىيلار ئىلگىرىدە مۇقەددەس زېمىنغا بېسىپ كىرگەن زومىگەرلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن باش تارتقان چاغدا:

﴿قَالَ رَجُلَانِ مِنَ الَّذِينَ يَخَافُونَ أَنْعَمَ اللّهُ عَلَيْهِمَا ادْخُلُواْ عَلَيْهِمُ الْبَابَ فَإِذَا دَخَلْتُمُوهُ فَإِنَّكُمْ غَالِبُونَ﴾

﴿ئاللاھتىن قورققۇچىلاردىن بولغان، ئاللاھنىڭ (ئىمان بىلەن تائەتتىن ئىبارەت) نېمىتىگە ئېرىشكەن ئىككى ئادەم (يەنى كالىب ئىبنى يەفۇننە بىلەن يۇشە ئىبنى نۇن) ئۇلارغا: ‹(شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىڭلار، (شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرسەڭلار، چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر› دېدى.﴾[1] ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىدىغان، نومۇستىن قورقىدىغان، قېچىشتىن خىجىل بولىدىغان مۇشۇ كىشىلەر ئارىدا ئۇرۇش بولغان تەقدىردە ھۇجۇمغا رەھبەرلىك قىلىپ غەلىبە نۇرىنى يېقىنلاشتۇرۇشى مۇمكىن.

شۇنىڭدا شەك يوقكى، مۇكەممەل ھايا ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئەسلىي ئىستىدادتىن بارلىققا كېلىدۇ، چۈنكى بەزى كىشىلەر ئىنتايىن ھاياسىز بولسىمۇ يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئىنتايىن خىجىلچان، نازۇك كېلىدۇ، گەرچە خىجىلچانلىق ھايانىڭ ئاساسلىق تۈزگۈچىسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ياخشىلىق ۋە يامانلىققا ئوخشاشلا ماس كېلىدۇ، بەزىدە كىشىنى يامان

---

[1] سۈرە سۈرە مائىدە: 23

پاتقاققا ئېلىپ بارىدۇ، لېكىن ھايا بولسا پەقەت شەرىئەت بەلگىلىمىلىرى دائىرىسىدە بولۇپ، بۇزغۇنچىلارنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورۇقۇقان ئادەم ھايالىق ھېسابلانمايدۇ، ناھەقچىلىككە قارشى تۇرۇشتا ھايا قىلغىلى بولمايدۇ، كىشى ھەقىقەتكە ياردەم بەرگىلى تۇرغاندا ئازغان كىشىلەرگە خاتا ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشقا ھايا قىلغىلى بولمايدۇ، مۇشرىكلار ئىسلام دىنىنىڭ بۇتلىرىنى ھاقارەتلىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ چۈشىنى يارىتىش ئەمەس، بەلكى چىۋىن قونسا ئۆزىدىن چۈشىنىمۇ ئۈركىتىۋېتەلمەيدىغانلىقىنى ئۈتتۈرىغا قويغانلىقىنى ئەيىبلەپ، ئىلاھلىرىغا بۇنداق ئۇسلۇبتا ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ھايانىڭ جۈملىسىدىن بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىشقاندا ئاللاھنىڭ بۇ ئايىتى نازىل بولغان:

﴿إِنَّ اللّهَ لاَ يَسْتَحْيِي أَن يَضْرِبَ مَثَلاً مَّا بَعُوضَةً فَمَا فَوْقَهَا فَأَمَّا الَّذِينَ آمَنُواْ فَيَعْلَمُونَ أَنَّهُ الْحَقُّ مِن رَّبِّهِمْ وَأَمَّا الَّذِينَ كَفَرُواْ فَيَقُولُونَ مَاذَا أَرَادَ اللّهُ بِهَذَا﴾

﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن پاشا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ، مۆئمىنلەر بولسا ئۇنى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەت دەپ بىلىدۇ، كاپىرلار بولسا: ‹ئاللاھ بۇ نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن نېمىنى ئىرادە قىلىدۇ؟› دەيدۇ.﴾[1]

بۇتلارنى مانا مۇشۇنداق ئاجىز، پەس ھالەتتە كۆرسىتىش ھەقىقەت بولۇپ، «ئاللاھ ھەقىقەتتىن تارتىنىپ قالمايدۇ.» شۇنىڭغا ئوخشاش مۇسۇلمانمۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلاش يولىدا بىرەرسىدىن ئەيمىنىپ قالمايدۇ، خاپىلىق كېلىشتىن قورقمايدۇ.

❖ ❖ ❖

ئاللاھتىن ھايا قىلىش ئەڭ ئۇلۇغدۇر، چۈنكى بىز ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىدىن يەپ، ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىمىز، زېمىنىدا ماڭىمىز ئاسمىنى بىلەن سايىدايمىز، ئىنساننىڭ ئۆزىگە قىلغان

[1] سۈرە بەقەرە: 26



www.munber.org



ياخشىلىقىغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. يامانلىق قىلىشتىن ئەيمىنىدۇ، بۆشۈكتىن تۆشۈككىچە، ھەتتا كېيىنكى چەكسىز ھاياتقا قەدەر ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىدىن بەھرىلىنىپ تۇرۇپ ئاللاھقا قانداقمۇ ئاسىيلىق قىلغىلى بولسۇن شۈبھىسىزكى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىكى ھەققى چوڭدۇر. ئەگەر ئۇلار بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنگەن بولسا چوقۇم ئىختىيارسىز ھالدا ياخشىلىق قىلىشقا ئالدىرىغان، ياخشىلىققا يامانلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىش بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشتىن خىجىل بولغان بولاتتى.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھتىن لايىقىدا ھايا قىلىڭلار» بۇ چاغدا بىز ‹ئاللاھقا شۈكرىكى، بىز لايىقىدا ھايا قىلىمىز.› دېدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى دېمەكچى ئەمەسمەن، ئاللاھتىن لايىقىدا ھايا قىلىش دېگىنىمىز، زېھنىڭگە ئالغان نەرسىلەرنىڭ توغرا بولۇشىنى، قورسىقىڭغا كىرگەن نەرسىلەرنىڭ ھالال بولۇشىنى ساقلىيالىشىڭ، ئۆلۈم ۋە ئۆلگەندىن كېيىن چىرىيدىغانلىقىڭنى ياد ئېتىشىڭدىن ئىبارەت، كىمكى ئاخىرەتنى مەقسەت قىلسا دۇنيا ھاياتىنىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى تاشلاپ ئۇ دۇنيانى بۇ دۇنيادىن ئەۋزەل بىلىدۇ، كىمكى شۇنداق قىلالىسا ئاللاھتىن لايىقىدا ھايا قىلغان بولىدۇ.»[1]

ئىبنى مەسئۇدقا قىلىنغان بۇ نەسىھەت ئىسلام دىنىنىڭ نۇرغۇن ئەدەبلىرى ۋە پەزىلەت يوللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مۇسۇلمان تىلىنى ناھەق سۆزلەشتىن، كۆزنى نامەھرەمگە قاراشتىن، قۇلىقىنى سىرنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاشتىن ساقلىشى، ھارامدىن يېمەسلىكى، ھالال بىلەن قانائەت قىلىشى، ۋاقتىنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن سەرپ قىلىشى، ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىشى، تۇرمۇشنىڭ ساختا ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرى بىلەن ئالدىنىپ قالماسلىقى كېرەك.

❖ ❖ ❖

[1] ئىمام تىرمىزى.



www.munber.org

كىمكى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ياخشى ئەمەل قىلاي، چۈنكى ئاللاھ ھەرجايدا مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلغان ئاساستا يۇقىرىقىلارنى ئۆز تۇرمۇشىدا ئەمەلىيلەشتۈرسە ئاللاھتىن لايىقىدا ھايا قىلغان بولىدۇ.

دېمەك ھايا دىنىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھايا بىلەن قىلغان ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى ئىمانىنىڭ ئالامىتىدىندۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىمان 70 نەچچە ساقچىدۇر، ئەڭ ئەۋزىلى بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھى مەئبۇدى بەرھەق يوقتۇر دەپ ئىمان كەلتۈرۈش، ئەڭ ئاددىيسى يولدىكى كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى يوقىتىۋېتىشتۇر، ھايا ئىماننىڭ بىر تارمىقىدۇر.»[1]

ئادەم ئۆزى قەدىرلەيدىغان كىشىسى ئالدىدا سۆز - ھەرىكەتلىرىگە ناھايىتى دىققەت قىلىدۇ، ئېگىز - پەس سۆزلىمەيدۇ، بولا - بولماس ئىش قىلمايدۇ، ئاللاھنىڭ ئۆزىنىڭ بارلىق قىلغان - ئەتكەنلىرىنى، ھەتتا كۆڭۈلدە ئويلىغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا چىن پۈتكەن مۇسۇلمان، ئاللاھتىن تېخىمۇ ئەيمىنىشى، شەرىئەت دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكى لازىم، بۇ توغرىسىدا ھېكمەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاللاھتىن خۇددى سەن ئەيمىنىدىغان كىشىلىرىڭدىن خىجىل بولغىنىڭغا ئوخشاش خىجىل بولغىن.»

ئىنساننىڭ بەزى ئىشلاردىن تەسىرلىنىشى ئۇلارنىڭ ياخشىلىق ئىچىدە ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتى: «ھايانىڭ ھەممىسى ياخشىلىقتۇر» خۇددى قوزىقى بولمىغان يۇمران شاخنىڭ تېزلا قۇرۇپ ئوتۇنغا ئايلىنىدىغانلىقىغا ئوخشاش، ئىنساندا ھايا بولمىسا يامانلىققا يۈزلىنىپ تېزلا دوزاخنىڭ يېقىلغۇسىغا ئايلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن «ھايا قىلمىساڭ خالىغىنىڭنى قىل» دېيىلىدۇ.

[1] ئىمام بۇخارى.





## قېرىنداشلىق

ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئالاقە قىلىشماي ياشىشىنىڭ ھېچقانداق مۇۋاپىق يولى يوق، بەلكى ھەقىقەت ۋە ساغلام ھېسسىيات ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە مېھرى - شەپقەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەنە شۇ مېھرى - شەپقەت ئارقىلىق ئۇلارغا مېھرى - مۇھەببەتكە تولغان بىر - بىرىنى يۆلەيدىغان جەمئىيەتنى تەقدىم ئېتىدۇ، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھ پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر ئاتا - ئانىدىن ياراتقان.

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ﴾

﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا ۋە بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغىنىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەپ بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ) ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.﴾[1]

دېمەك، ئۆزئارا تونۇشۇپ ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈش ئىنسانلار ئالاقىسىنىڭ ئاساسى. بەزىدە بۇنداق تونۇشۇش ۋە ئۇنىڭدىن كېلىدىغان پايدا - مەنپەئەتلەر تۇسالغۇغا ئۇچراپ قالىدۇ، چۈنكى رىزىق مەنبەلىرىنىڭ بېسىقچىلىقى، ھەقىقەتنى چۈشىنىشتىكى پەرقلەر سەۋەبىدىن بەزىدە تالاش - تارتىش ھەتتا توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ. ئەمما بۇ توقۇنۇشلار تۈپەيلىدىن ئىنساننى يارىتىش، ۋە ئۇنىڭ ماسلاشقان تىرىشچانلىقلىرى بىلەن زېمىننى ئاۋاتلاشتۇرۇشتىكى ھېكمەت ئۇنتۇلۇپ قالسا بولمايدۇ.

[1] سۈرە ھۇجۇرات: 13



www.munber.org

ئىنسانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان، يولدىكى توسالغۇلارنى يوقىتىدىغان ھەرقانداق ئالاقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىش لازىم. ئىسلام دىنى ئاز ياكى كۆپ بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەر ئارىسىدىكى رىشتىلا بولۇپ قالماستىن بەلكى ئۇ كىشىلەر بىلەن پەرۋەردىگار ئوتتۇرىسىدىكى، ئاندىن كېيىن كىشىلەر بىلەن پۈتۈن ئىنسانلار ئارىسىدىكى توغرا ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ بېرىدىغان ھەقىقەتلەرنىڭ گەۋدىلىنىشىدۇر.

شۇ ۋەجىدىن ئىسلام ئېتىقادچىلىرى ۋە ئىسلام ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغۇچىلار ئاللاھ ئۈنىڭ بىلەن قەلبلىرىنى ئېچىۋەتكەن، پۈتۈن ئىشلىرىنى شۇنىڭغا مۇجەسسەملەشتۈرگەن بۇ ئەقىدىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تونۇشى، شۇ ئەقىدە ئاساسىدا ئۆزئارا تونۇشۇشى، كۆڭۈل بۆلۈشى، ئىززەتلىنىشى كېرەك.

تونۇشۇش ئارقىلىق خەلقلەر ئارىسىدىكى ئۆچۈپ كەتكەن ئورتاق قېرىنداشلىق يېڭىلىنىدۇ، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت ماددىي ئاتا ئىسلام دىنىدا خۇلاسىلەنگەن دىنى تەلىماتلارنى ئاساس قىلغان مەنىۋى ئاتا بىلەن كۈچلەندۈرلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ساپ دىن پۈتۈن يەر شارىدىكى ئەگەشكۈچىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ گەرچە ئۇلارنىڭ ماكانى ۋە دەۋرلىرى ئوخشىمىسىمۇ كۈچلۈك بورانمۇ تەۋرىتەلمەيدىغان كۆككە تاقاشقان مۇستەھكەم بىرلىككە ئايلاندۇرىدۇ.

بۇ قېرىنداشلىق چىن ئىماننىڭ روھى، مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىغا قاراتقان نازۇك سەزگۈلىرىنىڭ جەۋھىرىدۇر، ھەتتا ئۇلار خۇددى بىر دەرەختىن ئۆسۈپ چىققان شاخلارغا ئوخشاش، ياكى ئوخشىمىغان تەنگە كىرگەن بىر خىل روھقا ئوخشاش، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى ئۈچۈن، قېرىنداشلىرى بولسا شۇ مۇسۇلمان ئۈچۈن ياشايدۇ.

❖ ❖ ❖

شەخسىيەتچىلىك ئىنسانغا كەلگەن تەبىئىي ئاپەت، ئەخلاقى - پەزىلەتلەرگە چۈشكەن ئېزىتقۇ بولۇپ، كىمگە ھۆكۈمرانلىق قىلسا ئۇنىڭ





ياخشىلىقلىرى ئازىيىپ يامانلىقلىرى كۆپىيىدۇ. پەقەت ئۆزى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۆزىدىن باشقىنى تونۇمايدۇ، ئۆزىگە پايدا ئېلىپ كېلەلمىسە باشقىلارنىڭ غەم - قايغۇسى بىلەن كارى يوق، ئۆزىگە پايدا يەتكۈزگەن ئادەم بىلەنلا ئارىلىشىدۇ.

ئىسلام دىنى بۇ خىل شەخسىيەتچىلىككە ئادىل قېرىنداشلىق بىلەن قارشى تۇرۇپ كىشىگە بۇ ھاياتلىقنىڭ پەقەت ئۆزى ئۈچۈن ئەمەسلىكىنى، دۇنيانى ئۆزى يالغۇز ئاۋاتلاشتۇرالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى، ئۆزىنىڭ باشقىلاردىكى ھوقۇق - مەنپەئەتنى ئويلىغان چېغىدا باشقىلارنىڭ ئۆزىدىكى ھوقۇق - مەنپەئەتنى ئويلاشنى تەۋسىيە قىلدى. شۇ ئارقىلىق ئىنساندىكى شەخسىيەتچىلىك خاھىشنى يوقىتىپ ئورتاقلىق ئىدىيىسىنى كۈچەيتمەكچى بولدى، شۇنداق بولغاندا ئىنسان ئاچكۆزلۈك قىلمايدۇ.

قېرىندىشىڭنىڭ سەندىكى ھەق - ھوقۇقى شۇكى، سەن ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمەسلىكىڭ بەلكى كەلگەن زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشىشىڭ، قېرىندىشىڭنىڭ غەم - قايغۇسى ۋە ئازاب - ئوقۇبىتىگە ھەمدەرد بولۇشۇڭ لازىم، ئەگەر سەن ئۆزەڭنىلا ئويلاپ باشقىلارغا پەرۋا قىلمىساڭ بۇ مۇسۇلمانلارنى بىر گەۋدىلەشتۈرگەن رىشتىنى ئۈزگەنلىك بولۇپ ئىنتايىن ئېپلاس ھەرىكەتتۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا دوستلىشىشى، مېھرى - شەپقەت قىلىشى، ئىچ ئاغرىتىشى خۇددى بىر تەندىكى مەلۇم بىر ئەزا ئاغرىپ قالغان ۋاقىتتا باشقا ئەزالىرىنىڭمۇ قىزىتما بولۇش ۋە ئۇخلىيالماسلىق بىلەن ھەمدەرد بولغىنىغا ئوخشايدۇ.»[1]

قېرىندىشىڭ ئۈچۈن ھەقىقىي ئازابلىنىشىڭ سېنى قېرىندىشىڭنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ئۈندەيدۇ، سەن قېرىندىشىڭنىڭ غەم - قايغۇسى ۋە بېشىغا كەلگەن قاراڭغۇلۇقنى يورۇتمىغىچە قېرىندىشىڭغا بولغان ھېسداشلىق تۇيغۇسى ساڭا ئارام بەرمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، زۇلۇم قىلمايدۇ، ياردەمسىز قويمايدۇ، كىمكى قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدىن

[1] ئىمام بۇخارى.

چىقسا ئاللاھ ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدۇ، كىمكى مۇسۇلماننىڭ بىرەر قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەرسە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ، كىمكى مۇسۇلماننى يۆگىسە ئاللاھ قىيامەت كۈنىسىدە ئۇنى يۆگەيدۇ.»①

خۇددى ئۆزۈڭگە پايدا ـ مەنپەئەت يەتسە خۇشاللانغىنىڭغا ئوخشاش، قېرىندىشىڭنىمۇ پايدا ـ مەنپەئەتكە ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشىڭ بۈيۈك قېرىنداشلىقىڭنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر، ئەگەر سەن قېرىندىشىڭغا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە تىرىشساڭ ئەڭ پاك، ئەڭ ساۋابلىق ئىبادەت بىلەن ئاللاھقا يېقىنلاشقان بولىسەن، ئىبنى ئابباسدىن بايان قىلىنىشىچە ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇۋاتقان ئىكەن، بىر ئادەم كېلىپ سالام قىلغاندىن كېيىن ئولتۇرۇپتۇ، بۇ چاغدا ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا: «ئى پالانى، ئەجەپ غەمكىن كۆرۈنىسەنغۇ؟» دېگەن ئىكەن ئۇ كىشى: «شۇنداق، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى، پالانىنىڭ مەندە دوستلۇق قەرزى بار ئىدى، مەن ئۇنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇشقا ئامال قىلالمىدىم» دېگەن بۇ چاغدا ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا مەن ئۇنىڭغا سەن توغرىلىق گەپ قىلىپ قويايمۇ؟» دېگەندە، ئۇ كىشى: «خالىسىلا شۇنداق قىلسىلا» دەپ جاۋاب بەرگەن، بۇ چاغدا ئىبنى ئابباس كەشىنى كىيىپ مەسچىتتىن چىقىپ كەتكەن، ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭغا: «ئۆزلىرىنىڭ نېمە بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ؟» دېگەندە: «ياق، بەلكى مەن بۇ قەبرە ئىگىسىنىڭ كىمكى قېرىندىشىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن يول ماڭسا ۋە ئىشىنى ھەل قىلالىسا ئۇنىڭغا ئون يىل ئېتىكاپتا ئولتۇرغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېگەن ۋە كۆز يېشى قىلغان، ھالبۇكى كىمكى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن بىر كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرسا ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن دوزاخنىڭ ئارىلىقىنى ئۈچ خەندەك يىراقلاشتۇرىدۇ!②

① ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم.
② بەيھەقى.





بۇ ھەدىس بىزگە ئىسلام دىنىنىڭ قېرىنداشلىقىنىڭ گۈزەل ئالاقىسىنى نەقەدەر ئىززەتلەيدىغانلىقىنى، جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنى پۇختىلاش ئۈچۈن قىلىنغان ھەرقانداق ئاممۋى خىزمەتكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

ئىبنى ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن شۇنداق ئۆگەنگەچكە ناماز، روزا، تەسبىھ قاتارلىقلار بىلەن مەشغۇل بولىدىغان، ئاللاھ دەرگاھىدا ئالىي دەرىجىلىك خالىس ئىبادەت ھېسابلىنىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقا مەسجىدلەردە بىر ھەسسە ساۋاب بېرىلسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدە مىڭ ھەسسە ساۋاب بېرىلىدىغان ئېتىكاپتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىبادەتنى ياردەم تەلەپ قىلغان مۇسۇلمانغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن تاشلاشنى ئەۋزەل بىلگەن.

دۇنيانىڭ يۈكلىرى ئېغىر، ھەرخىل مۇشەققەتلەر خۇددى يامغۇر ئىنسانىنىڭ بېشىغا تۆكۈلگەندەك قەدەممۇ قەدەم بىر قېتىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئادەم بۇ قىيىنچىلىقلارغا يالغۇز بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. بەرداشلىق بېرەلىگەن تەقدىردىمۇ قېرىنداشلىرى ياردەم قىلغاندا تارتىدىغان جاپادىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق جاپا تارتىدۇ. ياردەم قىلغاندا پەقەت جاپا چەكمەسلىكىمۇ مۇمكىن. ھېكمەتتە: «ئادەم ئۆزى بىلەن ئاز، قېرىنداشلىرى بىلەن كۆپ» دېيىلىدۇ.

قېرىنداشلىقنىڭ ھەقىقى شۇكى، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ مەيلى ئاسانلىق ياكى قىيىنچىلىقتا بولسۇن ياردەم قىلىدىغانلىقىنى، ھاياتلىقتا ئۆزى يالغۇز ھەرىكەت قىلمايدىغانلىقىنى، بەلكى پۈتۈن مۆئمىنلەر ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇرۇلۇش بىر ـ بىرىنى چىڭىتىپ تۇرغىنىغا ئوخشاش، مۆئمىنمۇ بىر ـ بىرىنى چىڭىتىپ تۇرىدۇ.»①

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقىي قېرىنداشلىق ھەسسىلەپ بېرىلگەن نېئمەت ھېسابلىنىدۇ، ئۇ روھىي جەھەتتىكى بىرلىشىشتىن ئىبارەت نېئمەتلا

① ئىمام بۇخارى.



www.munber.org

بولۇپ قالماستىن بەلكى يەنە ماددىي جەھەتتىنمۇ ھەمكارلىشىشتىن ئىبارەت نېئمەتتۇر، ئاللاھ بىر ئايەتتە بۇ نېئمەتنى قايتا - قايتا بايان قىلغان:

﴿وَاذْكُرُواْ نِعْمَةَ اللّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ كُنتُمْ أَعْدَاء فَأَلَّفَ بَيْنَ قُلُوبِكُمْ فَأَصْبَحْتُم بِنِعْمَتِهِ إِخْوَانًا﴾

﴿ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىللىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېئمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار.﴾[1]

دىنى قېرىنداشلىق مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھەقىقىي ياردەملىشىش يەنى گۇرۇھۋازلارنىڭ قارىغۇلارچە قىلغان ياردىمى ئەمەس. بەلكى ئىسلاھ قىلغۇچى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ ھەقىقەتنى ئىسپاتلاش، ناھەقنى يوقىتىش، ھەددىدىن ئاشقۇچىنى توختىتىش، بوزەك ئېتىلگەنلەرنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بەرگەن ياردىمىگە ئوخشاش ياردەمنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇسۇلماننى كۈرەش مەيدانىدا يالغۇز تاشلاپ قويۇش دۇرۇس ئەمەس، بەلكى ئېزىپ كەتسە توغرا يولغا باشلاش، ھەددىدىن ئاشسا چەكلەش، ھۇجۇم قىلىنسا قوغداش، جېنىغا خەۋپ يېتىش ئېھتىمالى بولسا بىرگە قىتال قىلىش ئۈچۈن ھەرھالدا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرۇش لازىم. مانا بۇ ئىسلام دىنى پەرز قىلغان ئۆزئارا ياردەملىشىشنىڭ مەنىسى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قېرىندىشىڭ مەيلى زۇلۇم قىلسۇن ياكى زۇلۇم قىلىنسۇن، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگىن.» بۇ چاغدا بىرەيلەن: «زۇلۇم قىلىنغان بولسا ياردەم بېرىمەن، ئەگەر زۇلۇم قىلغان بولسا قانداق ياردەم بېرىمەن؟» دەپ سورىغاندا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى زۇلۇم قىلىشتىن توسسەن، مانا بۇ ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلىكىڭ بولىدۇ»[2] دېگەن.

[1] سۈرە ئال ئىمران: 103
[2] ئىمام بۇخارى.



www.munber.org

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى
خلق المسلم

مۇسۇلماننى ياردەمسىز قويۇش ھەقىقەتەن ئاددىي ئىش ئەمەس، ئاقىۋەت ئۇ پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بىر - بىرنى ياردەمسىز قويۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قەدىرلەش، ئۆزىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇلىرى يوقىلىدۇ - دە، زۇلۇمغا ئۇچرىسىمۇ خالا - خالىماي ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ، نەتىجىدە جامائەتتىن ئايرىلىپ ئۆزى بىلەن ياردەم قىلمىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ئۈزۈلىدۇ.

ئارىدىكى قېرىنداشلىق رىشتىسى سۇسلاپ بىر - بىرنى يات كۆرىدىغان، قېرىندىشىنىڭ ھاقارەتلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ خۇددى ئۆزى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقتەك مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ كېتىپ قالىدىغان كۈنلەردە مۇسۇلمانلار شەخسلەر ۋە جامائەلەر بويىچە خارلىنىدۇ.

بۇ خىل ياردەمسىزلىك مۇسۇلمانلارغا خورلۇق ۋە نومۇس ئېلىپ كېلىدىغان بولۇپ ئىسلام دىنى ئۇنىڭغا قارشى جان - جەھلى بىلەن كۈرەش قىلدى، پىسەنت قىلمىغانلارغا لەنەت ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار بىراۋنىڭ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەن ۋاقتىدا ياردەم قىلماي قاراپ تۇرمىسۇن، چۈنكى بۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ ياردەم قىلمىغانلارنىڭ ھەممىسىگە لەنەت ياغىدۇ.»[1]

ئەگەر قېرىندىشىڭغا يامانلىق قىلىنغانلىقنى ياكى خورلانغانلىقنى كۆرسەڭ ئۇنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىشى، زۇلۇمغا تېگىشلىك جاۋاب قايتۇرالىشى ئۈچۈن ئۆزۈڭنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشقا، ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشقا تەييار ئىكەنلىكىڭنى كۆرسىتىپ قويغىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن شۇنداق بايان قىلىنغان: «كىمكى زۇلۇم قىلىنغۇچىنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ماڭسا، ئاللاھ قەدەملىرى تېيىلىپ كېتىدىغان شۇ كۈندە ئۇ كىشىنىڭ قەدىمىنى سىرات كۆۋرۈكىدە مۇستەھكەم قىلىدۇ.»[2]

[1] تەبارانى.
[2] ئىسبەھانى.



www.munber.org

ناۋادا سىز ھوقۇق ئىگىسى ياكى كىشىلەرنىڭ ئالقىش ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدىغان يۇقىرى مەنسەپ تۇتقان بولسىڭىز قېرىندىشىڭىزغا ياردەم قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ مەجبۇرىيەت تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ، مالنىڭ زاكاتى ئايرىلغانغا ئوخشاش مەنسەپنىڭمۇ زاكاتى ئايرىلىشى زۆرۈر، ئەگەر ئاللاھ سىزگە زېمىندا ھوقۇق ـ مەرتىۋە ئاتا قىلغان بولسا بۇ ھەرگىزمۇ سىزنىڭ ئۇزۇقلۇقتىن كېيىن سەمرىۋېلىشىڭىز ياكى ئاجىزلىقتىن كېيىن قۇدرەت تېپىۋېلىشىڭىز ئۈچۈن ئەمەس، ئاللاھ ئۇنى پەقەت سىز ئارقىلىق ھەل بولىدىغان ھاجەتلەرنى گەردىنىڭىزگە مەجبۇرىيەت قىلىپ ئارتىش ئۈچۈن بەرگەن، ئەگەر سىز شۇ ھاجەتلەرنى راۋا قىلسىڭىز مەجبۇرىيىتىڭىزنى ئادا قىلغان بولىسىز، ۋەدە قىلىنغان بويىچە كۆپ ساۋابقا ئېرىشىسىز، ناۋادا ئىنكار قىلسىڭىز نېئمەتكە تانغان ۋە ئۇنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈرگەن بولىسىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن شۇنداق بايان قىلىنغان: «شۈبھىسىزكى ئاللاھنىڭ كۆپ خەلقلەرگە ئاتا قىلغان نېئمەتلىرى بار، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ھاجەتلىرىدىن چىقسا، ئۇنىڭدىن زېرىكىپ قالمىسا بۇ نېئمەت شۇلاردا تۇرىدۇ. ناۋادا زېرىكىپ قالسا بۇ نېئمەتنى باشقا قەۋمگە يۆتكىۋېتىدۇ.»①

مەنسەپنى كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئۇلارغا يەتكەن ئەزىيەتنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىشتە چوقۇم ئىخلاسمەن، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش، ياردەمنى ھەرگىزمۇ ھەدىيە ياكى ئۆزىگە كېلىدىغان مەنپەئەت بەدىلىگە قىلماسلىقى كېرەك، بولمىسا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئەجرىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ، ھارامنى يېگەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىراۋغا شاپائەت قىلماقچى بولۇپ، ئۆزىگە ھەدىيە بېرىلسە، ئۇنى قوبۇل قىلسا چوڭ گۇناھلاردىن بىرنى ئۆتكۈزگەن بولىدۇ.»②

❖ ❖ ❖

① تەبرانىي.
② ئىمام ئەبۇداۋۇد.



www.munber.org

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى
خلق المسلم

قېرىنداشلىق ئەدەبلىرى ۋە شەرتلىرىگە زىت كېلىدىغان بولغاچقا ئىسلام دىنى نۇرغۇن ناچار ئەخلاقلارغا قارشى كۈرەش قىلغان سەپلەرنى تۈزەشتە ئىسلامى قېرىنداشلىق مەقسەت قىلىنىدۇ.

﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ فَأَصْلِحُوا بَيْنَ أَخَوَيْكُمْ وَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ﴾

﴿مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشتۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار.﴾①

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ھەدىسىدە بۇ ناچار ئەخلاقلاردىن ئاگاھلاندۇرغان، گەرچە بۇ ناچار ئەخلاقلار يۈزەكى قاراشتا ئاددىي بىلىنسىمۇ ئوبدان ئويلانغان ئادەم ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاقىۋىتى يامان بولۇپ، دوستلۇق مايىللىقلىرىنى قۇرتىۋېتىدۇ: «يامان گۇمان قىلماڭلار، چۈنكى گۇمان ئەڭ يالغاندۇر، جاسۇسلۇق قىلماڭلار، رىقابەتلەشمەڭلار، ھەسەت قىلىشماڭلار، غەزەپ قىلىشماڭلار، ئاداۋەت ساقلاشماڭلار، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئاللاھ ئەمر قىلغاندەك قېرىنداش بولۇڭلار... مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى بولۇپ، زۇلۇم قىلمايدۇ ياردەمسىز قويمايدۇ، ھاقارەتلىمەيدۇ، مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىنى ھاقارەتلىشى يېتەرلىك گۇناھدۇر، مۇسۇلماننىڭ مېلى، قېنى، ئابرۇيى ئومۇمەن ھەممىسى يەنە بىر مۇسۇلمانغا ھارامدۇر، شۈبھىسىزكى ئاللاھ سىلەرنىڭ شەكىللىرىڭلارغا، تەنلىرىڭلارغا ئەمەس، بەلكى قەلبلىرىڭلارغا، ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ، تەقۋادارلىق بۇيەردىدۇر، تەقۋادارلىق بۇيەردىدۇر، تەقۋادارلىق بۇ يەردىدۇر، (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆكرىكىگە ئىشارەت قىلغان) ئۆز ـ ئارا سودىنى بۇزماڭلار، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى قېرىنداش بولۇڭلار، مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت ساقلىشى دۇرۇس ئەمەس.»②

① سۈرە ھۇجۇرات: 10
② ئىمام مۇسلىم.



www.munber.org

ئىسلام شەرىئىتىنى كۆزلەپ ئاللاھنىڭ روھى بىلەن دوستلاشقۇچى جەمئىيەتتە ئېتىقاد قېرىنداشلىقى قان قېرىنداشلىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدۇ، ئىمان رىشتىسى قان رىشتىسىنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ.

ئاللاھ ئۈچۈن ئورنىتىلغان قېرىنداشلىق ئەڭ دەسلەپتە ئىسلام پەرزەنتلىرىنى بىر يەرگە جەملىگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاداۋەتكە تولغان بۇتپەرەسلىك ئېتىقادى ھۇجۇملىرى ۋە باشقىلارغا تاقابىل تۇرالايدىغان ئۈممەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە ئەنە شۇ قېرىنداشلىققا تايانغان ئىدى، ئۇزاق كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن دۈشمەنلىرى ئېرىپ ھالاك بولۇپ كەتكىنى بىلەن ئۇلار يەنە مۇستەھكەم قەدەم بىلەن پۇت تىرەپ تۇرغان ئىدى.

شۈبھىسىزكى، ئىشلار ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپى بىلەن ئايان بولىدۇ، ئىسلام يۇرتىغا ئايلانغان مەدىنە يەرلىك ئاھالىلار بىلەن كېيىن كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقىنى، ئاللاھ يولىدا بىر - بىرى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش، ھەرقايسى قەبىلىلەر ۋە جامائىلار باراۋەر بولۇش، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەش، ياخشى كۆرۈش، ئېسىل ئىشلارنى تارقىتىش، ھەققەتنى مۇقەددەس بىلىش، باشقىلارغا زور بىلەن ئەمەس بەلكى ئىختىيارلىقى بىلەن ياردەم قولىنى سۇنۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ پرىنسىپلار ئۈستىگە تۇرغۇزغان ئىدى، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَالَّذِينَ تَبَوَّؤُوا الدَّارَ وَالْإِيمَانَ مِن قَبْلِهِمْ يُحِبُّونَ مَنْ هَاجَرَ إِلَيْهِمْ وَلَا يَجِدُونَ فِي صُدُورِهِمْ حَاجَةً مِّمَّا أُوتُوا وَيُؤْثِرُونَ عَلَى أَنفُسِهِمْ وَلَوْ كَانَ بِهِمْ خَصَاصَةٌ ﴾

﴿ئۇلار (يەنى ئەنسارىلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئەتى) دىن ئەلا بىلىدۇ.﴾ مانا بۇ ۋاقتىسىز،

www.munber.org





مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىش يولىدىكى قېرىنداشلىق ئەمەس، بەلكى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئورنىتىلغان ساپ ئەقىدە قېرىنداشلىقىدۇر.[1]

ئىسلام دىنى بۇ قېرىنداشلىقنىڭ ساپلىقىنى بۇزىدىغان ھەرقانداق ئىشنى مەنئىي قىلىدۇ، ھەتتا مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىنى چۆچۈتۈشىمۇ دۇرۇس بولمايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماننى چۆچۈتىشى دۇرۇس بولمايدۇ.»[2] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يەنە شۇنداق بايان قىلىنغان: «كىمكى بىرەر مۇسۇلمانغا ناھەق قورقۇتۇش نەزىرى بىلەن قارىسا ئاللاھمۇ قىيامەت كۈنىسىدە ئۇنى قورقىتىدۇ.»[3]

مۇسۇلمانلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش ياكى بوزەك ئېتىشكە سەۋەب بولۇش ئېھتىمالى بولغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش گۇناھ ھېسابلانغان يەردە ئازار يەتكۈزۈش ياكى بوزەك ئېتىش قانداقمۇ گۇناھ ھېسابلانمىسۇن؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى قېرىندىشىنى بىرەر تۆمۈر سايمان بىلەن نىشانلىسا شۇ ئىشتىن توختىغانغا قەدەر پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ، گەرچە ئاتا بىر، ئانا بىر قېرىنداش بولغان تەقدىردىمۇ.»[4]

مانا مۇشۇنداق ۋەسىيەتلەر ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى قېرىنداشلىق قوغداپ قېلىندى، تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىلدى.

ئۇندىن باشقا ئىسلام دىنى ئۆزئارا كىبىر قىلىشتىن، ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىشلارنى چەكلەپ بۇ قېرىنداشلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتتى، شۈبھىسىزكى ئۆزلىرىنىڭ ئاتا بىر، دىنى بىر قېرىنداش ئىكەنلىكلىرىنى

---

[1] سۈرە ھەشر: 9
[2] ئىمام ئەبۇداۋۇد.
[3] تەبەرانى.
[4] ئىمام مۇسلىم.

www.munber.org

سەزگەن قېرىنداشلار دۇنيا مەنپەئەتىنى دەپ دۈشمەنلەشمەيدۇ، ئۆلۈغلۇقنىڭ تەقۋادارلىقتا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، تەقۋادارلىقنىڭ قەلبتە، ئاللاھ ئۈچۈن بولۇپ ئۇنىڭ سىرىنى ھېچكىم بىلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن خەلقلەر ناھەق ھالدا مەغرۇرلانمايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ماڭا شۇنداق ۋەھىي بەردىكى، كىچىك پېئىل بولۇڭلاركى ھېچكىم بىر - بىرىگە زۇلۇم قىلمىسۇن، بىر - بىرىگە مەغرۇرلانمىسۇن.»[1]

ئىسلام دىنى زېمىندا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش ئۈچۈن شەيتانىنىڭ كەينىگە كىرىپ قېرىنداشلىرىغا چوڭچىلىق قىلىپ ئۇلارغا قول ئۇزارتىدىغانلارنى ئاگاھلاندۇردى ۋە ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىسىدە بۇ دۇنيادا چوڭچىلىق قىلىشىغا قاراپ تۈرۈپ قورۇلىدىغانلىقى، ھەتتا ئاياق ئاستىدا دەسسىلىپ يۇرۇيدىغان چاڭ - توزاڭچىلىك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «چوڭچىلىق قىلغۇچىلار قىيامەت كۈنىسىدە كىچىكلەپ ئادەم شەكلىدىكى زەررىچىلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇلار ھەرتەرەپتىن خورلىنىدۇ.»[2]

قېرىنداشلىقتا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىشلارنىڭ يەنە بىرسى بىر - بىرىنى كۆزگە ئىلماسلىق ۋە مەسخىرە قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنداق قىلمىشنى نادانلىق ۋە غاپىللىق پاتقىقىغا پېتىپ قالغان كىشىلەر سادىر قىلىدۇ. چۈنكى ئاجىزلار مەسخىرە قىلىنماسلىقى بەلكى باش ئۈستىدە كۆتۈرۈلۈپ ئىلىپ مېڭىلىشى، ئېزىپ قالغانلار ھاقارەت قىلىنماي يېتەكلىنىشى زۆرۈر.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا يَسْخَرْ قَومٌ مِّن قَوْمٍ عَسَى أَن يَكُونُوا خَيْرًا مِّنْهُمْ وَلَا نِسَاء مِّن نِّسَاء عَسَى أَن يَكُنَّ خَيْرًا مِّنْهُنَّ﴾

[1] ئىمام ئەبۇداۋۇد.
[2] ئىمام تىرمىزى.



www.munber.org



﴿ئى مۆئمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (ئاللاھنىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن﴾[1].

ھەسەندىن شۇنداق بايان قىلىنغان: «شۈبھىسىزكى، كىشىلەرنى مەسخىرە قىلغۇچىلار ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ بىرىگە جەننەتتىن بىر ئىشىك ئېچىلىپ: ‹كەل› دېيىلىدۇ، غەملىك ھالىتى بىلەن كەلسە ئىشىك يېپىۋېلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا يەنە بىر ئىشىك ئېچىلىپ: ‹كەل› دېيىلىدۇ، غەملىك ھالىتى بىلەن كەلسە ئىشىك يېپىۋېلىنىدۇ، شۇ تەرىقىدە داۋاملاشقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىرىگە جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىدىن بىر ئىشىك ئېچىلىپ: ‹كەل› دېيىلسە ئۈمىدسىزلەنگەنلىكى ئۈچۈن كەلمەيدۇ.»[2]

مانا بۇ مەسخىرە قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان جازادۇر. مەسخىرە قىلغۇچىلارغا كايىش، ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى ئەسلىتىپ قويۇش يۈزىسىدىن ئۆزىنىڭ قىلغان گۇناھىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئازاب بىلەن ئازاب قىلىنىدۇ.

❖ ❖ ❖

ئىسلام دىنى ئومۇمىي قېرىنداشلىقنى ساقلاش، ساختا پەرقلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن قوللانغان ئۇسۇللارنىڭ يەنە بىرى مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرىنىڭ، ھەق - ھوقۇقلىرىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكى، نەسەب بىلەن پەخىرلىنىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكى، بىرسى يەنە بىرسىدىن ئۆزى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرگەن ئالاھىدىلىك بىلەن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى، كىمكى ئۇلۇغ

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 11
[2] بەيھەقى.



www.munber.org

ئىشلارنى تىرىشىپ قولغان كەلتۈرۈش بىلەن ئىمتىياز ھاسىل قىلمىسا ئاتا - بوۋىلىرى گەرچە ئاخىرەتنىڭ پادىشاھلىرى بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدىغانلىقىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنىسى بولغاندا ئاللاھ بىر نىدا قىلغۇچىغا ‹مەن سىلەرگە بىر خىل نەسەبنى قىلغان ئىدىم، سىلەر بىر خىل نەسەبنى قىلىۋالدىڭلار، مەن سىلەرنىڭ ئەڭ تەقۋادارلىڭلارنى ئەڭ ھۆرمەتلىك قىلغان ئىدىم، سىلەر بۇنىڭغا ئۇنىماي پەقەت پالانى پۇستانىنىڭ ئوغلى دېيىشىۋاتىسىلەر، مانا بۈگۈن مېنىڭ نەسەبىمنى كۆتۈرۈپ سىلەرنىڭ نەسەبىڭلارنى بىكار قىلىۋېتىمەن› دەپ نىدا قىلىشقا ئەمر قىلىدۇ.»

بۇ مەزمۇن ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ:

﴿فَإِذَا نُفِخَ فِي الصُّورِ فَلَا أَنسَابَ بَيْنَهُمْ يَوْمَئِذٍ وَلَا يَتَسَاءلُونَ❖ فَمَن ثَقُلَتْ مَوَازِينُهُ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ❖ وَمَنْ خَفَّتْ مَوَازِينُهُ فَأُوْلَئِكَ الَّذِينَ خَسِرُوا أَنفُسَهُمْ فِي جَهَنَّمَ خَالِدُونَ﴾

﴿سۇر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ، بىر - بىرىنىڭ (ئەھۋالىنىمۇ) سورىشالمايدۇ، تارازىسى ئېغىر كەلگەنلەر (يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر، تارازىسى يېنىك كەلگەنلەر (يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) زىيان تارتقۇچىلاردۇر، جەھەننەمدە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.﴾[1]

ئەجەبلىنەرلىكى، ئەرەپلەردىكى نەسەبنى يۇقىرى بىلىش، ئاتا - بوۋىلىرى بىلەن پەخىرلىنىش خاھىشى ئىسلام تەلىماتلىرىنى بېسىپ

[1] سۈرە مۆئمىنۇن: 103-101



www.munber.org



چۈشكەن، بۇ مەيلى ئۆتمۈشتە بولسۇن ياكى ھازىردا بولسۇن ئۇلارنىڭ ھالاكىتىگە تەھدىت بولۇپ كەلدى.

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلار ئوتتورىسىدا، قەۋم - قېرىنداشلىق قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىقىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن قەبىلىۋازلىق ۋە گۇرۇھۋازلىق خاھىشلىرىنى بىتچىت قىلدى، كىشىنىڭ ۋەتىنى، قەۋمىنى ياخشى كۆرۈشى تەبىئىي ئەھۋال بولسىمۇ لېكىن ئۇ پەرۋەردىگارىنى، ئەخلاق - پەزىلەتلىرىنى ئۇنۇتۇشقا سەۋەب بولۇپ قالسا بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ﴿گۇناھكار بولمىسىلا ئۆز قەۋمى - قېرىنداشلىرىنى قوغدىغۇچى سىلەرنىڭ ياخشىڭلاردۇر.﴾[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: گۇرۇھۋازلىق دېگەن نېمە؟ دەپ سورالغاندا: ﴿قەۋمىڭنىڭ زۇلۇم قىلىشىغا ياردەم بېرىشىڭدىن ئىبارەت.﴾[2] دەپ جاۋاب بەرگەن.

قىسقىسى، ئىسلام قېرىنداشلىقى دېگىنىمىز، ئىسلام دىنىغا ئىخلاس قىلىش، ئىسلام يولىدا مېڭىش، ئىسلام ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىش، خۇسۇسىي، ئاممىۋى ئالاقىلارنى ئىسلام روھى بىلەن باشقۇرۇش، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەردە ئىسلامدىن پەتىۋا سوراش، قالغان چۈقان - سۈرەنلەرگە قارىماي ئالغا ئىلگىرىلەش دېمەكلىكتۇر.

[1] ئىمام ئەبۇداۋۇد.
[2] ئىمام ئەبۇداۋۇد.



www.munber.org

## ئىتتىپاقلىق

ئىسلام شەرىئەتلىرىدە شەخس ئۈممەتنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، خۇددى ئورگانىزىمغا قانداق ئۇزۇقلۇق بولسا ھەرقايسى ئەزالىرى خالىسۇن، خالىمىسۇن ئۇنى قوبۇل قىلغىنىغا ئوخشاش ئىسلام شەرىئەتلىرىدە ئومۇمىي خەلق ئورتاق نەزەرگە ئېلىنغان ئىلاھى چاقرىق بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇلۇشنى تېخىمۇ روشەن قىلىپ بېكىتىپ بەردى، بۇيرۇق - توسۇقلار پەقەت بىر شەخسكىلا قارىتىلغان بولماستىن بەلكى ئۇ پۈتۈن جامائەتنى ئورتاق ئەدەبلەش ۋە يېتەكلەشنى مەقسەت قىلغان ئەنە شۇ كۆپچىلىككە قارىتىلغان ئورتاق دەرسنى ھەممەيلەن ئاڭلاپ نەسىھەت ئالىدۇ، قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى شەرىئەتنىڭ يۆلۈنىشى مانا مۇشۇنداقتۇر.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا ارْكَعُوا وَاسْجُدُوا وَاعْبُدُوا رَبَّكُمْ وَافْعَلُوا الْخَيْرَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ❁ وَجَاهِدُوا فِي اللَّهِ حَقَّ جِهَادِهِ﴾

﴿ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار (يەنى تەزەررۇ بىلەن ناماز ئوقۇڭلار)، (يالغۇز) پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار، ياخشى ئىشلارنى (يەنى خىش - ئەقرىبالارغا سىلە - رەھىم قىلىش، يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاش، كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئۆتەش قاتارلىق ئىشلارنى) قىلىڭلار، ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل - مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار﴾[1]

مۇسۇلمان مۇناجات قىلىش زار - تەزەررۇ قىلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرغاندا قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىۋالغۇچىغا ئوخشاش ئەمەس، بەلكى بىر - بىرى بىلەن ماسلاشقان، بىر - بىرىگە باغلانغان جامائىلارنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن:

① سۈرە ھەج: 77-78

www.munber.org





﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾

﴿(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز﴾[1] دەيدۇ، ساڭىلا ئىبادەت قىلىمەن، سەندىنلا ياردەم تىلەيمەن دېمەيدۇ! ئاللاھنىڭ ياخشىلىق ئاتا قىلىشى ۋە ھىدايەت بېرىشىنى تىلىسە ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئۈچۈن ۋە باشقىلار ئۈچۈن تىلەيدۇ:

﴿اهدِنَا الصِّرَاطَ المُستَقِيمَ ❁ صِرَاطَ الَّذِينَ أَنعَمتَ عَلَيهِمْ غَيرِ المَغضُوبِ عَلَيهِمْ وَلاَ الضَّالِّينَ﴾

﴿بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا باشلىغىن﴾ دەيدۇ.[2]

ئاللاھ بىرلا دىننى نازىل قىلىپ بارلىق كىشىلەرنى ئوخشاش بولغان بىر يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئۇدا ئەۋەتتى، دىندا تەپرىقچىلىق قىلىش، ئىختىلاپلىشىشلارنى ئۇلارغا ئەزەلدىن ھارام قىلدى. لېكىن ھەرخىل ھاۋايى - ھەۋەسلەر سەۋەبلىك بۇ ئۇلۇغ نەسىھەتلەر زورىغا ئۇنتۇلدى. ئۇلۇغ ئىلاھى مىراس ئىنكار قىلىندى. نەتىجىدە كىشىلەر تۈرلۈك گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ ھەربىر گۇرۇھ يەنە بىر گۇرۇھقا ھىيلە ۋە يامانلىق ئويلايدىغان بولدى.

ئاللاھ مۇنداق دېگەن:

﴿يَا أَيُّهَا الرُّسُلُ كُلُوا مِنَ الطَّيِّبَاتِ وَاعْمَلُوا صَالِحًا إِنِّي بِمَا تَعْمَلُونَ عَلِيمٌ ❁ وَإِنَّ هَذِهِ أُمَّتُكُمْ أُمَّةً وَاحِدَةً وَأَنَا رَبُّكُمْ فَاتَّقُونِ ❁ فَتَقَطَّعُوا أَمْرَهُم بَيْنَهُمْ زُبُرًا كُلُّ حِزْبٍ بِمَا لَدَيْهِمْ فَرِحُونَ ❁ فَذَرْهُمْ فِي غَمْرَتِهِمْ حَتَّى حِينٍ﴾

﴿ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال نەرسىلەرنى يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئوبدان

① سۈرە فاتىھە: 5
② سۈرە فاتىھە: 6-7

www.munber.org

بىلمەن، (ئى پەيغەمبەرلەر جامائەسى) سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىر دىندۇر، مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن (مېنىڭ ئازابىمدىن) قورقۇڭلار، ئۇلار (يەنى ئۈممەتلەر) دىنى جەھەتتە نۇرغۇن پىرقىلەرگە بۆلۈندى، ھەر پىرقە ئۆز دىنى بىلەن خۇشالدۇر، ئۇلارنى ئۆلگەنلىرىگە قەدەر گۇمراھلىقتا تەرك ئەتكىن.﴾[1]

ئاللاھ يۇقىرىقى ئايەتتە ھاۋايى - ھەۋەسكە ئەگىشىش ئازغۇنلۇقتا پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىشنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن.

ھەقىقەت شۇكى، ئىلىم ئەخلاقتىن، ئىخلاستىن ئايرىلسا ئىلىم ئەھلىلىرى ھەم كەڭ خەلقتە ئۇۋال بولىدۇ. دىن كېلىش ئالدىدا كىشىلەرنى نادانلىق ئازدۇرۇپ ھەرخىل يوللاردا تېڭىرقاپ قالغان ئىدى، دىن كەلگەندىن كېيىن بولسا دىنىي كاتتىۋاشلار، دىنىي بىلىملەرنى ئۆزلىرىنىڭ نەپسلىرى، تەمەلىرى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغاچقا كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئازدۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پايدا بەرمەيدىغان ئىلىمدىن پاناھ تىلەپ مۇنداق دەيتتى: «مەندىن كېيىن قالغان چېغىڭلاردا سىلەرگە نىسبەتەن ئېغىزدا بىلىملىك مۇناپىقتىن ئەڭ ئەنسىرەيمەن.»[2]

شۇنداق، خارابلاشقان قەلب ئىلىمنى بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان قورالغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، مەيلى قەدىمكى زاماندا بولسۇن ياكى ھازىرقى زاماندا بولسۇن دۇنيا ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان بۇنداق ئىلىمدىن كۆپ زىيان تارتقان ئىدى، ئاللاھ بىزگە دىللىرى بىلەن ئالىم ئەمەس، بەلكى تىللىرى بىلەن ئالىم ھېسابلانغانلار كىشىلەرنىڭ بىرلىكىنى بۇزىدىغانلىقىنى يەتكۈزدى، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

[1] سۈرە مۆئمىنۇن: 51-54
[2] بەززار.



www.munber.org



﴿شَرَعَ لَكُم مِّنَ الدِّينِ مَا وَصَّى بِهِ نُوحًا وَالَّذِي أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ وَمَا وَصَّيْنَا بِهِ إِبْرَاهِيمَ وَمُوسَى وَعِيسَى أَنْ أَقِيمُوا الدِّينَ وَلَا تَتَفَرَّقُوا فِيهِ كَبُرَ عَلَى الْمُشْرِكِينَ مَا تَدْعُوهُمْ إِلَيْهِ اللَّهُ يَجْتَبِي إِلَيْهِ مَن يَشَاءُ وَيَهْدِي إِلَيْهِ مَن يُنِيبُ ❖ وَمَا تَفَرَّقُوا إِلَّا مِن بَعْدِ مَا جَاءَهُمُ الْعِلْمُ بَغْيًا بَيْنَهُمْ﴾

﴿ئاللاھ سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز ۋەھيى قىلغان نەرسىنى ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىساغا بىز تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى. سىلەر دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقىچىلىك قىلماڭلار، مۇشرىكلارغا سەن ئۇلارنى دەۋەت قىلغان نەرسە (يەنى تەۋھىد) ئېغىر كەلدى، ئاللاھ تەۋھىدكە خالىغان ئادەمنى تاللايدۇ، ئاللاھنىڭ (تائىتىگە) قايتىدىغان ئادەمنى تەۋھىدكە باشلايدۇ، (يەھۇدىي، ناسارا قاتارلىقلار) ئۇلارغا ئىلىم كەلگەندىن كېيىن (يەنى ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنى بىلگەندىن كېيىن) ئاندىن ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ پىرقىلەرگە بۆلۈندى.﴾[1]

ئاللاھ يەنە مۇنداق دېدى: ﴿وَمَا اخْتَلَفَ فِيهِ إِلاَّ الَّذِينَ أُوتُوهُ مِن بَعْدِ مَا جَاءتْهُمُ الْبَيِّنَاتُ بَغْيًا بَيْنَهُمْ﴾

﴿پەقەت كىتاب بېرىلگەن كىشىلەرلا ئۆزلىرىگە روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ (يەنى كاپىرلار مۆئمىنلەرگە ھەسەت قىلىپ) كىتاب توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشتى.﴾[2]

ئىلىم ئاللاھقا ئىخلاس قىلىش، بەندىلەرگە شەپقەت قىلىشتىن ئايرىلىپ قالغاندا قانداق بۆلگۈنچىلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىغا، ئاللاھ ئۇلاشقا بۇيرىغان رىشتىنى قانداق ئۈزگەنلىكىگە قاراڭ.

[1] سۈرە سۈرە شۇرا: 13-14
[2] سۈرە بەقەرە: 213



www.munber.org

چۈشەنچە ۋە كۆز - قاراشلارنىڭ ئوخشىماسلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، بىراق بۇ ئىتتىپاقسىزلىقلارنىڭ سەۋەبى ئەمەس بەلكى ئىتتىپاقسىزلىق ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن ھاۋايى - ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن پەيدا قىلغان كۆز - قاراشلار ۋە تەپەككۇرلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن كېلىپ چىققان.

شۇ سەۋەبتىن ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش ئىلىم بىلەن پەقەت مۇناسىۋەتى بولمىغان بىر خىل بىغەرەزلىككە ئايلىنىپ قالغان.

ئەگەر ئالىملار بىر - بىرىنى بىسىش، رىياخورلۇق، ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ۋە بايلىققا ئېرىشىش قاتارلىق خاھىشلاردىن يىراق بولغان ھالدا ساپ دىللىق بىلەن ھەقىقەتنى ئىزدىگەن بولسا تارىخنى ئارازىلىق ۋە خاپىلىقلار بىلەن توشقۇزىۋەتكەن ئاشۇ تالاش - تارتىشلار يۈز بەرمىگەن بولاتتى.

بىر قىسىم مەسىلىلەر گەرچە ئاددىي بولسىمۇ لېكىن سىياسىي مەنپەئەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا ئۇ توغرىسىدا كۆپ ئىختىلاپ قىلىنغان. ئەمما يەنە بىر قىسىم مەسىلىلەر گەرچە مۇھىم بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ نەتىجىسى پەقەت نەزەرىيىدىن ئىبارەت بولغاچقا شۇ پېتى تاشلاپ قويۇلغان، مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلمىغان.

پايدا مەنپەئەت كۆزلەنگەن بۇ خىل ئىختىلاپ ئاللاھنىڭ دىنى كىشىلەرنىڭ دۇنياسىنى بۇزۇۋىدى، ئىسلام دىنى ئۇنداق ئادەمنى دىنىدىن ئايرىلغان، كاپىر بولغان ھېسابلىدى:

﴿إِنَّ الَّذِينَ فَرَّقُواْ دِينَهُمْ وَكَانُواْ شِيَعًا لَّسْتَ مِنْهُمْ فِي شَيْءٍ إِنَّمَا أَمْرُهُمْ إِلَى اللّهِ ثُمَّ يُنَبِّئُهُم بِمَا كَانُواْ يَفْعَلُونَ﴾

﴿دىندا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ تۈرلۈك پىرقىلەرگە ئايرىلغانلاردىن سەن ئادا - جۇداسەن، ئۇلارنىڭ ئىشى پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر، (يەنى



www.munber.org



ئاللاھنىڭ باشقۇرىشىدىدۇر) كېيىن (يەنى ئاخىرەتتە) ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ.﴾[1]

ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى بۇرۇنقىلار قىلغاندەك دىنىنى چۈشىنىشتە ئىختىلاپلىشىشتىن ئاگاھلاندۇردى:

﴿وَلاَ تَكُونُواْ كَالَّذِينَ تَفَرَّقُواْ وَاخْتَلَفُواْ مِن بَعْدِ مَا جَاءهُمُ الْبَيِّنَاتُ وَأُوْلَئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ❖ يَوْمَ تَبْيَضُّ وُجُوهٌ وَتَسْوَدُّ وُجُوهٌ فَأَمَّا الَّذِينَ اسْوَدَّتْ وُجُوهُهُمْ أَكْفَرْتُم بَعْدَ إِيمَانِكُمْ فَذُوقُواْ الْعَذَابَ بِمَا كُنْتُمْ تَكْفُرُونَ❖ وَأَمَّا الَّذِينَ ابْيَضَّتْ وُجُوهُهُمْ فَفِي رَحْمَةِ اللّهِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾

﴿روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ، شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) بەزى يۈزلەر (يەنى مۆئمىنلەرنىڭ يۈزلىرى) ئاقىرىدۇ، بەزى يۈزلەر (يەنى كۇففارلارنىڭ يۈزلىرى) قارىيىدۇ، يۈزى قارايغانلارغا (پەرىشتىلەر ئېيتىدۇكى) ‹ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن كاپىر بولدۇڭلارمۇ؟ كاپىر بولغۇنۇڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار› يۈزى ئاقارغانلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدە (يەنى جەننەتتە) بولىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭدا (يەنى جەننەتتە) مەڭگۈ قالىدۇ.﴾[2]

شۈبھىسىزكى، قەلبلەر ۋە سەزگۈلەرنىڭ ماسلىشىشى، غايە ۋە ئۇسۇللىرىنىڭ بىردەكلىكى ئىسلام تەلىماتلىرىنىڭ ئەڭ روشەن بىر تەرىپى ۋە ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئېسىل خىسلەتلىرىنىڭ بىرىدۇر. شەكسىزكى، سەپلەرنىڭ، سۆزلەرنىڭ بىردەكلىكى ئۈممەتنىڭ مەۋجۇتلىقى، ۋەزىپىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن پۇختا ئاساستۇر. تەۋھىد كەلىمىسى ئىسلامنىڭ دەرۋازىسى بولۇپ ئۇ

---

[1] سۈرە ئەنئام: 159
[2] سۈرە ئال ئىمران: 105-107



www.munber.org

ئىتتىپاقلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە گۈللىنىشتىكى سىردۇر. ئاللاھ بىلەن يۈزمۇ يۈز ھالدا مۇلاقات بولۇشنىڭ تۈنجى كاپالىتىدۇر.

❖ ❖ ❖

گەرچە ئەمەلنىڭ ماھىيىتى ۋە شەكلى ئوخشاش بولسىمۇ يالغۇز ئادا قىلىنغان بىلەن باشقىلار بىلەن بىرگە ئادا قىلىنغان چاغدىكى بېرىلىدىغان ئەجىر زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ.

مۇسۇلمان يالغۇز ئادا قىلغان بامداتنىڭ ئىككى رەكئىتى ياكى پېشىنىنىڭ بىر قانچە رەكئىتى بىلەن جامائەت بىلەن ئادا قىلغان بامدات ياكى پېشىنىنىڭ رەكئەت سانى ئوخشاش ئازىيىپ قالغىنى ياكى كەملەپ قالغىنى يوق، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئەگەر ئۇنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا باشقىلار بىلەن بىرگە تۇرۇپ ئادا قىلسا ئىسلام دىنى ساۋابىنى 20 نەچچە ھەسسە بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ھەسسىلەپ بېرىدۇ.

بۇ مۇسۇلماننى بېكىنمىلىكنى تاشلاپ جامائەت بىلەن بىرگە بولۇشقا، يالغۇزلۇقنى تاشلاپ ئۇممەت ئىچىگە سىڭىپ كىرىشكە كۈچلۈك دەرىجىدە ئۈندىگەنلىكتۇر، شۈبھىسىزكى ئىسلام دىنى مۇسۇلماننىڭ ئۆزى بىلەنلا چەكلىنىشىنى، تەپەككۇرى ۋە سېزىمىدا ئايرىم بولۇۋېلىشىنى، ئۆز مەنپەئەتىگىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشىنى يامان كۆرىدۇ، ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۈچ ئىشقا مۆئمىنىنىڭ قەلبى خىيانەت قىلمايدۇ، ئەمەلنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىرىغا نەسىھەت قىلىش، ئۇلارنىڭ جامائىتى بىلەن بىرگە بولۇش، چۈنكى ئۇلارنىڭ دۇئاسى كەينىدىكىلەرنى ئوراپ تۇرىدۇ.»[1]

مۇسۇلماننىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەت بىلەن ئارىلىشىشى ئۈچۈن ئاللاھ كۈندىلىك بەش ۋاخ نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنى يولغا قويىدى ۋە قاتنىششقا رىغبەتلەندۈردى، ئاندىن كېيىن كىچىك يېزا ياكى مەھەللە

[1] بەززار.



www.munber.org



خەلقنى ھەپتىدە بىر قېتىم جۈمە نامىزى ئۈچۈن جەم بولۇشقا بۇيرىدى، ئاندىن كېيىن ھېيت نامىزىدىن ئىبارەت تېخىمۇ چوڭ يىغىلىشقا چاقىردى، ئورنىنى شەھەر سىرتىدىكى كەڭ بوش ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇردى، ئېرىشىدىغان مەنپەئەت، ئالىدىغان ياخشىلىقنىڭ كۆپ بولۇشى ئۈچۈن بارلىق ئەر - ئاياللارنى، ھەتتا ھېيىزدار ئاياللارنىمۇ قاتنىششقا بۇيرۇدى، تېخىمۇ چوڭ يىغىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەلۇم ۋاقىت، مەلۇم ئورۇندا پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ ھەج قىلىشىنى پەرز قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايرىمچىلىق ۋە بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىنتايىن قاتتىق ئاگاھلاندۇراتتى، مەيلى سەپەردە ياكى يۇرتىدا بولسا ئۆم - جامائەت بولۇشقا، ئىتتىپاق بولۇشقا تەۋسىيە قىلاتتى.

سەئىد ئىبنى مۇسەييەبدىن بايان قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەيتان بىر، ئىككى ئادەمنى قەستلەيدۇ، ئۈچ ئادەم بولسا قەستلىيەلمەيدۇ.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كارۋان دەم ئالغان ۋاقىتدا ئەزالىرىنىڭ خۇددى ئارىدا ھېچقانداق تونۇشلۇقى يوقتەك ئۇيان - بۇيان تاراپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بۇنداق مەنزىرىنى ياقتۇرمىغان ۋە ئۇنىڭدىن قاچقان.

ئەبۇ سەئلەبەدىن بايان قىلىنىشىچە كىشىلەر بىرەر مەنزىلگە يېتىپ چۈشۈپ دەم ئېلىش ئۈچۈن توختىغان ۋاقىتلىرىدا چىغىر يوللار ۋە جىلغىلارغا تاراپ كېتىدىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ مۇنداق دەپتۇ: «سىلەرنىڭ بۇنداق تارقىلىپ كېتىشىڭلار شەيتاندىندۇر، شۇ گەپنى دېگەندىن كېيىن ئۇلار بىرەر مەنزىلگە چۈشسىلا بىر يەردە ئولتۇرىشاتتى، ھەتتا بىر كىيىم بىلەن ئوراپ ئالغىلى بولاتتى.»[2] مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنىڭ، تەپەككۇرلىرىنىڭ، ئاڭ - سەۋىيەلىرىنىڭ بىردەكلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.

[1] ئىمام مالىك.
[2] ئىمام ئەبۇداۋۇد.



www.munber.org

ھەقىقەت كىشىلەرنى جەملىمىسە زالالەت ئۇلارنى ئايرىۋاتىدۇ. ئەگەر ھەمىمىدىن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۇلارنى بىرلەشتۈرمىسە، شەيتانغا چوقۇنۇش ئۇلارنى تىرە - پىرەڭ قىلىۋېتىدۇ. ئاخىرەت نېئمىتى ئۇلارنى ئازۇ - ئارمانغا سالمىسا دۇنيانىڭ ھوزۇرىنى دەپ جېدەللىشىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار جەڭگى - جېدەل قىلىشىش قاراڭغۇلۇقىدا تولغان جاھىلىيەتنىڭ ئاسارەتلىرىدىن، ئىمانسىز كىشىلەرنىڭ ئادەتلىرىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەندىن كېيىن بىر - بىرىڭلارنىڭ گەدەنلىرىگە ئۇرۇشۇپ كاپىر بولۇپ كەتمەڭلار.»[1]

يەنى بۇنداق قانلىق جەڭگى - جېدەل بولسا ئۆز ئىچىدىن بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشىدىغان گۇرۇھلارغا بۆلۈنىدىغان كاپىرلارنىڭ ئىشىدۇر.

كىشىلەرنىڭ ئەقلى ئىقتىدارى ئوخشاش بولمىغاچقا چۈشەنچىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ئىسلام دىنى شەرىئەتلىرى كەڭ - كۇشادە يولغا قويۇلدى. خاتالاشقۇچىغا بىر ئەجىر، توغرا تاپقۇچىغا ئىككى ئەجىر بېرىلىدى، ئاخىرىدا پەقەت ھەقىقەتنى چىن ئىخلاس بىلەن ئىزدىگەن بولسا تونۇش ۋە ئەمەل قىلىشقا قىزىققان بولسىلا ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ كەڭ قوينىغا ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھۆكۈم چىقارغۇچى تىرىشىپ توغرا ھۆكۈم چىقارغان بولسا ئىككى ئەجىرى، تىرىشىپ خاتا ھۆكۈم چىقارغان بولسا بىر ئەجىرى بېرىلىدۇ.»[2]

خۇددى ئۆزۈڭ كۆرگىنىڭدەك پەقەت نىيەت ساپ بولسا نەتىجە قانداق بولۇشىدىن قەتئىنەزەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دىنى يول قويغانغا نېمە ئۈچۈن ئىنسانىيەت يول قويمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزئارا بۇنداق جەۋرى - جاپالارنى پەيدا قىلىدىغاندۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قاراپ كېتىۋاتقان مۇجاھىرلارغا ئەسىر نامىزىنى پەقەت «بەني قۇرەيزە» دېگەن جايغا بېرىپ ئاندىن

---

[1] ئىمام تىرمىزى.
[2] ئىمام بۇخارى.



www.munber.org



ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغاندا بەزىلەر بۇ تەۋسىيەنى ئەسىرنىڭ ۋاقتى چىقىپ كەتمىسىلا شۇ يەرگە بېرىپ ئوقۇڭلار دېمەكچى، ئەگەر ئۇ يەرگە بارغۇچە ۋاقتى چىقىپ كېتىشى ئېھتىمالى بولسا يولدا ئوقۇيمىز دەپ يولدا ئوقۇغان، يەنە بەزىلەر يۈزەكى چۈشىنىپ گەرچە نامازنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتسىمۇ شۇ يەرگە بارغاندا ئاندىن ئوقۇيمىز دەپ ئويلاپ تۈن قاراڭغۇسىدا ئەسىر نامىزىنى ئوقۇغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا ھەر ئىككى گۇرۇھنىڭ چۈشەنچىسىنى قوبۇل قىلغان ۋە تۈپ بىر سەپكە ئايلاندۇرۇپ دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشقا ئاتلاندۇرغان.

مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئىلمي ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىش روھىدۇر.

بىر شەيخكە: مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇچراشقىن ئۇلار بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشەي دەپ قېلىشتى دېيىلىپتۇ. شەيخ: نېمە ئۈچۈن؟ دەپ سورىغان ئىكەن: «تەراۋىھ نامىزىنى بەزىلەر 8 رەكئەت ئوقۇيمىز دېسە يەنە بەزىلەر 20 رەكئەت ئوقۇيمىز دەيدۇ: دېيىلىپتۇ، شەيخ: نېمە قىلىمەن؟ دەپ سورىغان ئىكەن: سىلىنىڭ پەتىۋا بېرىشلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ دېيىلىپتۇ، شەيخ بۇچاغدا: شۇنداق پەتىۋا بېرىمەنكى مەسچىتنىڭ دەرۋازىسى تاقىلىپ تەراۋىھ ناماز ئوقۇلمىسۇن، چۈنكى ئۇ نەپلە ئىبادەت، باشقا ئىبادەت ئەمەس، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىك - ئىتتىپاقلىقى بولسا پەرزدۇر، پەرزنى يىقىتىپ نەپلىنى تۇرغۇزغان نەدە بار ئىكەن؟! ئاللاھقا ئىخلاس قىلىش، دىنى نەسىھەت قىلىش، خەلققە ۋەز - نەسىھەت قىلىشلاردا جېدەل - ماجىرا، تالاش - تارتىشلارنىڭ بولماسلىقى بەكمۇ مۇھىم، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ ئۇممەتنى ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ كۆلەڭگۈلىرىدىن ساقلاش توغرىسىدىكى تەلىماتلىرىغا ئۈيغۇنلىشىش ئۈچۈن ئالىملار مەلۇم يامانلىقنى ئۆزگەرتكەندە تېخىمۇ چوڭ يامانلىققا ئېلىپ بېرىش ئېھتىماللىقى بولسا ئۇ يامانلىقنى ئۆزگەرتمەسلىكى كېرەك، چۈنكى ئىككىسىنىڭ ئىچىدىن زىيىنى ئازراقىنى تاللاپ ئېلىش كېرەك دەپ پەتىۋا بېرىدۇ. دوختۇرغا قاراڭ، ئەگەر سىز ئوپېراتسىيە قىلىشقا تېگىشلىك بىرەر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ بەدىنىڭىز ئوپېراتسىيەگە بەرداشلىق بېرەلمىسە



www.munber.org

ئوپېراتسىيەنى قىلىدۇ، ئەگەر بەرداشلىق بېرەلمىسە ئوپېراتسىيەنى قىلماي كېسەلنى داۋالىماي قالدۇرۇپ قويىدۇ ئەمەسمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارىلار بىلەن بەيئەت قىلىشقاندا «مەيلى قىيىنچىلىقتا بولسۇن ياكى ئاسانلىقتا بولسۇن، مەيلى ئىختىيارى بولسۇن ياكى مەجبۇرى بولسۇن ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىش، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن بىلىش» توغرىسىدا بەيئەت قىلىشقان ئىدى.

يەنى ياخشى بەندە دۇنيادىكى نېسىۋىسىنى يوقىتىپ قويغانلىقىغا پەرۋا قىلماسلىقى، بىرەر مەنسەپتىن چۈشۈرۈۋېتىسە ياكى ئىش ھەققى كەم بېرىلىپ قالسا ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ئالەمنى مالەم قىلماسلىقى كېرەك، چۈنكى دۇنيا ئۇچۇن بۇنچىۋالا غەزەپلىنىش خۇددى ئاللاھ ئېيتقاندەك مۇناپىقلارنىڭ ئالامىتىدۇر.

﴿وَمِنْهُم مَّن يَلْمِزُكَ فِي الصَّدَقَاتِ فَإِنْ أُعْطُواْ مِنْهَا رَضُواْ وَإِن لَّمْ يُعْطَوْاْ مِنهَا إِذَا هُمْ يَسْخَطُونَ﴾

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ بىرسى سېنىڭ سەدىقە (ۋە غەنىمەت) لەرنى تەقسىم قىلىشىڭنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارغا ئۇنىڭدىن بېرىلسە خۇش بولىدۇ، بېرىلمىسە خاپا بولۇشىدۇ.﴾[1]

ھازىرقى ئىتتىپاقسىزلىقلارنىڭ كۆپ قىسمىغا ئوبدان قاراپ باقىدىغان بولسىڭىز، ئۇلارنىڭ كەينىگە دۇنيانى ياخشى كۆرۈش، شەخسىيەتچىلىك يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىسىز. بىرلىك، ئىتتىپاقلىق كۈچ ـ قۇۋۋەتتۇر، بۇ ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرىدا شۇنداق بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئۇ دۇنيادىكى قانۇنىيەتلەر ئىچىدىكى مۇھىم بىر قانۇنىيەتتۇر. ئاجىز يىپىقا ئۆزىگە ئوخشاش يىپلاردىن قوشۇلسا مەزمۇت ئارغامچىغا ئايلىنىدۇ، بۇ پايانسىز دۇنيامۇ نۇرغۇنلىغان زەررىچىلەرنىڭ بىرىكمىسىدىن ئىبارەت.

[1] سۈرە تەۋبە: 58



www.munber.org



بىر ھەكىم ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا بالىلىرىغا ئىتتىپاقلىق توغرىسىدا بىر دەرس بەرمەكچى بولۇپ، بىر باغلام تاياقچىلارنى ئېلىپ كېلىپ ئۇشتۇشقا بېرىپتۇ، نەتىجىدە ھېچقايسىسى ئۇنى ئۇشتۇيالماپتۇ، باغلانچىسىنى يېشىپ بىر تالىدىن ئۇشتۇقۇزۇپتىكەن، بىر ـ بىرىدىن ئۇشتۇپ ھەممىنى ئۇشتۇۋېتىپتۇ.

دېمەك ئىتتىپاقسىزلىق كۈچلۈك خەلقلەرنى ئاجىزلەشتۈرسە، ئاجىز خەلقلەرنى ھالاك قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلار «بەدرى» غازاتىدا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارغا قىلىدىغان تۇنجى نەسىھەتى سەپلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئۆزئارا ئۆم، ئىتتىپاق بولۇشتىن ئىبارەت بولدى.

نەپسلەر غەنىمەتلەرگە تەقەززا بولۇپ، بۆلۈشۈپ ئۆز نېسىۋىلىرىنى ئېلىش كويىدا بولۇشقاندا ئاللاھنىڭ بۇ ئايىتى نازىل بولدى:

﴿يَسْأَلُونَكَ عَنِ الأَنفَالِ قُلِ الأَنفَالُ لِلّهِ وَالرَّسُولِ فَاتَّقُواْ اللّهَ وَأَصْلِحُواْ ذَاتَ بِيْنِكُمْ وَأَطِيعُواْ اللّهَ وَرَسُولَهُ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ﴾

﴿(ئى مۇھەممەد!) ساھابىلىرىڭ) غەنىمەتلەر (نى قانداق تەقسىم قىلىشىڭ) توغرىلىق سەندىن سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، (غەنىمەتلەر) ‹توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش› ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاستۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، (ئىختىلاپ قىلىشماي ئىتتىپاق بولۇپ) ئاراڭلارنى تۈزەڭلار، ئەگەر سىلەر مۆئمىن بولساڭلار ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار.﴾[1]

ئاندىن كېيىن ئۇلارغا ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتا ئىتتىپاقلىشىشنىڭ ئەمەلىي غەلىبە ۋە كۈچ ـ قۇدرەت يولى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى.

﴿وَأَطِيعُواْ اللّهَ وَرَسُولَهُ وَلاَ تَنَازَعُواْ فَتَفْشَلُواْ وَتَذْهَبَ رِيحُكُمْ﴾

[1] سۈرە ئەنفال: 1

﴿(پۈتۈن سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ.﴾[1]

ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلمايدىغان كىشىلەردەك دۇنياغا دۇم چۈشۈشتىن، ساختا مەنپەئەتلەرگە ھېرىسمەن بولۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ:

﴿وَلاَ تَكُونُواْ كَالَّذِينَ خَرَجُواْ مِن دِيَارِهِم بَطَرًا وَرِئَاء النَّاسِ وَيَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ اللّهِ﴾

﴿يۇرتلىرىدىن چوڭچىلىق ۋە رىيا بىلەن چىققان كىشىلەر (يەنى قۇرەيش مۇشرىكلىرىگە) ئوخشاش بولماڭلار، ئۇلار (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسىدۇ﴾[2]

كېيىن مۇسۇلمانلار «ئوھۇد» غازىتىدا 70 نەپەر قەھرىمانىدىن ئايرىلىپ ئېغىر تالاپەت تارتتى. مەغلۇب بولۇش بىلەن كاپىرلارنىڭ كۆرەڭلىشىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئاچچىق ئازابنى يۇتۇپ مەدىنىگە قايتۇرۇۋېتىلدى. ئۇلار ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان، ھەقىقەتنى مۇداپىئە قىلغان بولغاچقا غەلىبە قىلىشقا لايىق تۇرۇقلۇق ئۇلار نېمە ئۈچۈن شۇنداق مەغلۇب بولدى؟ بۇنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ئۆزئارا تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ، گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈشۈپ — ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلىشقان ئىدى، ﴿ئاللاھ سىلەرگە قىلغان (دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى نۇسرەت ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت) ۋەدىسىدە تۇردى﴾.

[1] سۈرە ئەنفال: 46
[2] سۈرە ئەنفال: 47



www.munber.org



﴿وَلَقَدْ صَدَقَكُمُ اللّهُ وَعْدَهُ إِذْ تَحُسُّونَهُم بِإِذْنِهِ حَتَّى إِذَا فَشِلْتُمْ وَتَنَازَعْتُمْ فِي الأَمْرِ وَعَصَيْتُم مِّن بَعْدِ مَا أَرَاكُم مَّا تُحِبُّونَ مِنكُم مَّن يُرِيدُ الدُّنْيَا وَمِنكُم مَّن يُرِيدُ الآخِرَةَ ثُمَّ صَرَفَكُمْ عَنْهُمْ لِيَبْتَلِيَكُمْ﴾

﴿ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارنى قىرىۋاتاتتىڭلار، ئاللاھ سىلەر ياقتۇرىدىغان غەلىبىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن زەئىپلىشىپ قالدىڭلار، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرى توغرىسىدا جاڭجاللاشتىڭلار (پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنمىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار، ئاندىن ئاللاھ سىناش ئۈچۈن سىلەردىن دۈشمەننى قايتۇردى، (يەنى سىلەرنى غەلىبىدىن مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈردى)﴾[1]

ئەگەر مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ تارىختىكى مۇشۇنداق قىيىن باسقۇچنىڭ ئەھۋاللىرىنى چۈشەنگەن بولسا ئىدى، ئۆزلىرىگە كەلگەن نومۇسنىڭ ئىتتىپاقلىقنىڭ بۇزۇلغانلىقى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ ھەر كويغا سالغانلىقىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى چۈشەنگەن بولاتتى.

ھازىرقى خرىستىئان ۋە يەھۇدىي قىساسچىلىرىنىڭ ئىسلام دۆلىتىنى يىمىرىپ، بايلىقلارنى تارتىۋېلىش توغرىسىدىكى پىلانى پەقەت مۇسۇلمانلارنى ئاجىز گۇرۇھلارغا ۋە ئارىسىدا سەۋەبسىز تالاش ـ تارتىش، قوزغىلاڭلار بولۇپ تۇرىدىغان، بىر ـ بىرىگە دۈشمەن دۆلەتلەرگە بۆلۈۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئەمەلگە ئاشتى، غەربنىڭ شەرقنى ئىگىلەش ۋە ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش سىياسىتى «پارچىلا، خوجايىن بولىسەن» دېگەندىن ئىبارەت.

ئىسلام دىنى ئۈممەتنىڭ تىنچ — ئامان بولۇشىغا، مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىختىلاپنىڭ ئىزنالىرىنى يوقىتىدۇ، پۈتۈن شەخسلەرنى ئۈممەتنى ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ پاتقاقلىرىدىن چىقىرىپ ئېلىشقا، ئۇنىڭ زۇلمەتلىك

[1] سۈرە ئال ئىمران: 152



www.munber.org

ئاقىۋەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا چاقىردۇ: «ئاللاھنىڭ قولى جامائەتنىڭ ئۈستىدىدۇر، كىمكى ئايرىمچىلىق قىلسا دوزاختا ئايرىم بولىدۇ.»

ئىسلام دۈشمەنلىرى شۇ ئارقىلىق ئىمكانىيەتكە ئىگە بولۇش، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن ئۈممەتنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن قوللىرىنى بىر شەخسنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ، ھەربىر شەخسنى توپتىن ئايرىماقچى بولىدۇ، ئىسلام دىنى جامائەتنى ئۇنىڭ خەتىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن توپتىن ئايرىلىپ قالغان بۇ شەخسنى ئاۋال بىر تەرەپ قىلماقچى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئۆم ھالدىكى مۇشۇ ئۈممەتنى ئايرىۋەتمەكچى بولىدىكەن، كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇنى قىلىچ بىلەن ئۇرۇڭلار.»[1]

كىمكى جامائەتتىن ئايرىلىپ چىقىدىكەن دۇنيادا ئۇنىڭ جازاسىنى تارتقاندىن باشقا ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنىڭ مەزمۇنىغا كىرىپ قالىدۇ:

﴿وَمَن يُشَاقِقِ الرَّسُولَ مِن بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُ الْهُدَى وَيَتَّبِعْ غَيْرَ سَبِيلِ الْمُؤْمِنِينَ نُوَلِّهِ مَا تَوَلَّى وَنُصْلِهِ جَهَنَّمَ وَسَاءَتْ مَصِيرًا﴾

﴿كىمكى ئۆزىگە (مۆجىزىلەر ئارقىلىق) توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە) مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۆئمىنلەرنىڭ يولىدىن غەيرىگە ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمە دېگەن يامان جاي!﴾[2]

بەزى كىشىلەرنىڭ مىجەزى ئۇسالراق بولۇپ تولۇق ئىتتىپاقلاشمىغان ئۈممەت ئىچىدە باش كۆتۈرەلىسىمۇ، ئەمما ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرى كۆرۈنگەن ھامان ئەنە شۇلار تۇنجى بولۇپ، ئىتتىپاقسىزلىق قىلىدۇ ۋە ئىتتىپاقسىزلىق قىلغۇچىلارنى قارشى ئالىدۇ، قارىماققا مەلۇم

[1] ئىمام مۇسلىم.
[2] سۈرە نىسا: 115



www.munber.org



پرىنسىپ ئۈستىدە بىرلىككە كەلگەندەك قىلسىمۇ ئەمەلىيەتتە ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئىچىدە مىڭ قۇرت مىغىلدايدۇ! شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئىتائەتتىن چىقىپ جامائەتتىن ئايرىلىپ، شۇ ھالەتتە ۋاپات بولسا جاھىلىيەتتە ئۆلگەن بولىدۇ.»[1] يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كىمكى مەيلى ياخشىسى ياكى يامىنى بولسۇن ئۈممىتىگە قارشى چىقسا، مۆئمىنىدىن تارتىنمىسا ئەھدە قىلغانلارغا ۋاپا قىلمىسا بۇنداق ئادەم مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس، ئۈممىتىممۇ ئۇنىڭ قاتارىدىن ئەمەس.»[2]

ئەخلاقى - پەزىلەت ئىگىلىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى، ئۈممەت بىلىم ئىگىلىرىدىن پايدىلىنىشى لازىم. ھالبۇكى قانداق ئادەم مەنسەپكە ھېرىسمەن بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى، بىلىم قۇرۇلمىسى قانچە يېتەرلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ ئۆزىگىمۇ پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۈممەتمۇ ئۇنىڭدىن پايدىلىنالمايدۇ، چۈنكى كاتتىتىۋاشلىقنى ئۈمىد قىلغۇچى ئاللاھنىڭ تەۋپىق - ھىدايىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ئاللاھنىڭ تەۋپىق - ھىدايىتىدىن مەھرۇم قالغان ئادەم ھەرقانچە تالانتلىق بولسىمۇ شۇملۇق ئېلىپ كەلگۈچىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى ھوقۇق تەلەپ قىلغۇچىلارنى مەقستىگە يەتكۈزمەسلىكنى قارار قىلدى.

ئەبۇ مۇسا ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن تاغامنىڭ جەمەتىدىن بولغان ئىككى ئادەم بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرگەن ئىدۇق، ئۇلارنىڭ بىرى: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، بىزنى ئاللاھ سىلىگە تاپشۇرغان ئىشنىڭ بىرەرسىگە ئەمىر قىلىپ قويسىلا› دېدى، يەنە بىرسىمۇ شۇنداق تەلەپ قويدى، بۇ چاغدا

[1] ئىمام بۇخارى.
[2] ئىمام مۇسلىم.



www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «‹ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ئەمەلنى تەلەپ قىلغان ياكى قىزىققان ئادەمگە بەرمەيمىز› دېدى.»①

## دوست تۇتۇش

دوستلۇقنىڭ روھى ۋە ئەقلىي جەھەتتە چوڭ تەسىرى بار. ئۇ جامائەتنىڭ ئىلگىرىلىشى ياكى ئارقىدا قېلىشى، جىددىيلىشىشى ياكى خاتىرجەملىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئىسلام دىنى بۇنداق ئالاقىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، بۇ خىل ئالاقە خالىس ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن بولغان بولسا ئاللاھ ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە راۋاج بېرىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا ئىگىلىرىگە قايتۇرىلىدۇ:

﴿الْأَخِلَّاء يَوْمَئِذٍ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ إِلَّا الْمُتَّقِينَ❖ يَا عِبَادِ لَا خَوْفٌ عَلَيْكُمُ الْيَوْمَ وَلَا أَنتُمْ تَحْزَنُونَ﴾

﴿بۇ كۈندە دوستلار بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ، پەقەت (خۇدالىق ئۈچۈن دوستلاشقان) تەقۋادارلارلا (ئۇنداق ئەمەستۇر) (ئۇلارغا) ‹بەندىلىرىم! بۈگۈن سىلەرگە قورقۇنچ يوق، غەم ـ قايغۇمۇ يوق› (دېيىلىدۇ)﴾.②

شۈبھىسىزكى ئىسلام دىنى خۇددى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىتتىپاقلىق، بىرلىك دىنىدۇر. كىشىلەر بىلەن تونۇشۇش، ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈش دېگەنلەر ئىسلام دىنى تەلىماتلىرىدا ناھايىتى يۇقىرى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ خەلقنى يالغۇز ياشاشقا ۋە ھاياتلىق ئىشلىرىدىن قېچىشقا دەۋەت قىلغىنى يوق، مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ھويلىدا يالغۇز ئۆتۈش ياكى ئىبادەتخانىدا يالغۇز ئىبادەت قىلىش بىلەن ئادا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەنمۇ ئەمەس، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئاللاھ

---
① ئىمام بۇخارى.
② سۈرە زۇخرۇق: 67-68



www.munber.org

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى
خلق المسلم

بۇنداق بېكىنمىچى، ئاجىزلارغا يۇقىرى مەرتىۋىلەرنى ئاتا قىلمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىدىغان، ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋرى قىلىدىغان مۆئمىن، كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان، ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋرى قىلمايدىغان مۆئمىندىن ياخشى.»①

جامائەت نامازلىرى كىملەرگە بەلگىلەنگەن؟ جۈمە نامىزى كىملەرگە پەرز قىلىنغان؟ جىھادنىڭ يۈكلىرىنى كىم كۆتۈرىدۇ؟ قىيىنچىلىقلىرىغا كىملەر بەرداشلىق بېرەلەيدۇ؟ مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى مەيلى خاس كىشىلەر بىلەن بولسۇن ياكى كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولسۇن زىچ ئالاقە باغلىغان بىر ئۈممەتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبنى ئابباسدىن كۈندۈزى روزا تۇتۇپ كېچىسى ناماز ئوقۇيدىغان ئەمما جۈمە ۋە جامائەت نامازلىرىغا قاتناشمايدىغان ئادەم توغرىسىدا تەكرار سورالغاندا دوزاخ ئەھلىدىن ئىكەنلىكىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئېيتقان.②

چۈنكى ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغ دىنى پائالىيەتلەرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇشلىرىنى، شۇ پائالىيەتلەرنىڭ پاك مۇھىت، ساپ دوستلۇق ۋە چوڭقۇر ئىخلاسمەنلىك، كۆيۈنۈش تۇيغۇلىرىغا ئىگە بولۇشلىرىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىدۇ. مۇسۇلماننىڭ جەم بولغان قېرىنداشلىرى قانچە كۆپ بولسا ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلىدىغان بەرىكەتلىرىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ھەدىستە شۇنداق دېيىلىدۇ: «ئادەمنىڭ يەنە بىرسى بىلەن ئوقۇغان نامىزى يالغۇز ئوقۇغان نامىزىدىن تەقۋالىقتا يېقىنراقدۇر، ئۇنىڭ ئىككى ئادەم بىلەن بىرگە ئوقۇغان نامىزى بىر ئادەم بىلەن بىرگە ئوقۇغان نامىزىدىن تەقۋادارلىقتا يېقىنراقدۇر، بىرگە

---
① ئىمام تىرمىزى.
② ئىمام تىرمىزى.



www.munber.org

ئوقۇغان ئادەم قانچە كۆپ بولسا ئۇ نامازنى ئاللاھ شۇنچە ياخشى كۆرىدۇ.»[1]

يەنە بىر بايانتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئىككى ئادەمنىڭ بىر ـ بىرىگە ئىمام بولۇپ ئوقۇغان نامىزى 4 ئادەمنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ئوقۇغۇغان نامىزىدىن تەقۋادارلىققا يېقىنراقتۇر، تۆت ئادەمنىڭ بىرگە ئوقۇغان نامىزى ئاللاھ دەرگاھىدا 8 ئادەمنىڭ ئايرىم ئوقۇغان نامىزىدىن تەقۋادارلىققا يېقىنراقدۇر، 8 ئادەمنىڭ بىرسى ئىمام بولۇپ بىرگە ئوقۇغان نامىزى ئاللاھ دەرگاھىدا 100 ئادەمنىڭ يالغۇز ئوقۇغان نامىزىدىن تەقۋادارلىققا يېقىنراقدۇر.»

يۇقىرىقى ھەدىسلەردىن ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلار جامائەسىنى كۆپەيتىشكە، ئۇلارنى يالغۇز، تارقاق ھالەتتە ئەمەس، بەلكى توپلاشقان ھالەتتە كۆرۈشكە بولغان رىغبىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ھالبۇكى، بىكىنمىچىلىك، دوستلۇق، ئۆزئارا ئالاقە قاتارلىقلار نۇرغۇن ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

بىكىنمىچىلىك، جامائەتكە ئارىلاشماسلىق خەلقنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش پۇرسىتىنى كەتكۈزۈپ قويىدۇ، ئىسلام مۇداپىئەسىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئۇ ھېچقانداق ئۆزرە قوبۇل قىلىنمايدىغان گۇناھدۇر.

كىشىلەرنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى خىلمۇخىل بولىدۇ، بەزىلىرى ئاممىۋى سورۇنلارغا بېرىشقا ئامراق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپىدىكىلەر بىلەن تېز چىقىشىپ كېتىدۇ، ھەتتا دوستلىشىپمۇ بولىدۇ، يەنە بەزى كىشىلەر ئاممىۋىي سورۇنلارغا ئاز بارىدىغان ياكى بارمايدىغان بولغاچقا ياتسىراپ قالىدۇ، ئەتراپىتىكىلەر بىلەن ئەركىن ـ ئازادە پاراڭلىشالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن قورۇنۇش ئىلكىدە ئەتراپىتىكىلەرگە باشقىچە كۆز بىلەن

[1] ئىمام ئەھمەد





قارايدۇ، گەرچە باشقىلار ئۇچرىششىنى ئويلىغان بولسىمۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈيدۇ.

ئىسلام دىنى بۇ ئىككى خاراكتېردىكى كىشىلەرگىمۇ مۇۋاپىق يول كۆرسەتكەن.

ئىسلام دىنى شەھەر مالىمانچىلىق بولۇپ، خەلقى دۇنياغا زىيادە بېرىلىپ ئەخلاق ـ پەزىلەتلەر چەمبىرىكى بۇزۇلغان بولسا، قول بىلەن، ئامال بولمىغاندا تىل بىلەن، يەنە ئامال بولمىغاندا قەلب بىلەن قارشى تۇرۇش ۋە قارشى تۇرۇشقا پۇرسەت بولمىغاندا بۇنداق بۇزۇق ۋەزىيەتتىن، پىتنە ـ پاساتلاردىن ئايرىلىشنى دۇرۇس قىلدى. تىل بىلەن ئۆزگەرتىش ئىمكانىيىتى بولسا ئۇنداقتا پىتنە ـ پاساتتىن ئايرىلىش چەكلىنىدۇ، پىتنە ـ پاساتتىن قېچىش باشقا چارە ـ ئامال قىلالمىغان ئاجىزلارنىڭ ئىشى بولۇپ بىرەر ۋاستە بىلەن پىتنە پاساتنى پەسەيتىش ئىمكانىيىتى بولسا، خۇددى يۇقىرىدا دېيىلگەندەك ئايرىلىشنىڭ ئۆزى چوڭ گۇناھدۇر.

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسنى يۇقىرىقى بايانلىرىمىزنىڭ نۇرى ئاستىدا ئاندىن چۈشىنىش مۇمكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كىشىلەرنىڭ قايسىسى پەزىلەتلىكرەك، دەپ سورالغان ئىكەن: «ئاللاھ يولىدا جېنى ۋە مېلى بىلەن جىھاد قىلغان كىشى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، يەنە كىم پەزىلەتلىكرەك؟ دەپ سورالغان ئىكەن «چىغىر يوللاردا ئايرىم يۈرۈپ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلغان كىشى»[1] دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

دېمەك، پىتنە ـ پاساتنى ئۆزگەرتىشكە پەقەت ئىمكانىيەت بولمىسا ئۆزىنىڭ دىن ـ دىيانىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئايرىلىش ئارقىلىق قارشىلىقنى بىلدۈرگەن كىشىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن.

ئەمما ئىنسان دوستلار بىلەن ئارىلىشىش ۋە ئايرىلىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قولغا كېلىدىغان ئىشلاردا ئۆزئارا ھەمكارلىششى، بولمىسا ۋاقتىنى ئىسراپ قىلماسلىقى كېرەك، دېمەك

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم.



www.munber.org

دوستلار بىلەن بىرگە بولۇش، ۋاقتىنى ئۇغرىلايدىغان توزاققا ئايلىنىپ قالسا بولمايدۇ.

❖ ❖ ❖

دوستلۇق ئاللاھ رازىلىقى، ئىمان، ئېتىقاد ئۈچۈن خالىس بولۇشى، ئىمان ئۈچۈن دوستلىشىشى، ئىمان ئۈچۈن ئايرىلىشى لازىم، قوي پادىلىرى سۇ مەنبىئىگە توپلانغانغا ئوخشاش ئىنسانلارمۇ مەلۇم بايلىق ئۈچۈن جەم بولسا گەرچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇستەھكەم ئالاقە ئورنىتىلغان بولسىمۇ بۇ خىل ئالاقە ھەقىقەت ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈش، ھەمكارلىشىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئالاقىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى ساپ دوستلۇقنى قەدىرلەپ، پۈتۈن مۆئمىنلەرنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن دوستلىشىش ۋە دوستلۇقنى داۋاملاشتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى ۋە ئالىي دەرىجىلەرنى ۋەدە قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ، ئاللاھ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇم بىلەن دوستلاشقۇچىلار مېنىڭ سايەمدىن باشقا سايە بولمىغان شۇ كۈندە ئەرشنىڭ ئاستىدا سايىدايدۇ»[1]

ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن بايان قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن نۇرغۇن كىشىلەر باركى ئۇلار پەيغەمبەرمۇ ئەمەس ياكى شەھىدلەر ئەمەس، قىيامەت كۈنىسى پەيغەمبەر ۋە شەھىدلەر ئاللاھ دەرگاھىدا ئۇلارغا بېرىلگەن يۇقىرى مەرتىۋىنى كۆرۈپ ئۆزلىرىمۇ ئارزۇ قىلىشىپ قالىدۇ.» دېۋىدى ساھابىلار: «بىزگە ئېيتىپ بەرسىلە، ئۇلار قانداق كىشىلەر؟» دەپ سوراشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ: «ئارىسىدا قان قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ياكى ئىقتىسادى مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ پەقەت ئاللاھنىڭ روھى بىلەن دوست بولۇشقان كىشىلەردۇر، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى،

[1] ئىمام ئەھمەد.



www.munber.org



ئۇلارنىڭ يۈزلىرى نۇرلۇقتۇر، ئۆزلىرىمۇ نۇر ئۈستىدىدۇر، كىشىلەر قورققاندا ئۇلار قورقمايدۇ، كىشىلەر غەم قىلغاندا ئۇلار غەم قىلمايدۇ» دېدى ۋە «ئۇ كۈندە ئاللاھنىڭ دوستلىرى قورقمايدۇ، غەم قىلمايدۇ» دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ ئۈچۈن دوست تۇتۇش ئىشى ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ، ئىنسان دەسلەپتە پەرۋەردىگارىنى ھەقىقي يوسۇندا تونۇشى، ئاندىن كېيىن بۇ تونۇش تېخىمۇ كۈچىيىپ ئاللاھتىن باشقا ھەممە نەرسىنى قۇربان قىلالايدىغان دەرىجىگە يېتىش، ئاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ زاتىنى ياخشى كۆرۈپ، ئاللاھ ئۈچۈن ئىشلەشنى ئەۋزەل بىلىدىغان دەرىجىگە يېتىش كېرەك. ئەنە شۇ چاغدا ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرۈش مۇقامىغا يېتەلەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىسلەت بار، كىمدە بۇ ئۈچ خىسلەت تېپىلسا ئۇ ئادەم ئىماننىڭ ھالاۋىتى ۋە تەمىنى تېتىغان بولىدۇ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ھەممىدىن بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان بولۇش، ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈپ، ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرىدىغان بولۇش، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن كۆرە، چوڭ، كۈچلۈك ئوتقا تاشلىنىشنى ئەۋزەل بىلىدىغان بولۇشتىن ئىبارەت.»[1]

ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ئىماننىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى بولغانلىقى، ئۇنىڭ مېۋىسى پەقەت ئىخلاسمەنلىك ھارارىتى بىلەن تاۋلانغان كىشىلەردىلا ئاشكارا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ خىل ياخشى كۆرۈشنىڭ تېششى ئالىي مۇكاپاتلىنىشىغا تېگىشلىك ساپ ۋە مۇكەممەللىكنىڭ ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئۈچۈن خالىس دوست بولۇشقان ئىككى ئادەمنىڭ ئىچىدە قايسى قېرىندىشىنى بەكرەك ياخشى كۆرگەن بولسا ئاللاھ ئۇنى شۇنچە ياخشى كۆرىدۇ.»[2]

[1] ئىمام مۇسلىم.
[2] تەبرانىي.



www.munber.org

❖ ❖ ❖

ئاللاھ ئۈچۈن دوستلاشقان ھەرئىككى قېرىنداش ئاللاھنىڭ ھىمايىسى ۋە مۇھاپىزىتىدە بولىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەدىن ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ شۇنداق دەيدۇكى:

«مەن ئۈچۈن دوستلاشقان كىشىلەرگە مېنىڭ ياخشى كۆرۈشۈم لايىق بولدى، مەن ئۈچۈن يوقلاشقان كىشىلەرگە مېنىڭ ياخشى كۆرۈشۈم لايىق بولدى، مەن ئۈچۈن بېرىشكەن كىشىلەرگە مېنىڭ ياخشى كۆرۈشۈم لايىق بولدى، مەن ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشكەن كىشىلەرگە مېنىڭ ياخشى كۆرۈشۈم لايىق بولدى.»[1]

دوست دوستىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئادەم دوست بولۇشماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ ئەسلى - ۋەسلىنى ئوبدان تەكشۈرۈپ كۆرۈپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن دوستلىشىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئادەم دوستىنىڭ خۇي - پەيلىنى ئالىدۇ، ھەر بىرىڭلار دوست بولۇشماقچى بولغان ئادەمگە قاراپ باقسۇن.»[2]

دوستلاشقان كىشىلەر مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشى ھەق - ھوقۇقنى ساقلاشقا ياردەم بېرىپ يامانلىق ۋە ھارام يوللاردىن چەكلەيدىغان ئادەملەر بولسا ئۇلارنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ دوستلۇقنى ساقلاش كېرەك. بولمىسا گۇمراھلىق يوللارنى زىننەتلەپ كۆرسىتىپ تۇرلۇك ئازغۇنلۇق ۋە لەغۋى - لەئەپ ئىشلىرىدا بىرگە ھەمدەم بولۇشىدىغان كىشىلەردىن ئېھتىيات قىلىش لازىم.

شۈبھىسىزكى، ئۇلۇغ دوست دوستىنى دۇنيادا مۇۋەپپەقىيەتكە، ئاخىرەتتە نىجاتلىققا باشلايدۇ. ئالدانغان ئەقىلسىز دوست دوستىغا پەقەت شۇملۇق ئېلىپ كېلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئەنە شۇنداق يامان

---

[1] ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى.
[2] ئىمام ئەبۇداۋۇد.



www.munber.org



دوست تۈپەيلى ئاخىرى ئېغىر پۇشايمان تارتقان ۋە ھالاك بولغان، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَيَوْمَ يَعَضُّ الظَّالِمُ عَلَى يَدَيْهِ يَقُولُ يَا لَيْتَنِي اتَّخَذْتُ مَعَ الرَّسُولِ سَبِيلًا ❖ يَا وَيْلَتَى لَيْتَنِي لَمْ أَتَّخِذْ فُلَانًا خَلِيلًا ❖ لَقَدْ أَضَلَّنِي عَنِ الذِّكْرِ بَعْدَ إِذْ جَاءَنِي وَكَانَ الشَّيْطَانُ لِلْإِنسَانِ خَذُولًا﴾

«شۇ كۈنى زالىم (يەنى كاپىر) ئىككى قولىنى چىشلەپ: ‹ئىسىت! پەيغەمبەر بىلەن (نىجاتلىق) يولىنى تۇتسامچۇ، ئىسىت! پالاننى دوست تۇتمىغان بولسامچۇ؟ قۇرئان ماڭا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ (يەنى پالانى) مېنى قۇرئاندىن، شەك ــ شۈبھىسىزكى ئازدۇردى› دەيدۇ، شەيتان ئىنساننى ‹ئازدۇرۇپ بولۇپ› تاشلىۋېتىدۇ.﴾[1]

خاراكتېر خاراكتېرنى قوبۇل قىلىدۇ، ئىنسان ھەمراھى ماڭغان يولغا تېزلا ماڭىدۇ، خۇددى يۇقۇملۇق كېسەل تەنگە يۇققانغا ئوخشاش ئەخلاق خاراكتېرگە يۇقىدۇ، سورۇندىكىلەرنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھى سورۇننى باشقۇرغۇچىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھىدىن كېلىدۇ.

كۆزۈتۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە يامان ئىش ياخشى ئىشقا قارىغاندا تېزراق تارقىلىدىكەن، تېز ۋەيران قىلىدىكەن، تاماكا چېكىشنى كۆپ ھاللاردا تاماكا چەكمىگەن ئادەم چەككەن ئادەمدىن ئۆگىنىدۇ، ئەمما ئەكسىچە بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر تەسىرلەرنى نەزەردە تۇتۇپ گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى ئادەتلەرنى قوغداش يۈزىسىدىن ھەمراھنى ياخشى تاللاشقا بۇيرىغان ۋە مۇنداق دېگەن: «ياخشى ھەمراھ خۇددى ئىپار تۇتۇپ يۈرگۈچىگە ئوخشايدۇ، سەن ئۇنىڭغا ئىگە بولالمىغان تەقدىردىمۇ

---

[1] سۈرە فۇرقان: 27-29



www.munber.org

خۇش پۇرىقى ساڭا يېتىدۇ، يامان ھەمراھ خۇددى كۆرەك باسقۇچىغا ئوخشاش قارىسى ساڭا تەگمىگەن تەقدىردىمۇ تۈتۈنى ساڭا كېلىدۇ.»[1]

كىچە ياكى كۈندۈزدىكى مەلۇم سائەتلەردە ۋاقىتلىق بىرگە بولىدىغان ھەمراھنىڭ تەسىرى شۇنداق تۇرسا، سەن بىلەن قىيىنچىلىقتىمۇ، خۇشاللىقتىمۇ بىرگە بولىدىغان ئۆمۈرلۈك ھەمراھىڭنىڭ تەسىرى قانچىلىك بولماقچى؟! شۈبھىسىزكى تەقۋادار، پاك كىشىلەرنىڭ دوستلۇقى ئادەمنى مەرتىۋە چوققىسىغا ئېلىپ چىقىدۇ، ئەخمەق، نادان كىشىلەرنىڭ دوستلۇقى بولسا ھاڭغا ئىتتىرىدىغان تېپىلغاق يولدۇر، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وإِنَّ الظَّالِمِينَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاء بَعْضٍ وَاللَّهُ وَلِيُّ الْمُتَّقِينَ ❖ هَذَا بَصَائِرُ لِلنَّاسِ وَهُدًى وَرَحْمَةٌ لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ﴾

﴿شۈبھىسىزكى، (دۇنيادا) زالىملارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە دوستتۇر، ئاللاھ تەقۋادارلارنىڭ دوستىدۇر، بۇ (قۇرئان) ئىنسانلار ئۈچۈن روشەن پاكىتدۇر، ھىدايەتتۇر، (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە) جەزمەن ئىشەنگەن قەۋم ئۈچۈن رەھمەتتۇر.﴾[2]

دوستلۇق كۈچلۈك ئەقىدە ۋە ياخشى ئەمەللەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇشى كېرەك، تۆۋەندىكى ھېكمەتتە ئېيتىلغان كىشىلەرلا مۇناسىۋەتنى ياخشى داۋاملاشتۇرالايدۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە بولغان مايىللىقنى تەڭشىيەلەيدۇ: ﴿كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندا زۇلۇم قىلمىغان، گەپ قىلغاندا يالغان ئېيتمىغان، ۋەدە قىلغاندا خىلاپلىق قىلمىغان ئادەم ئادىمگەرچىلىكى كامالەتكە يەتكەن، ئادىللىقى ئايان بولغان، قېرىنداش بولۇشقا تېگىشلىك بولغان كىشلەر قاتارىدىندۇر.﴾

ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئورنىتىلغان دوستلۇق پەقەت ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن داۋاملىشالايدۇ. ئىككى دوستنىڭ مۇناپىقلىقى ۋە

[1] ئىمام ئەبۇداۋۇد.
[2] سۈرە جاسىيە: 36-37



www.munber.org



بۇزۇقچىلىقتىن يىراق تۇرۇشى بىلەن پاكلىنالايدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ ياكى ھەرئىككىسىنىڭ ھەركىتىگە گۇناھ ئىشلار سىڭىپ كىرگەن بولسا ئۇنداقتا قەلبلەر ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، مېھرى - مۇھەببەت قۇرۇپ كېتىدۇ، ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «روھىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق بىرىنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈشى بىلەن بۇزۇلىدۇ.»

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ھەققەتنى ياقلاش ھەققىدە بىر - بىرىگە ۋەسىيەت قىلىش، ياخشى ئىشلاردا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ئارقىلىق ئارىسىدىكى دوستلۇقنى ساقلايتتى، ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ مەغپىرەت قىلىشى ۋە رازى بولۇشىغا نائىل قىلاتتى.

ئەبۇ قەللابە ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى ئادەم بازاردا ئۇچرىشىپ قېلىپ بىرى يەنە بىرىگە: ‹كەل، كىشىلەر غەپلەتتە يۈرگەن مۇشۇ ۋاقىتتا ئىككىمىز بىرلىكتە ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلايلى› دەپتۇ ۋەشۇنداق قىلىشىپتۇ. مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن بىرى ۋاپات بولۇپ كېتىپتۇ. يەنە بىرى ئۇنى چۈشىدە كۆرگەن ئىكەن، چۈشىدە ئۇنىڭغا: ‹بىلدىڭمۇ، ئاللاھ بىز بازاردا ئۇچراشقان ھېلىقى كۈننىڭ ئاخشىمى بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلدى› دەپتۇ.»[1]

دوستلار ئارا ئالاقىنىڭ تېخىمۇ راۋانلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەربىر ئادەم دوستىغا ئۆزىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ۋە ئىززەتلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇشى لازىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىرەرسىڭلار قېرىندىشىنى ياخشى كۆرسە ئۇنىڭغا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى يەتكۈزۈپ قويسۇن»[2] ئەنەستىن بايان قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا بىر ئادەم بار ئىدى، شۇ ئەسنادا شۇ يەردىن بىر ئادەم ئۆتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىكى ئادەم: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، مەن بۇ ئادەمنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن» دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «بۇنى

[1] ئىبنى ئەبى دۇنيا.
[2] ئىمام ئەھمەد.



www.munber.org

ئۇنىڭغا ئۇقتۇردۇڭمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ ئادەم: «ياق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇقتۇرۇپ قويغىن» دېۋىدى ئۇ ئادەم ھېلىقى ئادەمگە يېتىشىپ: «مەن سىلىنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن» دېدى، ئۇ ئادەم بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «سىلى ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ياخشى كۆرگەن ئۇ زات سىلىنىمۇ ياخشى كۆرسۇن!» دېدى[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى قېرىنداش تۇتقان بولسا ئۆزىنىڭ ئىسمى، دادىسىنىڭ ئىسمى، ئەھلى - نەسەبى قاتارلىقلارنى سورىۋالسۇن، چۈنكى مۇشۇنداق قىلىش دوستلۇقنى چىڭىتىشقا پايدىلىق.»[2]

شەكسىزكى، مىجەز - خاراكتېر ۋە ئوي - پىكىرنىڭ ئوخشاش بولۇشى دوستلۇق ئورنىتىش ۋە ئالاقىنى چىڭىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھېكمەتتە «سېنىڭ ئاناڭ تۇغمىغان نۇرغۇن قېرىنداشلىرىڭ بولۇشى مۇمكىن» دېيىلگىنىدەك بەزىدە ئادەم ھايات قايناملىرىدا شۇنداق كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇكى خۇددى تونۇشقىلى ئۇزۇن بولغان قەدىناسلاردەك ئۇنىڭ بىلەن تېزلا چىقىشىپ كېتىدۇ، مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنىڭ ئىسپاتىدۇر: «روھلار تەييار ئەسكەرلەردۇر، تونۇشقانلىرى چىقىشىدۇ، تونۇشالمىغانلىرى قېچىشىدۇ.»[3]

ئەمما بۇ خىل كۆڭۈل مايىللىقى ئەقىدىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىش كېرەك. ئەنە شۇ ھۆكۈمرانلىق بولغاندىلا مۆئمىن پەقەت ياخشىلارنى دوست تۇتۇپ يامانلارنى يامان كۆرىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ئارىلىق يىراق بولغان ياكى ۋاقىت ئۇزۇن بولغان سەۋەبتىن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەرنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرىدۇ. مەيلى يۇرتتا ياكى سەپەردە بولسۇن ئەزەلدىن ئارىلىشىپ باقمىغان

[1] ئىمام ئەبۇداۋۇد.
[2] ئىمام تىرمىزى.
[3] ئىمام بۇخارى.



www.munber.org



كىشىلەرنى يامان كۆرىدۇ، قەلبىنىڭ بۇنداق خالىس يۈزلىنىشى كىشىنى دەرىجىمۇ دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

ئەبۇزەر ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئادەم مەلۇم قەۋمنى ياخشى كۆرىدۇ، لېكىن ئۇلار قىلغان ئەمەللەرنى قىلالمايدۇ؟ دېسەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ئى ئەبۇزەر ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن كىشىلەر بىلەن بىرگىدۇرسەن» دەپ جاۋاب بەردى.

ئىسلام دىنىنىڭ دوستلۇقتىكى بەلگىلىمىلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۆزئارا يوقلاش ھەرقانداق غەرەزدىن خالىي، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس بولۇشى لازىم.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم يېزىدىكى بىر قېرىندىشىنى يوقلاپ بارماقچى بولغان ئىكەن، ئاللاھ بىر پەرىشتىنى ئۇنى كۈزىتىشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ، ئۇ ئادەم ھېلىقى قېرىندىشىنىڭ تۇرار جايىغا يېتىپ بارغاندا پەرىشتە: ‹قەيەرگە بارماقچى بولۇۋاتىسەن؟› دەپ سوراپتۇ، ئۇ ئادەم: ‹مېنىڭ مۇشۇ يېزىدا بىر قېرىندىشىم بار ئىدى، شۇنى يوقلاپ كەلدىم› دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، بۇ چاغدا پەرىشتە: ‹سېنىڭ ئۇنىڭدىن ئالىدىغان مېلىڭ بارمۇ؟› دەپ سوراپتىكەن ئۇ ئادەم: ‹ياق، لېكىن مەن ئۇنى پەقەت ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن ئىدىم› دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، پەرىشتە بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: ‹مەن ئاللاھنىڭ ساڭا ئەۋەتكەن ئەلچىسىدۇرمەن، ھەقىقەتەن سەن ئۇنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرگىنىڭدەك، ئاللاھمۇ سېنى ياخشى كۆرىدۇ»[1] دەپتۇ.

بۇ قەدەملەر ئىنتايىن قىممەتلىك بولۇپ، خۇددى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىۋاتقان مۇجاھىدلارنىڭ قەدىمىدەك ئەڭ كاتتا ساۋابقا ئىگە بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر كېسەلنى يوقلىسا ياكى خۇدالىق ئۈچۈن قېرىندىشىنى يوقلاپ بارسا بىر نىدا قىلغۇچى

[1] ئىمام بۇخارى.



www.munber.org

ئۇنىڭغا: ياخشى ئىش قىلدىڭ، ياخشى يولغا ماڭدىڭ، جەننەتتىن ئۆزۈڭگە ئورۇن هازىرلىدىڭ دەپ نىدا قىلىدۇ»[1] يەنە مۇنداق دېگەن: «قانداق بەندە قېرىندىشىنى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن يوقلاپ كەلسە ئۇنىڭغا ئاسمان تەرەپتىن بىر نىدا قىلغۇچى، ياخشى ئىش قىلدىڭ، ساڭا جەننەت لايىق بولدى دەپ نىدا قىلىدۇ ياكى ئاللاھ ئەرش ئالەمدە: بەندەم مەن ئۈچۈن يوقلىدى ئۇنىڭغا ئۆزەم زىياپەت بېرىمەن دەيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتتىن باشقا ساۋابقا رازى بولمايدۇ»[2]

مۇسۇلمان پۈتۈن خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ياخشى كۆرسىمۇ لېكىن ئۇ دوستلىرىغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ ئۇلارغا يەتكەن ياخشىلىقتىن بەكرەك خۇشاللىنىدۇ، چوقۇمكى پۇل ـ مال بىلەن دوست بۇرادەرلىرىنى ياد ئېتىدۇ:

﴿وَلاَ تَنسَوُاْ الْفَضْلَ بَيْنَكُمْ إِنَّ اللّهَ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ﴾

﴿ئۆزئارا ئېھسان قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەللەرنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دوستلار ئارا سوۋغا بېرىشىشنى تەۋسىيە قىلىپ: «ھەدىيە قىلىشىڭلار، چۈنكى ھەدىيە كۆڭۈل غەشلىكىنى كەتكۈزىدۇ» دېگەن.[4]

ئائىشە ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىيەنى قوبۇل قىلاتتى ۋە تەشەككۇر ئېيتاتتى.»[5]

ئەمما بۇ خىل بۇيۇك ئەخلاقنى تەكەللۇپ قىلىش، ياسالمىلىق قىلىش، تەخسكەشلىك قىلىشلار ئارىلىشىپ قالسا بولمايدۇ، چۈنكى ئىسلام دىنى ياسالمىلىققا قارشى تۇرۇپ ئاددىي ـ ساددىلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

[1] ئىمام ئەبۇداۋۇد.
[2] ئىمام مۇسلىم.
[3] سۈرە بەقەرە: 237
[4] ئىمام تىرمىزى.
[5] بەززار.



www.munber.org



ھەرقانداق ساختىلىق ۋە ياسالمىلىقلاردىن ئىسلام دىنى خالاستۇر، ئۇ پەقەت نىيەتنى دۇرۇسلىغاندىن كېيىن تۇرلۇك گۈزەل رەڭلەر بىلەن دوستلۇقنى بېزەشنى ۋە شۇ ئارقىلىق ھاياتلىق جاپالىرىنى ئاسانلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

«ئاللاھ دەرگاھىدا دوستلارنىڭ ياخشىسى دوستىغا ياخشى بولغانلاردۇر، خوشنىلارنىڭ ياخشىسى خوشنىغا ياخشى بولغانلاردۇر»[1]

ئىسلام دىنى كىشىگە خۇددى ئاتا ـ ئانىسى، قېرىنداشلىرى ۋە يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ تائامىدىن يېيىشنى دۇرۇس قىلغىنىدەك دوستىنىڭ تائامىدىن يېيىشنىمۇ دۇرۇس قىلدى:

﴿لَيْسَ عَلَى الْأَعْمَى حَرَجٌ وَلَا عَلَى الْأَعْرَجِ حَرَجٌ وَلَا عَلَى الْمَرِيضِ حَرَجٌ وَلَا عَلَى أَنفُسِكُمْ أَن تَأْكُلُوا مِن بُيُوتِكُمْ أَوْ بُيُوتِ آبَائِكُمْ أَوْ بُيُوتِ أُمَّهَاتِكُمْ أَوْ بُيُوتِ إِخْوَانِكُمْ أَوْ بُيُوتِ أَخَوَاتِكُمْ أَوْ بُيُوتِ أَعْمَامِكُمْ أَوْ بُيُوتِ عَمَّاتِكُمْ أَوْ بُيُوتِ أَخْوَالِكُمْ أَوْ بُيُوتِ خَالَاتِكُمْ أَوْ مَا مَلَكْتُم مَّفَاتِحَهُ أَوْ صَدِيقِكُمْ لَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَن تَأْكُلُوا جَمِيعًا أَوْ أَشْتَاتًا فَإِذَا دَخَلْتُم بُيُوتًا فَسَلِّمُوا عَلَى أَنفُسِكُمْ تَحِيَّةً مِّنْ عِندِ اللَّهِ مُبَارَكَةً طَيِّبَةً كَذَلِكَ يُبَيِّنُ اللَّهُ لَكُمُ الْآيَاتِ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ﴾

﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەر ئۆز ئۆيلىرىڭلاردا (يەنى ئەرلىرىڭلارنىڭ، ئاياللىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە) ئاتىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ئانىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ھەمشىرەڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاكاڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە ئاكاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە يا ئاناڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا سىلەر ئاچقۇچىنى باشقۇرىدىغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە (يەنى ئۆي ئىگىسى سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ئۆي بىلەن

[1] ھاكىم.



www.munber.org

ئاچقۇچنى سىلەرگە تاپشۇرغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە) يا دوستلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە (ئىجازەتسىز) بىرەر نىمە يېسەڭلار گۇناھ يوقتۇر.﴾[1]

بۇنداق بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى دوستلۇق قىممەتلىك، ئۇنىڭ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى تەسىرى چوڭ، ئىنتايىن قىيىن كىرىزىسقا، ھەتتا دوزاخ ئازابىدىن ئىبارەت بولغان ئەڭ قىيىن كىرىزىسقا دۇچ كەلگەن ۋاقتىمىزدا ئەنە شۇ دوستلۇق ئەسقېتىشى مۇمكىن!!

ئاللاھ ئازاب چېكىۋاتقان مۇشرىكلارنىڭ ھالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿تَاللَّهِ إِن كُنَّا لَفِي ضَلَالٍ مُّبِينٍ❖ إِذْ نُسَوِّيكُم بِرَبِّ الْعَالَمِينَ❖ وَمَا أَضَلَّنَا إِلَّا الْمُجْرِمُونَ❖ فَمَا لَنَا مِن شَافِعِينَ❖ وَلَا صَدِيقٍ حَمِيمٍ﴾

﴿ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدۇق، ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەرنى (ئىبادەتتە) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قوياتتۇق، بىزنى پەقەت گۇناھكارلارلا ئازدۇردى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار يوق ۋە يېقىن دوستىمۇ يوق.﴾[2]

دوستلۇقنىڭ ھەق ــ ھوقۇقلىرى چوڭ بولغاچقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پەقەت مۆئمىن بىلەنلا ھەمراھ بولغىن، تائامىڭنى پەقەت تەقۋادار كىشىلا يېسۇن»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

[1] سۈرە نۇر: 61
[2] سۈرە شۇئەرا: 97-101
[3] ئىمام ئەبۇداۋۇد.

www.munber.org





## شان - شەرەپ

بەندىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش بەندىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ سۈپىتى. پەرۋەردىگار ئۇلارنى نۇقسانسىز ياراتقان، تەقدىرىنى بەلگىلەپ يول كۆرسەتكەن. ئۇ زاھىر بولسا ھەممىنى تىزگىنلەيدۇ، ئاشكارا بولسا ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقىنىڭ نۇرىدىن كىشىلەرنىڭ قەلبلىرى ئۆز ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىدۇ:

﴿فَلِلَّهِ الْحَمْدُ رَبِّ السَّمَاوَاتِ وَرَبِّ الْأَرْضِ رَبِّ الْعَالَمِينَ❖ وَلَهُ الْكِبْرِيَاء فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾

﴿جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر! ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئۇلۇغلۇق ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾[1]

بەندىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا تۆۋەنچىلىك قىلىشى خاتا ئەمەس، بەلكى ھەققانىي تۆۋەنچىلىك، چۈنكى يارىتىش، بۇيرۇق چۈشۈرۈش ھېچنىمىگە موھتاج بولماسلىق، ھەممىدىن ئۈستۈن پادىشاھلىق، يالغۇز شۇ ئاللاھقىلا خاس. بەندىلەرنىڭ تەقدىرى ئاللاھنىڭ خاھىشى ۋە ئىرادىسىگە قاراشلىق، بەندىلەر ئۇلۇغلۇقنىڭ پەرۋەردىگارى - ئاللاھ ئۈچۈن ئۇزۇن سەجدىدە باشلىرىنى قويغاندا ئۆز ھالىنى بىلىپ، ئۆز دائىرىسىدە تۇرغان يەنى ئۆزىگە لايىق ئىش قىلغان بۇيۇك ياراتقۇچىغا نۇقسان ۋە گۇمان كەتمەيدىغان ھوقۇقنى بەرگەن بولىدۇ. ئەمما بەندىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش بىر بەندىگە تۆۋەنچىلىك قىلىشى شەك - شۈبھىسىز باتىل - خاتا. بۇنداق ۋاقىتتا يۇقىرى ئورۇندا تۇرغان مۇتەكەببىر ناھەق چوڭچىلىق قىلىپ گەدىيىپ ئۆزىگە لايىق بولمىغان سۈرەتلەرنى ئۆزىدە بار دەپ قارايدۇ. خورلانغان پەس ئادەم بولسا ئۆز قەدرىنى يوقىتىپ چىدىغۇسىز جىنايەتلەرنى ئۈستىگە يۈكلىۋالىدۇ، ئىسلام چوڭچىلىقنى چەكلىدى،

[1] سۈرە جاسىيە: 36-37

www.munber.org

خورلۇقنى ھارام قىلدى، ئۇلۇغلۇق ۋە ئىززەت ــ ھۆرمەتنى زۆرۈر مەجبۇرىيەت قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە زەررىنىڭ ۋەزنىچىلىك كىبىر بولسا ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا دۈم پېتى سالىدۇ.»①

يەنە مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم پاتقاقتا ئۆزىگە ھەۋەس قىلىپ مېڭىشىدىن پەخىرلىنىپ مېڭىۋاتاتتى، ئاللاھ ئۇنى زېمىنگە يۇتقۇزىۋەتتى، ئۇ قىيامەتكىچە زېمىنغا كىرىپ كېتىپ تۇرىدۇ.»② چۈنكى چوڭچىلىق ئاللاھنىڭ سۈپىتى، ئاللاھقا لايىق سۈپەتنى ئاللاھتىن قانداقلا بىر ئىنساننىڭ تارتىۋېلىشى توغرا ئەمەس. كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي ناچار خىسلەت ـ تەكەببۇرلۇق قىلىشى زادىلا ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش، رېئاللىقنى كۆرمەسلىك، شەرمەندىچىلىك، چېكىدىن ئېشىش، ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ھاقارەت قىلىش بولىدۇ.

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا خارلىق، خورلۇق ۋە ئاجىزلىقتا قېلىشنى چەكلەپ، مۇسۇلماننىڭ ئىززەت ــ ھۆرمىتى ۋە ئابرۇيىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان بىئارام بولۇش، ۋايساش قاتارلىق ناچار سۈپەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەدىس بايان قىلىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بۇ دۇنيا ئۈچۈن قايغۇغا چۆمگەن ئادەم پەرۋەردىگارىغا ئاچچىقلانغان بولىدۇ، كەلگەن مۇسىبەتتىن شىكايەت قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالادىن شىكايەت قىلغان بولىدۇ، باينىڭ قولىدىكىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىنى خار قىلغان ئادەم ئاللاھنى غەزەپلەندۈرگەن بولىدۇ، قۇرئان بىرىلگەن بولسىمۇ دوزاخقا كىرگەن ئادەمنى ئاللاھ رەھمىتىدىن تېخىمۇ يىراق قىلىدۇ.»③

① ئىمام ئەھمەد.
② ئىمام بۇخارى.
③ تەبرانىي.



www.munber.org



يەنە بىر بایاندا مۇنداق دېيىلگەن: «باينىڭ يېنىدا ئولتۇرغان دۇنياغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىنى خار قىلغان ئادەمنىڭ دىنىنىڭ ئۈچتىن بىرى يوقالغان بولۇپ دوزاخقا كىرىدۇ.»

بۇ ھەدىس بىر قىسىم كىشىلەر قىينىچىلىقتا يولۇققاندا ئاشكارا بولىدىغان يىغلىنىش، ئىلتىجا قىلىش، يېقىنچىلىق قىلىشلارنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلار دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسىلىرىدىن مەھرۇم قالغانلىقىغا يىغلايدۇ، نىجاتلىق ئىزدەپ كىشىلەرگە دەرد تۆكىدۇ، بېرەرمىكىن ياكى قەرز بېرىپ تۇرامدىكىن دەپ بايلارنىڭ توپىسىغا سۈۋىنىدۇ يەنى خۇشامەت قىلىدۇ، قول سۇنىدۇ.

قولدىن كەتكەن نەرسىگە بىئارام بولۇش پەسلىك ئەمەس. لېكىن ئايرىلىپ قېلىشتىن خورلۇنۇش بارلىقتا كەلسە بۇنىڭغا ئىسلام قارشى قەدىمىدىن ھازىرغىچە يارىدارنىڭ ئاجىزلاپ پالەچكە ئايلىنىپ باشقىلارنىڭ ئۆزىنى يۆدىۋېلىشىنى كۈتۈشى ئەمەس، بەلكى ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ ساقايغۇچە تىرىشچانلىق كۆرسۈتۈپ يېڭىچە ئىرادە بىلەن سەپەرگە قايتا ئاتلىنىشىنى ھەقىقىي ئەرلىكنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

ھەدىستە مۇنداق بار: «ئىختىيارى ھالدا خورلۇققا يول قويغان ئادەم بىزدىن ئەمەس»

ئىسلام دىنى مۆئمىنگە ئۇلۇغلۇق ۋە ھەقىقىي ئەركىنلىك ئاتا قىلغان بولۇپ، مۆئمىن ئۆز مۇھىتىدا بۇنى ھەقىقىي كامالەتكە يەتكۈزىشى كېرەك. ئەگەر بۇنىڭغا مۇھىت توسالغۇ بولسا خارلىق مۇھىتتىن باشقا مۇھىتقا ئۇلۇغلۇق ۋە ھۆرمەت ئىزدەپ يۆتكىلىشى زۆرۈر.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ الَّذِينَ تَوَفَّاهُمُ الْمَلآئِكَةُ ظَالِمِي أَنْفُسِهِمْ قَالُواْ فِيمَ كُنتُمْ قَالُواْ كُنَّا مُسْتَضْعَفِينَ فِي الأَرْضِ قَالْوَاْ أَلَمْ تَكُنْ أَرْضُ اللّهِ وَاسِعَةً فَتُهَاجِرُواْ فِيهَا فَأُوْلَئِكَ مَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ وَسَاءتْ مَصِيرًا﴾



www.munber.org

﴿ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار) نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: ‹دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا، قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟› دەپ سورايدۇ، ئۇلار: «زېمىنىدا (يەنى مەككە زېمىنىدا) بىز بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دەيدۇ، پەرىشتىلەر: ‹ھىجرەت قىلساڭلار ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟› دەيدۇ، ئەنە شۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!﴾[1]

ئاللاھ تائالا يۆتكىلىشكە قادىر بولالمايدىغان، قۇتۇلۇش يولى تاپالمايدىغان ئاجىز ئەرلەرنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلدى، ئۇلارغا ئاياللار ۋە بالىلارنى قوشۇپ مۇنداق دېدى:

﴿إِلاَّ الْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ الرِّجَالِ وَالنِّسَاء وَالْوِلْدَانِ لاَ يَسْتَطِيعُونَ حِيلَةً وَلاَ يَهْتَدُونَ سَبِيلاً❖ فَأُوْلَئِكَ عَسَى اللّهُ أَن يَعْفُوَ عَنْهُمْ وَكَانَ اللّهُ عَفُوًّا غَفُورًا﴾

﴿پەقەت ئەرلەردىن، ئاياللاردىن، بالىلاردىن چارىسىز قالغان (يەنى ھىجرەت قىلىشقا چارە تاپالمىغان) يول بىلمەيدىغان ئاجىزلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئەنە شۇلارنى ئاللاھ ئەپۇ قىلغاي، ئاللاھ ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.﴾[2]

بۇ بايانلار ئىسلام دىنىنىڭ خورلۇققا يول قويۇشنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ، خارلىقتىن قۇتۇلۇشقا پۈتۈن تىرىشچانلىقنى تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئىرادىسىنى ئويغىتىدۇ.

مۇسۇلماننىڭ ئۆزى، دىنى ۋە پەرۋەردىگارى ئارقىلىق ئۆزىنى ھۆرمەتلىك ھېس قىلىشى ئىماننىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە شان ـ شەرىپى بولۇپ، زالالەتنىڭ چوڭچىلىقىغا ئوخشىمايدۇ ئىسلام ئارقىلىق ئېرىشكەن ئۇلۇغلۇق مۆئمىننى ھۆكۈمرانىنىڭ ئالدىدا خارلىنىشتىن ھەممە يەردە پەس بولۇشتىن

---

① سۈرە نىسا: 97
② سۈرە نىسا: 98-99



www.munber.org



ياكى ئىنساننىڭ غالچىسى بولۇشتىن چەكلەيدۇ، ئۇ شۇنداق ئۇلۇغلۇقكى بويسۇنغان مىقدارى قارشى تۇرۇش، تۆۋەن بولغان مىقدارى يۇقىرى تۇرۇش يەنى بويسۇنۇش بىلەن بىرگە ناھەقچىلىككە قارشى تۇرۇش ئۆزىنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىنى ساقلاپ ئىتائەت قىلىش بولۇپ ئىسلامى ئۇلۇغلۇققا ئېرىشكەن مۇسۇلمان بۇ دۇنيانىڭ ئېزىقتۇرۇشلىرى ئىنسانى ئىدىيىلەر ۋە ھاياتلىقنىڭ خاتا قاراشلىرىدىن قۇتۇلىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ ئۇلار بىلەن قىزغىن ئۆتۈپ ئۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان ھەق ـ ھوقۇقلارنى قەدىرلەيدۇ ئىشلارنى ئۆز يولى بويىچە قىلىپ ئۇلۇغلۇقنى ئۆز مەنبەسىدىن تەلەپ قىلىدۇ.

﴿مَن كَانَ يُرِيدُ الْعِزَّةَ فَلِلَّهِ الْعِزَّةُ جَمِيعًا إِلَيْهِ يَصْعَدُ الْكَلِمُ الطَّيِّبُ وَالْعَمَلُ الصَّالِحُ يَرْفَعُهُ وَالَّذِينَ يَمْكُرُونَ السَّيِّئَاتِ لَهُمْ عَذَابٌ شَدِيدٌ وَمَكْرُ أُوْلَئِكَ هُوَ يَبُورُ﴾

﴿كىمكى (دۇنيادا) شەرەپ ئىزدەيدىكەن، شەرەپنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا مەنسۇپ (ئۇنى ئاللاھتىن تىلىسۇن) ياخشى سۆز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ. (پەيغەمبىرىگە قارشى) ھىيلە ـ مىكىرلەرنى تۈزىدىغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرى ئىشقا ئاشمايدۇ.﴾[1]

ئۇلۇغلۇق شان ـ شەرەپ ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەت ئىسلام تەشەببۇس قىلغان ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا چوڭقۇر ئورناتقان ئەقىدە ۋە تەلىماتلار بىلەن ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى كۈچەيتكەن ئەڭ مەشھۇر ئاساسىي خىسلەتلەر.

مۇئەززىن نېمە ئۈچۈن ھەركۈنى بەش قېتىم ئەزان توۋلىغاندا ئەزاننىڭ بېشى ۋە ئاخىرىسىدا بىرلا ئاللاھنىڭ ھەممىدىن چوڭ ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ تەكبىر ـ چوڭ بىلىش پۈتۈن نامازدا رۇكۇ ۋە قىياملاردا شۇنچە كۆپ تەكرارلىنىدۇ؟

---

① سۈرە فاتىر: 10

بۇنىڭ سەۋەبى ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق چوڭ مەن دېگۈچىنىڭ كىچىك ئىكەنلىكىگە ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق ئۇلۇغ زاتنىڭ ئۆزىنى كاتتا بىلگۈچىنىڭ پەس ئىكەنلىكىگە تەۋرەنمەيدىغان، ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان ھالدا ئىشەنسۇن ئۈچۈن بولۇپ، بۇنىڭدا قاچانكى كىشىلەرنى دۇنيا خاتالاشتۇرسا، يوشۇرۇن ئېزىتقۇلىرى ئازدۇرسا ئۇلارنى توغرا يولغا قايتۇرۇپ كېلىش بۇ ئەزانغا تاپشۇرۇلغاندەك قىلاتتى.

بۇ مەزمۇنلارنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئۇلۇغ ۋە غالىب ئاللاھ مۇسۇلمانلار رۇكۇ ۋە سەجدىلەردە تەكرارلاپ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇلۇغلۇق ۋە يۈكسەكلىكتە يېگانە ئىكەنلىكىگە روھى تويۇنسۇن ئۈچۈن چىرايلىق ئىسىملىرىدىن «ئەزىم ـ قالتىس» «ئەئلا ـ يۈكسەك» تىن ئىبارەت ئىككى ئىسمىنى تاللىدى.

ئۇلۇغلۇق مەجبۇرىيىتى بار ھوقۇق بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلماي تۇرۇپ مۇكاپاتنى تەلەپ قىلىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئەگەر سەن بىر خىزمەتكە تەكلىپ قىلىنىپ ئۇنى ياخشى ئادا قىلساڭ ھېچكىمنىڭ سەن بىلەن قارشىلىشىش ھوقۇقى يوق، ھەم دەرىجىسى قانداقلا بولسۇن ھېچكىم ساڭا قوپال سۆزلەر بىلەن ئېتىراز بىلدۈرمەيدۇ. سەن مەجبۇرىيىتىڭنى تولۇق ئادا قىلغاندا ساڭا تاپا ـ تەنە كېلىدىغان يوچۇقلار ئېتىلىپ رەھبەرلىرىڭ ئالدىدا ئۆز ئىززىتىڭنى ساقلىيالايسەن. شۇ ۋاقىتتا سېنىڭ ئەڭ جېدەلخور دۈشمەنلىرىڭ سېنىڭدىن تارتىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿لِّلَّذِينَ أَحْسَنُواْ الْحُسْنَى وَزِيَادَةٌ وَلاَ يَرْهَقُ وُجُوهَهُمْ قَتَرٌ وَلاَ ذِلَّةٌ أُوْلَئِكَ أَصْحَابُ الْجَنَّةِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ❖ وَالَّذِينَ كَسَبُواْ السَّيِّئَاتِ جَزَاء سَيِّئَةٍ بِمِثْلِهَا وَتَرْهَقُهُمْ ذِلَّةٌ مَّا لَهُم مِّنَ اللّهِ مِنْ عَاصِمٍ كَأَنَّمَا أُغْشِيَتْ وُجُوهُهُمْ قِطَعًا مِّنَ اللَّيْلِ مُظْلِمًا أُوْلَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾



www.munber.org



﴿ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى قارىلىق ۋە خارلىق قاپلىمايدۇ، ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەت بولۇپ، جەننەتتە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر، دۇنيادا يامان ئىشلارنى قىلغۇچىلار بىر يامانلىقنى قىلسا شۇنىڭغا ئوخشاش (يەنى شۇنىڭغا لايىق) جازاغا ئۇچرايدۇ، ئۇلار خارلىققا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى زادى بولمايدۇ، ئۇلارنى يۈزلىرى گويا قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىسى بىلەن ئورالغاندەك قارىيىپ كېتىدۇ، ئۇلار ئەھلى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.﴾[1]

گۇناھ ئىشلارنى قىلىش، چېكىنىش ۋە پەسلىكنىڭ يولى شەخس ۋە ئاۋامنى رەسۋاچىلىققا ئېلىپ بارىدىغان تېيىلغاق يول، ئاللاھ تائالا ئوھۇد غازىتىدىكى مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبىنىڭ بىر قىسىملارنىڭ خاتالىق سادىر قىلغانلىقى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

﴿إِنَّ الَّذِينَ تَوَلَّوْاْ مِنكُمْ يَوْمَ الْتَقَى الْجَمْعَانِ إِنَّمَا اسْتَزَلَّهُمُ الشَّيْطَانُ بِبَعْضِ مَا كَسَبُواْ وَلَقَدْ عَفَا اللّهُ عَنْهُمْ إِنَّ اللّهَ غَفُورٌ حَلِيمٌ﴾

﴿ئىككى قوشۇن (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار) بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقان كۈنىدە، ئىچىڭلاردىكى (جەڭدىن) ھەقىقەتەن يۈز ئۆرۈگەن كىشىلەرنى، بەزى قىلمىشلىرى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلىقى) تۈپەيلىدىن، شەيتان تېيىلدۇرۇشقا ئۇرۇندى، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنى ئەپۇ قىلدى، ئاللاھ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى ھەلىمدۇر.﴾[2]

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا ئىززەت ھۆرمىتى بىلەن ياشاشنى تەۋسىيە قىلغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ ئېرىشتۈرىدىغان ۋاسىتىلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى. ئۇلۇغلۇق ۋە ھۆرمەتنىڭ تەقۋالىقتا، ئۇستۇنلۇكنىڭ ئىبادەتتە، شان ــ شەرەپنىڭ ئاللاھقا بويسۇنۇشتا

---

[1] سۈرە يۇنۇس: 26-27
[2] سۈرە ئال ئىمران: 155



www.munber.org

ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. بۇنى بىلگەن ۋە شۇ بويىچە ئەمەل قىلغان ھەربىر مۆئمىن يۈكسەك ئۇلۇغ ھاياتلىقتىكى نىسۋىسىگە كەم قالماستىن تولۇق ئېرىشىشكە تېگىشلىك. ئەگەر بىرەرسى ئۇنىڭ نىسۋىسىگە يامان نىيەتتە بولسا ياكى چاڭ سالسا ئۇنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلسا ئاللاھ يولىدىكى جىھاد ھېسابلىنىدۇ. بۇ پەقەت ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ھوقۇقىنى قوغدىغانلىقى بولماستىن بەلكى ئومۇمنىڭ ھوقوقىنى تونۇپ يەتكەنلىك ۋە بۈيۈك بىر ئۇلگە تىكلىگەنلىك بولۇپ، مۇسۇلمان ئۆز ھوقۇقىنى قوغداپ ئۆلۈپ كەتسە شېھىت بولىدۇ.

بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

- يا رەسۇلۇللاھ! بىرسى كېلىپ مېلىمنى ئېلىۋالماقچى بولسا قانداق قىلىمەن؟

- «ئۇنىڭغا مېلىڭنى بەرمىگىن».

- ئەگەر مەن بىلەن ئۇرۇشسىچۇ؟

- «ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقىن».

- مېنى ئۆلتۈرىۋەتسىچۇ؟

- «ئۇنداق بولسا سەن شېھىت بولىسەن»

- مەن ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتسەمچۇ؟

- «ئۇ دوزاختا كىرىدۇ».[1]

شۇنداق، مۆئمىننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى قوغدىلىشى، ئاچكۆزلەرنىڭ ئۈلجىسى، ھۇجۇم قىلغۇچىلارنىڭ نىشانى بولۇپ قالماسلىقى، بەلكى مۆئمىن جېنى، ئابرۇيى، مال - مۈلكى ئائىلىسىنى جان - پىدالىق بىلەن قوغدىشى لازىم. گەرچە بو يولدا قان تۆكۈلسىمۇ شان - شەرەپ ئالدىدا ئەرزىيدۇ.

[1] ئىمام مۇسلىم.



www.munber.org



ئاللاھ تائالا زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىسىنى ئۈستۈن قىلىش، ھۇجۇم قىلغۇچىنى پەسلىتىش ئۈچۈن زالىمدىن قىساس ئېلىشنى يولغا قويغان، مۇسۇلماننىڭ ھوقۇقىنى قولىغا تولۇق بېرىپ ئۇنى ھوقۇقىدىن ۋاز كەچمەسلىككە پەقەت ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئاشۇرىدىغان ئەپۇ قىلىش ياكى كەچۈرۈشتىن باشقا يەردە ئۆز ھوقۇقىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇشقا تەشەببۇس قىلغان.

ئاللاھ تائالا دەسلىپىدىلا ئىمان دەرسلىكلىرىنى، مۇكەممەللىك قانۇنلىرىنى ئۆگىتىپ ئىنسانى پەزىلەت ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ يولىغا باشلاپ مۇنداق دېگەن:

﴿وَمَا عِندَ اللَّهِ خَيْرٌ وَأَبْقَى لِلَّذِينَ آمَنُوا وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ❖ وَالَّذِينَ يَجْتَنِبُونَ كَبَائِرَ الْإِثْمِ وَالْفَوَاحِشَ وَإِذَا مَا غَضِبُوا هُمْ يَغْفِرُونَ❖ وَالَّذِينَ يَجْتَنِبُونَ كَبَائِرَ الْإِثْمِ وَالْفَوَاحِشَ وَإِذَا مَا غَضِبُوا هُمْ يَغْفِرُونَ❖ وَالَّذِينَ اسْتَجَابُوا لِرَبِّهِمْ وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَأَمْرُهُمْ شُورَى بَيْنَهُمْ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ﴾

﴿ئىمان ئېيتقان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرگە، گۇناھى كەبىرلەردىن، قەبىھ ئىشلاردىن ساقلانغۇچىلارغا، دەرغەزەپ بولغانلىرىدا كەچۈرەلەيدىغانلارغا، پەرۋەردىگارىنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشالايدىغانلارغا، نامازنى (تەئدىل ئەركان) بىلەن ئۆتەيدىغانلارغا، ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن سەدىقە قىلىدىغانلارغا ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىكى ساۋاب تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىيدۇر.﴾[1]

بۇ شەخس ياكى جامائەتكە بولسۇن مۇكەممەل ئۇلۇغلۇقنى تولۇقلايدىغان تەلىماتلاردىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ:

[1] سۈرە شۇرا: 36-38



www.munber.org

﴿وَالَّذِينَ إِذَا أَصَابَهُمُ الْبَغْيُ هُمْ يَنتَصِرُونَ❖ وَجَزَاء سَيِّئَةٍ سَيِّئَةٌ مِّثْلُهَا فَمَنْ عَفَا وَأَصْلَحَ فَأَجْرُهُ عَلَى اللَّهِ إِنَّهُ لَا يُحِبُّ الظَّالِمِينَ﴾

﴿ئۇچرىغان زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىكى ساۋاب تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىيدۇر، بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر، كىمكى ئەپۇ قىلسا ۋە تۈزسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ.﴾[1]

ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەر ئاچچىقلانغاندا ئۇنى كەچۈرۈش مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى. دەخلى - تەرۇز قىلغۇچىلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇش، خورىكىنى ئېلىپ قويۇشمۇ ئوخشاشلا مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى. مۇسۇلمان مۇنداق چاغدا جىنايەتچىلەرنى قورقۇتۇش ئۈچۈن كۈچ كۆرسىتىشى كېرەك. يەنە ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئەدەبلەشكە قادىر ۋاقتىدا ئەپۇ قىلىش ھوقۇقى بار بولۇپ، قادىر تۇرۇپ ئەپۇ قىلىش جىنايەتچىلەرنى جازالاش ۋە مۆئمىننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى.

ئاخىرقى ئايەت ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەخلاق بېشىدىكى ئايەت ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەخلاققا ئوخشىمايدۇ.

بېشىدىكى ئايەت خاتالاشقۇچىلارنىڭ چوقانلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئەمما كېيىنكى ئايەت جىنايەتچىنى سوتقا ئاپىرىپ، جازا ئېلان قىلىپ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىدۇ، ئەگەر ھەيۋىسى سۇنۇپ ئۇڭشالسا ئادالەت ئىجرا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىنكى ئىلتىپاتقا ئېرىشىدۇر، بۇ تەنتەكلەرنى قاتتىق پۇشايمان قىلدۇرۇپ مۇسۇلماننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئاشۇرىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ روھىيىتىدە ئاجىزلىق، ئەنسىزلىك قورقۇنچلۇق مەۋجۇت بولسا بۇ ئىنساننى ئىرادىلىك، كەسكىن كىشىلەرگە تىز پۈكىدىغان قىلىپ قويىشى، بۇ ئىززەت - ھۆرمىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا

[1] سۈرە شۇرا: 39-40



www.munber.org



ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئىشلاردا ئىرادىلىك بولۇشىمىزنى، ئۆزىمىزگە كېرەكلىك ئىشقا بېشىمىز ئۈستۈن ھالدا تىرىشىشىمىزنى ئۆگىتىپ مۇنداق دېگەن: «مەقسەتلىرىڭلارنى ئۈستۈن روھ بىلەن ئىزدەڭلار، ئىشلار تەقدىر بويىچە بولىدۇ.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە شۇنى ئېنىق بايان قىلىدىكى، ئىنسانلار - ھەممىسى بىرلىككە كەلگەن تەقدىردىمۇ - ئاللاھنىڭ بەرگىنىدىن ئازراق بولسىمۇ توسۇپ قېلىشقا ئاجىز شۇنىڭدەك، ئاللاھ چەكلىگەندىن قىلچىلىكنى بېرىشكە قادىر ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر مۇسۇلمان ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بۈيۈك تەدبىرچى - ئاللاھقا تاپشۇرۇشى، ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىشى، تايىنىشى كېرەك.

دىن ئارقىلىق ئۆزىنى ئۇلۇغ بىلىشى خورلۇقتا يول قويماسلىقى ئۆزگە ئىگە بولۇشى، ھاماقەتلەرنىڭ بېشىغا چىقىۋىلىشى، چوڭچىلىق قىلىشىغا پۈرسەت بەرمەسلىكى لازىم، ھەرقانداق ئىش ئاللاھنىڭ ئىرادىسىسىز ئىشقا ئاشمايدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿مَا يَفْتَحِ اللَّهُ لِلنَّاسِ مِن رَّحْمَةٍ فَلَا مُمْسِكَ لَهَا وَمَا يُمْسِكْ فَلَا مُرْسِلَ لَهُ مِن بَعْدِهِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾

﴿ئاللاھ رەھمىتىدىن كىشىلەرگە ئاچقان نەرسىنى ھەرگىزمۇ توسۇپ قالالىغۇچى بولمايدۇ، ئاللاھ رەھمىتىدىن توسقان نەرسىنى، ئاللاھ توسقاندىن كېيىن، ئۇنى ھېچ قويۇپ بەرگۈچى بولمايدۇ، ئاللاھ غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾[1]

ئاللاھ تائالا بىر بۆلۈك كىشىلەرگە بەرگەن ھوقۇق بەندىلەرنى كونترول قىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنى قىلچىلىك ئۆزگەرتەلمەيدۇ. بىز كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىشلىرىمىزدا مەغلۇب بولغىنىمىزنى ھېس قىلىمىز،

[1] سۈرە فاتىر: 2



www.munber.org

لېكىن ھېچقانداق نەرسە توسالغۇ بولمايدىغان ئاللاھنىڭ ھوقۇقىدا بۇنداق ئىش يوق:

﴿وَاللّهُ غَالِبٌ عَلَى أَمْرِهِ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لاَ يَعْلَمُونَ﴾

﴿ئاللاھ (خالىغان) ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ.﴾①

ھەقىقەتكە ئەڭ يېقىن، پايدىغا ئەڭ ياندىشىقان، قىيىنچىلىقلارغا ھەل قىلىشتا ئەڭ توغرا ئىش ھەربىر مۇسۇلمان قەددى رۇس، بېشى ئۇستۇن ياششى، ئۇنى ئېھتىياج باش ئەگدۈرەلمەسلىكى، قىيىنچىلىق پۈكۈلدۈرمەسلىكى، ئۆزىنىڭ خوجىسىغا دۇئا بىلەن ئۇنلۇك ئىلتىجا قىلىشى، ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى بىرلا پەرۋەردىگارىغا ئوچۇق ئېيتىشى، ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى چۈشىنىپ يۈزىنى مەخلۇقلارغا تەڭلىمەسلىكىدۇر:

﴿وَإِن يَمْسَسْكَ اللّهُ بِضُرٍّ فَلاَ كَاشِفَ لَهُ إِلاَّ هُوَ وَإِن يُرِدْكَ بِخَيْرٍ فَلاَ رَآدَّ لِفَضْلِهِ يُصَيبُ بِهِ مَن يَشَاء مِنْ عِبَادِهِ وَهُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ﴾

﴿ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، يالغۇز ئاللاھتىن باشقا ئۇنى دەپئى قىلغۇچى بولمايدۇ، ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا ئاللاھنىڭ پەزلىنى قايتۇرغۇچى بولمايدۇ، ئاللاھ پەزلىنى بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ، ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، مېھرىباندۇر.﴾②

سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىغا باشقىلاردىن بىھاجەت بولۇش، قانائەت قىلىش، ئەڭ تۆۋەن نەرسىلەرگە قەدەر كىشىلەردىن بىر نەرسە سوراشتىن قول ئۈزۈشنى قانداق ئۆگەتكەنلىكىنى بىلىسىز. «ساھابىلارنىڭ بىرەرسىنىڭ قامچىسى يەرگە چۈشۈپ كەتسە

① سۈرە يۈسۈف: 21
② سۈرە يۇنۇس: 107



www.munber.org



ئېلىش ئۈچۈن تۆگىسىدىن ئۆزى چۈشەتتى، ئۇنى ئېلىشنى بىرەرسىگە دېيىشنى قوبۇل قىلمايتتى.»

❖ ❖ ❖

كىشىلەر ئاچ قېلىشتىن ياكى ئۆلۈمدىن قورقۇپ ئۆزىنى خار قىلىپ دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىدا پەسلىكنى قوبۇل قىلىدۇ، ئەپسۇسكى ئاللاھ تائالا ئىنسانغا بىرەرسىگە رىزىق بېرىش ياكى ئۆمرىگە تەسىر كۆرسىتىش ھوقۇقىنى مۇتلەق بەرمىگەن، ھېچكىمنىڭ ئۇنداق قىلىش قولىدىن كەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ھاياتلىققا تويماسلىق ئاچ قېلىشتىن قورقۇشتىن كېلىپ چىققان، روھى مەرەزلىكتىن پەيدا بولغان ۋەھىمە كىشىلەرنى خورلۇققا دۇچار قىلىدۇ، كىشىلەر خارلىقتىن قورقۇپ خارلىققا، نامراتلىقتىن قورقۇپ نامراتلىققا چۈشۈپ قالىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنى تەۋھىدنى، مۇسەببەت ۋە ھادىسىلەر ئالدىدا ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ھەمدە ئىنسان ئىگە بولالمايدىغان، پايدا زىيان يەتكۈزەلەيدىغان ئىشلاردا ئۇلاردىن ئۈمىدىنى ئۈزۈش ئاساسىغا قۇرۇلغان.

﴿أَمَّنْ هَذَا الَّذِي هُوَ جُندٌ لَّكُمْ يَنصُرُكُم مِّن دُونِ الرَّحْمَنِ إِنِ الْكَافِرُونَ إِلَّا فِي غُرُورٍ❖ أَمَّنْ هَذَا الَّذِي يَرْزُقُكُمْ إِنْ أَمْسَكَ رِزْقَهُ بَل لَّجُّوا فِي عُتُوٍّ وَنُفُورٍ﴾

﴿سىلەرگە ئاللاھ ياردەم بەرگەندىن تاشقىرى، يەنە كىم سىلەرگە ياردەمچى قوشۇن بولالايدۇ، كاپىرلار پەقەت ئالدىنىش ئىچىدىدۇر، ئەگەر ئاللاھ رىزقىنى تۇتۇپ قالسا، سىلەرگە كىم رىزىق بېرىدۇ، ئۇلار تەكەببۇرلۇقتا، ھەقتىن يىراقلىشىشتا ئەزۋەيلەپ كەتكەندۇر.﴾①

مانا بۇ مۆكەممەل تەۋھىد، بۇنىڭ بىلەن ئىشكىلەرنى ياقىلاپ، كىيىملەرگە سۈۋۈنۈپ، بوسۇغىدىن يىراق كەتمەي، كۆز ياشلىرىنى تۆككەن ئاشۇ ئاجىز بىچارىلەرنى داۋالاش زۆرۈر.

① سۈرە مۇلك: 20-21



www.munber.org

ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ روھىيىتى ئەركىن ھاۋادا نەپەس ئالسۇن ئۈچۈن ئۇلارنىڭ روھىيىتىدىن ئەنسىزچىلىك ئامىللىرىنى يۇلۇپ تاشلاشنى قىينچىلىق، سىقىلىشنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رىزىق بەندىنى ئەجەل ئۇنى ئىزدىگەندەك ئىزدەيدۇ.»①

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كىشىلەر زۆرۈر بولغان رىزىق ئىزدەشتىن توختىسۇن ئۈچۈن دېمىگەن، بۇ نادانلارنىڭ قارشى، ئۇ ئۇنى كىشىلەر چىرايلىق سورىسۇن ئۈچۈن، نومۇسسىزلارچە چىڭ تۇرىۋېلىشنى، ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان كۈچۈكلىنىشنى قىلمىسۇن ئۈچۈن دېگەن. بۇ تۆۋەندىكى قەسەمنىڭ سىرى:

﴿وَفِي السَّمَاء رِزْقُكُمْ وَمَا تُوعَدُونَ❖ فَوَرَبِّ السَّمَاء وَالْأَرْضِ إِنَّهُ لَحَقٌّ مِّثْلَ مَا أَنَّكُمْ تَنطِقُونَ﴾

﴿ئاسماندا سىلەرنىڭ رىزقىڭلار بار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان ساۋاب بار، ئاسماننىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسە ئۆزەڭلارنىڭ سۆزلەۋاتقىنىڭلاردەك ھەقتۇر.﴾②

ئىبنى مەسئۇدتىن بايان قىلىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جەننەتكە پەقەت مەن بۇيرىغان ئەمەللەرلا يېقىنلاشتۇرىدۇ، دوزاخقا مەن توسقان ئىشلارلا يېقىنلاشتۇرىدۇ، سىلەردىن ھېچكىم ئۆز رىزقىنى كېچىكىپ كەتتى دەپ قارىمىسۇن، ھەققەتەن جىبرىئىل مېنىڭ قەلبىمگە: سىلەردىن ھېچقانداق ئادەم رىزقى تولۇق تۈگىمەي تۇرۇپ دۇنيادىن كەتمەيدۇ. دېدى ئى خالايىق! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، چىرايلىق سوراڭلار، بىرەرسىڭلارنىڭ رىزقى كېچىكىپ كەتسە ئۇنى ئاللاھقا ئاسى

① تەبرانيي.
② سۈرە زارىيات: 22-21



www.munber.org



بولۇپ تۇرۇپ ئىزدىمىسۇن، ئېنىقكى ئاللاھنىڭ ئىنئامىغا ئاللاھقا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ ئېرىشكىلى بولمايدۇ.»①

مۇشۇنداق ئۇتلۇق تەۋسىيەلەر ئارقىلىق ئىسلام دىنى بۇ تەۋسىيەلەرگە ئەمەل قىلغانلارنىڭ قەدرىنى قىلىپ ئۇلارنى يەر يۈزىدە دادىل قەدەم ئالىدىغان قىلدى ھەمدە بىز ھاجەتلىرىمىزنى ئېيتىدىغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجلىق نەرسىلەرگە ئېرىشىش ياكى ئېرىشمەسلىكتە بىر كۆۋرۈك ۋە ۋاستە ئىكەنلىكىنى ئېنىق يورىتىپ بەردى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىن بايان قىلىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنى نارازى قىلىپ كىشىنى رازى قىلمىغىن، ئاللاھنىڭ پەزلى - مەرھەمىتى ئۈچۈن كىشىنى ماختىمىغىن. ئاللاھ ساڭا بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن كىشىنى سۆكمىگىن. چۈنكى ئاچكۆزنىڭ ھېرىسمەنلىكى ئاللاھنىڭ رىزقىنى ساڭا ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. ئاداۋەتخورنىڭ ئۆچمەنلىكىنى سەندىن رىزقىنى قايتۇرۇۋېتەلمەيدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادىللىقى بىلەن خوشاللىق ۋە باياشاتلىقنى رازىمەنلىك ۋە چىن ئىشەنچتە قىلدى. غەم — قايغۇنى نارازىلىقتا قىلدى.»②

بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى ياخشىلىقنى ئىنكار قىلىش، پەزلى - مەرھەمەت ئىگىلىرىنىڭ خەيرى - ئېھسانىنى كۆزگە ئىلماسلىقنى مەقسەت قىلمايدۇ. چۈنكى باشقا بىر ھەدىستە «خەلققە تەشەككۈرنى بىلدۈرمىگەن ئادەم ئاللاھقا شۈكرى - سانا ئېيتقان بولمايدۇ.»③ دېيىلگەن. بەلكى ئۇنىڭ مەنىسى: خەيرى - ئېھسان ئارقىلىق كىشىنىڭ شەرىپىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ قۇل قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ھەقىقىي خەيرى - ئېھساننىڭ ئىگىسى ئاللاھدۇر. بەرگۈچىنىڭ خەيرى - ئېھسان ئارقىلىق قەلبلەرنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ خالىغانچە باشقۇرۇشىغا يول قويۇلمايدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. بۇنداق خاھىش خەيرى ئېھساننىڭ ساۋابىنى بىكار

① ھاكىم.
② تەبرانيي.
③ ئىمام تىرمىزى.



www.munber.org

قىلىۋېتىدۇ. نىيىتىدە ئاللاھ بولمىغان كىشىلەرنىڭ خەيرى ـ ئېھسانلىرى مانا مۇشۇنداق زايا كەتكەن ئېھساندۇر.

ئەمما ئاللاھ ئۈچۈن بېرىدىغان بەندىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئادا قىلىدىغان كىشىلەرگە كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «كىمكى خەيرى ـ ئېھسان قىلىنسا، قولىدىن كېلىشىچە قايتۇرسۇن، قايتۇرالمىسا رەھمەت ئېيتسۇن. چۈنكى، كىمكى رەھمەت ئېيتسا، تەشەككۇر ئېيتقان بولىدۇ. يۇشۇرسا ئىنكار قىلغان بولىدۇ.»[1]

ئەمما ئۆلۈمدىن قورقۇش، مەيلى قانداقلا يوسۇندا بولسۇن، دۇنيا ھاياتى ئۈچۈن ئار ـ نومۇسقا بەرداشلىق بېرىش نادانلىقتۇر. چۈنكى قېچىش ئۆمرىنى ئۇزارتالمايدۇ. ئاتلىنىش قىسقارتالمايدۇ. بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟!

﴿وَلِكُلِّ أُمَّةٍ أَجَلٌ فَإِذَا جَاء أَجَلُهُمْ لاَ يَسْتَأْخِرُونَ سَاعَةً وَلاَ يَسْتَقْدِمُونَ﴾

﴿(پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان) ھەربىر ئۈممەتنىڭ (ھالاك بولىدىغان) مۇئەييەن ۋاقتى بولىدۇ. (ھالاك بولىدىغان) ۋاقتى يەتكەندە، ئۇلار بىردەممۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولمايدۇ. (يەنى دەرھال ھالاك بولىدۇ.)﴾[2]

شۆبھىسىزكى ئۆلۈم قازاسى ئۆزىنى ئىززەتلىگەنلەرگىمۇ، خارلىغانلارغىمۇ ئوخشاش يېتىدۇ. ئەمما ئىززەتلىگەن ھالدا ۋاپات بولغانلارغا ئەجىر بېرىلىدۇ. خارلىغان ھالدا ئۆلگەنلەرگە گۇناھ ـ يېزىلىدۇ. دېمەك، ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ كەسكىن قازادىن ھېچقانداق ئىنسان قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان بولغان ئىكەن دائىم ئەزىز بولغان ياخشى.

[1] ئىمام ئەبۇداۋۇد.
[2] سۈرە ئەئراف 34.



www.munber.org



## مېھرىبانلىق

مېھرىبانلىق ئىنسان تەبىئىتىنىڭ مۇكەممەللەشكەنلىكى بولۇپ، مېھرىبانلىق ئىنساننى مەخلۇقلارنىڭ ئازاۋىغا ئىچ ئاغرىتىدىغان ئۇنى يوقىتىشقا تىرىشىدىغان، خاتالىقلىرىغا ئەپسۇسلىنىپ توغرا يول تېپىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان قىلىدۇ. مانا بۇ تەبىئەتتىكى مۇكەممەللىك، چۈنكى ئىنساننىڭ تۇيغۇسى خۇنۇكلەشسە ئىنسان ھايۋانى ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ ئۇنىڭدىكى مۇھەببەت ۋە غەمخورلۇق بىلەن سوققان جانلىق ھېسسىياتتىن ئىبارەت پەزىلەتتىن مەھرۇم قويىدۇ، بەلكى بەزىدە ھايۋاندىمۇ ئۆز بالىلىرىغا نىسبەتەن نامەلۇم كۆيۈنۈش تۇيغۇسى قوزغىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تاش يۈرەكلىك ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ھايۋاننىڭ بەلكى ھېس قىلالمايدىغان، ئۈمىدسىزلەنمەيدىغان جانسىز نەرسىلەرنىڭ دەرىجىسىگە چېكىنىپ كەتكەنلىكى بولىدۇ.

چەكسىز مۇتلەق مېھرىبانلىق ئىسىملىرى ئۇلۇغ بولغان پەرۋەردىگار ئاللاھنىڭ سۈپىتى، ئاللاھنىڭ مېھرىبانلىقى پۈتۈن مەۋجۇداتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەممە شەيئىگە ئورتاق، ئاللاھنىڭ بارلىق نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ بىلىمىنىڭ نۇرى نۇرلانغان يەردە چەكسىز مېھرىبانلىقنىڭ نۇرىمۇ بىللە نۇرلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن پەرىشتىلەرنىڭ دۇئاسى تۆۋەندىكىدەك بولغان:

﴿رَبَّنَا وَسِعْتَ كُلَّ شَيْءٍ رَّحْمَةً وَعِلْمًا فَاغْفِرْ لِلَّذِينَ تَابُوا وَاتَّبَعُوا سَبِيلَكَ وَقِهِمْ عَذَابَ الْجَحِيمِ﴾

﴿پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.﴾

ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن بايان قىلىنغان بىر ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئەسىرلەر كەلتۈرۈلدى، ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدىن بىر ئايالنىڭ كۆكرىكى چىڭقىلىپ كەتكەن بولۇپ ئۇ تۇيۇقسىز ئەسىرلەر ئىچىدىن بىر بالىنى تېپىپ كېلىپ ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئېمىتىشكە



www.munber.org

باشلىدى ـ دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇ ئايالنى بالىسىنى ئوتقا تاشلايدۇ دەپ قارامسىلەر؟ دېدى، بىز: ياق، مۇمكىنلا بولسا ھەرگىز تاشلىمايدۇ. دېدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئاللاھ تائالا ئۆز بەندىلىرىگە ئۇ ئايالنىڭ ئۆز بالىسىغا بولغان مېھرىدىن بەكراق مېھرىبان »[1] دېدى.

ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن كۆپىنچىسى مېھرىبان، سېخىي، پەزىلەتلىك، ئەپۇچان دېگەن قىسىملىرىدىن تۈرلىنىپ چىققان. ھەدىس قۇددۇستا مۇنداق دېيىلگەن: «مېنىڭ رەھمىتىم غەزىپىمنى بېسىپ چۈشىدۇ.»[2] يەنى ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنىڭ خاتالىقىنى ئەپۇ قىلىشى ئۇلارنى جازالاش، ئۇلارغا غەزەپلىنىشىدىن ئۇستۈن تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇلۇغ ئاللاھ ئەڭ بۈيۈك مېھرىبان زات بولغان:

﴿وَقُل رَّبِّ اغْفِرْ وَارْحَمْ وَأَنتَ خَيْرُ الرَّاحِمِينَ﴾

﴿‹پەرۋەردىگارىم! مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىسەن› دېگىن.﴾[3]

يەر يۈزىدىكى بارلىق دوستلۇق، خۇشخۇيلۇق ئۆزئارا كۆيۈنۈش ئاللاھ تائالانىڭ مېھرىبانلىقىنىڭ تەسىرىدىن بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۆز مېھرىبانلىقىنىڭ بىر قىسمىنى بەندىلەرنىڭ قەلبىگە ئورنىتىۋەتكەن. كىشىلەرنىڭ رەھىمدىللىرى ئاللاھنىڭ مېھرىبانلىقىدىن كۆپ نېسىۋىدار بولغان ئاجىزلارنىڭ تۇرمۇشىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان كىشىلەردۇر.

ئەمما مۇستەبىت، ھاكاۋۇرلاردىن تەركىب تاپقان تاش يۈرەك كىشىلەر دوزاخنىڭ ئەڭ تۆۋەن جايىدا بولۇپ، ھەدىستە: «... ئاللاھ تائالادىن ئەڭ يىراق كىشىلەر تاش يۈرەك كىشىلەردۇر.»[4]

[1] سۈرە غافىر: 7
[2] ئىمام مۇسلىم.
[3] سۈرە مۆئمىنۇن: 118
[4] ئىمام تىرمىزى.



www.munber.org



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىچ ئاغرىتماسلىق ۋە كۆز يېشى قىلماسلىقنى بەختسىزلىك دەپ ھېسابلايتتى، ئاللاھ تائالا دۇنياغا ئۇنىڭ بېشىنى سىلايدىغان، قايغۇلىرىنى يېنىكلىتىدىغان، خاتالىقلىرىغا قايغۇرىدىغان، توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن جان پىدالىق كۆرسىتىدىغان، ئاجىزنى يۆلەپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئانا بالىسىنى دەپ كۈرەش قىلغاندەك كۈرەش قىلىدىغان، كۈچلۈكنى نوچىلىق قىلمايدىغان، ھەددىدىن ئاشمايدىغان ساغلام تەبىئەتلىك ئىنسانغا قايتىپ كەلگەنگە قەدەر ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرىدىغان بىر ئادەم ئارقىلىق پەزىلنى ئىنئام قىلماقچى بولۇپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتتى. ئۇنىڭ قەلبىگە بىلىم ۋە كەڭ قورساقلىق، ئەخلاقىغا غەمغورلۇق ۋە ياخشىلىق، تەبىئىتىگە مۇلايىملىق ۋە يۇمشاقلىق، قولىغا سېخىيلىق ۋە مەردلىكنى تۆكۈپ ئۇنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئەڭ مېھرىبان، كۆيۈمچان، كۆكسى ـ قارنى كەڭ قىلىدىغان سۈپەتلەرنى بەرگەن.

شۇڭا ئاللاھ بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَبِمَا رَحْمَةٍ مِّنَ اللّهِ لِنتَ لَهُمْ وَلَوْ كُنتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لاَنفَضُّواْ مِنْ حَوْلِكَ﴾

﴿ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ، ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى.﴾[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئېسىل پەزىلەتلەرگە ئۇنى مۇشرىكلار ئوھۇدتا قەسلىمەكچى بولغان، دۈم چۈشسۇن دەپ كاتەك كولىغان ۋاقىتتىكى ئەڭ جىددىي سائەتلەردىمۇ ئەمەل قىلغان، ئۇ ساھابىلارنىڭ گۈللىرىگە قاراپ ئۇلارنىڭ يەريۈزىدە قانغا مىلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆردى، قالغان ساھابىلارغا قارىسا مەگزىلىرى يېرىلغان، چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن ھالەتتە ئىدى، مۇشۇنداق قىيىنچىلىق ۋاقىتتا ئۇنىڭغا مۇشرىكلارنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلغىن دېيىلىۋىدى، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى ئۇستۈن كەلدى ۋە يۈكسەك روھىيىتى ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ

[1] سۈرە ئال ئىمران: 159



www.munber.org

يېتەرسىزلىكنى قوبۇل قىلىپ: «ئاللاھ! قەۋمىمنى توغرا يولغا باشلىغىن، ئۇلار بىلمەيدۇ.» دەپ دۇئا قىلدى.

ئالىيجاناب قەلبلەردە رەھىمسىزلىك ئامىللىرى ناھايىتى ئاز قوزغىلىدۇ. ئۇلاردا ئاداۋەت ۋە قارشىلىققا قارىغاندا كەڭ قورساقلىق ۋە مېھرىبانلىق ھەقىقەتەن يۇقىرى.

رەھىمسىزلىك ئىنساننىڭ ئەخلاقىدىكى زور نۇقسانىنىڭ دەلىلى، مىللەتنىڭ تارىخىدىكى خەتەرلىك بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئىسپاتى. ئىسلام دىنىنىڭ ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇشى، ئۇنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا پاسىقلىق قىلىشنىڭ ئىللىتى، توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىشنىڭ سىرى دەپ ھېسابلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

﴿أَلَمْ يَأْنِ لِلَّذِينَ آمَنُوا أَن تَخْشَعَ قُلُوبُهُمْ لِذِكْرِ اللَّهِ وَمَا نَزَلَ مِنَ الْحَقِّ وَلَا يَكُونُوا كَالَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ مِن قَبْلُ فَطَالَ عَلَيْهِمُ الْأَمَدُ فَقَسَتْ قُلُوبُهُمْ وَكَثِيرٌ مِّنْهُمْ فَاسِقُونَ﴾

﴿مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقىتىگە (يەنى قۇرئان ئايەتلىرىگە) ئېرىيدىغان ۋاقىت يەتمىدىمۇ؟ ئۇلار ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دەك بولمىسۇن، (ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى) زاماننىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر﴾[1]

ئىسلام دىنى ئومۇمىي غەمخورلۇققا بۇيرۇپ ئۇنى مۇكەممەل ئىماننىڭ ئىسپاتى قىلدى. مۇسۇلمان كىشى ئومۇمىي كىشىلەرگە قەلبىدە غەمخورلۇق ۋە ياخشىلىق بار، ھالەتتە ئۇچراشسا ئۇلارغا ئامالىنىڭ بارىچە كەڭ قورساقلىق قىلىپ ئۇلارغا ياردەم بېرىدۇ.

[1] سۈرە ھەدىد: 16





پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەر ئۆزئارا مېھرىبان بولمىغۇچە مۆئمىن بولالمايسىلەر. ئۇلار، يارەسۇلۇللاھ! بىز ھەممىمىز مېھرىبان، دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ سىلەرنىڭ ئۆز ھەمرايىڭلارغا مېھرىبان بولۇش ئەمەس بەلكى ئومۇمىي مېھرىبانلىق﴾[1] دېدى.

شۇنداق، ئادەم بەزىدە ئۆز دوستلىرىغا ئۇچراشقاندا خۇش چىراي ئاچىدۇ، بەزىدە باللىرىنى كۆرگەندە كۆيىنىدۇ، بۇ كۆپچىلىك ئارىسىغا كەڭ تارقالغان ئىش. لېكىن مۆئمىننىڭ مەسئۇلىيىتى كۆيۈنۈش دائىرىسى چەكسىز بولۇشى، ئۇچراشقان بارلىق مۇسۇلمانلارغا خۇش چىراي بولۇپ، دوستلۇقنى، مېھرىبانلىقنى نامايەن قىلىشى زۆرۈردۇر، نۇرغۇن ھەدىس بۇ ئومۇمىي مېھرىبانلىققا قىزىقتۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە مېھرىبانلىق قىلمىغان ئادەمگە ئاللاھ مېھرىبانلىق قىلمايدۇ»[2] يەنە بىر باياندا: «كەچۈرمىگەن ئادەمنى ئاللاھمۇ كەچۈرمەيدۇ.» دېگەن سۆزمۇ كەلگەن.

يەنە مۇنداق دېگەن: «يەر يۈزىدىكى كىشىلەرگە مېھرىبانلىق قىلمىغان ئادەمگە ئاسمان ئەھلى مېھرىبانلىق قىلمايدۇ.»[3]

يەنە مۇنداق دېگەن: «نۇقسان يوق تۇرۇپ كەمتەرلىك قىلغان، بىر نەرسە سورىماستىن تۆۋەنچىلىك قىلغان، جۇغلىغان مېلىنى دۇرۇس يولغا ئىشلەتكەن، ئاجىز، بىچارىلەرگە سىلە رەھىم قىلغان، بىلىم ـ ھېكمەتلىك كىشىلەرگە ئارىلاشقان كىشىگە خۇش مۇبارەك بولسۇن»[4]

خورلانماستىن تۆۋەنچىلىك قىلىش، مۆئمىنلەر بىلەن سىپايە، ئىناق ئۆتۈش، ئۇلارغا سىلىق مۇئامىلە قىلىشنى كۆزدە تۇتىدۇ، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى مۇشۇ ئورتاق مېھرى ـ شەپقەت ئارقىلىق

[1] تىبرا دىنى.
[2] ئىمام بۇخارى.
[3] تەبرانىي.
[4] تەبرانىي.

ئۆيۈشقان جەمئىيەت دەپ سۈپەتلەپ، مۇسۇلمانلار توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:

﴿أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ﴾

﴿مۆئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كۇففارلارغا شەپقەتسىز...﴾[1]

يەنە مۇنداق دېگەن:

﴿أَشِدَّاء عَلَى الْكُفَّارِ رُحَمَاء بَيْنَهُمْ﴾

﴿كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر﴾[2]

سىز ئېهتىمال ئايەتتە مېهرىبانلىق توغرىسىدا سۆزلەۋېتىپ قاتتىق قوللۇقنى تىلغا ئېلىشنىڭ مەقسىتى نېمە؟ دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. ھەقىقەت شۇكى ئىسلام دىنى مەيلى ئىنسان، مەيلى ھايۋان ياكى ئۇچار قۇش بولسۇن ھەممىسىگە ئومۇمىيۈزلۈك مېهرىبانلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ، ئالدىدا ئۆتكەن پاكىتلار بۇ تەرەپنى تەكىتلەيدۇ، لېكىن يەنە بىر بۆلۈك ئادەم ۋە ھايۋانلار باشقىلارغا نىسبەتەن خەتەر مەنبەسى، قورقۇنچ ۋە ئەنسىزلىك ئامىلى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يامانلىقنى تېزگىنلەش، زىيىنىنى چەكلەش كۆپچىلىكنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىگە رىئايە قىلغانلىق بولۇپ، بەزىدە ئۇلارغا قاتتىق قوللۇق قىلىش ئۇلارغا كۆيۈنۈش ۋە ئۇلارنىڭ ئەگرىلىكىنى ئۇڭشىغانلىق بولىدۇ.

ئىسلام دىنى پۈتۈن ئىنسانلارغا ياخشىلىق، تىنچلىق ۋە مېهرىبانلىق يەتكۈزىدىغان دىن، ئاللاھ تائالا ئۆز پەيغەمبىرىگە مۇنداق دېگەن:

﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِّلْعَالَمِينَ﴾

﴿(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾[1]

---

[1] سۈرە مائىدە: 54
[2] سۈرە فەتھ: 29



www.munber.org

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى
خلق المسلم

قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرىلىرىنىڭ ھەممىسى «بِسْمِ اللّهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ» ئەڭ مېهرىبان ۋە شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.» دېگەن سۆز بىلەن باشلانغان.

لېكىن ئىنساننىڭ بەزىلىرى سوۋغا قىلىنغان مېهرى ـ شەپقەتكە قارشى تۇرۇپ، ئۇنىڭ يولىغا تاش توسۇقلارنى قويۇپ ئۇنىڭ ئېقىنىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ، نادانلارچە تېگىرقاش جىلغىسىدا ئۇلارنى مېهرىبانلىقتىن يىراقلاشتۇرۇپ ھالاك قىلىدۇ. شۇڭا بۇ توسۇقلارنى يوقاتماي ئۇنداق كىشىلەرگە يېرىكلىك قىلماي بولمايدۇ ئۇلارنىڭ توسالغۇسى، قارشىلىقى تۈگىگەندە بۇ ئومۇمىي مېهرىبانلىق ھەممەيلەننى ئۇلارنىمۇ ئۆز قوينىغا ئالىدۇ. بۇ مېهرىبانلىقتا مەسىلە يوق. مەسىلە ئۆزىنى شۇ مېهرى ـ شەپقەتتىن مەھرۇم قويغان كىشىدە ئاللاھنىڭ مېهرىبانلىقى، غەمگۇزارلىقى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىغا قارىمامسىز؟ شۇنداق تۇرۇپ ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەر ۋە تۆزكورلۇق قىلغۇچىلار ھەرگىز ئۇ مېهرىبانلىققا نائىل بولالمايدۇ.:

﴿وَرَحْمَتِي وَسِعَتْ كُلَّ شَيْءٍ فَسَأَكْتُبُهَا لِلَّذِينَ يَتَّقُونَ وَيُؤْتُونَ الزَّكَ ـ اةَ وَالَّذِينَ هُم بِآيَاتِنَا يُؤْمِنُونَ۞ الَّذِينَ يَتَّبِعُونَ الرَّسُولَ النَّبِيَّ الأُمِّيَّ﴾

﴿مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر، رەھمىتىمنى (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارغا، (ماللىرىنىڭ) زاكىتىنى بېرىدىغانلارغا ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقانلارغا تېگىشلىك قىلىمەن، ئۇلار ئەلچىگە ــ ئۈممىي پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ.﴾[2]

مىسال: مىڭ كىشىنى سىغدۇرىدىغان زال بار، لېكىن ئۇنىڭغا كارتوچكا بار كىشىلەرلا كىرەلەيدۇ، دېمەك ئەگەر قىسمەن كىشىلەر

---

[1] سۈرە ئەنبىيا: 107
[2] سۈرە ئەئراف: 156-157



www.munber.org

بەلگىلەنگەن كارتۇچكىنى ئالغىلى ئۇنىماي زالغا كىرەلمەي سىرتتا قالسا بۇ زالنىڭ كەڭلىكىگە نۇقسان ھېسابلىنامدۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى بۇنىڭ ياخشى مىسالى: «ئۇنىمىغانلاردىن باشقا پۈتۈن ئۈممىتىم جەننەتكە كىرىدۇ. ئۇلار: كىم ئۇنىمايدۇ؟ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ماڭا بويسۇنغانلار جەننەتكە كىرىدۇ، ماڭا ئاسىي بولغانلار ئۇنىمىغانلاردۇر دېدى»[1]

بەزىدە ھەقىقىي مېھرىبانلىق رەھىمسىزلىكتەك تۇيۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. بىزدە باللار مەكتەپلەرگە مەجبۇرى ئەۋەتىلىدۇ، دەرسلەرنى بېسىم بىلەن يادلايدۇ، ئەگەر ئۇلارنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەرسە ئويۇن ـ تاماشا تۇگەشتۈرىۋېتىدۇ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان چوڭ بولىدۇ.

دوختۇر بەدەننى ئوپېراتسىيە قىلغاندا بەدەننى يېرىش ئۈچۈن ئوپېراتسىيە پىچىقى ئىشلىتىدۇ، يەنە بەزىدە ئۇستىخاننى كېسىشكە ئەزالارنى ئېلىۋېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ، بۇنى پەقەت كېسەلگە كۆيۈنۈش يۈزىسىدىن قىلىدۇ.

مېھرىبانلىق ئەقىلنى ئىشلەتمەستىن كۆيۈنۈش، ئادالەت ۋە تۈزۈمنى قايرىپ قويۇپ ئىچ ئاغرىتىش ئەمەس، ئۇ بۇ ھەقلەرنىڭ ھەممىسىگە رىئايە قىلىدىغان ھېسسىيات، كۆزلىرى يورۇقلۇقتا تەلمۈرگەن، نىجاتلىق تەلەپ قىلغان دارغا ئېسىلىپ بوشلۇقتا ساڭگىلاپ تۇرغان كۆرۈنۈش ئىچ ئاغرىتىشنى قوزغايدۇ، ئەگەر بۇ ئۆتكۈنچە ھېسسىياتقا يول قويۇلۇپ، قاتىل بوشىتىۋېتىلسە جاھان قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ، بۇ يەردىكى ھەقىقىي مېھرىبانلىق مۇشۇنداق ھېسسىياتنى تىزگىنلەش:

﴿وَلَكُمْ فِي الْقِصَاصِ حَيَاةٌ يَاْ أُولِيْ الأَلْبَابِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾

[1] ئىمام بۇخارى.





﴿ئى ئەقىل ئىگىلىرى، سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار.﴾[1]

ئىسلام دىنى قارشى تۇرغان رەھىمسىزلىك مەنتىقە ۋە ئادالەت بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان رەھىمسىزلىك بولۇپ ئۇ يامانلىق قىلىش، زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھاكاۋۇرلۇق، شەخسىيەتچىلىك، نادانلىق بىلەن بىرلەشكەن دۇشمەنلىك... ئەمما كۆيىنىش كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن ئىلاھى گۈزەللىكنىڭ ئىزناسى بولۇپ ئۇ كىشىلەرنى ياخشىلىققا ھەيدەيدۇ، ئۇلارغا ئەڭ قىيىن ۋاقىتلاردا كۆڭۈللەرنى روھلاندۇرۇپ، ھاياتلىقنى ئىللىقلىققا ئىگە قىلىدىغان سەلكىن شامال ئاتا قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ﴿ئاللاھ تائالا مېھرىبانلىقنى يۈز بۆلەك قىلىپ زېمىنغا بىرنى چۈشۈرگەن، ئاشۇ بىرى بىلەن مەخلۇقاتلار ئۆزئارا مېھرىبانلىق قىلىشىدۇ، ھەتتا ھايۋان بالىسىغا دەسسەپ سېلىشتىن ئەنسىرەپ تۇيىغىنى كۆتۈرىدۇ.﴾[2]

يەنە بىر بايابدا مۇنداق بار: «ئاللاھ تائالا ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقان كۈنىسى يۈز مېھرىبانلىق ياراتقان بولۇپ، ھەر بىر مېھرىبانلىق ئاسمان ـ زېمىن ئوتتۇرىسىدا دەرىجە بويىچە بولۇپ، شۇ مېھرىبانلىقتىن بىرىنى زېمىندا قىلدى، شۇ بولغاچقا ئانا بالىسىغا، ياۋايى ھايۋان ۋە قۇشلار ئۆزئارا كۆيۈنىدۇ.»[3] ئەقىل ھەرخىل بىلىم بىلەن ئۆسۈپ يېتىلگەندەك مېھرىبانلىقمۇ ھەرخىل ۋاسىتىلار بىلەن تەرەققىي قىلىپ كېڭىيىپ تەربىيىلىنىدۇ، ئەگەر تاشلاپ قويۇلسا چىرىپ تۈگىشىپ ئۇنىڭ ئىگىسى جەھەننەمنىڭ ئوتۇنىغا ئايلىنىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىشەنچلىك سەممىي بۇ ھۇجرىنىڭ ئىگىسى ئەبۇل قاسىم

[1] سۈرە بەقەرە: 179
[2] ئىمام بۇخارى.
[3] ئىمام مۇسلىم.



www.munber.org

ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ‹مېھرىبانلىق پەقەت شەقى كىشىلەردىنلا يوقىلىدۇ.›»[1]

ئىسلام دىنى مېھرىبانلىق ۋە كۆڭۈل بۆلۈشكە تېخىمۇ تېگىشلىك بولغان بىر بۆلۈك ئالاھىدە كىشىلەرنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن بولۇپ ئۇلار:

ئۇرۇق - تۇغقانلار، تۇغقان دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىسى رەھمە دېگەن سۆز - رەھمەت يەنى مېھرىبانلىق دېگەن سۆزدىن تۇرلىنىپ چىققان تومۇرداش سۆز بولۇپ ئۇلار مەزمۇن جەھەتتىمۇ بىردەكلىششى زۆرۈر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېھرىبانلىق قىلغۇچىلارغا ئاللاھ تائالا مېھرى ــ شەپقەت قىلىدۇ، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرگە مېھرىبانلىق قىلىڭلار، سىلەرگە ئاسماندىكىلەر مېھرىبانلىق يەتكۈزىدۇ، تۇغقانچىلىق ئاللاھنىڭ اَلْـرَّحمٰنْ - مېھرىبان دېگەن سۈپىتى بىلەن تومۇرداش، كىم مېھرى - شەپقەت يەتكۈزسە ئاللاھ ئۇنىڭغا يەتكۈزىدۇ. يەتكۈزمىسە ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا يەتكۈزمەيدۇ.»[2]

ھەربىر مۇسۇلمان ئۆز ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ، يېقىنلىرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشى، ئۈزۈلمەس دوستلۇق ئارقىلىق قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشى لازىم.

ياخشىلىق ۋە خەيرى - ئېھسان قىلىشقا ئەڭ لايىق ۋە ئەڭ مۇھىمى ئاتا - ئانا، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ وَقُل رَّبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا﴾

---

[1] ئىمام ئەبۇداۋۇد.
[2] ئىمام تىرمىزى



www.munber.org



﴿ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە ‹ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيەلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن› دېگىن.﴾[1]

ئاتا - ئانىدىن كېيىن باللار: بەرائىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەبۇبەكرى ئائىشەنىڭ قېشىغا كەلدى، ئائىشە قىزىپ قالغان ئىدى، ئەبۇبەكرى قىزىم ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ دېدى ۋە ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيدى.﴾[2]

تومپاي كىشىلەر باركى، ئۇلاردا بۇنداق مۇلايىملىق مېھرىبانلىق تۇيغۇسى يوق. ئۇلار ناھايىتى ئەخلاقسىز، گەپ - سۆزلىرى قوپال بولىدۇ.

ئەبى ھۇرەيرەدىن بايان قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىنىڭ ئوغلى ھەسەن ياكى ھۇسەيىننى سۆيدى، ئۇنىڭ يېنىدا ئەقرە ئىبنى ھابىت تەممى بار بولۇپ ئۇ: مېنىڭ ئون بالام بار مەن ئۇلارنىڭ بىرەرىنىمۇ ھەرگىز سۆيۈپ باقمىدىم دېۋىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قارىدى ۋە «مېھرىبانلىق قىلمىغان ئادەم مېھرىبانلىققا ئېرىشەلمەيدۇ.»دېدى، يەنە بىر بايانىدا «سېنىڭ قەلبىڭدىن مېھرىبانلىقنى ئاللاھنىڭ تارتىۋېتىشىگە مەن ئىگە بولالمايمەن.»[3]دەپ بار.

ئەنەستىن بايان قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئەبى سەيپىل چەيىننىڭ يېنىغا كىردۇق ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىبراھىمنىڭ ئېمىتكۈچىسى ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئوغلىنى ئېلىپ سۆيۈپ پۇرىدى، كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا يەنە كىردۇق، ئىبراھىم جان ئۈزگەن ئىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى كۆزى ياش تۆكۈشكە باشلىدى، ئىبنى ئەۋف رەسۇلۇللاھنىڭ يىغىسىغا ھەيران قالغاندەك: يا رەسۇلۇللاھ يىغلاۋاتامسەن؟ دېدى،

---

[1] سۈرە ئىسرا: 24
[2] ئىمام بۇخارى.
[3] ئىمام بۇخارى.



www.munber.org

رەسۇلۇللاھ: «ئى ئىبنى ئەۋف بۇ مېھرىبانلىق، ئۇنىڭغا باشقىسى ئەگەشتى» دېدى. يەنە مۇنداق دېدى: «كۆز ياش تۆكىدۇ، قەلب قايغۇرىدۇ، بىز پەقەت پەرۋەردىگارىمىز رازى بولىدىغان سۆزنىلا قىلىمىز، ئى ئىبراھىم بىز سېنىڭدىن ئايرىلغانغا قايغۇرىمىز.»

مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ئۆيى ۋە قەلبىنى تاقىۋېلىشى ئۇلاردىن ئالاقىنى ئۈزۈپ، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولماي، ئۇلارغا ياردەم بەرمەي ئۇلاردىن يىراق ياششى توغرا ئەمەس، بۇنداق تاشلىۋېتىش ئىنساننى ئاللاھنىڭ بەرىكىتىدىن مەھرۇم قىلىپ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار قىلىدۇ.

ئەبى ھۇرەيرەدىن بايان قىلىنىپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ: «رەھمى دېگەن سۆز ئاللاھنىڭ اَلْـرّحمٰنْ دېگەن سۆيىتىدىن كېلىپ چىققان، سەن ئى رەببىم! مەن مېھرى ـ شەپقەتنى ئۈزۈپ قويىدۇم، ئى رەببىم، مەن ئۈزۈمگە يامانلىق قىلدىم، ئى رەببىم، مەن زۇلۇم قىلدىم، ئى رەببىم، ئى پەرۋەردىگارىم! دەيسەن، ئاللاھ ساڭا مېھرى ـ شەپقەتنى داۋاملاشتۇرغانلارغا مەنمۇ داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىمغا، ئۈزۈۋەتكەنلەرگە مەنمۇ ئۈزۈۋېتىدىغانلىقىمغا رازى بولماامسەن؟ دەپ جاۋاب بېرىدۇ.»[1]

يېتىملەر مېھرىبانلىق قىلىش زۆرۈر بولغانلاردىن بولۇپ ئۇلارغا خەيرى ـ ئېھسان قىلىش، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كېپىل بولۇش، ئىستىقبالىغا ئەھمىيەت بېرىش ئەڭ ساپ ئىبادەت. بەلكى خاتالاشقان ھېسسىيات تۇزۇلۇپ سەمىمىيلىشىدۇ، ئەبى ھۇرەيرەدىن بايان قىلىنىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم رەسۇلۇللاھقا ئۆزىنىڭ تاش يۈرەكلىكىنى شىكايەت قىلدى، رەسۇلۇللاھ: «يېتىمنىڭ بېشىنى سىيلا، مىسكىنلەرگە تاماق بەر.»[2] دېدى.

[1] ئىمام ئەھمەد.
[2] ئىمام ئەھمەد.



www.munber.org



يەنە بىر باياندا بىر ئادەم رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا تاش يۈرەكلىكىنى شىكايەت قىلىپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ: «قەلبىڭنىڭ يۇمشىشىنى، ھاجىتىڭنىڭ راۋا بولۇشىنى خالامسەن؟ يېتىمغا مېھرى ـ شەپقەت قىلغىن، بېشىنى سىلىغىن، تامىقىڭدىن تاماق بەرگىن، قەلبىڭ يۇمشاپ ھاجىتىڭگە يېتىسەن.»[1]

چۈنكى ئۈزۈلمەس خۇشاللىقلار قايناپ تۇرغان گۈللەنگەن مۇھىت ۋە نېئمەتتىن باشقىنى بىلمەي كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان جەمئىيەتتە قەلب قېتىپ كېتىدۇ، باياشات كىشىلەر ئاۋامنىڭ دەرد ـ ئەلىمىنى ھېس قىلالمايدۇ. ھوزۇر ـ ھالاۋەت ئۇلارنىڭ دىللىرىنى داتلاشتۇرۇپ، كۆزلىرىنى كور قىلىپ ئۇلارنى موھتاجلارنىڭ ھاجىتىنى، دەرتمەنلەرنىڭ دەردىنى، قايغۇرغۇچىلارنىڭ قايغۇسىنى ھېس قىلالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. كىشىلەر ئوخشىمىغان مۇھىت بىلەن ئۇچراشقان خۇشاللىق ۋە قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋاقىتتا ئېسىل قەلب ۋە ئۆتكۈر سېزىمغا ئېرىشىپ يېتىملەرنى تاشلاپ قويغانلىقنى، دەرتمەن بىلەن چاتىقى بولمىغانلىقنى، بىچارە يوقسۇلنى تەرك ئەتكەنلىكنى ھېس قىلىدۇ.

كېسەل مېيىپ كىشىلەرگە كۆيۈنۈش مۇھىم مېھرىبانلىق جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇلار ھاياتلىقتا، ئۇلارنىڭ پائالىيىتىگە، ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى نامايەن قىلىشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان نۇقسانلار بىلەن يۈزلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلغان بولغاچقا ئۆتكەن ئىشنى بىزنىڭ چىڭ تۇتۇۋېلىشىمىز توغرا ئەمەس.

﴿لَيْسَ عَلَى الْأَعْمَى حَرَجٌ وَلَا عَلَى الْأَعْرَجِ حَرَجٌ وَلَا عَلَى الْمَرِيضِ حَرَجٌ وَمَن يُطِعِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ يُدْخِلْهُ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ وَمَن يَتَوَلَّ يُعَذِّبْهُ عَذَابًا أَلِيمًا﴾

﴿(جىھادقا چىقمىسا) ئەماغا گۇناھ بولمايدۇ، توكۇرغىمۇ گۇناھ بولمايدۇ، كېسەلگىمۇ گۇناھ بولمايدۇ، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ

[1] تەبرانىي.



www.munber.org

پەيغەمبىرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇنى ئاللاھ ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، كىمكى (ئۆزرىسىز جىهادتىن باش تارتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى (دۇنيادا خورلۇق بىلەن، ئاخىرەتتە ئوت بىلەن) قاتتىق ئازابلايدۇ.﴾[1]

كىسەل كىشى ئاجىزلىق ئۇنى ئىسكەنجىگە ئالغان، كېسەلنىڭ هاراrتى، دورىنىڭ ئاچچىقلىقى ئۇنى قىيناۋاتقان كىشى بولۇپ، ئۇ ئۆز دەرتلىرىگە سەۋر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھقا يېقىن، ئاللاھنىڭ غەمخورلۇقىغا لايىق. ئەگەر تىكەن كىرىش مۆئمىننىڭ گۇناھىنى ئازايتىدىغان بولسا مۇسىبەتكە ئۇچرىغان قاتتىق ئازاب تارتقان كىشىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟ بۇ كېسەل كىشىنى ئاللاھقا يېقىن قىلىدۇ، شۇڭا كېسەللەرگە دەخلى - تەرۇز قىلىشتىن، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىشتىن ھەزەر ئەيلىشىمىز لازىم. ئۇلارغا قوپاللىق قىلىش ئېغىر جىنايەت. مېھرىبانلىق قىلىدىغان ئورۇندىن بىرى: خىزمەتچىلەرگە ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە ھەمدەم بولۇش، ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرۈش، ئۇرلارغا قالايمىقان ھوقۇق ئىشلەتمەسلىك، ئۇلارنى مەسخىرە قىلماسلىق.

ئاللاھ تائالا ئەگەر بىر ئادەمنى بىر نەرسىگە ئىگە قىلسا ئۇ ئادەم ئىستىبداتلىق قىلىپ ياخشىلىق قىلمىسا، ئاللاھ ئۇ ئىگە بولغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى يامان قىلىدۇ.

ئەبى مەسئۇدىل بەدرىدىن بايان قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن خىزمەتكارىمنى قامچا بىلەن ئۇرىۋاتاتتىم كەينىمدىن، ئابا مەسئۇد ئېسىڭدە بولسۇن! دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدىم - يۇ، ئاچچىقىمدىن ئاۋازنى ئاڭقىرالمىدىم، يېقىن كەلگەندە ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىكەن، ئۇ: «ئابا مەسئۇد ئاللاھ سەندىن بۇ خىزمەتكارىڭنىڭ قىساسىنى ئېلىشقا ھەقىقەتەن قادىر» دەۋاتاتتى، مەن، ئى رەسۇلۇللاھ ئۇ ئاللاھنىڭ رازىلىقى

[1] سۈرە فەتھ: 17



www.munber.org



ئۈچۈن ھۆر دېدىم، رەسۇلۇللاھ: «شۇنداق قىلمىغان بولساڭ سېنى ئوت كۆيدۈرگەن بولاتتى.»[1] دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «گۈزەل ئەخلاق ئىلگىرىلەش، ناچار ئەخلاق شۇملۇق»[2]

بىر ئادەم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ خىزمەتچىنى نەچچە قېتىم ئەپۇ قىلىمەن؟ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەركۈنى يەتمىش قېتىم.» دېدى.

ھەقىقەتەن بىر بۆلۈك ئەر - ئاياللار بار، ئۇلار خىزمەتچىلەرنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا ھەرخىل ئەزىيەتلەرنى يەتكۈزىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنى ئۇلارنى بۇنداق قوپاللىقتىن ئاگاھلاندۇرغان ۋە قورقۇتقان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىم ناھەق بىر قامچە ئۇرسا، ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنى قىساس ئېلىنىدۇ.»[3]

❖ ❖ ❖

ھايۋانلارغا كۆيىنىشمۇ تەلەپ قىلىنغان مېھرىبانلىقتىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئادەمنىڭ بىر قوينى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن پۈتىدىن سۆرەپ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: ھەي سېنى! ئۇنى ئۆلۈمگە چىرايلىق يېتىلەپ بار. دېدى.

بىر ئادەم يارەسۇلۇللاھ! ئۆلتۈرىلىدىغان قويغىمۇ كۆيۈنەمدىمەن دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ئۇنىڭغا كۆيۈنسەڭ ئاللاھ ساڭا كۆيىنىدۇ.»[4] دېدى.

[1] ئىمام مۇسلىم.
[2] ئىمام ئەبۇداۋۇد.
[3] بەزار.
[4] ھاكىم.



www.munber.org

ئىسلام دىنى ھايۋانلارغا رەھىمسىزلىك قىلغان، ئۇلارنىڭ ئازابلىرىغا پەرۋا قىلمىغان كىشىنى قاتتىق جازالايدۇ. ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ شۇنچە ھۆرمەتلىك تۇرۇپ ھايۋانلارغا يامانلىق قىلغانلىقى سەۋەبلىك دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئايال بىر مۈشۈكنى باغلاپ قويۇپ يېمەكلىك بەرمىگەنلىكى ياكى ئۆزى زېمىندىن نەرسە تېپىپ يېيىشى ئۈچۈن قويۇۋەتمىگەنلىكى ئۈچۈن دوزاخقا كىردى.»[①]

شۇنىڭدەك گەرچە ئىت سەۋەبلىك بولسىمۇ قەلبىنى ئىگىلىگەن مېھرىبانلىقنىڭ ھېسسىياتىنىڭ چوڭ گۇناھلارنى ئۆچۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ قاتتىق ئۇسساپ كەتتى، ئۇ بىر قۇدۇقنى تېپىپ ئۇنىڭغا چۈشۈپ سۇ ئىچىپ چىقتى، بىر ئىت ئۇسسۇزلۇقتىن تىلىنى چىقىرىپ ھۆل تۇپىنى يەۋاتقان ئىكەن، ھېلىقى ئادەم بۇ ئىتقىمۇ ماڭا يەتكەنگە ئوخشاش تەشنالىق يېتىپتۇ دەپ قۇدۇققا چۈشۈپ ئايىغىنى سۇغا تولدۇرۇپ ئۇنى ئاغزىدا چىشلەپ ئۈستىگە چىقىپ ئىتنى سۇغاردى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تەشەككۇر بىلدۈرۈپ ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈردى.»

ساھابىلار يارەسۇلۇللاھ بىزگە ھايۋانلاردىمۇ ئەجىر بارمۇ؟ دېدى، ئۇ: «ھەربىر ھۆل جىگەر ئىگىسىدە ئەجىر ـ مۇكاپات بار.» دېدى.

يەنە بىر بایاندا: «بىر بۇزۇق ئايال تومۇز ئىسسىقتا قۇدۇقنى ئايلىنىۋاتقان بىر ئىتنى كۆردى، ئۇ تەشنالىقتىن تىلىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى، ئۇ ئايال ئايىغىنى سالدى، شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ گۇناھى مەغپىرەت قىلىندى.»[②]

ئىتقا كۆيۈنۈش پاھىشەنىڭ گۇناھىنى يۇغان يەردە ئىنسانغا مېھرى ـ شەپقەت قىلىش ئاجايىپ ھەيران قالارلىق ئىشلارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ!

---

① ئىمام بۇخارى.

② ئىمام مۇسلىم.



www.munber.org



## بىلىم ۋە ئەقىل

ئىسلام دىنى ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق كىشىلەرگە بىلىم ئالىدىغان ئوقۇغۇچى بولۇشنى پەرز قىلىدۇ، بۇنىڭدا ساپالىقلارنىڭ نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ساۋاتسىزلارنىڭ نىسبىتى چۈشىدۇ ياكى يوقايدۇ.

بۇ دىنىنىڭ ھەقىقەتلىرى ـ مەيلى ئاساس ياكى تارماق بولسۇن ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا يۆتكىلىدىغان ئۆلچەم، ئىلھام قىلىش بىلەن كېڭىيىدىغان قايمۇقتۇرۇش بىلەن تارقىلىدىغان تىلتۇمار ئەمەس، ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس، ئىسلام ھەقىقەتلىرى ھېكمەتلىك كىتابتىن يۇقىرى سەۋىيىلىك سۈننەتتىن بارلىققا كەلگەن، بۇ ھەقىقەتلەرنى يۈزەكى ئوقۇپ قويۇش بىلەنلا ئالغىلى بولمايدۇ، بۇنىڭغا يۇقىرى ساپا، يۈكسەك ئىقتىدار ۋە ئېسىل ئەخلاقتا ئىگە بىر بۆلۈك كىشىلەر بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچى، ئىسلامشۇناسلىق ئىنتىلگۈچىلەرگە نىسبەتەن ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى، ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتنى ئىجرا قىلىش قۇرۇلمىسىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تەپسىلىي ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە دۇرۇس تەتقىقات ۋە ساغلام ئىجتىھاد مۇھىتى بارلىققا كېلىپ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارلىققا كەلگەن نۇرغۇن مەسىلىلەر ۋە يېڭى ئىشلارنى ئىسلام ئۆلچىمىدە زامانغا لايىق ھەل قىلىدىغان شارائىت يارىتىدۇ.

قانداقلا مۇھىتتا بۇ تەرەپلەر كەم بولسا ئىسلامنىڭ ئاساسى ئاجىزلاپ دائىرىسى تارىيىدۇ، خۇددى باراقسان ئۆسكەن ئېگىز دەرەخ قۇرۇپ، يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ قاخشال بولۇپ قالغاندەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن دۇنيا توغرىسىدا تەپەككۇر يۈرگۈزۈش زۆرۈر بولۇپ، قۇرئان سۈرىلىرىدە ئىزچىل ئەمر قىلىنغان ۋە مۇستەھكەم ئىمانىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ تۈنجى ئاساسى ھېسابلانغان. دەرۋەقە، ئەنە شۇنداق تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ھازىرقى مەدەنىيەت كەشپىياتلىرىنى بارلىققا كەلدى. دۇنياغا كائىناتنىڭ ئۇلۇغ سىرلىرى ئېچىپ بېرىلدى.



www.munber.org

ئىنسانىيەت چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان قولايلىقلار ھازىرلاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ھەقىقەتكە ئەگىشىشكە، قانچە يوشۇرۇن بولسىمۇ، ئىزدەپ تېپىشقا، تۇرلۇك خىياللارغا بېرىلمەسلىككە، قۇلاقلىرىمىز، كۆزلىرىمىز ۋە دىللىرىمىزنى ياخشى ئىشلىتىشكە تەۋسىيە قىلىش لازىم. شۇنداق بولغاندىلا ئاللاھ ھوقۇق بەرمىگەن، غوۋا ئەنئەنىلەر ھۆكۈم سۈرگەن، تۇرلۇك يالغانچىلىقلار بىلەن توشۇپ كەتكەن، كاھىنلىق، رامباللىق ئەۋج ئالغان جەمئىيەتتە ئەمەس، بەلكى، خۇراپاتلىقلاردىن يىراق، خام خىياللاردىن پاك بولغان جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئىسلام ئۇچۇن بىلىم خۇددى ئىنسانغا ھايات زۆرۈر بولغاندەك زۆرۈر، بۇ دىن پەقەت پىشقان بىلىم، ئۆتكۈر ئەقىل ئىگىلىرىدىلا ئاندىن ئۆز ئورنىنى تاپىدۇ.

ئاللاھ ئۇ توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ:

﴿هَذَا بَلاَغٌ لِّلنَّاسِ وَلِيُنذَرُواْ بِهِ وَلِيَعْلَمُواْ أَنَّمَا هُوَ إِلَهٌ وَاحِدٌ وَلِيَذَّكَّرَ أُوْلُواْ الأَلْبَابِ﴾

«كىشىلەرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇلىشى، ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بىلىشلىرى، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۇچۇن بۇ (قۇرئان) تەبلىغدۇر، (يەنى كىشىلەرگە تەبلىغ قىلىش ئۇچۇن نازىل قىلىندى.»[1]

جەھەننەمدىكىلەرنىڭ سۆزلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿لَوْ كُنَّا نَسْمَعُ أَوْ نَعْقِلُ مَا كُنَّا فِي أَصْحَابِ السَّعِيرِ﴾

﴿«ئەگەر بىز (پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلىغان ياكى چۈشەنگەن بولساق، ئەھلى دوزاخ قاتارىدا بولماس ئىدۇق»﴾[2]

[1] سۈرە ئىبراھىم: 52
[2] سۈرە مۇلك: 10



www.munber.org



يەنە سەزگۈلىرى يوقالغان، ئىقتىدارى تۈگەشكەن، زېھنى ئىشلىمىگەن كىشىلەر توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَثَلُ الَّذِينَ كَفَرُواْ كَمَثَلِ الَّذِي يَنْعِقُ بِمَا لاَ يَسْمَعُ إِلاَّ دُعَاء وَنِدَاء صُمٌّ بُكْمٌ عُمْيٌ فَهُمْ لاَ يَعْقِلُونَ﴾

﴿كاپىرلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلغۇچى خۇددى مەنىسىنى چۈشەنمەي تاۋۇشنى ۋە نىدانىلا ئاڭلايدىغان چاھارپايلارنى چاقىرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ، (كاپىرلار ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاستۇر، (ھەقنى سۆزلەشتىن) گاچىدۇر، (ھەقنى كۆرۈشتىن) كوردۇر، ئۇلار (ۋەز نەسىھەتنى) چۈشەنمەيدۇ.﴾[1]

شۈبھىسىزكى، ھاياتلىق كامالەتكە يېتىپ ئەڭ ساپ، ئەڭ ئىلغار ئىسلام تەلىماتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار بولغاندىن باشلاپ ئاللاھ ھاياتلىقنى ئىسلام ئارقىلىق شەرەپكە ئىگە قىلدى. چۈنكى ئىسلام تەلىماتلىرىنىڭ ھەممىسى ھاياتلىقنىڭ مۇكەممەللىككە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا ماس كېلىدۇ. بەلكى ئۇ ماددى ۋە روھى تەرەققىياتقا چوڭ قەدەم تاشلىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سىز ئىسلامدىكى تۇنجى ئىبادەت بولغان نامازغا قارىسىڭىز ئەزان ئوقۇش ۋە ئۇنى ئادا قىلىشنىڭ تولۇق ئەقلى خىزمەت ئىكەنلىكىنى بايقايسىز، مەسىلەن: نامازغا چاقىرىش ئەقىلنى ئېچىپ دىلنى ئويغىتىدىغان ئاللاھنى چوڭ بىلىش، ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، نىجاتلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە قىزىقتۇرۇشتىن ئىبارەت بىرقانچە سۆز بولۇپ، ئەزان ھەرگىز ساداسى بوشلۇققا قويۇپ بېرىلىدىغان نامەلۇم تۇيغۇلارغا خىتاب قىلىنىدىغان سىگنال ئەمەس. نامازنىڭ ئۆزى ياخشىلىقنىڭ ئىرادىلىرى ۋە ھىدايەت دەلىللىرىگە تولغان كىتابتىن ئوقۇلغان ئايەتلەر بولۇپ ئۇنى قانچە كاللا ئويغاق ھالدا ئوقۇپ، شۇ

[1] سۈرە بەقەرە: 171



www.munber.org

ئايەتلەرنىڭ مەزمۇننى ئەقىل قانچە مۇلاھىزە قىلسا ئۇنى شۇنچە چۈشىنىپ قوبۇل قىلغىلى بولىدۇ.

ھەقىقەت شۇكى، بىر ئادەمنىڭ ئىسلامدا قانچىلىك مۇستەھكەم تۇرۇشى ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، كاللىسىنىڭ ئىشلىشى ۋە تەبىئەتنىڭ دۇرۇسلۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. پىكرى خۇنۇك، ۋىجدانى كېسەل ئادەمنىڭ بۇ دىندا ئۇزۇپ چىقىشى ناھايىتى مۇشكۇل.

قۇرئاندىن تۇنجى چۈشكەن ئايەت ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە دېگەن تۆۋەندىكى سۆزىدۇر:

﴿اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ۞ خَلَقَ الْإِنسَانَ مِنْ عَلَقٍ ۞ اقْرَأْ وَرَبُّكَ الْأَكْرَمُ ۞ الَّذِي عَلَّمَ بِالْقَلَمِ ۞ عَلَّمَ الْإِنسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ﴾

﴿ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن، ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى، ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر، ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى، ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى.﴾[1]

بۇ تۇنجى بايانات بولۇپ ئۇ قەلەمنىڭ قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن، بىلىمنىڭ قەدرىنى مەدھىيىلىگەن. بىخۇتلۇقتىكى قارا ساۋاتلىققا جەڭ ئېلان قىلغان، ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشنى ھەقىقىي ئادەم يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىكى تۇنجى ئاساس، ھۇل كېسەك قىلغان، ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك ئاللاھ ئالىملارنى دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھەتتا ئۇلارنى ئۆزىنىڭ بىرلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ئادالەتنى ئىسپاتلاشتا ئۆزى ۋە پەرىشتىلەر بىلەن بىر قاتاردا كەلتۈرگەن.

﴿شَهِدَ اللّهُ أَنَّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ وَالْمَلاَئِكَةُ وَأُوْلُواْ الْعِلْمِ قَآئِمَاً بِالْقِسْطِ لاَ إِلَـهَ إِلاَّ هُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾

[1] سۈرە ئەلەق: 1-5

www.munber.org





﴿ئاللاھ ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، پەرىشتىلەرمۇ ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى، ئۇنىڭدىن باشقا مەبۇد يوقتۇر، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1]

بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، ئىشلىمەس ئەقىل، تار ئاڭ سەۋىيەگە بۈيۈك، كاتتا ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقىنى ھېس قىلىش نەدە تۇرۇپتۇ، نادانلىقى ۋە بىخودلۇقى بىلەن ھاياتلىقنىڭ قىسىلچىلىقلىرىدا ياشاۋاتقان ئادەم ھاياتلىقنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھوقۇقىنى قانداقمۇ تونۇيالىسۇن ياكى ئۇنىڭ كاتتا سۈپەتلىرى، بۈيۈك دەلىللىرىدىن بىرەرىنى چۈشىنىشكە ئېرىشەلىسۇن؟

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئالىملارنى ئۇلۇغلاپ ئۇلارنى ھۆرمەت ۋە پەزىلەتتە ئۈستۈن قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «غالىب ۋە ئۇلۇغ ئاللاھ قىيامەت كۈنىسى بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن ئۆز كۇرسىدا ئولتۇرغاندا ئالىملارغا مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىلىمىم ۋە كەڭ قورساقلىقىمنى سىلەرنىڭ ئىشىڭلاردا قىلىدىكەنمەن سىلەردىكى كەمچىلىكلەرنى كەچۈرىمەن، پەرۋا قىلمايمەن.»»

ھاپىزىل مۇنزىرى مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ «بىلىمىم ۋە كەڭ قورساقلىقىم» دېگەن سۆزىگە قاراڭ ئۇنىڭغا چوڭقۇر دىققەت قىلىڭ، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ «مېنىڭ بىلىمىم ۋە مېنىڭ كەڭ قورساقلىغىم» دەپ بىلىم ۋە كەڭ قورساقلىقنى ئۆزىگە قوشۇپ كەلتۈرىشىدىن ھازىرقى زاماندىكى ئىخلاس ۋە ئاللاھنى ھەقىقىي بىلىشتىن خالىي بىلىمنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى بىلىم ئەمەسلىكى ئاشكارلىنىدۇ.

كەڭ قورساقلىقنى بىلىمگە باغلاپ كەلتۈرۈشتە بۈيەردىكى بىلىم شاللاقلىقنى تىزگىنلەپ، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بوي سۇنمىغان بىلىمنى كۆرسىتىدۇ.

[1] سۈرە ئال ئىمران: 18

www.munber.org

❖ ❖ ❖

ھەقىقىي تونۇش ئاللاھنىڭ نەزىرىدە تەۋرىنىپ تۇرغان ئەمەلدىن نادانلىق ۋە نۇقسان بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ئىبادەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىلىمنىڭ پەزىلىتى ئىبادەتنىڭ پەزىلىتىدىن ياخشى.»[1]

يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاز بىلىم كۆپ ئىبادەتتىن ياخشى.»[2]

يەنە مۇنداق دېگەن: «ئىبادەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى ـ چۈشىنىش.»[3]

يەنە مۇنداق دېگەن: «ئى ئەبۇزەر ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ئايەتنى ئۆگىنىپ تاڭنى يورۇتقىنىڭ يۈز رەكئەت ناماز ئوقۇغىنىڭدىن ياخشى، ئەمەل قىلىنسۇن ياكى ئەمەل قىلىنمىسۇن بىر باب بىلىم ئۆگىنىشىڭ مىڭ رەكئەت ناماز ئوقۇغىنىڭدىن ياخشى.»[4]

بۇ ھۆكۈمدىكى سىر شۇكى، نادان ئىبادەت قىلغۇچى ئۇنىڭ دوستلۇقىغا ئوخشاشلا پايدىسى ئاز، ئۇلار پايدىنى ئويلاپ تۇرۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، دوستلىرىغا ياخشىلىق قىلىمەن، خۇشاللىق ئاتا قىلىمەن دەپ تۇرۇپ ئۇلارغا زىيان ـ زەخمەت، كۆڭۈلسىزلىك ئېلىپ كېلىدۇ، نادان ئىبادەت قىلغۇچىلار يۈزەكى جەھەتتىن دىنغا چىڭ يېپىشىپ ئۇنى قاتتىق قوللايدۇ، لېكىن ئۇلار نادان، ئەخمەقلىقىدىن بىلىپ ـ بىلمەي دىنغا زىيان يەتكۈزىدىغان، نومۇس ئېلىپ كېلىدىغان پوزىتسىيىدە بولۇپ قالىدۇ. دىنغا كۆپ خاپىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمما ئىلىم ئىگىلىرى بولسا ئۆتكۈر زېھنىنى، سەزگۈر قەلبلىرى بىلەن ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ. دىللىرى ئۇلارنى ھىدايەتكە ئىلھام بېرىدۇ. قىلغان ئەمەللىرىنى ئاز بولسىمۇ چۈشۈنۈپ توغرا قىلىدۇ.

[1] بەزەر.
[2] تەبرانىي.
[3] تەبرانىي.
[4] ئىمام ئىبنى ماجە.



www.munber.org



ئەمما بىلىم ئىگىلىرى ئۇلارنىڭ پاراستى، ئۇلارنىڭ يولىنى بەلگىلەپ ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇلار ئاز ئەمەل قىلغان تەقدىردىمۇ قىلغان ئىشىدا دۇرۇس ۋە ھەققانىيلىق كۆپ بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «چۈشەنگەن بىر ئالىم شەيتانغا تاقابىل تۇرۇشتا مىڭ ئىبادەت قىلغۇچىدىن كۈچلۈك.»[1]

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئالىمنىڭ ئىبادەتكارغا نىسبەتەن پەزىلىتى سىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەنلىرىڭلارغا نىسبەتەن مېنىڭ پەزىلىتىمگە ئوخشاش.»[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئالىمنىڭ پەزىلىتى ئىبادەتكاردىن يەتمىش دەرىجە ئۈستۈن، ھەربىر دەرىجە ئارىلىقى ئاتنىڭ مېڭىشىدا يەتمىش يىل، بۇنداق بولۇشى شەيتان كىشىلەرگە بىدئەتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ، ئالىم ئۇنى كۆرۈپ كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن توسىدۇ، ئىبادەتكار تولۇق بېرىلمەي، چۈشەنمەي پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىشقا يۈزلىنىدۇ.»[3]

ھەدىسنىڭ ئاخىرى راۋىيلار چۈشەندۈرۈش، شەرھلەش ئۈچۈن قوشۇپ قويغان ئىبارە بولسا كېرەك.

نەزەر دائىرىسى تار بولسا، ئىماننى كۈچەيتىشكە، ياخشىلىقنى جارى قىلدۇرۇشقا ئورۇن بولمايدۇ، ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَتِلْكَ الْأَمْثَالُ نَضْرِبُهَا لِلنَّاسِ وَمَا يَعْقِلُهَا إِلَّا الْعَالِمُونَ﴾

﴿بىز ئىنسانلارغا بايان قىلغان بۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ.﴾[4]

[1] ئىمام تىرمىزى.
[2] ئىمام تىرمىزى.
[3] ئەسبەھانى
[4] سۈرە ئەنكەبۇت: 43



www.munber.org

ئاللاھ يەنە، ياخشىلىقتا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، داۋاملىق سەگەك تۇرىدىغان ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ھېرىسمەن قەلب ـ ئالىمنىڭ پەرۋەردىگارىدىن تولۇق خەۋەردار نۇرلۇق قەلبى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

﴿أَمَّنْ هُوَ قَانِتٌ آنَاء اللَّيْلِ سَاجِدًا وَقَائِمًا يَحْذَرُ الْآخِرَةَ وَيَرْجُو رَحْمَةَ رَبِّهِ قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُوْلُوا الْأَلْبَابِ﴾

﴿‹ئاللاھقا شېرىك كەلتۇرگەن ئادەم ياخشىمۇ ياكى ئاخىرەت ئازابىدىن قورقۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالدا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزگەن ئادەم (ياخشىمۇ؟) ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ.﴾[1]

❖ ❖ ❖

ھەربىر مۇسۇلمان ئۆگىنىشكە ئاتلىنىدىغان، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىدىغان، ئېرىشىش ئۈچۈن مەشرىقتىن مەغرىبكە سەپەر قىلىدىغان بىلىم ھەرگىز باش ـ ئاخىرى چەكلىك مۇئەييەن بىلىم بولماستىن بەلكى ئۇ كەڭ نەزەر دائىرىگە ئورۇن بېرىدىغان، ئىلىم ـ ئىرپانغا تەشنا ئەقىل ئالدىدىكى بارلىق توسۇقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلايدىغان ھەمدە ئىنسان بىلەن مەۋجۇداتلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەيدىغان ئىلھام ۋە ئىدراكقا چەكسىز پۇرسەت بېرىدىغان، شۇنداقلا دۇنيادا ئۆزىگە خوجا بولۇپ ياشاش، ئۆزىگە ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىش، يوشۇرۇن بايلىقلاردىن پايدىلىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدىغان بارلىق بىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئۆگىنىپ پۇختا ئىگىلەشكە تېگىشلىك بىلىم. ھەربىر مۇسۇلمان بۇ بىلىملەردىن تېگىشلىك نېسىۋىسىنى ئېلىشى لازىم. بۇنى ئايەت ۋە ھەدىس تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ:

[1] سۈرە زۇمەر: 9



www.munber.org



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەرقايسى ساھەدە بىلىم سەۋيىنى ئۆستۈرۈشكە كۆرسەتمە بەرگەن ھەدىسلىرى نۇرغۇن بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم بىلىم ئىزدەپ يولغا چىققان بولسا ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەت يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.»[1]

يەنە مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق ئىزدەنگۈچى بىلىمنىڭ پەزىلىتىگە ئوخشاش بىر نەرسىگە ئېرىشىپ باقمىدى، بىلىم ئىگىسىنى ھىدايەتكە باشلايدۇ، ياكى پەسىلىكتىن قايتۇرىدۇ، ئىنسانىنىڭ ئەقلى دۇرۇسلاشماي تۇرۇپ دىنى دۇرۇس بولمايدۇ.»[2]

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «پەقەت ئىككىلا ئىشتا ھەسەت قىلىشقا بولىدۇ، بىرى ئاللاھ ئۇنىڭغا كۆپ مال بېرىپ ئۇنى ھەق يولدا ئىشلىتىشكە مۇيەسسەر قىلغان ئادەم. يەنە بىرى، ئاللاھ بىلىم ھېكمەت بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلىپ ئۇنى كىشىلەرگە ئۆگەتكەن ئادەم.»[3]

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى، ئاسمان ـ زېمىن ئەھلى ھەتتا تۆشۈكىدىكى چۈمۈلىگە قەدەر ھەتتا دېڭىزدىكى بېلىققا قەدەر كىشىلەرگە ياخشىلىقنى ئۆگەتكۈچى مۇئەللىمگە رەھمەت سالام يوللايدۇ.»[4]

بۇ ھەدىسلەر ياخشىلىق ۋە ھېكمەتلىك ئىشلارنى شۇنداقلا زىياندىن ساقلاپ، پايدىغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ھەرقانداق بىلىمنى ئۆگىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئېنىقكى ئەڭ دەسلەپ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىلىم ئاللاھنىڭ كىشىلەردىكى ھوقۇقى ۋە كىشىلەرنى ئۆزئارا ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى بىلىش مەۋقەنى ئومۇمىي مەنپەئەتكە قارىتىش، كۆپچىلىكنى تەشكىللەشتە ۋە سىياسىي يېتەكلەشتە زور تەسىرگە ئىگە، لېكىن قەدىرلەشكە تېگىشلىك

[1] ئىمام مۇسلىم.
[2] تەبرانىي.
[3] ئىمام بۇخارى.
[4] ئىمام تىرمىزى.



www.munber.org

بىلىم فىقھى، تەپسىر قاتارلىق بىلىملەرنى ئۆگىنىش ئەمما باشقا بىلىملەرنى ئۆگىنىش خالىغانلار ئۆگەنسە، خالىمىغانلار ئۆگەنمىسىمۇ بولىدۇ دەپ قاراش بىمەنىلىك.

بۇ چوڭ خاتالىق، دۇنيا ۋە ھاياتلىق بىلىملىرىنى ئاسمان - زېمىن ھەقىقەتلىرى توغرىسىدىكى ئۈزۈلمەس تەتقىقات نەتىجىلىرى ئەھمىيەت جەھەتتىن نوقۇل دىنى بىلىملەردىن قېلىشمايدۇ بەلكى بۇ بىلىملەرنىڭ نەتىجىسى شەرىئەت بىلىملىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىشكە يول ھازىرلايدۇ.

قۇرئانى كەرىم ئىلىمنىڭ پەزىلىتى، ئالىملارنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى مەدھىيىلىگەندە ئالىملاردىن ياراتقۇچىنىڭ بۈيۈكلىكى ۋە يارىتىشىنىڭ ئاجايىپلىقىنى بىلىدىغان ئالىملارنى كۆزدە تۇتقانلىقى، بىلىمدىن ئۆسۈملۈك، ھايۋانات ۋە باشقا تەبىئەتكە نەزەر سېلىشتىن بارلىققا كەلگەن بىلىمنى مەقسەت قىلغانلىقى بىزگە كۆپايە.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ أَنزَلَ مِنَ السَّمَاء مَاء فَأَخْرَجْنَا بِهِ ثَمَرَاتٍ مُّخْتَلِفًا أَلْوَانُهَا وَمِنَ الْجِبَالِ جُدَدٌ بِيضٌ وَحُمْرٌ مُّخْتَلِفٌ أَلْوَانُهَا وَغَرَابِيبُ سُودٌ ❖ وَمِنَ النَّاسِ وَالدَّوَابِّ وَالْأَنْعَامِ مُخْتَلِفٌ أَلْوَانُهُ كَذَلِكَ إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاء إِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ غَفُورٌ﴾

﴿كۆرمەمسەنكى، ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇردى ئۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك رەڭگارەڭ مېۋىلەرنى چىقاردى، (شۇنىڭدەك ئاللاھ تاغلارنى ياراتتى) تاغلارنىڭ ئاق، قىزىللىرى، ھەرخىل رەڭدىكى يوللۇقلىرى ۋە قاپقارىلىرىمۇ بار، شۇنىڭدەك ئىنسانلارنى، ھايۋانلارنى، چاھار پايلارنىمۇ خىلمۇخىل رەڭلىك قىلىپ ياراتتى، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر. (بەندىلەر ئىچىدە تەۋبە قىلغانلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.﴾[1]

يەنە مۇنداق دېگەن:

﴿وَمِنْ آيَاتِهِ خَلْقُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافُ أَلْسِنَتِكُمْ وَأَلْوَانِكُمْ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِّلْعَالِمِينَ﴾

﴿ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقانلىقى، تىللىرىڭلارنىڭ، رەڭگىڭلارنىڭ خىلمۇخىل بولۇشى ئاللاھنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر، بۇنىڭدا بىلىملىك كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار.﴾[2]

ھاياتلىق بىلىملىرى دىنغا خىزمەت قىلىش ۋە دىنى ھەقىقەتلەرنى يورۇتۇشتا ئاخىرەت بىلىملىرى بىلەن ئوخشاش. ۋاقىت جەھەتتىن تەبىئەت بىلىملىرى ئۇزاقراق ئۆگىنىشكە موھتاج .دىنى بىلىم ھەقىقي بېرىلگەن كىشىگە ئاسان بولۇپ ئۇزاق ۋاقىت كەتمەيدۇ. ئەگەر شەرىئەت بىلىملىرىنى ئەتراپلىق ئۆگەنمەكچى بولسا بۇنىڭغا كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ. بۇ دۆلەت يېتەكچىلىك قىلىدىغان ياكى ئېھتىياجغا قاراپ تەربىيەلەيدىغان خىزمەتلەرگە ئوخشاش ئىجتىمائىي ۋەزىپە، ئەگەر ئېھتىياج كۈچلۈك بولمىسا ياكى ئۇنۇم كۆرۈلمىسە ئۇنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ تۆۋەنلەيدۇ. مەسىلەن: ھوقۇق ۋە ھۆكۈم ئىشلىرىنى ئۆگىنىش گەرچە ئۆگەنگۈچى ئەبۇ ھەنىپەنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكەن بولسىمۇ، ئېھتىياج كۈچلۈك بولمىسا بۇنى ئۆگىنىش تىبابەتنى ئۆگىنىشتىن شەرەپلىك ئەمەس.

بىلىم ئىگىسىنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىشى ئۇنىڭ ئۆز بىلىمنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە ساۋابلىقىنى ئۈمىد قىلىپ، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قانچىلىك خىزمەت قىلدۇرغانلىقىغا يەنى بىلىمى بىلەن كىشىلەرگە قانچىلىك پايدىلىق ئىش قىلغانلىقىغا باغلىق.

---

[1] سۈرە فاتىر: 27-28
[2] سۈرە رۇم: 22



www.munber.org

نوقۇل دىن ۋە نوقۇل دۇنيا ئۇتتۇرىسىدىكى توساق ناھايىتى نازۇك ھەم قويۇق. بۇ يەردىكى ئاساس يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك نىيەتنىڭ دۇرۇسلۇقى، غايىنىڭ يۈكسەكلىكىگە باغلىق بىرلا نەرسە. بەزىدە تىرىشچانلىقنى شەرەپلىك ئىش ياكى پەس ئىشقا ئايلاندۇرىۋېتىدۇ. ھەقىقەتەن تىرىشچانلىق شەخسىيەتچىلىك ئارىلاشقان بولسا بۇ زور خاتالىق بولىدۇ. ئەگەر سەممىيلىك ئارىلاشقان بولسا جىھاد ھېسابلىنىدۇ.

كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ:

﴿الْمَالُ وَالْبَنُونَ زِينَةُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا﴾

﴿مال ـ دۇنيا ۋە بالا ـ چاقا ھاياتى دۇنيانىڭ زىننىتى﴾[1] دېگەن سۆزىنى ئوقۇپ مال ۋە بالىنى پەقەت مەنپەئەتلىنىش دەپ قارايدۇ، مال ـ دۇنيا ۋە بالا ـ چاقىنىڭ پەرز قىلىنغان جىھادنىڭ ئاساسى كۈچى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمەيدۇ، مال ـ دۇنيا ۋە بالا ـ چاقىنىڭ كۆپ بولۇشىنى ئاللاھ تائالا بىر مەزگىل مەغلۇب قىلىپ كېيىن ئاللاھ ئۇنىڭغا قولدىن بېرىپ قويغان شان ـ شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتى ئاتا قىلغان، ئۇممەتنىڭ غەلىبىسىنىڭ ئاساسى ھازىرلىقى قىلغان نېمىشقا قانداقسىگە؟

﴿ثُمَّ رَدَدْنَا لَكُمُ الْكَرَّةَ عَلَيْهِمْ وَأَمْدَدْنَاكُم بِأَمْوَالٍ وَبَنِينَ وَجَعَلْنَاكُمْ أَكْثَرَ نَفِيرًا﴾

﴿ئاندىن (يەنى تەۋبە قىلغىنىڭلاردىن) كېيىن سىلەرنىڭ ئۇلاردىن ئۈستۈنلۈكۈڭلارنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق، سىلەرگە نۇرغۇن مال ۋە ئەۋلادلار ئاتا قىلدۇق، سانىڭلارنى كۆپ قىلدۇق.﴾[2]

مال ۋە ئەۋلاد بۇ مىللەتكە تۈگۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن ياردەم بېرىپ، بۇ مىللەت چېكىنىشتىن كېيىن ئىلگىرىلىدى، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قايتا قولغا كەلتۈردى.

---

[1] سۈرە كەھف: 46
[2] سۈرە ئىسرا: 6



www.munber.org



بىلىم تۇغرىسىدىكى سۆزمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. بىر ئادەم ئاللاھنىڭ زىمىنىنىڭ مۇنبەتلىشىشىنى تىلەپ ئوغۇتشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولسا ئۇنىڭ ساۋابى قىلچە كېمىيىپ كەتمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ساۋابى كېچە ئۇخلىماي مېھرابتا ناماز ئوقۇغان ئادەمنىڭ ساۋابىدىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن.

ئىسلام دىنى ئالىملارنىڭ دەرىجىسىنى، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى، نەتىجىسىنىڭ ھۆرمىتىنى ئەڭ يۇقىرى كۆتۈرگەن. مۇئاز ئىبنى جەبەلدىن بايان قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ‹بىلىم ئۆگىنىڭلار ھەقىقەتەن ئاللاھ ئۈچۈن بىلىم ئۆگىنىش ئاللاھتىن قورققانلىق، بىلىم تەلەپ قىلىش ئىبادەت، مۇزاكىرە قىلىش تەسبىھ، ئىزدىنىش جىھاد، بىلمەيدىغان كىشىگە ئۆگىتىش سەدىقە بىلىمگە ئېھتىياجلىقلارغا بىلىم بېرىش ئاللاھقا يېقىنچىلىق قىلىش، چۈنكى بىلىم ھالال ـ ھارامنىڭ بەلگىسى، جەننەت ئەھلىنىڭ يولىنىڭ مەشئىلى، ئۇ تەنھالىقتىكى ئۈلپەت، يالغۇزلۇقتىكى ھەمراھ، خىلۋەتتىكى سىرداش، خوشاللىق ۋە قىيىنچىلىق ۋاقىتلىرىدا يول كۆرسەتكۈچى، دۈشمەن ئالدىدا قورال، دوستلار ئارىسىدا زىننەت، ئاللاھ تائالا ئىلىم ئارقىلىق بىر بۆلۈك قەۋملەرنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنى ياخشىلىقنىڭ يولباشچىلىرى، كىشىلەرنىڭ ئۈلگىسى ۋە يولباشچىسى، پەرىشتىلەر دوست تۇتۇشقا قىزىقىدىغان، قاناتلىرى بىلەن سىپايدىغان، ئۇلارغا ھەربىر ھۆل ـ قۇرۇق نەرسە، دېڭىزدىكى بېلىقلار ۋە ھاشاراتلەر، قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرى ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلار مەغپىرەت تىلەيدىغان يولباشچىلاردىن قىلىدۇ. چۈنكى بىلىم قەلبلەرنى جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرىدۇ، قاراڭغۇلۇقتىكى كۆرۈش چىرىقى ھەربىر بەندە بىلىم ئارقىلىق ئەڭ ياخشى كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئەڭ ياخشى دەرىجىگە ئېرىشىدۇ. بىلىمنى مۇلاھىزە قىلىش روزا تۇتۇشقا، ئۆگىنىش كېچىسى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇغانغا باراۋەر. بىلىم ئارقىلىق تۇغقاندارچىلىق مۇستەھكەملىنىدۇ، ھالال ـ ھارام ئايرىلىدۇ، بىلىم رەھبەر، ئەمەل ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىسى، تەلەيلىك

كىشىلەر بىلىمگە مۇيەسسەر بولىدۇ، تەلەيسىزلەر ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالىدۇ.[1]

❖ ❖ ❖

باشقا تىللارنى ئۆگىنىش ئىسلامنىڭ سۈننىتىدىن بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ بىلىمدىن پايدىلىنىشتا باشلامچى بولغان بولۇپ، ئۇ كاتىپى «زەيد ئىبنى سابىت» نى سۈريان تىلىنى ياخشى ئۆگىنىشكە بۇيرىغان زەيد مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ماڭا ئەمر قىلىۋىدى مەن ئۇنىڭغا سۈريان تىلىدا يەھۇدىيلارنىڭ كىتابىنى ئۆگەندىم، - دېدىم. رەسۇلۇللاھ: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن خېتىمدە يەھۇدىيلاردىن خاتىرجەم بولالمايمەن» دېگەن.

زەيد مۇنداق دەيدۇ: «يېرىم ئاي ئۆتە - ئۆتمەستە سۈريان تىلىنى ياخشى ئۆگىنىپ ئۇلارغا رەسۇلۇللاھنىڭ مەكتۇبىنى يازدىم، ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ مەكتۇبىنى ئوقۇپ بەردىم.»[2]

باشقا ئەللەرنىڭ تىلىنى چۈشىنىش ئىسلامنىڭ زۆرۈرىيەتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبىرى. كىشىلەرنى بىر تىلغا بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، تىللارنىڭ ھەرخىل بولۇشى ئاللاھنىڭ دەلىللىرىدىن تۇرسا بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ ئىسلام تەلىماتلىرىنى يەرشارىدىكى ھەرقايسى كىشىلەرگە ئۇلار چۈشىنىدىغان تىلدا يەتكۈزۈش ئۇلارنى ئەرەب تىلغا بىرلىككە كەلتۈرۈشكە قارىغاندا ئەقىل ۋە ئەمەلىيەتكە ئەڭ مۇۋاپىق.

مۇپەسسىرلەر ئاللاھ تائالانىڭ:

﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِن رَّسُولٍ إِلاَّ بِلِسَانِ قَوْمِهِ لِيُبَيِّنَ لَهُمْ﴾

[1] ئىبنى ئابدۇلبەر.
[2] ئىمام بۇخارى.



www.munber.org



﴿قانداقلا بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتمەيلى، ئۇنى بىز ئۆز قەۋمىگە (ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى) بايان قىلىش ئۈچۈن، پەقەت ئۆز قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن (سۆزلەيدىغان) قىلىپ ئەۋەتتۇق.﴾[1] دېگەن سۆزنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەبلەردىن ئەرەب تىلىدا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى، لېكىن ھەرقايسى تەرەپكە ئەۋەتكەن ۋەكىللىرى شۇلارنىڭ تىلى بىلەن تەرجىمە قىلىپ سۆزلەپ ئۇلارنىڭ تىلىدا ئاللاھ تەرەپكە دەۋەت قىلىدۇ. مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: قۇرئاننى كۆپ خىل تىلدا ياكى بىر خىل تىلدا چۈشۈرۈشكە توغرا كەلسە ئۇنى بارلىق تىللاردا چۈشۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، چۈنكى تەرجىمە بوشلۇقنى تولدۇرۇپ ئېھتىياجنى قاندۇرىدۇ. ئۇنداق بولغاندا قۇرئاننىڭ بىر تىلدا چۈشۈشى مۇئەييەنلەشىپ قالىدۇ. بۇ مۇئەييەنلەشكەن تىل پەيغەمبەرنىڭ ئۆز قەۋمىنىڭ تىلىدا بولسا ئەڭ مۇۋاپىق. چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن ھەم ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس.

بۇ شۇنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇكى، مۇسۇلمانلار باشقا تىللارنى ئۆگىنىشى كېرەك، بولمىسا ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتكە خىيانەت قىلغان كىشىلەر قەستەن نادان قالدۇرۇلغان بولىدۇ، يەنە كېلىپ بىلىمنىڭ مەخسۇس ۋەتىنى يوق، مەلۇم بىر ئەۋلادقىلا قاراشلىقمۇ ئەمەس، بىز نەزەرنى ئۆتمۈش ۋە ھازىر دۇنيادا ئومۇملاشقان مەرىپەت مەنبەسىگە يۆتكىسەك بىلىم مەنبەلىرىنىڭ بوشلۇقتا ئۈزۈۋاتقان بۇلۇتقا ئوخشايدىغانلىقىنى بىر يەردە توختىمايدىغانلىقىنى بىرەر تامچىسىنىمۇ ئاياپ قالمايدىغانلىقىنى بايقايسىز، نۇرغۇن بىلىملىك خەلق بىلىمسىزلىككە پېتىپ قالدى، نۇغۇن قارا نادانلار بىلىمدە يۇقىرى سەۋىيەگە ئېرىشتى، ياۋرۇپا نەچچە ئەسىر بۇرۇن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان بۇرنى قۇلىقىغىچە گاس، گاچا ئىدى، مانا ھازىر قەدىمي مەدەنىيەتلەرنىڭ مىراسخورى بولىۋالدى، مۇسۇلمانلار ھەرقانداق قول ۋە ھەرقانداق يۇرتتىن بىلىمگە ئېرىشىش ئۈچۈن يىراق يۇرتلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئارىلاشقا تەكلىپ قىلىنغان.

[1] سۈرە ئىبراھىم: 4

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۆئمىن جەننەتكە ئېرىشكەنگە قەدەر ياخشىلىقنى ئاڭلاپ قانمايدۇ.﴾[1]

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىلىم ـ ھېكمەت مۆئمىن يوقىتىپ قويغان نەرسە، ئۇنى قەيەردىن تاپسا شۇ يەردىن ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىق.﴾[2]

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىر ئادەم بىلىم ئىزدەپ چىقسا ئۇ قايتىپ كەلگەنگە قەدەر ئاللاھ يولىدا بولىدۇ.﴾[3]

❖ ❖ ❖

ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئىسلامنىڭ جېنى. ئۇنىڭسىز ئىسلامنىڭ ئاساسىنى ساقلاپ قالغىلى، كەلگۈسىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. ئىسلامنىڭ نەزىرىدە ئادەم ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى توغرا يول ئىزدەپ بىلىم ئۆگەنگۈچى ئوقۇغۇچى، يەنە بىرى، تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئېلىشنى ئويلايدىغان ئالىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ﴿ئالىم ۋە ئوقۇغۇچى ياخشىلىقتا شېرىك، باشقا كىشىلەردە ياخشىلىق يوق.﴾[4]

---

[1] ئىمام تىرمىزى.
[2] ئىمام تىرمىزى.
[3] ئىمام تىرمىزى.
[4] ئىمام ئىبنى ماجە.



www.munber.org



## ۋاقىتتىن پايدىلىنىش ۋە زاماندىن ئىبرەت ئېلىش

قولدىن كەتكەن ھەممە نەرسە قايتىپ كېلىشى مۇمكىن، لېكىن ۋاقىت قايتىپ كەلمەيدۇ، ئۇ قولدىن كەتسە قايتىپ كېلىشىدىن ئۈمىد كۈتۈشمۇ مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساننىڭ قولىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ۋاقىت. ھەربىر ئاقىل ئۆزىنىڭ كۈنلىرىنى پىخسىق ئادەم ئەڭ ئېسىل بايلىقنى كۈتكەندەك كۈتۈشى، كۆپ قىسمى ئويياقتا تۇرسۇن ئەڭ ئازىنىمۇ قولدىن بېرىپ قويماسلىقى، ھەربىرىنى قانچىلىك كىچىك بولسۇن ئۆزىگە لايىق ئورۇنغا قويۇشقا تىرىشىشى كېرەك.

بىرىمىز ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ھېس قىلغان چېغىدا ئۆتكەن كۈنلىرىنى ھېسابلاپ، ھاياتلىق مۇساپىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى بىلىش ئۈچۈن كەينىگە قارىغان ۋاقتىدا، تەپەككۇرى ئۇزۇنغا بارمايدۇ. چۈنكى ئۇ پەقەت سىرلىق باشلىنىش ۋە ئەگىشىپ كەلگەن ئۇزۇن يىللار، كەڭ كېچىلەردىن باشقىنى بىلەلمەيدۇ. ئويلىنىشتىن قايتقاندا بولسا ئۆتكەل ئەشۇ يىللار گويا دائىرىسىنى غۇۋا ھادىسىلەر گىرەلىشىپ كەتكەن بىر كۈندەكلا تۇيۇلىدۇ.....

بۇ ئىنسان ھازىر ھېس قىلغان تۇيغۇ، قىيامەت كۈنى ھېساب بېرىش ئۈچۈن تۇرغاندا ھېس قىلىدىغىنى:

﴿وَيَوْمَ يَحْشُرُهُمْ كَأَن لَّمْ يَلْبَثُواْ إِلاَّ سَاعَةً مِّنَ النَّهَارِ يَتَعَارَفُونَ بَيْنَهُمْ...﴾

﴿قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارنى يىغىدۇ، كۈندۈزدە ئازغىنە ۋاقىت تۇرغاندەك قىسقا بىلىنىدۇ، ئۇلار ئۆزئارا تونۇشىدۇ.﴾[1]

﴿يَتَخَافَتُونَ بَيْنَهُمْ إِن لَّبِثْتُمْ إِلَّا عَشْرًا ❖ نَحْنُ أَعْلَمُ بِمَا يَقُولُونَ إِذْ يَقُولُ أَمْثَلُهُمْ طَرِيقَةً إِن لَّبِثْتُمْ إِلَّا يَوْمًا﴾

﴿(قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرۈپ دۇنيادا تۇرغان ۋاقتى قىسقا بىلىنگەنلىكتىن) (ئۇلار) دۇنيادا پەقەت ئون كۈن تۇردۇڭلار دەپ

---

[1] سۈرە يۇنۇس: 45



www.munber.org

پىچىرلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ دەيدىغانلىرىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، ئەينى زاماندا ئۇلارنىڭ ئەڭ توغرا سۆزلەيدىغىنى: ‹سىلەر پەقەت بىر كۈن تۇردۇڭلار› دەيدۇ.﴾[1]

﴿كَأَنَّهُمْ يَوْمَ يَرَوْنَهَا لَمْ يَلْبَثُوا إِلَّا عَشِيَّةً أَوْ ضُحَاهَا﴾

﴿ئۇلار قىيامەتنى كۆرگەن كۈندە، گويا ئۆزلىرىنى (دۇنيادا) پەقەت بىر كەچقۇرۇن ياكى بىر ئەتىگەن تۇرغاندەك (گۇمان قىلىدۇ)﴾[2]

بۇ ھېس قىلىش يەر يۈزىدە مەڭگۈ تۇرىمىز، ئاقىۋەتىمىز تۇپراق بىلەن ئاخىرلىشىدۇ دەپ خىيال قىلغان كىشىلەرگە قاتتىق ئەلەم بولىدۇ.

بۇ دۇنيانىڭ كۈنلىرى ئاخىرەتنىڭ كۈنلىرىگە سېلىشتۇرۇلغان ۋاقىتتىكى سەممىي سېزىم. لېكىن ئۇ يېتىپ قوپۇپ ياكى يەپ ـ ئىچىپ، چارچاپ دەم ئېلىپ، ئەتىگەن كەچ، كۈن، ئاي ۋە يىللارنى ئۆتكۈزىۋەتكەن دۇنيادىكى كىشىگە نىسبەتەن ئالدىغۇچى ۋە ئازدۇرغۇچى سېزىم. ئىنسان بۇنى سېزىپ تۇرۇپ يەنىلا غەپلەتتە ۋاقىتنى زايە قىلىدۇ. كۆزلىرى يۇمۇلۇپ ئۆلۈم قاراڭغۇسى كەلگەنگە قەدەر بىخۇتلۇقنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۆلۈم ۋەھىمىسى يېقىنلاپ كەلگەندە ھەممە ئىش قولدىن كېتىپ بولغاندا ئىمكانىيەت تۈگىگەندە ھوشىنى تاپىدۇ...

دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قىزىق، ئۇلار ئويۇن ـ تاماشا بىلەن بولىدۇ، تەقدىر ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان، ئۇلار ئىسىدىن چىقىرىپ قويغان، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىمۇ خاتىرىلەنگەن:

﴿يَوْمَ يَبْعَثُهُمُ اللَّهُ جَمِيعًا فَيُنَبِّئُهُم بِمَا عَمِلُوا أَحْصَاهُ اللَّهُ وَنَسُوهُ وَاللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ﴾

﴿ئۇ كۈندە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى (نام ـ

[1] سۈرە تاھا: 103-104
[2] سۈرە نازىئات: 46



www.munber.org



ئەماللىرىنى) خاتىرىلەپ قويغان، ئۇلار بولسا ئۇنتۇپ قالغان، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.﴾[1]

ھەقىقىي مۇسۇلمان ۋاقىتنى قاتتىق قەدىرلەيدۇ، چۈنكى ۋاقىت ئۇنىڭ ھاياتى، ئۇ ۋاقىتنىڭ قولدىن كېتىشىگە يول قويسا ئۇنى ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن بىھۇدە ئۆتكۈزىۋەتسە، نادانلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانغا باراۋەر بولىدۇ.

شۈبھىسىزكى، ئىنسان تىنىمسىز ھالدا ئاللاھ تەرەپكە قاراپ مېڭىۋاتىدۇ. پەلەكنىڭ ھەر بىر ئايلىنىشى ئۇزۇن يولدىكى باسقۇچلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان يېقى بىر تاغدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىنساننىڭ مانا بۇ ھەقىقەتنى چۈشۈنۈپ ئۇنى كۆز ئالدىدا ئايان بولۇۋاتقاندە سېزىشى، ئىلگىرى بولغان ۋە كېيىن بولىدىغان ئىشلار توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشى ئاقىلانىلىك ئەمەسمۇ؟! كىشىنىڭ ئۆزىنى توختاپ تۇرغان، ۋاقىت مېڭىۋاتقاندەك ھېس قىلىشى ئالدانغانلىقىدۇر. بۇ خۇددى پويىزدا ئولتۇرۇۋاتقان يولۇچىنىڭ ئۆزىنى جىم تۇرۇۋاتقاندەك پەقەت سىرتتىكى شەيئىلەرلار مېڭىۋاتقاندەك سەزگىنىگە ئوخشايدۇ. ئەمەلىيەتتە ۋاقىت ئىنساننى مەجبۇرىي ھالدا ھامان كۆزلەنگەن نىشانغا ئاپىرىپ تاشلايدۇ.

❖ ❖ ❖

ئىسلام دىنى ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلىدۇ، ھەم ۋاقىتنى قەدىرلەيدۇ، «ۋاقىت قىلىچقا ئوخشايدۇ، سەن كەسمىسەڭ، سېنى كېسىدۇ.» دېگەن قىممەتلىك سۆزنى تەكىتلەپ مۇسۇلمان كىشىنىڭ مۇشۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ شۇنىڭ يولى بويىچە مېڭىشىنى تەقۋالىقنىڭ بەلگىسى، ئىماننىڭ دەلىلى قىلىدۇ.

﴿إِنَّ فِي اخْتِلاَفِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَمَا خَلَقَ اللّهُ فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ لآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَتَّقُونَ﴾

[1] سۈرە مۇجادىلە: 6



www.munber.org

﴿كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرىشىدا ئاللاھ ئاسماندا ۋە زېمىندا ياراتقان شەيئىلەردە (ئاللاھتىن) قورقىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھەقىقەتەن (ئاللاھنىڭ بارلىق ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار.﴾[1]

ئەتىنى ئىسىدىن چىقىرىپ قويغان، بۈگۈنى بىلەن غەرق بولۇپ كەتكەن، بۇ دۇنيانىڭ قىزىقتۇرىشىغا مەستخۇش بولۇپ كەتكەنلەر زىيانكار ھاماقەتلەر ھېسابلىنىدۇ.

﴿إِنَّ الَّذِينَ لاَ يَرْجُونَ لِقَاءنَا وَرَضُواْ بِالْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَاطْمَأَنُّواْ بِهَا وَالَّذِينَ هُمْ عَنْ آيَاتِنَا غَافِلُونَ ❖ أُوْلَئِكَ مَأْوَاهُمُ النُّارُ بِمَا كَانُواْ يَكْسِبُونَ﴾

﴿شۈبھىسىزكى، بىز بىلەن مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار (يەنى ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى كۆزلىمەيدىغانلار) دۇنيا تىرىكچىلىكىدىن بەھرىمەن بولۇش بىلەنلا رازى بولغانلار ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئارام تاپقانلار، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىل بولغانلار - ئەنە شۇلارنىڭ جايى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن دوزاخ بولىدۇ.﴾[2]

ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ ئاساسى ئىبادەتلىرىنى بىر كۈننىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىگە يىلنىڭ ھەرقايسى پەسىللىرىگە ئورۇنلاشتۇرغان، بەش ۋاخ ناماز پۈتۈن بىر كۈنگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاقتى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە قاراشلىق، شەرىئەتتىكى ئىنىق ئىش شۇكى - جىبرىئىل تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ كەچ كىرگەنگە قەدەر ئىسلامى ھايات ئىنچىگە پۇختا تەرتىپ بويىچە رەتكە سېلىنسۇن ۋە كونكرىت ئورۇنلاشتۇرۇلسۇن ئۈچۈن ۋاقتىنىڭ باش ئايىقىنى بەلگىلەپ بېرىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن چۈشكەن:

[1] سۈرە يۇنۇس: 6
[2] سۈرە يۇنۇس: 7-8



www.munber.org



﴿فَسُبْحَانَ اللَّهِ حِينَ تُمْسُونَ وَحِينَ تُصْبِحُونَ ❖ وَلَهُ الْحَمْدُ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَعَشِيًّا وَحِينَ تُظْهِرُونَ﴾

﴿سىلەر ئاخشامدا ۋە ئەتىگەندە ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىڭلار ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ھەمدۇسانا كەچ ۋە پېشىن ۋاقىتلىرىدىكى ھەمدۇسانانىڭ ھەممىسى ئاللاھقا خاستۇر.﴾[1]

ئاددىي كۆزلەر ۋاقىتنىڭ چەكلىك تەسىرىنى يۈزەكى كۆرۈشتىلا كۆرىدۇ، لېكىن ۋاقىت چىرايلارغا قورۇق چۈشۈرۈپ، ئەجەلنى چاقىرىپ كېلىدۇ. مەدەنىيەت ۋە گۈللىنىشنى خارابلاشتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ قۇدرىتى بىلەن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ، مانا بۇ ۋاقىت، مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزى ياخشى ئىشلارنى قىلىش، خەيرى - ئېھسان قىلىش، ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان ياخشىلىقلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەقىللىقلەرنى ئويغىتىشنىڭ پۇرستى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿تَبَارَكَ الَّذِي جَعَلَ فِي السَّمَاء بُرُوجًا وَجَعَلَ فِيهَا سِرَاجًا وَقَمَرًا مُّنِيرًا ❖ وَهُوَ الَّذِي جَعَلَ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ خِلْفَةً لِّمَنْ أَرَادَ أَن يَذَّكَّرَ أَوْ أَرَادَ شُكُورًا﴾

﴿ئاسماندا بۇرۇجلەرنى، يېنىپ تۇرىدىغان چىراقنى (يەنى كۈننى) ۋە نۇرلۇق ئاينى ياراتقان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر، ئاللاھ (ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى) ئەسلىمەكچى بولغانلار ياكى (ئۆزىنىڭ نېئمىتىگە) شۈكۈر قىلماقچى بولغانلار ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالمىشىپ تۇرىدىغان قىلىپ بەردى.﴾[2]

دەۋر قىلىپ ئايلىنىپ تۇرىدىغان سەييارىلەر بىلەن بىرگە كېچە - كۈندۈزگە، كۈندۈز - كېچىگە ئالمىشىدۇ. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ بۇنى بېكارغا ياراتمىغان كىشىلەرنىڭ بۇ ئاددىي دۇنيادىكى ھاياتىنى

[1] سۈرە رۇم: 17-18
[2] سۈرە فۇرقان: 61-62



www.munber.org

ئەھمىيىتى يوق دەپ قاراش نومۇسسىزلىق. بۇ ھاياتى دۇنيا ئۇزۇن مۇسابىقىگە تەييارلانغان مەيدان، بۇ مۇسابىقىدە پەرۋەردىگارنى ھەقىقىي تونۇغان، ئۇنىڭ ھوقۇقىنى ئېسىدىن چىقارمىغان، نېئمەتلىرىگە تەشەككۇر ئېيتقان يىللارنى چەكسىز زور راھەتكە ئېرىشىش نىشانى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشىلا ئۇزۇپ چىقىدۇ. ئەمما مەقسەتلەردىن بىخەۋەر، ۋاقىتلىق مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆزىنى يوقاتقان كىشىلەر ھاماقەت كىشىلەر بولۇپ، ۋەز ـ نەسىھەتتىن پايدىلانمايدۇ، ھېكمەتتىن ئىبرەت نەسىھەت ئالمايدۇ.

﴿أَوَلاَ يَرَوْنَ أَنَّهُمْ يُفْتَنُونَ فِي كُلِّ عَامٍ مَّرَّةً أَوْ مَرَّتَيْنِ ثُمَّ لاَ يَتُوبُونَ وَلاَ هُمْ يَذَّكَّرُونَ﴾

﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر يىلى بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم سىنىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇلار توغرىسىدا ۋەھيى نازىل بولۇپ، سىرلىرىنىڭ پاش قىلىنىدىغانلىقىنى) بىلمەمدۇ؟ ئاندىن ئۇلار تەۋبە قىلمايدۇ، (يەنى نىفاقتىن قايتمايدۇ) ئىبرەتمۇ ئالمايدۇ.﴾[1]

سېنىڭ ئۆمرۈك سېنىڭ ئەڭ زور بايلىقىڭ، ئۇنى قانداق ئىشلەتكىنىڭ قانداق چىقىم قىلغىنىڭ توغرىلىق سوئال قىلىنىسەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەندىنىڭ قەدىمى قىيامەت كۈنىگە قويۇلۇشىغىلا تۆت ئىشتىن سوئال قىلىنىدۇ، ئۆمرىنى نېمە بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكتىن، ياشلىقىنى نېمە ئىش بىلەن تۈگەتكەنلىكتىن، مال ـ دۇنيانى قانداق تاپقانلىقتىن ھەم نېمىگە ئىشلەتكەنلىكىدىن، ئۆگەنگەن بىلىمىگە قانداق ئەمەل قىلغانلىقىدىن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ»[2]

ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ بۇيرۇش ۋە توسۇشلىرىدا ۋاقىتنىڭ قىممىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئۆزئارا كېلىشكەن بىر ئاز ۋاقىت

[1] سۈرە تەۋبە: 126
[2] ئىمام تىرمىزى.



www.munber.org



ئۆتكۈزەيلى دەيدىغان بىكار تەلەتلەرگە قارشى تۇرۇشتا تەدبىرلىك بولۇپ، ئويۇن ـ تاماشا، بىھۇدە ئىشتىن يۈز ئۆرۈشنى ئىماننىڭ بەلگىسى قىلغان. بۇنداق ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈش ئادەمنىڭ ھاياتىغا قىلىنغان چاخچاق. بۇ ئۇسۇل بىلەن ۋاقىتنى خورىتىش شەخسنى خاراپلاشتۇرۇپ كۆپچىلىكنى ۋەيران قىلىدۇ.

❖ ❖ ❖

تۆۋەندىكىلەر كۆپچىلىكنىڭ خىيالىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالىدىغان بىر قىسىم ھېكمەتلەر: «مەجبۇرىيەتلەر ۋاقىتتىن كۆپ» «ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ» «ۋاقىت ياكى سۆيۈملۈك دوست، ياكى جېدەلخور دۈشمەن»

ھەسەنۇل بەسرىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن: (ھەرقانداق تاڭ يورۇغان كۈنى ھەق تەرىپىدىن بىر ندا قىلغۇچى: ئى ئادەم ئوغلى مەن يېڭى يارىتىلغان بىر شەيئى، مەن سېنىڭ ئىشلىرىڭغا گۇۋاھچى، ياخشى ئىشىڭ بىلەن مەندىن پايدىلانغىن مەن قىيامەتكىچە قايتا كەلمەيمەن).

بۇ ھېكمەتلەر ئىسلامنىڭ روھىدىن ۋە ئاخىرەت ھاياتى ئۈچۈن بۇ دۇنيادىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتىكى بۈيۈك تەلىماتلارنى چۈشىنىشتىن بارلىققا كەلگەن. ئاللاھنىڭ ھەر بىر ۋاقىتنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا سەرپ ئېتىشكە، بىر ۋەزىپىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقا تەييارلىنىشقا نىسىپ قىلىشى، ئەلۋەتتە، ئاللاھنىڭ چوڭ پەزلى ـ مەرھەمىتىدۇر. تەۋپىق ـ ھىدايەت بەرگەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

﴿وَمِن رَّحْمَتِهِ جَعَلَ لَكُمُ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ لِتَسْكُنُوا فِيهِ وَلِتَبْتَغُوا مِن فَضْلِهِ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

﴿سىلەرنى كېچىدە ئارام ئالسۇن، كۈندۈزدە (ھاياتلىق يولىدا ھەرىكەتلىنىپ) ئاللاھنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلسۇن ۋە (ئاللاھنىڭ



www.munber.org

نېئمەتلىرىگە ) شۈكۈر قىلسۇن دەپ سىلەر ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى يارىتىشى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىندۇر.﴾[1]

ئەپسۇسلىنارلىقى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋاقىتلىرىنىڭ بىھۇدە زايا بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا پەرۋا قىلمايدۇ، بۇ جىنايەت ئۈستىگە باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى بىھۇدە ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن ئىسراپ قىلىپ ئۇلارنىڭ ۋاقتىغا زىيان يەتكۈزۈش قوشۇلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام راست ئېيتقان «ئىككى نېئمەت بار، نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭدىن پايدىلىنالمىسىز قالىدۇ، ئۇ ساغلاملىق ۋە بوش ۋاقىت.»[2]

ئىسلام دىنىنىڭ گەرچە ئاز بولسىمۇ ئەمەل ـ ئىبادەتنى ئۈزۈلدۈرمەي قىلىشقا قىزىقتۇرۇشى، ئۈزۈلمەي داۋاملاشمىغان كۆپ ئەمەلنى ياقتۇرماسلىقى ئىسلامنىڭ ۋاقىتتىن ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستە ئارقىلىق پايدىلىنىلىدىغانلىقىدىندۇر. چۈنكى ئاز ئەمەلنى ئۈزۈلدۈرمەي، ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇش ئادىتى، ئەرزىمەس ئىشنى ئىنسان بىلمەستىن تاغدەك ۋەزنىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئەمما ئىنساندا ئۆتكۈنچە بارلىققا كەلگەن قىزىقىش ئۇنى كۆپ قىلىشقا چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىشكە ئېلىپ بارىدۇ ـ يۇ، كېيىن زېرىكىش غالىپ كېلىپ ئەمەل ئىبادەت ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، مانا بۇ ئىسلام ياقتۇرمايدىغان ئىش.

ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان، ئى خالايىق، ئەمەللەرنى چامىڭلارنىڭ يېتىشىچە قىلىڭلار، سىلەر زېرىكىپ قېلىپ ئاللاھ زېرىكمىسۇن، ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەل گەرچە ئاز بولسىمۇ ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقان ئەمەلدۇر.»[3]

---

[1] سۈرە قەسەس: 73
[2] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم.
[3] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم.



www.munber.org



يەنە بىر بايانتە مۇنداق كەلگەن: «ھەقنى ئىزدەڭلار، ھەققە يېقىنلىشىڭلار، ئەتىگەن كەچتە كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئەمەل ئىبادەت قىلىڭلار، ئىزدەنسەڭلار مەقسىتىڭلارغا يېتىسىلەر.»[1]

ئائىشەدىن بايان قىلىنىپ مۇنداق دەيدۇ: «يېنىمغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىردى، قېشىمدا ئەسەد جەمەتىدىن بىر ئايال بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ كىم؟» دېدى، مەن: بۇ پالانى، ئۇ كېچىسى ئۇخلىمايدۇ» دېدىم ئۇ «بولدى سىلەر چامىڭلار يەتكەن ئەمەللەرنى قىلىڭلار، ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەل ـ ئەمەل قىلغۇچى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرغان ئەمەلدۇر.»[2]

ئىسلام دىنىنىڭ ۋاقىتنى چەك تۇتقانلىقىدىن بىرى: سەھەر تۇرۇشقا قىزىقتۇرۇش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى روھى ئۈستۈن ئىرادىسى تولۇق، تېتىك باشلاشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، ئەتىگەننى قولدىن بەرمەسلىككە قىزىقتۇرۇش پۈتۈن كۈننى ئۈنۈملۈك ئۆتكۈزۈشتە كۈچلۈك تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

ئىسلامى تۇرمۇش تەرتىۋى سۈبھىنى بىر كۈننىڭ باشلىنىشى قىلىدۇ، كۈن چىقىشتىن بۇرۇن تولۇق ئويغىنىشنى بېكىتىپ ناماز بامداتنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرىۋېتىدىغان كېچىسى ئۇخلىماسلىقنى يامان كۆرىدۇ.

ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئۈممىتىمنىڭ ئەتىگىنىنى بەرىكەتلىك قىلغىن.»[3]

بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ چاشكا ۋاقتىغىچە ئۇخلاشقا ئادەتلىنىشى غەپلەت ۋە مەھرۇمىيەتتىن بولۇپ ئۇلار كۈن چىققانغا قەدەر ئۇسۇرۇپ ياتىدۇ. ۋاھالەنكى يەنە بىر قىسىم كىشىلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ بولغان بولىدۇ.

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم.
[2] ئىمام مۇسلىم.
[3] ئىمام ئەبۇداۋۇد.



www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قىزى فاتىمەدىن بايان قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەتىگەندە يېلىن يېتىۋاتقان ئىدىم رەسۇلۇللاھ مېنى پۇتى بىلەن مىدىرلىتىپ مۇنداق دېدى: «قىزىم! تۇرۇڭ، پەرۋەردىگارىڭىزنىڭ رىزقىغا قاتنىشىڭ، غاپىللاردىن بولماڭ، ئاللاھ تائالا تاڭ يورۇغاندىن كۈن چىققانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا كىشىلەرنىڭ رىزقىنى تەقسىملەيدۇ.»[1]

شۇڭا ئەستايىدىل كىشىلەر بىلەن هورۇن كىشىلەر مۇشۇ ۋاقىتتا ئايرىلىدۇ، هەربىر ئىنسانغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى نېسىۋىسى ئۇنىڭ تەييارلىقىغا قاراپ بېرىلىدۇ.

❖ ❖ ❖

ۋاقىت بەندىلەرگە يۈكلەنگەن تەكلىپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك ۋاقىت ئاللاھ تائالا كىشىلەرگە ئەۋەتكەن ياخشى يامان بارلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇ مەسىلىلەر دىققەت قىلغان كىشىگە نىسبەتەن هەقىقي نەسىهەت ۋە قىممەتلىك دەرسلەر بىلەن تولغان:

﴿يُقَلِّبُ اللَّهُ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَعِبْرَةً لِّأُولِي الْأَبْصَارِ﴾

﴿ئاللاھ كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار.﴾[2]

كىشىلەر هادىسىلەرگە يۈزەكى قاراپ ئۇنىڭ مەنبەسىدىن بىخەۋەر قالىدۇ، راهەت ۋە قىيىنچىلىقنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ ۋە ئۇنى كىم تېتىتقانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئەگەر بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسە ۋاقىتنى ۋە ۋاقىتنىڭ تەسىرىنى قارغايدۇ، بۇ ئاللاھنى چۈشەنمىگەنلىك ۋە ئۇنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى تەقدىرىدىن غاپىللىقنىڭ ئىسپاتى.

[1] بەيهەقى.
[2] سۈرە نۇر: 44



www.munber.org



پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم بالىسى زاماننى تىللاپ ماڭا ئەزىيەت بېرىدۇ، يەنى ۋاقىت كىشىلەر ئۈنىڭدىن خۇشال بولغۇدەك ياكى قايغۇرغىدەك كىشىلەرگە ياخشىلىق يامانلىق قىلالمايدۇ، بۇنى ۋاقىت ۋە ئورۇننىڭ پەرۋەردىگارى قىلىدۇ.»

﴿كُلُّ نَفْسٍ ذَائِقَةُ الْمَوْتِ وَنَبْلُوكُم بِالشَّرِّ وَالْخَيْرِ فِتْنَةً وَإِلَيْنَا تُرْجَعُونَ﴾

﴿هەر بىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر، سىلەرنى بىر يامانلىقا مۇپتىلا قىلىش، ياخشىلىق بېرىش ئارقىلىق سىنايمىز، سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىسىلەر.﴾[1]

ئاللاھ سۇبهانەهۇ ۋەتەئالا كىشىلەرگە يۈز بەرگەن هەرخىل ئىشلارنى پەقەت مەقسەت ۋە هېكمەت بىلەن بارلىققا كەلتۈرىدۇ، بۇنى كاللىسى ئوچۇق كىشىلەر ئويلىنىپ يېتىپ ئاللاھقا بولغان ئۈچرىششىقا ئىمان ۋە ئىشەنچىنى ئاشۇرىدۇ.

﴿يُدَبِّرُ الأَمْرَ يُفَصِّلُ الآيَاتِ لَعَلَّكُم بِلِقَاء رَبِّكُمْ تُوقِنُونَ﴾

﴿سىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلارغا مۇلاقات بولۇشقا ئىشەنسۇن دەپ (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ.﴾[2]

نادان، گاللۋاڭ كىشىلەر ياخشى يامان ئەهۋاللارنى بېشىدىن ئۆتكۈزسىمۇ ئۇنىڭدىن هېچقانداق پايدىغا ئېرىشەلمەيدۇ، هەدىستە مۇنداق كەلگەن:

﴿... هەقىقەتەن مۇناپىق ئاغرىپ ساقايسا، خۇددى ئىگىسى باغلاپ ئاندىن قويۇۋەتكەن تۆگىگە ئوخشاش بولۇپ نېمە ئۈچۈن باغلىدى؟ نېمە ئۈچۈن قويۇۋەتتى؟ بىلمەيدۇ﴾[3]

[1] سۈرە ئەنبىيا: 35
[2] سۈرە رەئد: 2
[3] ئىمام ئەبۇداۋۇد.



www.munber.org

دۇرۇس، ئۆتكەن ئىشلاردىن، كەتكەن كۈنلەردىن ئىبرەت ئېلىپ ھىدايەتكە قايتمىغان ئادەم مۆئمىن ئەمەس. نادانلار تەلىم ئالسۇن، غاپىللار ئويغانسۇن، ئاللاھتىن يىراقلاپ كەتكەنلەر ئاللاھقا تەۋبە قىلسۇن دېيىلمىسە، ئۇنداقتا كىشىلەر دەرت - ئەلەملەرگە نېمە ئۈچۈن دۇچار بولىدۇ؟

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَقَدْ أَرْسَلنَآ إِلَى أُمَمٍ مِّن قَبْلِكَ فَأَخَذْنَاهُمْ بِالْبَأْسَاء وَالضَّرَّاء لَعَلَّهُمْ يَتَضَرَّعُونَ ❖ فَلَوْلا إِذْ جَاءهُمْ بَأْسُنَا تَضَرَّعُواْ﴾

﴿شەك - شۈبھىسىزكى، سەندىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە (نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى) ئەۋەتتۇق، (ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى.) ئۇلارنى ئاللاھقا (تەۋبە قىلىپ) يېلىنسۇن دەپ نامراتلىق ۋە ئاغرىق - سىلاق بىلەن جازالىدۇق، ئۇلارغا بىزنىڭ ئازابىمىز چۈشكەن چاغدا نېمىشقا يېلىنمىدى؟﴾[1]

قىيىنچىلىقتا قالغاندا ئۆز رەببىنى تونۇش، بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىش ئىنسان تەبىئىتى بولۇپ، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ئىشلارنى ئاللاھقا تاپشۇرىدىغان ئەقىللىق ئادەم قىيىنچىلىق يوقۇلۇپ، خاتىرجەملىككە ئېرىشكەندىمۇ پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان كۈچلۈك مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قىلىش كېرەك.

ئەمما نادان، ھەرخىل ھادىسە ۋە مۇسىبەتتىن ئىبرەت ئېلىشى ئاز كىشىلەر خەتەرلىك پەيتتە ئاللاھقا زارلىنىپ دۇئا قىلىدۇ، خاتىرجەم بولغاندا ئاللاھتىن قاچىدۇ.

﴿وَإِذَا مَسَّ الإِنسَانَ الضُّرُّ دَعَانَا لِجَنبِهِ أَوْ قَاعِدًا أَوْ قَآئِمًا فَلَمَّا كَشَفْنَا عَنْهُ ضُرَّهُ مَرَّ كَأَن لَّمْ يَدْعُنَا إِلَى ضُرٍّ مَّسَّهُ كَذَلِكَ زُيِّنَ لِلْمُسْرِفِينَ مَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ﴾

[1] سۈرە ئەنئام: 42-43



www.munber.org



﴿ئىنسانغا بىرەر زىيان - زەخمەت يەتسە ياتسىدۇ، ئولتۇرسىدۇ، تۇرسىدۇ بىزگە دۇئا قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن زىيان - زەخمەتنى كۆتۈرىۋەتسەك، گويا ئۇنى كۆتۈرىۋېتىشىمىزنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلمىغاندەك يامان ئىشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ، ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۇلارغا مۇشۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى.﴾[1]

بۇ ئېسىل ئىنسان پەرۋەردىگار ئالدىدا قوللىنىشقا لايىق كەلمەيدىغان ھاماقەتلەرچە ھەرىكەت.

❖ ❖ ❖

زاماندىن ئىبرەت ئېلىش ئۇقۇمى تارىخنى تەتقىق قىلىش، ئاللاھنىڭ ئەتراپ ئالەمدىكى دەلىللىرىگە دىققەت قىلىش، ھەرقايسى قەۋملەر قانداق قەد كۆتۈردى؟ قانداق ۋەيران بولدى؟ قانداق گۈللىنىپ نېمە سەۋەبتىن چېكىندى؟ بۇنى ئويلىنىش بولۇپ ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە كىشىلەردىن ھەرقايسى دەۋرلەرگە قاراپ بېقىشنى، ئۇلاردىن تەجرىبە ساۋاق ئېلىپ توغرا يۆزلىنىش تېپىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

﴿أَفَلَمْ يَسِيرُوا فِي الْأَرْضِ فَتَكُونَ لَهُمْ قُلُوبٌ يَعْقِلُونَ بِهَا أَوْ آذَانٌ يَسْمَعُونَ بِهَا فَإِنَّهَا لَا تَعْمَى الْأَبْصَارُ وَلَكِن تَعْمَى الْقُلُوبُ الَّتِي فِي الصُّدُورِ﴾

﴿ئۇلار زېمىندا سەير قىلمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (يەنى سەير قىلىپ) چۈشىنىدىغان، دىللارغا، ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟ ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ، يەنى ھەقىقي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ.﴾[2]

ئادەم ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى ئۆزىگە خاس تەجرىبىلىك بولۇپ بۇنىڭ بىلەن ئىدىيىسىنى توغرىلاپ ئىمانىنى كۈچەيتىدۇ، يەنە بىرى

[1] سۈرە يۇنۇس: 12
[2] سۈرە ھەج: 46



www.munber.org

بىلمىسىز بولۇپ باشقىلاردىن ئاڭلايدۇ، باشقىلارنىڭ بىلىم ۋە تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىدۇ، ئەمما زور ۋەقەلەر بىلەن دولقۇنلىنىپ تۇرغان بۇ دۇنياغا ئويلانماستىن ياكى چۈشەنمەستىن ياكى ئىبرەت ئالماستىن كۆزنى ئىچىپ قاراپ تۇرۇش مانا بۇ كۆزى كورلۇق ھەققە كۆز يۇمۇش بولۇپ بۇ مۆئمىنگە لايىق ئەمەس.

ئۆمۈر قىسقىدۇر. ئىنساننىڭ ھاياتلىق دائىرىسىمۇ تاردۇر. ئەقىل بىكىنىۋېلىش، قورۇنۇش بىلەن مەۋجۇتلۇقنى، يارىتىلىشنى، ئۆتكۈرلۈكنى نامايەن قىلالمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تۇرىۋاتقان ماكاندىن كەڭ كائىنات قوينىغا، ياشاۋاتقان زاماندىن ھاياتلىقنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىرىگە يۈرۈش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تەتقىقات ئېلىپ ئەتراپىي ئالەم، ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا ئىزدىنىش ۋە كۆزىتىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق دۇنياغا بولغان بىلىمنى، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان كۆپلىگەن پايدىلىق تەپەككۇرلەر، قىسسىلەر، كۆز ـ قاراشلار ۋە ۋەقەلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئىسلام دىنى مۇستەھكەم ئىماننى ئويلىنىش، تەپەككۇر قىلىش، ئىزدىنىش ۋە تاللاش، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت پۇختا ئاساسلار ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام مۇسۇلمانلارنى ئۇزۇن سەپەر ۋە ئەتراپلىق ساياھەتلەرنى قىلىشقا تەكلىپ قىلدى، ئۇلارنى ئويۇن ـ تاماشا ئۈچۈن ئەمەس بىلىم ۋە پايدىغا ئېرىشتۇرۇش ئۈچۈن ئىچ پۇشۇغىنى ۋە ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش، جانلىقلار ۋە جانسىزلاردىن ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن زېمىننىڭ شەرق ۋە غەربنى ئايلىنىشقا ئىلھاملاندۇردى.

﴿قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلِكُمْ سُنَنٌ فَسِيرُواْ فِي الأَرْضِ فَانْظُرُواْ كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ الْمُكَذَّبِينَ❖ هَذَا بَيَانٌ لِّلنَّاسِ وَهُدًى وَمَوْعِظَةٌ لِّلْمُتَّقِينَ﴾

﴿سىلەردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۇممەتلەر كېلىپ كەتتى، يەر يۈزىدە سەير قىلىڭلار (ھەقنى) يالغانغا چىقارغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق





بولىدىغانلىقىغا قاراڭلار، بۇ (قۇرئان) ئىنسانلارغا باياندۇر، تەقۋادارلارغا يول كۆرسەتكۈچىدۇر ۋە ۋەز ـ نەسىھەتتۇر.﴾[1]

﴿أَوَ لَمْ يَسِيرُوا فِي الْأَرْضِ فَيَنظُرُوا كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ الَّذِينَ كَانُوا مِن قَبْلِهِمْ كَانُوا هُمْ أَشَدَّ مِنْهُمْ قُوَّةً وَآثَارًا فِي الْأَرْضِ فَأَخَذَهُمُ اللَّهُ بِذُنُوبِهِمْ وَمَا كَانَ لَهُم مِّنَ اللَّهِ مِن وَاقٍ﴾

﴿ئۇلار زېمىندا سەير قىلىپ، ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئۇلار بولسا زېمىندا كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە يادىكارلىقلار (يەنى ئۆي ئىمارەت قۇرۇش) جەھەتتە بۇلار (يەنى سېنىڭ قەۋمىڭنىڭ كاپىرلىرىدىن) ئۈستۈن قىلدى، گۇناھى تۈپەيلىدىن ئاللاھ ئۇلارنى جازالىدى، ئۇلارنى ھېچ ئەھەدى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالالمىدى.﴾[2]

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم كېيىنكىلەر، بۇرۇنقىلار ئىزىپ كەلگەن خاتالىق ئورۇنلىرىدىن ساقلانسۇن ئۈچۈن بۇرۇنقى مەدەنىيەتلەرنى، ئۇلارنىڭ يوقىلىش سەۋەبلىرىنى مۇلاھىزە ۋە تەتقىق قىلىشقا چاقىرىدۇ. تارىخ نۇرغۇن ھەيران قالارلىق ئىشلارنى ئېچىپ بېرىدۇ.

ۋاقىتنىڭ ماھىيىتىنى ئەقىل بىلىشتىن ئاجىز، بىز پەقەت ئۇنىڭ ماددىدا قالدۇرغان تەسىرىنىلا بىلىمىز. بەلكىم ساقلىنىپ قېلىش ياكى يوقىلىشىنىڭ سىرى ۋاقىتقا يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنى پەقەت شەيئىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە مەخپىي تەرەپلىرىنى تولۇق بىلىدىغان زاتلا بىلىدۇ.

﴿وَهُوَ الَّذِي ذَرَأَكُمْ فِي الْأَرْضِ وَإِلَيْهِ تُحْشَرُونَ ❖ وَهُوَ الَّذِي يُحْيِي وَيُمِيتُ وَلَهُ اخْتِلَافُ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ أَفَلَا تَعْقِلُونَ﴾

---

[1] سۈرە ئال ئىمران: 137-138
[2] سۈرە غافىر: 21



www.munber.org

﴿ئاللاھ سىلەرنى زېمىندا (نەسىللەندۈرۈش يولى بىلەن) ياراتتى (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) ئۇنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر، ئاللاھ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرىدۇ، (تىرىكنىڭ) جېنىنى ئالىدۇ، كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدۇر، چۈشەنمەمسىلەر؟﴾[1]

بىز ئۇيلىنىش زۆرۈر بولغان ئىش شۇكى، ئۇنداق ئەھمىيەتسىز قىلىش ئاللاھقا مۇناسىپ كەلمەيدۇ. بىزنىڭ ھاياتىمىز بىكارچى ئەھمىيەتسىز ئەمەس.

بىز ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىدىن توغرا پايدىلىنالىساق ئۆزىمىزگە پەرۋەردىگارنىڭ ھوزۇرىدا قېرىش، چىرىش بىلەن يوقالمايدىغان مەڭگۈلۈكنى قولغا كەلتۈرىمىز.

[1] سۈرە مۆئمىنۇن: 79-80

www.munber.org





## خاتىمە

مەن بۇ كىتابتا مۇسۇلماندا بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەل ـ ھەرىكەت ۋە ئېسىل ئەخلاقلارنىڭ ھەممىسىنى يازمىدىم. بەلكى، ئىسلامنىڭ تۈنجى مەنبەلىرىنى يۈزەكى ئىزدىنىپ كۆرگەندىن كېيىن ئايان بولغانلىرىنىلا يېزىپ، ئىلگىرى يېزىپ بولغانلىرىمنى قايتا تەكرارلىمىدىم.

مەسىلەن: تۇرمۇشنى قامداش، ھاياتلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئىزچىل ئۆگىنىش بىر خىل گۈزەل ئەخلاق بولۇپ، مال ـ مۈلۈك ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىش، سەرىپ قىلىش يوللىرى توغرىسىدا ئىزدەنگەن ۋاقتىمدا تەپسىلى سۆزلىگەن ئىدىم.

ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ يامان ئىشلاردىن توسۇش، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشمۇ بىر خىل گۈزەل ئەخلاق بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسىتى توغرىسىدا ئىزدەنگەن ۋاقتىمدا تەپسىلي سۆزلىگەن ئىدىم.

يەنە شۇنىڭدەك، ئۆز ـ ئارا ياردەم بېرىش، خوشنىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، مېھماننى ياخشى كۈتۈش، باشقىلارغا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىش، گۇناھلىرى ئۈچۈن تەۋبە ـ ئىستىغفار ئېيتىش، خاتالىقتىن ئۆزىنى تارتىش، ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن قىلىش، ياخشى ئەمەللەر بىلەن مەشغۇل بولۇش قاتارلىق گۈزەل ئەخلاقلارنى ئەقىدىگە باغلاشتۇرۇپ ئۆز ئورنىدا تەپسىلي سۆزلىگەن ئىدىم. بۇيەردە قايتا سۆزلىمىدىم.

بۇ كىتابمۇ باشقا كىتابلارغا ئوخشاش ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان ۋاستە بولۇپ قالغۇسى. ياردەم بەرگۈچى نىسىپ قىلغۇچى پەقەت ئاللاھتۇر.

www.munber.org